www. kitaphumar. com

# ئۇيغۇر تارىخچى
# خوجا نىياز ماقالىلەر توپلىمى

**(ئاقسۇ مائارىپ ئىنستىتۇتى)**

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: تۇران 2013 - يىلى 8 - ئاي
مەنبە: مىسرانىم مۇنبىرى

# مۇندەرىجە

1. ئۇنتۇلغان خەلق قاشقايلار ........................................3
2. قارايىم خەلقىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى ..................................37
3. يىپەك يولىدىكى مەشھۇر ئۆتكەل ـ بەدەلئارت ............................98
4. بالقاندىكى تۈركلەر...................................................110
5. موڭغۇلىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار.......................................123
6. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى تەنتەربىيە تارىخىدا چەۋگەن توپ تەنھەركىتى.......
133.........................................................................
7. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى چەۋگەن توپ تەنھەركىتىنىڭ شەرق ۋە غەربكە تارقىلىشى.........................................................................161
8. نەۋرۇزنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇيغۇرلاردا نەۋرۇز ئەنئەنىلىرى ..............174
9. شىنجاڭنىڭ ئىپتدائىي جەمئىيەت تارىخى قاچان باشلانغان؟ ................185
10. «ئۇچ» يەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى .....................................193
11.«ئۇچتۇرپان» دېگەن يەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ..............200
12. تارىختىكى «ئۇنسۇ بەگلىكى» «ئۇچ» ۋە «قۇم» (ئاقسۇ) دېگەن يەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا.........................................205
13. ئۆزبېكلەر ئەسلى راستلا ئۇيغۇرلارمۇ؟.....................................217
14. مولداۋادىكى خرىستىيان دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان تۈركىي خەلق ـ گاگائۇزلار..................................................................221
15. باي نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا.....................................230
16. يۈەن دەۋرىدىكى ئاتاغلىق ئۇيغۇر دېڭىز قوشۇنلىرى قوماندانى، دېڭىز قاتناش ئالىمى ۋە دىپلومات ـ ئەل يىغمىش..........................................236
17. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر ھەربىي ئىشلار ئالىمى ـ ئارىق قايا......
242.........................................................................
18. ئۇچتۇرپان جايتاغ نورۇزلىغى..............................................257

**Unutulghan Helq Qashqaylar**

# ئۇنۇتۇلغان خەلق قاشقايلار

遗忘的卡什加人

**قىسقىچە مەزمۇنى** : بۇ ماقالىدە ئىراننىڭ جەنۇبىي تەرەپلىرىدە ياشاۋاتقان، تۈركى خەلق قاشقايلارنىڭ جۇغراپىيەلىك ئەھۋالى، ئىجتىمائىي ھاياتى، ئېتنىك كېلىپ چىقىشى، قىسقىچە تارىخى ئوتتۇرغا قويۇلۇپ، قاشقايلارنىڭ موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار زىمىنى تەۋەسىدىن (ھازىرقى جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر تەۋەسىدىن) غەربىي ئاسىياغا كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلار ئىكەنلىگى، ئۇلارنىڭ ھازىر پارىسچە نامى قشقائى (Qashqāī ـ 卡什加人)، دەپ ئاتالغانلىقى، گەرچە ئارىدىن 800 يىل ئۆتۈپ ،ئۇلارنىڭ تىلى، تۇمۇشى، ئۆرۈپ ـ ئادەتلىرىدە قىسمەن ئۆزگۈرۈش (ئەتراپتىكىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش) ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەن بولسىمۇ ئۇلارنىڭ يەنىلا، باشقا خەلىقىقە تەۋە ئەمەس، بەلكى جۇڭگو شىنجاڭ (قەشقەر) ئۇيغۇرلىرى بىلەن بىر خەلق ئىكەنلىكى تارىخىي پاكىتلار ئاساسىدا يورۇتۇپ بېرىلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆز** : موڭغۇللار دەۋرى ئۇيغۇرلار ئىران قاشقايلار

在这篇论文专门探索现在在伊朗南部生存的语言为突厥语的卡什加人，展述他们的地理，社会来历及语言民族来源、证明出卡什加人是蒙古时代从维吾尔地域（现新疆维吾尔自治区喀什葛尔区域）往西亚细亚迁移的维吾尔族人。他们以波斯语称呼为卡什加人，在维吾尔语中却称呼为喀什葛尔人，虽然卡什加人的生活，语言及其他方面有所变化但是他们不属于其它民族人而是和中国新疆喀什葛尔维吾尔族人是同一个民族人。

تارىخ ـ ئۆتمۈشتىن بىلىم بېرىپ ، ئەجداتلارنى تونۇتقۇچى، ۋەتەن، مىللىي كىملىكنى بۇلدۇرگۇچى، غالىبىيەتلىك كۈنلەرنى ئەسلىتىپ، مەغلۇبىيەت تەجرىبە ساۋاقلىرىنى يەكۈنلىگۈچى، خاتالىقلارنى تەكرارلىماسلىققا ئۈندىگۈچى، ۋەتەن

سۆيەرلەرگە شاتلىق، خائىنلارغا نەپرەت ئۇقلىرىنى ياغدۇرغۇچى، مىللىي روھى-قۇۋۋەت، تەپەككۇرىنى ئۇرغۇتقۇچى، ئەجدات بىلەن ئەۋلاتنى، ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنى باغلىغۇچى، ھاياتنى يورۇتقۇچى، كەلەچەككە ئۈمۈتۋارلىق بىلەن قاراشنى ئۆگەتكۈچى، قۇدرەتلىك قورالدۇر (خوجا نىياز يوللۇغ)

## 1 .قاشقايلارنىڭ كىملىكى



قاشقايلار ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىدە ياشىغۇچى تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئازەربايجان ۋە تۈركمەنلەردىن قالسىلا، سانى ۋە سىياسى نوپۇزى جەھەتتىن، ئەڭ كۈچلۈك، كۆپسانلىقنى تەشكىل قىلغۇچى تۈركىي خەلقتۇر. ئۇلار موڭغۇللار دەۋرىدە ئۇيغۇر ئېلى (ھازىرقى شىنجاڭ) نىڭ قاشغەر-قاشغاي ۋادىسىدىن غەرىپكە قاراپ كۆچكەن. ئىرانغا كۆچۈپ كېلىپ يەرلەشكەن، قەشغەرلىكلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرىدۇر. ھازىرقى نۇپۇسى تەخمىنەن: 2 مىليون 500 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن، ئىراننىڭ پارس ئۆلكىسى، خۇزىستان ئۆلكىسى، ئىسپاھان ئۆلكىسى، شىراز شەھرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارغا توپلۇشۇپ ئولتۇراقلاشقان. ئىراننىڭ جەنۇبىدىكى پارس ئۆلكىسى پۈتۈنلەي قاشقايلارنىڭ نۇپۇسى ئاستىدا.

قاشقاي ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەزھىپىگە ئېتىقات قىلىدۇ، كۆپسانلىقى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار ئات يېتىشتۈرۈش، تۇقۇمچىلىق، يۇڭدىن گىلەم-پالاز توقۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

## 2 .ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي ئاسىياغا بېرىش تارىخى

تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي ئاسىياغا بېرىشى بۇرۇن باشلانغان، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي ئاسىياغا توپ ھالەتتە بېرىشى، چىڭگىزخان دەۋرىدىن باشلانغان. يەنى 1219 ـ يىلى چىڭگىزخان يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنى ئېرتىش دەرياسى بويىغا كەلگەندە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر قاغانلىقى قاغانى بارچۇق ئارت تېكىن باشچىلىقىدىكى 10مىڭ ئاتلىق قوشۇن چىڭگىزخان باشچىلىقىدىكى ھەربىي قوشۇنلارغا قوشۇلۇپ (جوجى باشچىلىقىدىكى)، موڭغۇللارنىڭ غەربكە، شەرققە يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1220 ـ يىلى چىڭگىزخان باشچىلىقىدىكى ھەربىي قوشۇنلار ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئىران ئىگىزلىكىگە ھۇجۇم قىلغاندا، تولىنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئۇيغۇر قوشۇنى مەرۋى، نىشاپۇر، ئىلا قاتارلىق قەلئەلەردە ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەرگە قاتناشقان.

1 .ھەتتا «ئۇيغۇر پېۋداللىرىنىڭ بەزى ۋەكىللىرىمۇ (مەسىلەن ، سولىبېۋاچى «solibewachi» قاتارلىقلار) ئۆزلىرىنىڭ قوراللىق قوشۇنلىرى بىلەن بۇ ئۇرۇشقا قاتناشقان.

2.«تۇرپان، كۇچا، قەشقەر ۋە خوتەن قاتارلىق شەھەرلەردىن نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ھىلاكۇخاننىڭ قوماندانلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە غەربىي ئاسىياغا كۆچۈپ بارغان.

نەتىجىدە، بۇ كۆپساندىكى ئۇيغۇرلار غەربىي ئاسىيا، شەرقىي ياۋرۇپا، تاڭغۇت خانلىقى، شەرقىي جۇڭگو، ئوتتۇرا جۇڭگو، جەنۇبىي جۇڭگو رايونلىرىنى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە قوشۇش، موڭغۇل ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش خىزمەتلىكە قاتناشتى ۋە ئۇجايلارغا كۆچۈپ باردى. ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، ئەمەلدارلار، چوڭ سودىگەرلەر، سىياسىيونلار، ھەربىي قوماندانلار، ئالىملار، سەنئەتكارلار، زىيالىلار، كاتىپلار شائىرلار ۋە ئۇلار كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭغان نۇرغۇن كىشىلەر بار ئىدى.

غەربىي ئاسىياغا كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىكى توپ ـ توپ ھالدا رەي، قۇم ۋىلايەتلىرىگە، ئاناتولىيىتىدە بولسا قەيسەرى، كونيا ۋە قارامان ئىگدىر قاتارلىق يەرلەرگە يەرلەشكەن. فرانسىيە كارۇلىنىڭ موڭغۇللارغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى

رۇبرۇكنىڭ 1253 ـ يىلدىكى خاتىرىسىگە قارىغانىدا، «خىرىستىئان دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار ئىراندىكى مۇسۇلمان شەھەرلىرىدە ئولتۇراقلاشقان «ھىلاكۇخان تەرىپىدىن ئاناتولىيىگە ئەۋەتىلگەن ئىلخانىيلارنىڭ تۇنجى ۋەكىلى تۆكلۈك باخشى دېگەن كىشىمۇ دەل ئۇيغۇرلاردىن چىققان باخشى (كاتىپ) ئىدى. ئاناتولىيىگە كەلگەن ھەر قانداق بىر بەگ ۋە نويانغا ئوخشاش تۆركلۈك باخشىنىڭ قول ئاستىدىمۇ ئۇيغۇرلار بار ئىدى.

ئۇيغۇرلار شەرقى ،غەربىي ئاسيادا قۇرۇلغان موڭغۇل خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت، سەنئەت ۋە ھەربىي ئىشلىرى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. بېسىۋالغان زىمىنلارنى باشقۇرۇشتىمۇ ئۇيغۇر ئەقىلدارلار يۇقىرى ئورۇنلاردا ۋەزىپە ئۆتىدى.

1258 ـ يىلى ھىلاكۇخان باشچىلىقىدىكى موڭغۇللار باغداد خەلىپىلىكىنى ئاغدۇرۇپ، ئىراننىمۇ بويسۇندۇرغان. ھىلاكۇخان ئۇنىڭ ۋە ئەۋلاتلىرى قۇرغان « ئېلخانىلار خانلىقى دەۋرى» دە ئۇيغۇرلار بۇ دۆلەتنىڭ سىياسى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا پائال ئارىلاشقان.

ئىران چېگرىسىغا ھىلاكۇخان كېلىشتىن بۇرۇن خوراسان ۋە شەرقى ئىران قاتارلىق جايلارغا ئۆگەدايخان ۋە موڭكىخانلار تەرىپىدىن چىن تۆمۈر(1231 ـ 1235)، كۆركۈز (1235 ـ 1242بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى ،كېيىن مۇسۇلمان بولغان) ۋە ئارغۇن ئاكا(1243—1255)قاتارلىق ئۇيغۇرلار باش ۋالى بولۇپ تەيىنلەنگەن.بۇ دەۋرىدە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى ئىراندا پارس تىل ـ ـ يېزىقى بىلەن تەڭ ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەن.

ئىرانلىق تارىخچى راشىدىن (1274 ـ 1318) «جامىئۇتتەۋارىخ» دېگەن ئەسرىدە ئىلخانىيلار خانى ھىلاكۇخان دەۋرىدە 1000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ ئۆز ئىلىدىن ئايرىلىپ ئىراننىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە پوچتا ـ ـ ئالاقە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدۇ.

تارىخچى جۇۋەينى (1226 ـ 1283)نىڭ ئىراندا ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنىڭ بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلغانلىقى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇ تىل يېزىقنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولغانلىقىغا ئۆكۈنۈپ ،مۇنداق يازغان:«دۇنيانى ۋەيران قىلغان بۇ كۆرەشلەر نەتىجىسىدە مەدرىسلەر خاراپ بولدى، ئالىملار ئۆلتۈرۈلدى. بولۇپمۇ ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ توپلانغان يېرى ۋە ئىلىمنىڭ ئوچىقى بولغان خوراسانمۇمۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچار بولدى. بۇ يەردە قەلەم ساھىبى بولغان بۈيۈك شەخسلەرنىڭ

ھەممىسى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلدى. ھايات قالغانلىرى ئۇچۇن بولسا ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشتىن باشقا چارە قالمىدى». چۈنكى، «ئۇلار (موغۇللار) ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىلمىلىرىنى بىلىم ۋە ئىلىمنىڭ يۇقۇرۇى چۇقىسى دەپ قارىغان

4. «بۇ دەۋردە موغۇل خانلىرىنىڭ قوشنا دۆلەت بىلەن بولغان ھەربىي ئىشلىرىدىمۇ ئۇيغۇر تىلى-يېزىقى قوللىنىلغان.

«چىڭگىزخانىنىڭ نەۋرىلىرى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى پېرسىيە(ئىران ) دۆلىتى ۋە مېسپوتامىيەدىكى مۇھىم ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئىدى».

5 «تارىخچى ئوبۇل غازى باھادىرخان (1664-يىلى ۋاپات بولغان) مۇنداق دەيدۇ : «ئۇيغۇر خەلقىدە تۈركى تىلدا ئوقۇغان كىشىلەر كۆپ ئىدى ، دەپتەردارلىقنى ۋە دىۋان ھىساپلىرىنى ياخشى بىلەتتى. چىڭگىزخانىنىڭ نەۋرىلىرى زامانىدا ماۋرا ئۇننەھىر، خۇراسان ۋە ئىراقتا دىۋان دەپتەردارلارنىڭ بارچىلىرى ئۇيغۇر ئىدى، چىنىنىڭ يۇرتلىرىدىمۇ چىڭگىزخان ئوغلانلىرى دىۋان ۋە دەپتاردارنى ئۇيغۇر خەلقىدىن قويغانىدى. چىڭگىزخانىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغان ئوغلى ئوگۇدايخان خۇراسان، ماۋرا ئۇننەىر ۋە گېلاننى ئۇيغۇر كۆركۈز دېگەنگە تاپشۇرۇپ بەرگەنىدى. ئۇ ياخشى ھىساپتان ئىدى،ھەر يىللىق شۇ يەردىن يىغىلىدىغان سېلىقلارنى قەرەلىك ھالدا ئوگەدايخانغا يەتكۈزۈپ بېرەتتى.

6. «ھىلاكۇخاندىن كېيىن ئېلخانىيلارنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان ئاباقان (1265 -1282) دەۋرىدە ئىرانغا باش ۋالى قىلىپ تەيىنلەنگەن ئەنگيانۇ ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇنىڭ ياردەمچىسى خوتەنلىك جالالىدىن بولسا تەقۋادار مۇسۇلمان ئىدى. ئاباقان بۇددىست ئۇيغۇرلارغا ناھايىتى ھۆرمەت كۆرسەتكەن. ئەمما، خرىستىئانلارنىمۇ ھىمايە قىلغان. شىمالىي جۇڭگوغا جايلاشقان شەنشىدىكى توقتو دېگەن يەردە نېستۇرىيانلارنىڭ پاترىكى بولغان ئۇيغۇر رابان سائۇما بىلەن خانبالىقتىكى نېستۇرى پاترىكى ئۇيغۇر ماركۇس مىلادى 1275 - يىلى ئىرانغا كەلگەن ۋە ئاباقانىنىڭ رۇخستى بىلەن خوراساندىكى تۇس شەھىرىگە يېقىن بىر يەردە مۇناستىر قۇرغان. ئىراندا ياشىغان ئۇيغۇرلا ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالغان.

قازانخان دەۋرى ( 1295-1304) دە ئۇيغۇرلاردىن نەۋدار رەھبەرلىك قىلغان مىڭ تۈتۈن ئۇيغۇر، قارلۇقلاردىن تەشكىل تاپقان «ئەزەربەيجان ئارمىيىسىنىڭ 3 - دەرىجىلىك 10مىڭ تۈتۈنلۈك قوشۇنى» دىن كېلىپ چىققان. ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىن بۇ ئۇيغۇرلار ھەرقايسى ئۇيغۇر جامائەتلىرى ئارىسىغا

قۇشۇلغان. راشىدىننىڭ «جەمئۇل تاۋارىخ»تىكى مەلۇماتىغا قارىغاندا ،خۇراسان ۋە ھىندىستانلاردا ئەمىر پەرمانلار ئۇيغۇر تىل-يېزىقى بىلەن چۈشۈرۈلگەن. دېمەك، غەربىي ئاسىياغا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ناھايىتىمۇ كۆپ بولغان، مەدەنىيەت تارقىتىشتىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان. شۇڭا، غەربىي ئاسىياغا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش، ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىش ،مىللەت داشلىقىمىزنى بىلدۈرۈش، جۇڭگو بىلەن غەربىي ئاسىيا يىڭى يىپەك يولىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتلەردىمۇ ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناىدۇ.

## 3. قاشقايلارنىڭ ياشاۋاتقان يۇرتلىرى

قاشقايلارنىڭ يۇرتى پارس ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىن باشلىنىپ، شەرقىي جەنۇپقا قاراپ سوزۇلغان. يەنى سەس ناھىيىە، چىھار دۇنھە، كامفىروز، ئاردىھان، كازىرون، فارراسبەند، ماھلا ئەرباچا، فىروز ئاباد، مەيمەنىد، ئەفرەز، ھونىچ، ماھۇرمىلانى قاتارلىق يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ جايلارنىڭ بەزىلىرى يايلاقلارنى، يەنە بەزىلىرى يېزا - قىشلاقلارنى تەشكىل قىلىدۇ.خانلار فىروز ئابادتا قىشلايدۇ.قاشقايلارنىڭ بۇ يۇرتلىرى بۈگۈنكى زامانغا قەدەر ئىران ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ۋىلايىتى قاشقاي» نامى بىلەن ئاتىلىپ ئايرىم بىر بۆلگە (رايون) قاتارىدا سانالماقتا.

قاشقاي ۋىلايىتى-خەمسە ۋىلايىتى ،كۇھئى-گەلۇيا ۋىلايىتىدىكى ئاغاچەرى قارا كۆزلۈك ۋە باشقىلار بىلەن بىرلىكتە قۇم ۋىلايىتىنىڭ خالاجىستان بۆلىكىدىكى خالاچ تۈركلىرى قوشۇلۇپ ،بۈيۈك قاشقاي دەپ ئاتىلىدۇ.

پارس ۋىلايىتىنى قاپلىغان قاشقاي تۈركلىرىنىڭ قىشلاقلىرى باسرا دېڭىزدىن تارتىپ جىلاھدارغا قەدەر سوزۇلغان، يايلاقلىرى بولسا شەرقى شىمالدا بەختىيار بىلەن تاماسا، قۇمغا قەدەر 480 كىلومىتىردىن 1000كىلومېتىرغا سوزۇلغان. تەخمىنەن 300 مەھەللە 15 شەھەردىن تەركىپ تاپقان.

قاشقاي ئېلى پارس دېڭىز قولتۇغى قىرغاقلىرىدىن باشلاپ،ئىسپاھان ۋە بەختىيار بۆلگەلىرىنىڭ جەنۇپلىرىغا قەدەر بولغان كۆلەمدە يېيىلغان. زاگروس تاغلىرىنىڭ بىر بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن ئىگىزچوقىلىرى بىلەن دېڭىز ساھىللىرى بۇ ئەلنىڭ چېگرا سىزىغىدۇر. شىراز ئوتتۇرا-مەركەز قىسىم بولۇپ ،قاشقايلارنىڭ تۇرۇۋاتقان يەرلىرىنى ئۈچ قىسىمغا ئايرىش مۇمكىن.

1 ـ قاشقاي يايلاق بۆلگۈسى: بۇ شىرازنىڭ شىمالىدىن باشلىنىپ ،زاگروس تاغلىرىغىچە قەدەر ئۇزۇنغا سوزۇلغان. بۇ بۆلگۈدىكى ئولتۇراقلاشقان يەرلىرى : سىپىدان، بەرۇچەر، سەمىرون، ئابەدە ۋە موردەشتتۇر ـ 2.قاشقاي قىشلاق بۆلگىسى: بۇ شىرازنىڭ جەنۇبىدىن باشلىنىپ ،فارس دېڭىز قولتۇغىغا قەدەر ئۇزۇن بىر بۆلگە ۋە شۇ جايلادىكى شەھەر ـ بالىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بۇلار، جەھروم، فىرۇزئاباد، كازرون، مۇمەسنا، بەھبەھان، كەچسەران، دۇگون بەدەن، رامھۇرمۇز، بۇ شەھىر، كونگان ۋە دەشتىسەناندۇر 3. ئوتتۇرا ـ مەركىزى قىسىم : شىراز ئەتراپى، دەشتى ئەرجان ۋە مەرۇدەشت شەھەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇلار قىش ئايلىرىنى ئىران دېڭىز قولتۇغىنىڭ شەرقىدىكى زاگروس تاغلىرىنىڭ شەرقى ئېتەكلىرىدە ئۆتكۈزسە، ئىللىق باھارنىڭ كېلىشى بىلەن شىمالغا سۈرلۈپ يازنى ئىسپاھان تەۋەسىدە ئۆتكۈزىدۇ. قىش باشلانسا تەكرار يەنە جەنۇپقا كۆچىدۇ.بۇھالەت تەكرارلىنىدۇ.

## 4 .قاشقايلارنىڭ نوپۇسى

ئىراندا 1982 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە، 200 مىڭ كىشى قاشقاي (كاشغاي) تىلىنى ئۆزىنىڭ ئانا تىلى دەپ قارىغان. يەنە ، 1997 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان ئايرىم بىر تەتقىقات نەتىجىسىگە قارىغاندا 1 يېرىم مىليون كىشى (كۆچمەن ۋە مۇقىم ئولتۇراقلاشقانلارمۇ بۇ ساننىڭ ئىچىدە) نىڭ قاشقاي تىلىنى قوللىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن

7. يەنە شۇ يىلى ئىراندا تەكشۈرۈشتە بولغان گۇننار .يارىڭ قاشقايلار (kashkay)نوپۇسى ھەققىدە توختۇلۇپ :«قاشقايلار نوپۇسىنىڭ 1997 ـ يىلى 1 يېرىم مىليون ئىكەنلىكىنى» ئوتتۇرغا قويىدۇ.

8. 2003 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىسىگە قارىغاندا بىر يېرىم مىليوندىن 2 مىليون كىشىنىڭ (كۆچمەن ۋە مۇقىم ئولتۇراقلاشقانلارمۇ بۇ ساننىڭ ئىچىدە) قاشقاي تىلىنى قوللىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن

9. بۈگۈنكى نوپۇس سانلىرى 2مىليون 500مىڭ بولۇپ ،بۇ سان ئازەربەيجان نوپۇسىغا قوشۇلمايدۇ .بۇئىران ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 2%نى ئىگىلەيدۇ .بۇنىڭ ئىچىدە قاشقاي بۆلگەسىدە پارس بولمىغان توپلار قاشقاي ئورتاق نامى ئاستىدا ئېلىنىشقا

باشلىغان

10 .نۇپۇس سانلىرى ئېنىق بىلىنمىگەن قاشقاي كۆچمەنلىرىنىڭ 3 مىليۇن ئەتراپىدا نۇپۇسلىرى بولغانلىقى تەخمىن قىلىنماقتا.

11 . قاشقاي تىلى ئىراندا ياشىغان 3 يېرىم مىليۇن قاشقايلار تەرىپىدىن قوللۇنىدىغان تۈرك تىلى (2007 ـ يىللىق نۇپۇس تەكشۈرۈش، تەتقىقات نەتىجىسى) بۇلۇپ، ئازەربەيجان تۈركچىسىگە بەك يېقىن بولغان بىر تىلدۇر.

11 . دىمەك، قاشقايلارنىڭ نۇپۇسى ھازىرغىچە ئېنىق بولمىغان بىر مەسىلە بۇلۇپ ، داۋاملىق تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە بۇلۇپ تۇرماقتا.

## 5 . قاشقايلارنىڭ تىلى

قاشقايلارنىڭ ئانا تىلى قاشقايچە بۇلۇپ، ئىراندىكى باشقا تۈركى تىللاردىن سەل پەرىقلىنىدۇ، قاشقاي تىلىمۇ باشقا تۈركى تىللارغا ئوخشاش پارس تىلىنىڭ چوڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، قاشقايلار ئۆزئارا ئالاقىدە ئۆزىنىڭ قاشقاي تىلىنى قوللانسىمۇ، ئەمما مەكتەپلەردە پارس تىلى قوللۇنىدىغانلىقى ئۈچۈن (ئىراندىكى تۈركى خەلقلەرنىڭ ئۆز ئانا تىللىرىدا ئوقۇيدىغان ئوقۇل ـ مەكتەپلىرى يوق)، ھامان پارس تىلىنى قوللۇنىشقا مەجبۇر. شۇڭا قاشقايلارھازىر ئىككى تىللىق بۇلۇپ، قاشقاي تىلىدىن باشقا، يەنە رەسمي تىل بولغان پارس تىلىنىمۇ قوللىنىدۇ.

قاشقايلارنىڭ يېزىقى يوق بىر تىل دەپ قارالغان بولسىمۇ ،ئەمما بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ئەرەپچە ھەرىپ بىلەن يېزىلغان بەزى ماتىرىياللىرىنىڭ بارلىقى ھەققىدە ئىسپاتلار بولماقتا. ئۇلار «گۆر ئوغلى» ، «غېرىپ ـ سەنەم» داستانىنى ئوقۇيدۇ. قاشقايلاردىن مىرزا جىھانگىر خان قاشقايى، ۋە مىرزا مەزۇن قاشقايى قاتارلىق بۈيۈك سۆز ئۇستىلىرى يېتىشىپ چىققان.

ئەمما ھازىر قاشقايلارنىڭ بەزى قىسىملىرى تۈرلۈك سەۋەپلەر سەۋەبىدىن پارسلىشىقا قاراپ يۈزلەنگەن.قاشقايلار ئارىسىدا ئازەربەيجان تىل ـ شىۋىسى ياشلىرىنىڭ قوللىنىدىغان تىلى بۇلۇپ يۈزلەنمەكتە.

## 6. قاشقاي قەبىلىلىرى

قاشقاي ئېلىنىڭ باشىدا ئەل خان،قەبىلىلەرنىڭ باشىدا قەبىلە بېگى، ئاۋۇللار باشىدا بايلارنىڭ ۋە دۆلەت ئەرباپلىرىنىڭ ئىشىنى باشقۇرغۇچى كەتھۇدا ئۇنۋانلىق رەئىسلەر بار. ئېل بېگى بولسا خاننىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئېلنى ئىدارە قىلىش ئۇنىڭ ئىلكىدە.يەنە ئېل بېگى خاننىڭ ئوغلى ياكى قېرىندىشى، ئەڭ يېقىن تۇققانلىرى ئۇستىگە ئالاتتى.ئېل خانى مۇتلەق خان ئائىلىسىدىن بولۇپ، خان بولۇش سالاھىيتى شاھلار تەرىپىدىن تەيىنلىنىدۇ.

قاشقايلار كۆپ نۇپۇسلۇق،كۆپ قەبىلىلىك بولۇپ، ئۇلار كۆپلىگەن قەبىلە ۋە چېدىرلاردا ياشايدىغان كۆچمەن خەلقلەردىن تەركىپ تاپقان ئاۋوللاردىن مەيدانغا كەلگەن. ئۇلار: كاشكۇلى، دەرەشۇلى، كەللەزەن، سافىخانلۇ، مۇسلۇ، شەش بۆلۈكلۈ، لەشنى، جافەر بەگلىرى، فارسىم ئەدان، ئامەلە، لىراۋىدۇر. مۇقىم ئولتۇراقلاشقانلار: خالاچ، بايات، ئالىبەكلۇ، شەيخۋاند، فەيلى، فارباند، كالباند قاتارلىقلار.

## باشقا قاشقاي تائىپەلەرى:

1. ئامەلە، 5 مىڭ 3 يۈز 97 ئائىلە بولۇپ ،بۇنىڭدىن 450 ئائىلە ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئۆتكەن.
2. .دەررە شۇرى (تۇزلۇق ۋادا )، بۇلار 5مىڭ 265 ئائىلە.
3. .سەش بەيلى، 4 مىڭ 350 ئائىلە.
4. .پارسىسمان، بىر مىڭ 500 ئائىلە.
5. .كەشكۆللى، 5 مىڭ 512 ئائىلە : بۇنىڭدىن چوڭ كەشكۆللى 4مىڭ 862 ئائىلە، بۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى ئولتۇراق تۇرمۇشتا ياشايدۇ.كىچىك كەشكۇلى، 650 ئىلە.

يەنە ئاز ساندىكى قەبىلىلەر:


قارا چا 430 ئىلە، راھىملى 370 ئائىلە، سافىھانلى 335 ئائىلە.

## 7. قاشقايلارنىڭ دىنىي ئېتىقاتى


قاشقايلار ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەزھىپىنىڭ 12 ئىمام سۇلۇكىگە ئېتىقات قىلىدۇ. 6% قىسمى خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ .


## 8. قاشقايلارنىڭ تۇرمۇشى

ئاساسە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئات، كالا، قوي ـ ئۆچكە، تۆگە، ئېشەك قاتارلىق مال ـ چارۋىلارنى باقىدۇ. ئات يېتىشتۈرۈش بەك تەرەققىي قىلغان. سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. قاشقايلار قول سانائەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپ چىقىرىشمۇ تەرەققىي قىلغان. قاشقايلارنىڭ بۇخارانىڭ قارا كۆل قويلىرىغا بەك ئوخشايدىغان (كۆزى، تېرىسى) باشقابىر تۈرلۈك قويى بولۇپ، يۇڭىدىن گىلەم، پالاز تۇقۇپ چەتكە چىقىرىدۇ. يۇڭدىن توقۇغان تەبى بۇياق بىلەن بۇيىغان ۋە ئەن ـ ئەنۋى ھۈنەر سەنئەت بىلەن زىننەتلەنگەن قاشقاي گىلەملەرى ئالاھىدە قۇلايلىق بولۇپ، خېرىدارلىرى كۆپ. ئىراننىڭ چەتئەللەرگە چىقارغان «ئىران نۇسخا» گىلەملىرى ئاساسەن قاشقاي گىلەملىرىدۇر.

















2006 ـ يىلى ياپونىيە نىسان ماتور شىركىتى قاشقايىلارنىڭ كۆچمەن تۇرمۇشىغا ماس كېلىدىغان ماشىنا ئىشلەپچىقىرىپ، بۇنى قاشقايىلار نامىدا ئاتاپ قاشقاي ( Qashqai ) ماركىسىنى ئىشلەتكەن.


## 9. قاشقايىلارنىڭ ئۆرۈپ ـ ئادەتلىرى.

قاشقاي قىز ـ يىگىتلىرى ئات مىنىشكە ئۇستا چارۋىچى ،مەرگەنلەر بولۇپ، ئۇلار ھەر ۋاقىت يايلاقلىرىدا ۋە چاتىر ـ ئۆيلىرىدە يانلىرىدىن قورالنى ئايرىمايدۇ، قورال ئېلىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ.



قاشقاي خاتۇنلىرى قات ـ قات، رەڭلىك، ئېتەكلىك، چىرايلىق، نېپىز كۆينەك كىيىدۇ، شارپا ئارتىدۇ. ئۇلار ناخشا مۇزىكىغا ئامراق، دۇتتار، داپ، سۇناي، غىجەك ،نەي قاتارلىق سازلارنى چېلىپ ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ .توي ـ تۆكۈنلىرى هازىرقى جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن بۇرۇنقى ئاتلىق توي كۈچۈرۈش ئادەتلىرىگە ئوخشايدۇ.






تۇرمۇشىدا، پولو، چىفىت (چىت) قاتارلىقلارنى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.
ئەرلىرى ئۈستىگە ئىشلەگلىك تون، كۆينەك كىيىدۇ .

## 10. قاشقايلارنىڭ قانۇن تۈزۈملىرى :

قاشقايلار قائىدە-قانۇنلارغا ئىتتىۋار قىلىش بىلەن مەشھۇردۇر. جەنۇبىي ئىراننىڭ پارىس ئۆلكىسى پۈتۈنلەي قاشقايلارنىڭ نۇپۇزى-تەسىرى كۈچى ئاستىدا، كېيىنكى زامانلارغا قەدەر، يېرىم كۆچمەن بىر هايات سۈرگەن قاشقايلار، بىر-بىرى بىلەن قۇيۇق مۇناسىۋەت قىلىشى، پىلانلىق، تەشكىللىك هەرىكەتلىرى بىلەن ئەلگە تونۇلغان. ئۇلار قەدىمدىن بۈگۈنگە قەدەر ئۆزئارا ئۆرۈپ-ئادەتلەرگە، مۇئايەن بىر قەبىلە باشقۇرۇش نىزامىنى ئىجرا قىلىپ كەلگەن.

قاشقاي ئېلىنىڭ باشقا خۇسۇسىيەتلىردىن بىرى ،كۈچلۈك بولغان بىر تۆرە - قانۇن بەلگىلىمىگە ئىگە. ئېلىنىڭ هەر قانداق مۇناسىۋەت، مەسىللىرى، قائىدىلەرگە ئاساسلانغان بولۇپ، خاندىن باشلاپ، پۈتۈن قاشقاي ئېلى خەلقى قانۇنغا شەرتسىز ئەمەل قىلىشىدۇ. قاشقايلارنىڭ قۇدىرەتلىك بىر ئەل بولۇشى شۇنىڭدىن كەلگەن.

قاشقاي ئېلىنىڭ كۆپ سانلىق ئائىلىسى كېيىنكى زامانلارغا قەدەر كۆچمەن هايات كۆچۈرۈپ كەلگەن. ئۇلار ئات، قوي ، ئىشەك، تۆگە قاتارلىق چارۋىلارنى باقىدۇ. خەلقىنىڭ بىرقىسمىنىڭ يايلاقلاردا ئىتىزلىرى بولۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلار تەرىپىدىن باشقۇرۇپ سۇغۇرۇلىدۇ. بۇ خىزمەتلەرگە قارشىلىق قىلغانلار هەر يىلى يېزىغا ئىككى قوي تاپشۇرۇشتىن سىرىت ئەلدە ئالغان مەهسۇلاتىدىن بىر پاي ئايرىپ تاپشۇرىدۇ. بۇ يېزىلاردا «رائىيەتى قاشقاي (قاشقاي تۈزۈمى)» دېيىلىدۇ.

قاشقاي خاتۇنلارى جەمىيەت هاياتىدا مۇهىم بىر ئورۇن ئىگەللىگەن ئىدى. سىياسى مەسىلىلەردە داهى خاتۇنلارنىڭ بىلەن سۆهبەت ئۆتكۈزىدۇ. بۇ ئەنئەنە ئۇيغۇر قاتارلىق تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىسىنىڭ هازىرغىچە داۋاملىشىشى بولۇپ هېساپلىنىدۇ.

## 11. قاشقايلارنىڭ كېلىپ چىقىشى

1. قاشقايلارنىڭ نەدىن ئىرانغا كەلگەنلىكى مەسىلىسى .

بۇ هەقتە تۈركىيەلىك تارىخ تەتقىقاتچىسى مەلىك ئاق دېڭىز، قاشقايلار هەققىدە توختۇلۇپ:«قاشقايلارنىڭ يازما تارىخى يوق، ئەمما سۆزلۈك بولۇپ ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقا ئېغىزچە تارقىلىپ داۋاملىشىپ كەلگەن بىر تارىخى بار. بۇنىڭغا كۆرە، چىڭگىزخانىنىڭ ئالدىن يۈرەر قوشۇنلىرى چىن turk دىن كېلىپ، ئافغانىستانغا ۋە شىمالىي ئىرانغا تارقالغان. ئىراننىڭ غەربىي شىمالىي چېگرىسىدا ئەزەربەيجانغا يەرلەشكەن، 1600 ـ يىللىرى جەنۇپقا كېلىپ يەرلەشكەن، 16 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا بولسا، جەنۇپتىكى يەرلىرىنى پورتىگالىيەلىكلەردىن قۇتقۇزۇشنى ئىستىگەن شاھ ئىسمايىل ئۇلارنى جەنۇبىي ئىرانغا يۆتكىگەن. تارقاق هالەتتە بولغان قاشقايلار 18 ـ ئەسىردە جانى ئاغا تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلۇپ ، بىر خانلىق قۇرغان، جانى ئاغا قاشقاي بولسا بۇ خانلىقنىڭ دەسلەپكى ئېل خانىدۇر.» 12

ئىرانلىق تارىخچى سائىد نەفىسى، 1607 ـ 1618يىللار ئارىسىدا ئوسمان تۈركلىرى بىلەن ئىران ئۇرۇش ۋاقتىدا قاشقايلارنىڭ ئوسمان تۈركلىرى بىلەن بولغان يېقىنلىقى سەۋەبىدىن ،شاھ ئابباس تەرىپىدىن ئىراننىڭ جەنۇبىي ئەللىرىگە كۆچۈرۈلۈپ ئازەربەيجاندىن يىراقلاشتۇرۇلغانلىقىنى يازغان.13.

دوكتـــۇر. ھاشـــمېتۇللا تـــابىبى«قاشـــقايلار چىڭگىزخـــان قوشـــۇنلىرىدىن ۋە ياغمىلاردىن قېچىپ، موغۇلىستاندىن ۋە turk دىن بۇ زېمىنغا كەلگەن» دەپ كۆرسەتسە، ئاخمەت جافەر ئوغلۇمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش قاراشلاردا بولغان .فرانىك. جىنشور» (Franc - Jean Shor) قاشقايلار چىڭگىزخاننىڭ ئالدىدىن يۈرگۈچى قۇشۇنلىرى ئارىسىدا چىنturk دىن كېلىپ ،ئافغانىستانغا ۋە شىمالىي ئىرانغا تارقالغان. ئىراننىڭ غەربىي شىمال چېگراسىدا ئازەربەيجانغا يەرلەشكەندىن كېيىن 1600 - يىللاردا جەنۇپقا كېلىپ ھازىرقى يەرلىرىگە يەرلەشكەن»دەيدۇ 14.

م.مەنسۇر، 1953 - يىلىدا م.ت.شۇتىن (M.T Shooten) گە بەرگەن مەلۇماتىدا: «قاشقايلارنىڭ ئىرانغا كەلگەن ۋاقتلىرىنىڭ 12 - ئەسىردىكى چىڭگىزخان باسمىچى قوشۇنلىرىنىڭ باستۇرۇپ كېلىشى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، بۇ باستۇرۇپ كېلىش نەتىجىسىدە قاشقايلارنىڭ كافكاز تاغلارى ئېتەكلىرىگە يەرلەشكەنلىكىنى،كېيىن ئەردەبىل بۆلگەسىدە ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇپ قالغانلىقىنى 16 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا شاھ ئىسمايىل سەفەۋى (1524 - 1501) تەرىپىدىن پورتىگالىيەنىڭ ئىران دېڭىز قولتۇغىدىن پارس ۋىلايەتلىرىنى ئىگەللەش ئۈچۈن كۆچۈرۈلگەنلىكىنى » بۇلدۇرۇدۇ.

سەئىد نەپىسى، كافكازىيەدىن ئىرانغا كۆچۈرۈلۈش سەۋەبىنىڭ 1607 - 1618 يىللار ئارىسىدىكى ئوسمانىيە - ئىران ئۇرۇشى ۋاقتىدا قاشقايلارنىڭ ۋە قاجارلارنىڭ ئوسمانىلار بىلەن يېقىن بولغانلىقىنى، شۇ سەۋەپتىن ئازەربەيجاندىن يىراقلاشتۇرۇلغانلىقىنى يازغان.

## 2. قاشقاي نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى.

تارىخىي مەلۇماتلارغان قارىغاندا قاشقاي نامى ئەسلىسىدە كاشكا - قاشقا ،كاشغەر - قاشغەر دەپ ئاتالغان ،غەربىي ئاسىياغا كۆچۈپ بارغان قاشقا - كاشغەر ئۇيغۇرلىرى ، پارىسچە ئەسەرلەردە قاشقاي ( قشقائى، Qashqāī ) نامى بىلەن، تۈركچە Kaşkay

(كاشكاي)، kaşğay كاشغاي kaşğer (كاشغەر) دېگەن شەكلىدە قوللۇنۇلىدۇ.

ئىراندىكى قاشقالىقلار بولسا، ياۋروپالىق ئالىملاردىن ، ۋ .رادلوف ۋە ۋ. بارتولد - تەرىپىدىن ئوچۇق قىلىپ قاشقاي دەپ مۇقىملاشتۇرۇلغان . (ۋ.بارتولد

، ۋ .رادلوف : «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» لۇغىتى قاشقايلار (Qashqaylar) قىسمى.

تەتقىقاتلارغا قارىغاندا ، قاشقاي ـ قاشغاي نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ھەرخىل قاراشلار مەۋجۇت.

1 .بەزى مەنبەلەردە «قاشقاي» ۋە «قاچقاي» نامى «قاچماق» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ تەلەپپۇز بۇزۇلۇشتىن «قاچقاي» ۋە «قاشقاي» شەكلىگە كەلگەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن دەپ قارىسا، 2) يەنە بەزى مەنبەلەردە «قاشقاي» نامى شىمالىي ئازەربايجاندىكى ساۋالاننىڭ غەربىدىكى «گاشغاتاغ Gashgha» (tagh)ئىسمى بىلەن باغلىنىشى بار.«قاشقاي»لارنىڭ «قاشقاشە» دەپ ئاتالغان يامۇت قەبىلىسىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن، «قاشقاي» دەپ ئىسىم قويۇلغان دەيدۇ.3) مورىسدېن،يەرلىك مەنبەلەرگە تايىنىپ، «قاشقاي» نامىنىڭ ئەڭ دەسلەپ جانى ئاغا قاشقاي ئىسىملىك، شاھ ئاباسنىڭ باشقۇرۇشىدىكى مەھەللە ئاقساقىلى (باشلىقى) نىڭ نامىدىن ئېلىنغانلىقىنى بۇلدۇرۇدۇ.

(4يەنە بەزىلەر قاشقاي نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ «كاشكا ـ قاشقا (قاشغەر) شەھرى ۋە ئۆزبېكىستاندىكى كاشكا (قاشقا) دەريا بىلەن مۇناسىۋەتلىك» دەپمۇ قارايدۇ.15

5)«قاشقاي» نامى«قاشقا ئات »(كاشكا ئات) سۆزىدىن ئېلىنغان دېگەن قاراش.

يۇقارقى قاراشلار ئىچىدە ،1) قاشقاي سۆزى «كاچ»(قاچ) پېئىلىدىن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «كاشكاي» (قاشقاي) شەكلىدە تەلەپپۇز قىلىنغان دېگەن پىكىر توغرا بىر تاللاش ئەمەس. تۈرلۈك تارىخى دەۋرلەردە ، جەنۇبىي ئىراندىكى ،قاشقاي ئېلىگە تۈرلۈك سەۋەپتىن پانالىق ئىزدەپ كۆچكەن قەبىلە ـ قوۋمىنىڭ بولىشى مۇمكىن.بۇلار قاشقا ـ قەبىلە ئىسمىنى قوبۇل قىلغان. ئۇلارنىڭ تەركىۋىگە قوشۇلغان. كېيىن بۇلار ئىران ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «قاشقاي» ئورتاق نامى بىلەن ئاتىلىشقا باشلىغان.

(2«قاشقاي» نامى شىمالىي ئازەربايجاندىكى ساۋالاننىڭ غەربىدىكى «گاشغاتاغ (Gashgha tagh)»ئىسمى بىلەن باغلىنىشى بار.«قاشقاي»لارنىڭ «قاشقاشە» دەپ ئاتالغان ياموت قەبىلىسىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن،«قاشقاي» دەپ

ئىسىم قويۇلغان دەيدۇ.بۇ خىل قاراشنىڭ ئىلمىي ئاساسى يوق.بەلكى ئۇلارمۇ قەشقەردىن كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلار بولۇشى،ئۇزۇن تارىخى تەرەققىياەت تۈپەيلى ئازەربەيقان تۇركلىرى دەپ قارالغان بولسا كېرەك .

3)قاشقاي نامىنىڭ جانى ئاغا قاشقاي نامىدىن ئېلىنغان دېگەن پىكىر ھېچ بىر ئىلمىي تەلىماتقا تايانمىغان. قاشقاي نامى ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ بار ئىدى.شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزى چىققان قەبىلە ـ قەۋىم ،يۇرت نامىنى ئۇلۇغلاپ ،ئۆزىنىڭ قاشغەر ـ قاشقالىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۆز ئىسمى نامىغا قاشقاي نامىنى قوشۇپ ئاتىغان .

4) قاشقاي نامى كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن ،«كاشكا ـ قاشقا(قاشغەر) شەھىرى ۋە ئۆزبېكىستاندىكى كاشكا (قاشقا) دەريا بىلەن مۇناسىۋەتلىك» دېگەن قاراش ھەقىقەتەن توغرا. «قاچقاي» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى،تارىخىي ۋە جۇغراپىيەلىك جەھەتتىن ، كاشكا ـ قاشقا ـ «كاشغار»(قەشقەر) شەھىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «قاشقا» لىقلار ئۆز ۋاقتىدا كاشكا (قاشقا» ـ) كاشغار» شەھىرى ئەتراپلىرىدا ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن ، «قاشقا» دەپ ئاتالغان. كاشكا ـ قاشقا ـ كاشغار(قاشقەر) شەھىرى ۋە ئۆزبېكىستاندىكى قاشقا دەريا ئەتراپى جۇغراپىيەلىك جەھەتتىن باغلىنىشلىق بولۇپ،يەنە مىللەتداشلىق جەھەتتىنمۇ بىر خەلق ئۇيغۇرلار ئىدى .(ئۇلار 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللەتكە ئايرىش ئۇستىلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەت تۈپىنى پارچىلاپ باشقۇرۇش سىياسى تاكتىكىسى بويىنچە، پەرغانە ۋادىسىدىكى (ھازىرقى ئۆزبېكىستان تەۋەسىدە) ئۇيغۇرلار تۇرلۇك ئامال، مەجبۇرلاش بىلەن قەستەن، ئۆزبېك مىللىتى دېگەن يېڭى، قۇراشتۇرما، سىياسىي نام بىلەن ئاتالدى .ئۇ جايلاردىكى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار تۇرلۇك سەۋەپلەرگە كۆرە، ئۆزبېك دەپ ئاتىلىشقا مەجبۇرلاندى، ئوخشاش تىل، ـ يېزىقىقا، مەدەنىيەتكە، ئېتىقاتقا ئىگە بىر خەلق ئۇيغۇر تۇرۇپلا ئىككى مىللەتكە ئايرىپ تاشلاندى. ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغى، ئۆزبېك تىل يېزىغى دېگەن تىل ـ يېزىق كەشىپ قىلىندى، پەرىقلەر كۆچەپ كۆرستىلىپ، ئۆزبېك مىللەتچىلىكى تەرققىي قىلدۇرۇلدى. ھازىرمۇ پەرغانە ۋادىسىدىكى كىشىلەر ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ـ قاشقالىق ئىكەنلىكىنى بىلىشىدۇ،.... ئاتالمىش ئۆزبېك تىلى، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىر شىۋىسىدۇر. مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ،ئەل بىرونى دەۋرىدە پەرغانە ۋادىسىدا ئۆزبېك دەيدىغان ئېتنىك نام ، ئۇرۇق ـ قەبىلە ياكى مىللەت يوق، بەلكى ئۇيغۇرلار دېگەن مىللەت بار).

5) «قاشقاي» نامى «قاشقا ئات » (كاشكا ئات) سۆزىدىن ئېلىنغان دېگەن قاراش .ئۆتكەن قېدىمكى زاماندا ھەرقايسى كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزلىرىنى ھايۋانلار ئىتى ۋە رەڭگى بىلەن ئاتالغان. قەبىلىلەر ئاتلىق قوشۇنلاردىن تۈزۈلگەن بولۇپ ، ئۇلار تۇرىۋاتقان ئورنى ياكى ئاتلىرىنىڭ رەڭگىگە قاراپ تۇر ۋە سەپلەرگە ئايرىلغان. بۇ ئادەت ھونلار، تۈركلەر، ئۇيغۇرلاردا داۋاملىشىپ كەلگەن، سەپنىڭ ئالدىدا« ئاق ئاتلىق» ياكى «قاشقا ئات» لىق بولاتتى. بۇنداق ئاتلىقلار «قاشقا ئاتلىقلار» ـ دەپ ئاتىلاتتى، ئەل زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ سۆز قىسقىراپ «قاشقا»، ياكى «قاشقاي» دەپ ئاتالغان. قاشقايلارنىڭ بىر قىسمى كۆچمەن، سودىگەر خەلق بولغانلىقى ئۈچۈن ،كېيىنكى يىللارغا قەدەر بەك كۆپ ئات يېتىشتۈرگەن (سىرىتقى ئەللەرگە ئات چىقىراتتى) بالىلىرى بەك كىچىك ياشلاردا ئات مىنىدىغان، بولۇپ ئىلىم ـ سېتىم ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرىلاتتى.قاشقالاردا «قاشقا» دېمەك ئات دېمەك، ئات دېمەك« قاشقا» دېمەك ،دېگەن گەپلەر بار. بۇنىڭدىن قارىغاندا ،قاشقاي سۆزىنىڭ «قاشقا ئات» سۆزىدىن كەلگەنلىكىنى كۆرۈش مۇمكىن. ھازىرمۇ ئۇيغۇر خەلقى ئاتنىڭ بىر تۈرىنى «قاشقا ئات» دەپ ئاتايدۇ، بۇ ئاتنىڭ باش تەرىپىدە ئىككى كۆزى ئوتتۇرسىدا يۇمۇلاق ئاق بەلگە بولىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى، «ئات ئەلنىڭ قانتى»دەيدۇ. جەنۇبىي ئۇيغۇربۆلگەلىرى يېزا، كەنىتلىرىدە جۇملىدىن ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كەلپىن، باي قاتارلىق جايلار تەۋەسىدە «قەشقەر» نى، «قاشقا» دەپ ئاتايدىغانلار ھازىرمۇ خېلى كۆپ. شىمالىي ئۇيغۇر يۇرتلىرى تەرەپلىرىدىمۇ جۇملىدىن ئىلى، قاراسۇ( شىخو) قاتارلىق تەرەپلەردىمۇ «قاشقا» ، «قاشقالىق» دەپ ئاتاشلار بار. بۇ ئەھۋال ئاتاغلىق يازغۇچىمىز، زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا يۇرت» رومانىدىمۇ كۆپلەپ تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، «قەشقەر» نامى ، كاشكا ـ قاشقا دىن كاشغەر ـ كاشغار (قاشقەر) گە ئۆزگەرگەن. ئىراندا بولسا، قاشقا ، قاشغاي، ئاخىرىدا قاشقاي دەپ مۇقىملاشتۇرۇلغان.

## 12. بۆگۈنكى كۈندىكى قاشقايلار

بۆگۈن قاشقاي جەمىيتى ئىچىدە ئورۇن ئالغان 190غا يېقىن قەبىلە، ئۇرۇق، چاتىرلاردا ياشايدىغان كۆچمەن خەلقلەردىن بارلىققا كەلگەن ئاۋۇللارنىڭ ھەممىسى قاشقايلار ئاساسىدا ئۇيۇشۇپ ، كۆپ سانلىقى ئۆزلىرىنى قاشقاي دەپ ئاتاشتى.

بەزىلىرى قەدىمقىناملىرىنى ئالماشتۇرۇپ (تىگىشىپ) ،باشقا نام ئاتاقلارنى قوبۇل قىلدى. يەنە بەزىلىرى ئۆز نام ـئاتاقلىرىدا قالدۇردى. بۇ بىرلەشمىدىن ئىلگىرى بۇ ئىسىم قاشقاي نامى بىلەن ئاتالغان بىر قەبىلە ـقوۋمىنىڭ نامى بولۇپ، قاشقاي نامى شۇ نامىدىن ئېلىنغان (چۈنكى تارىخىي مەنبەلەردە بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان بىر تۈرك قەبىلىسى ـ قوۋمى مەۋجۇتتۇر.) تارىختا ،تۈركىي قەۋملەر ئارىسىدا قايسى قەبىلىلەر كۈچلۈك بولسا باشقا قەبىلىلەر ئۇنىڭغا قوشۇلغان. شۇنىڭغا ئوخشاش ، پارستا ياشىغان تۈركىي قەبىلىلەر تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ زۆرۈرىيىتى بىلەن بىرلىشىكە مەجبۇر بولۇپ، بىر قەبىلە بولۇپ ئۇيۇشۇپ، بۇلار قاشقاي دەپ ئاتالغان.

قاشقاي ئېلى ئىچىدە بولغان قەبىلە، قەۋملەر ئاتلىرىنىڭ تۈرلۈك بولىشى ۋە ئاتلىرىنىڭ كۆپىنىڭ ئەسىرلەر بويى كۆپ قېتىم ئالماشتۇرلىشى، بەزى مۇئەللىپلەر ـ نىڭ مەسىلىگە سىياسىي جەھەتتىن يېقىنلىشىشى، قاتارلىق سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، بەزىلەر قاشقايلارنى تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ئەسلى نەسەبىدىن، كېلىپ چىقىشىدىن، تارىخىي پاكىتلاردىن ئايرىپ (ئۈزۈۋېتىپ)، ھازىر قوللۇنىۋاتقان تىلى يېقىنلىقى قاتارلىق ئامىللارنى پاكىت قىلىپ، ئۇلارنى بەزىلەر ئازەربەيجان ياكى تۈركمەن مىللىتىگە، تەۋە قىلىۋېتىشقا ئۇرۇنۇش خىيالىدا، ئۇلارنىڭ تارىخىي مىللىي كىملىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ھەرخىل مەقسەتتە ئۇنى ئۇنتۇلدۇرماقچى بولىۋاتىدۇ.

تارىخ بىلگەنلەرگە ئايدىڭكى، موڭغۇل ئىستىلاسىدىن ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا بۈيۈك ئۇيغۇر قاراخانىيلار سۇلالىسى «مىلادى 840 ـ1212» مەۋجۇت بولۇپ، ئىنىڭ مەركىزى ـئوردۇسى كاشكا(قاشقا) ـكاشغەر شەھرى ئىدى. شۇڭلاشقا ئەتراپتىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئەنە شۇ بۈيۈك قاغانلىقنىڭ مەركىزى شەھەرى ـكاشغەر نامى بىلەن ئۆزلىرىنى كاشغەرلىك دەپ ئاتىشاتتى.موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار تۈرلۈك سەۋەپلەردىن، ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدىن، تۈركۈملەپ غەربىي ئاسىيا تەۋەسىگە كۆچۈپ، ئىران، ئىراق، ئانادولۇ قاتارلىق جايلارغا ماكانلاشقان. ئىراندىكى قاشقاي («قاشغاي») لار دەل ئەنە شۇ قاشغايلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرىدۇر .گەرچە ئارىلىقتا 800 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەن، تىل، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ،ئۆرۈپ ـئادەت ، قاتارلىق جەھەتتە بەزى ئۆزگۈرۈشلەر بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا قاشغەرلىك ئۇيغۇرلاردۇر.

قىسقىسى، قاشقايلار ئۇيغۇر تۈركلىرى نەسلىدىن بولۇپ، تارىخى ھادىسىلەرنىڭ بېسىمى بىلەن ئۇيغۇر ئېلى(شىنجاڭ) دىن كۆچۈپ ئافغانىستانغا،

ئىراننىڭ شىمالىي قىسىملىرىغا، كافكازىيەگە كەلگەن. ئۇزۇن بىر ۋاقىت بۇ يەردە تۇرۇپ قالغان. بۇ جەرياندا كافكاز تىللىرىنىڭ (ئازەرى تۈركچىسىنىڭ) تەسىرىگە ئۇچرىغان، 16 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا، شاھ ئىسمايىل سافەۋى (1501 ـ 1524) تەرىپىدىن پارىسقا كۆچۈرۈلگەن.

بۇ بۆلگۈگە كەلگەنلىرىدە بەزىدە خالاچلار بىلەن ئارىلىشىش ،بېرىش ـ كېلىش قىلغان بولسا يەنە بىر قىسىم خالاچلار قاشقاي قەبىلىسىگە قوشۇلغان. سالجۇقلار دەۋرىدە ئانادولۇ تۈركلىرى بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋېتلىرى نەتىجىسىدە قاشقا قەبىلە بىرلىكىگە قاراشلىق ئانادولۇدىكى بەزى تۈرك تەركىپلىرى بولغان.

بۇ ھەقتە يەنە، 2012 ـ يىلى 13 ـ مارت كۈنى بىرەيلەن تورغا تۆۋەندىكىدەك ئۇچۇر قالدۇرغان: «كىم بولغانلىقىمنى، نەدىن كەلگەنلىكىمنى، يەنى تارىخىمىزنى، ئۇلۇغلىرىمىزدىن ئۆگەندۇق.... ئاتالىرىم ئۇيغۇر ئېلى ۋادىسى (شىنجاڭ) دىن بولۇپ، قاشقادىن، شىرازغا ئاندىن تۈركىيەنىڭ ئىگدىر يېزىسىغا يەرلەشكەن، يەنى ھىجرىيە 950 ـ يىلى مىلادى 1534 ـ يىلى 2 يېزىدىن 38 چاتىرلىق ئائىلە بۇ يەرنى يۇرت تۇتقان» . 16

بۈگۈنكى كۈندە، ئىراننىڭ جەنۇبىي پارىس ئۆلكىسىدە ياشاۋاتقان قاشقا ئۇيغۇرلىرى، تۈرلۈك بېسىملار ئىچىدە ياشاپ تۇرۇپمۇ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ، ئۇمۇتۋار ھالەتتە تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن جۇملىدىن جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكىلەر بىلەن، دوسلىشىشنى، سودا ـ ئالاقە ئورنىتىشنى ئۈمىت قىلماقتا .

## 13 .قاشقايلارنىڭ دەسلەپكى تارىخى سەھنىگە چىقىشى

قاشقايلار ئەڭ دەسلەپ سافەۋى تۈرك دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى شاھ ئىسمايىل زامانىدا تارىخ سەھنىگە چىققان. شاھ ئىسمايىل پارىس بۆلگەسىنىڭ يەرلىك خەلقى ھىساپلانغان ھەرقايسى تۈرك قەبىلە ـ قوۋىملىرىنى قوللىغان ،نەتىجىدە ئۇلار قاشقاي نامى بىلەن ئاتىلىشقا باشلىغان.

جانى ئاغا قاشقايدىن باشلاپ ،قاشقاي خانلىرى ھەر زامان ئىراننىڭ جەنۇبىدا ئۈنۈملۈك بىر سىياسى ۋە ئەسكىرى كۈچكە ئىگە بولۇپ ،كۆپ ۋاقىت پارىس

بۆلگەسىنىڭ تىزگىنىنى قوللىرىدا تۇتۇپ تۇرغان..18 ـ ۋە 19 ـ ئەسىرلەر قاشقايلارنىڭ ئىراندا ئەڭ كۈچلەنگەن دەۋرى ئىدى .

ئۇلارنىڭ دەسلەپكى رەئىسلىرى خىندىستان بىلەن قېرىندىشى ئىسمايىلخان بولۇپ ھەر ئىككىلىسى كەرىمخان زەند (ئۆلۈمى 1779 ـ يىلى) زامانىسىدا ياشىغان. زاندىيە دەۋرى(1794 ـ 1750) نىڭ ئاخىرىدا مەلۇم سەۋەپلەر تۈپەيلى ھەسەن خان ئىلى بولۇپ تاشلانغان ،ئىسمايىلخاننىڭ كۆزلىرىگە مىق تىقىلغان .

*19 ـ ئەسىر باشلىرىغىچە قاشقاي ئىلى خانلىرى شوھراب خان،داراپخان ۋە دارابخاننىڭ ئوغلى ئىسمايىلخان* ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئوغۇللىرى جانى خان (1823 ـ 1884) ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەت ئالى خان (2 ـ ئۆلۈمى1851 ) قېرىندىشى مۇھەممەت قۇلى خان (ئۆلۈمى ( 68 ـ 1867 بۇلارنىڭ كېيىنكى ئوغلى سۇلتان مۇھەممەت خان 19 ـ ئەسىردىكى ئەڭ تونۇلغان قاشقاي رەئىسلىرىدۇر.

بۇلاردىن مۇھەممەت ئەلىخان بىلەن ئوغلى جاھانگىرخان قاچارلارغا ئۆيلەنگەن. قاشقايلارنىڭ باشقا بىر دۈشمەنلىرى كېيىنكى زامانلارغا قەدەر شىمالى قوشنىلىرى بەختىيارلار بولغان.ئىراندا باشقۇرۇش ئىدارىلىرى قۇرۇلغىچە كىسىم قانۇنى مەجلىسىدە قاشقايلارنىڭ خان ئائىلىسىدىن ھاجى كەرىم خان ۋەكىل بولاتتى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرىدا ،قاشقايلار ھۆكۈمىتىنىڭ خەلق ئالدىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلىشى بىلەن پارىسلار ئىنگىلىز ئىشغال كۈچلىرىدىن يېڭىلىدى.

رىزاھ شاھ باشقا ئايماق ۋىلايەتلەرگە ئوخشاش قاشقايلارنى تامامەن ئۆز قول ئاستىغا ئالدى (1930 ـ يىلى )قاشقايلارنىڭ نارازىلىق ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇپ، 2 ـ خان سەۋلاتۇن ـ دەۋلە تېھرانغا كەلتۈرۈلۈپ قاماققا ئېلىندى ، ئوغۇللىرىنى خاننى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى.

1940 ـ يىللىرىدىن كېيىن قاشقايلارنىڭ كۆچۈش يوللىرى رىزاھ شاھ تەرىپىدىن كېسىپ تاشلانغان.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا رىزاھ شاھنى تەختتىن چۈشۈرۈۋېتىپ، ھەپسىدە ۋاپات بولغان سەۋلاتۇت دەۋلەتنىڭ ئوغۇللىرىنى ئىرانغا كەلتۈرۈپ، بۇلاردىن ناسىرنى2 ـ خان قىلىپ تەيىنلەپ ،قاشقاي ئىلىگە رەھبەرلىك قىلىشقا قويغان.

*1941 ـ يىلدىن كېيىن بولسا ناسىر خان يەنە خانلىق تەختىگە چىققان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن قاشقاي ئىلى، قاشقاي خانلىرى قاشقاي لار تۆرلۈك بېسىملار تۈپەيلىدىن ،ئەسلىدىكى ئادەتلىرى بويىنچە ،يەرلەشكەن ھاياتنا*

*تۈرمۈش كۆچۈرۈشكە باشلىغان.*

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا قاشقايلار گېرمان ئاگېنتلىقىدىن مىللى ئەنئەنىلىرىنى قوغداپ قېلىشنى ئۆتۈنۈپ، ئەنگلىزلارغا تەسلىم بولمايدىغانلىقىنى ،ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن . تۈركىيە ئەلچىسىنىڭ ئوتتۇرغا چۈشىشى بىلەن قاشقايلار بۇ تەھدىتتىن 1943 ـ يىلى قۇتۇلغان.

1963 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىران ھۆكۈمىتى قاشقايلار ئارىسىدا يەر ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىشقا كىرىشكەن. يەرلەرنى تەخسىملەش بىلەن قاشقايلارنىڭ سىياسى ئورنىغا چېقىماقچى بولغان .قاشقايلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، ھۆكۈمەت تەرەپتىن ھاۋا، قۇرۇقلۇق ھەركىتى قوزغىغان بۇنىڭ نەتىجىسىدە قاشقايلار قوراللىق ئېتىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىراننى خان ئائىلىسى بىلەن يېڭىباشتىن تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. كۆپلىگەن قاشقايلار قانلىق قىرغىنچىلىقتا جانىدىن ئايرىلغان.

1979 ـ يىلدىكى ئىران ئىسلام ئىنقىلاۋىغا قەدەر ، قاشقايلار رىزا شاھنىڭ قاتتىق باشقۇرۇش ئاستىدا بولغان ،ھەرقايسى شەھەر ،يېزىلارغا مەجبۇرى تارقاقلاشتۇرۇپ، يەرلەشكەن ھاياتقا ئۆتۈشكە زورلانغان.ئىسلام ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن تارقاقلاشتۇرۇلغان قاشقايلار يەنە تەكرار توپلۇنۇپ ،باشقا ئۆلكىلەرگە كۆچكەنلەر قايتىپ كېلىپ، ئىسلام جۇمھۇرىيىتى باشقۇرغۇچىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، يەنە ھۆكۈمەتكە ياردەمچى بولۇشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. بۇ پىكىر بىرلىكى ئۇزۇن داۋاملاشمىغان، 1982 ـ يىلى شىراز ۋە فىروزئاباد ئەتراپلىرىدا قاشقايلار بىلەن ئىران ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ئوتتۇرسىدا ئۇرۇشلار مەيدانغا كەلگەن. قاشقايلارنىڭ ئېل خانى ـ خۇسراۋخان زىنىدانغا تاشلىنىپ، 1982 ـ يىلى شىرازدا ئۆلتۈرۈلگەن.

شۇندىن بۇيان «قاشقاي خەلقى جەمىيىتىدە ،تىللىرىنى قوللۇنۇش مەنئىي قىلىنىپ، يەرلىرى تارتىپ ئېلىنىپ، چارۋاماللىرى ئۆلتۈرۈلۈپ، تىگىشلىك يەرلىرى، يايلاقلىرى زورلاپ تارتىۋېلىنىپ، ئاھالىلىرى كۆچۈرۈۋېتىلىپ، بېسىم ۋە ئىسكەنجە ئاستىدا ئىگىرىماقتا. ئۆز ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قوغداش يولىدا تىرىشماقتا. باشقا تۈرك خەلقلىرى ۋە قېرىنداشلىرىدىن بۇ زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشقا ياردەم قىلىشنى ئارزۇ قىلماقتا.» 17

## ئىزاھاتلار

1 ليۇجىنژشاۋ: « ئۇيغۇر تارىخى» ، بىيجىڭ، 1 ـ قىسىم ـ 473 بەتكە قاراڭ .
2 «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە، 2000 ـ يىللى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى .
3 «ج.پ.كارپىن ‹موڭغۇلىيەگە ساياھەت خاتىرسى›، ۋ.روبرۇك ‹شەرىققە ساياھەت خاتىرسى ›» جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى، خەنچە، 248 ـ بەت
4 جۇۋەينى: «تارىخىي جاھان كۇشاي» 1 ـ قىسىم 6 ـ بەت، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل نەشرى.
5 كارتىر {ئامرىكىلىق} : «جۇڭگو مەتبەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە غەربكە تارقىلىشى» سودا نەشرىياتى 1957 ـ يىل نەشرى، 127 ـ بەت
6 ئوبۇلغازى باھادىرخان : «شەجەرەئى تۈرك» 2005 ـ يىللى خەنچە نەشرى، 39 ـ بەت


11 9 7http://tr.wikipedia.org/wiki/Kaskayca
82006. Gunnar jarring, s kashkay materialis. in: Lars johanson&Christiane Bulut (eds) Turkic－Iranian contact areas. Historical and linguistic aspectis. Wiesbaden: Harrassowitz. 209－225.
http://www.forumalev.net/turk－tarihi/235115－kasgay－turkleri.html10

12 مەلىك ئاق دېڭىز :«ئىران تۈركلىرى» ناملىق ئەسەر، تۈركچە، / http://www.gunaskam.com/tr
11 ياشار كالافات :«ئىران تۈركلىگى»، 2005 ـ يىلى ، ئىستانبۇل ،تۈركچە نەشرى 28 ـ بەتكە قاراڭ.
13سەئىد نەفىسى: «ئىران تۈركلىرى»، 1965 ـ يىلى تۈركچە نەشرى 178 ـ بەتكە http://www.gunaskam.com/tr/ قاراڭ .


14 http://www.textara.com/dunyadaki_turk_topluluklari_halklari_tarihi_cografyasi?page=0%2C20

15جافەر ئولى :« ئىراندىكى قاشقاي تۈركلىرى» 1966 ـ يىلى ،ئىستانبۇل ،تۈركچە نەشرى ،126 ـ بەتكە قاراڭ.

16 http://www.qashqaiturk.blogsky.com/




قاشقايلارنىڭ بايرىقى



قاشقايلاردىكى مەشهۇر كىشىلەر



ئىسمايىلخان قاشقاي 1880 ـ يىلى ئىراننىڭ فىرۇزئابادتا تۇغۇلغان.1932 ـ يىلى تېهراندا 52 يېشىدا ۋاپات بولغان.



خۇسرەۋخان قاشقاي 1917 ـيىلى ئىرانىنىڭ شىرازدا تۇغۇلۇپ 1982 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

مەنبە : ـ ئەزەربەيجانچە ۋىكىپىدىيە قاشقاي.

قاشقايلار تۇنۇشۇرۇلغان ماۋۇ ئەزەربەيجانچە ۋىكىپىدىيەدە ئۇلارنى ئەزەربەيجان تۈركلىرىگە باغلاپ چۈشەندۈرۈپتۇ. هازىر سەل ئالدىراش بولۇپ قالدىم.سەل بىكار بولغاندا ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ قويايچ.

بۇ ئەزەربەيجانچىمۇ بەك چۈشەنمىگۈدەك تەس تىلمۇ ئەمەس ئىكەن.
مانا بۇ ئەزەربەيجانچە چۈشەندۈرۈلۈشى.

Qaşqaylar — İranın cənub-qərbində, əsasən Fars ostanında yaşayan, İranda ən çoxsaylı azərbaycanlı elat tayfasıdır. Qaşqaylar Azərbaycan dilinin qaşqay ləhcəsində danışırlar. [3][4][5]

Qaşqa Azərbaycan dilində "cəsur", "qorxmaz", çağatay dilində isə "alnı ağ at" mənasını verir. Bir sıra mənbələrə və V. İ. Savinanın müşahidəsinə görə, onlar İrandakı türk boyları içərisində sayca daha çox olub, müxtəlif bölgələrə yayılmışlar [6]. V. V. Trubetskoy isə qeyd edir ki, qaşqay boylarının bir qismi də kaqali, xazari, quşari, mamali, qamər və sair soylarla birlikdə çoxsaylı bəxtiyar qəbilələrinə qarışmışdır [7]. İranda "döyüşkən xalq" [8] kimi tanınan qaşqaylar son zamanlara qədər tayfa - nəsil bölgüsünü, yəni hərbi demokratiyanın əsas xüsusiyyətini saxlayaraq, əkinçilik və maldarlıqla məşğul olurlar. İndi də qaşqay boy birləşmələrinin başında qəbilə başçılarının seçdiyi ilxan durur [9].

قاشقايلار ئىرانىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى فارىس ئۆلكىسىدە ياشايدۇ، ئىراندىكى ئەڭ كۆپ سانلىق ئەزەربەيجان تائىپەسىدۇر. قاشقايلار ئەزەربەيجان تىلىنىڭ

قاشقاي (شۇىسى) لەھجىسى بىلەن تۇنۇشلۇق.

قاشقا ئەزەربەيجان تىلىدا ‹قورقماس› ‹جەسۇر› چاغاتاي تىلىدا ‹ئەلنى ئەگ ئەت› مەنىسىنى بىرۇر. دەپ چۈشەندۈرپتۇ،مانا بۇ ئەزەر بەيجانلىقلارنىڭ قاشقايلارنى چۈشەندۈرىشى.

ئەمدى ئەمەلىيەتكە كەلسەك قاشقايلار ئۆزلىرىنىڭ ئنا تىلى بولغان ئۇيغۇر تۈركچىسىنى ئىراندىن ئىبارەت فارىس مىللەتچىلىكى كۈچلۈك بولغان بۇ دۆلەتتە ئۆزىنىڭ تىلىنى ساقلاپ قېلىش يۈزىسىدىن ئۇيغۇر تۈركچىسىگە يېقىن بولغان ئەزربەيجان تىلىن قوللىنىشى ئۇلارنى ھەرگىزمۇ ئەزربەيجان تۈركلىرى دىيىشكە بولمايدۇ، بۇ خۇددى ئەينى تۈركمەنىستان ئىلىمىزنىڭ ئىچكىرى رايۇنلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن سالالىرىنىڭ ئۆزىنىڭ تىل يېزىقىنى ساقلاپ قېلىش بەزى سالا زىيالىلىرى سالا تىلىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزىگە يېقىن بولغانئۇيغۇر تىلىغا ئانچە-مۇنچە تېۋىنغىنىغا قاراپ ئۇلارنى ئۇيغۇر دىگىلى بولمىغاندەك بىر ئىش .

گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دىسەك قاشقايلار ھازىر باشقا بىر مىللەت دەپ ئاتالسىمۇ، ئۇلارنىڭ تېگى تەكتى يەنىلا ئۇيغۇر (قەشقەر) دىيارى. ئىلىمىزدىكى سالالارمۇ ئىلىمىزدە باشقا بىر مىللەت ئاتالسىمۇ ئۇلارنىڭ تېگى تەكتى يەنىلا تۈركمەنىستان بولغىنىغا ئوخشاش.

مانا بۇ ئەجداتلىرىمىز قۇرغان قاراخانلار سۇلالىسىنىڭ بايرىقى




قاراخانلار دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى بىلگە كۆل قادىرخان ۋە قاراخانلار دۆلىتىنىڭ بايرىقى




مانا بۇ قاشقايلارنى بايرىقى

بايراقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قىزىل رەڭلىك يېرى ئەزەربەيجان بايرىقىنىڭ بىر يەرلىرىگە ئوخشىسا، سول تەرىپىدىكى يېرى قاراخانىلار بايرىقىغا ئوخشايدىكەن.



ياپونىيەنىڭ نىسسان شىركىتىنىڭ قىرىنداشلىرىمىزنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بۇ

قاشقاي （ QAshQAI خەنزۇچە （ 逍客:ماشىنا

تېپىدىن




با
شقا يەنە ئۇيغۇر ئىلىدىكى قەدىمكى كرورەن(خەنزۇچە ( 楼兰 :نامى بىلەن ئاتالغان داڭلىق ماشىنا تېپىمۇ بار 。



# قارايىم خەلقىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى

خوجا نىياز
(ئاقسۇ مائارىپ ئىنستىتوتىدىن)

**قىسقىچە مەزمۇنى**: بۇماقالىدە، قارايىم خەلقىنىڭ كېلىپ چىقىشى، تەرققىياتى، دىنىي ئېتىقات ئۆزگىرىشى، قارايىم خەلقىنىڭ شەكىللىنىشى، قاتارلىق مەسىلىلەر پاكىتلىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، قارايىملارنىڭ ئەڭ دەسلەپ ئۇيغۇرلارنىڭ هازار قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققانلىقى، مىلادىدىن بۇرۇن ۋە كېيىن هون قەبىلە ئايماقلىرى قاتارىدا غەرپكە سۈرۈلۈپ، هازار خانلىقىنى قۇرغانلىقى، كېيىن دىنىي ئېتىقاتىدا ھەرخىل ئۆزگۈرۈشلەر بولۇپ، ئېسىلزادەلەر بىلەن خاقان ۋە ئاھالىسىنىڭ كىچىك بىر قىسمىنىڭ يەھۇدىي دىنىنىڭ بىر تارمىقى ـ قاراي دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى، قارايىم مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى... قاتارلىق مەسىلىلەر يورۇتۇپ بېرىلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر**: هازارلار دىنىي ئېتىقات ئۆزگۈرۈشى قارايىم مىللىتى

قارايىملار ـ يەر شارىدىكى ئەڭ قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار قىرىمىيە ۋە كاپكازىيەدە ياشىغان، هازار خانلىقىدا كۆپسانلىق قىسمى هازارلاردىن تەركىپ تاپقان، قىپچاقلاردىن پەرقلىق بىر تۈركچە شىۋىنى قوللۇنىدىغان، قاراي مەزھىپىنى قوبۇل قىلغان، هازارلار بىلەن قانداش، تىلداش بولغان، هازارلارنىڭ ئېتنىك ۋە ئۇيغارلىق (مەدەنىيەت) ۋارىسى بولغان، هازارلار بىلەن تارىخى، سىياسى،دىنى جەھەتتە باغلىنىشلىق بولغان تۈركىي خەلقتۇر.

1. قارايىملارنىڭ كېلىپ چىقىشى

تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، قارايىملار ئاساسىي جەھەتتىن قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىسى ـ هازارلاردىن كېلىپ چىققان ، كېيىنكى تەرەققىيات جەريانىدا

هازار خانلىقىدا جۇغراپىيىۋى ئامىللار تۈپەيلى، 8 ـ ئەسىردە ھىرسۇنپىستا (جەنۇبىي قىرىمدا) ، ئىپسلزادەلەر بىلەن خاقان ۋە ئاھالىنىڭ كىچىك بىر قىسمىنىڭ، بۇلان خاقان ھاكىمىيتى دەۋرىدە يەھۇدىي دىنىنىڭ بىر تارمىقى ـ قاراي دىنىنى قوبۇل قىلغان، بۇ تارماق دىن ئادەتتە <<قارايىم دىنى>> دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ دىننى قوبۇل قىلغانلار شۇنىڭ بىلەن"قاراي"لار دەپ ئاتالغان.

تۈركىيە ئالىمى دوكتور نەۋزات ئۆزكەننىڭ كۆرسىتىشىچە، قارايىملارنىڭ دەستۇرى تەۋرات بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەھۇدىيلارنىڭكىدىن پەرقلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا زەبۇر بىلەن ئورتاقلىق بار ئىكەن. قارايىم دىنى ـ 13 ـ 8ئەسىرلەردە گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرگەن بولۇپ، بۇ دىنغا بىر قىسىم ئىرانلىقلار، ئەرەبلەر، يەھۇدىيلار، گرېكلەر ئېتىقاد قىلغان.

(1) هازارلارنىڭ كىملىگى ۋە هازار ئۇيغۇرباغلىنىشى.

تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، هازارلار،ئەسلى گاسار ـ قاسار ـ قازار دەپ ئاتالغان موڭغۇلىيە ئىگىزلىكىدە ياشىغان قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىسى بولۇپ، ئۇ گېزەر، گازار،كېزەر،قازار ۋە هازار قاتارلىق ئېتىمولو گىيىلىك شەكىلدىكى ناملار بىلەن ئاتالغان. هازار نامى باشقا تىللاردا ئەرەپچە «ئىل هازار» ، ئىبرانچە «هۇزارى، كوزار» ، لاتىنچە «گازارى» ،گۇرجىچە«هازارى» ، ماجارچە «huszar» دىگەن نام بىلەن ئاتالغان. خەنچە مەنبەلەردە ئۇلار گىسار ـ گاسار(葛萨)، كىسار ـ قاسار ـ قازار ((可萨دەپ يېزىلغان. ئۇلار بەشىنچى ئەسىردىن بۇرۇن ئاۋارخانلىقى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان. شىمالىي ۋېي خانلىقى ئاۋار خانلىقىغا هۇجۇم قىلغاندا ئۇيغۇرلار (高车) شەرق ۋە غەرپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ بىر بۆلەك ئۇيغۇرلار (ئۇيغۇر،ئون ئۇيغۇر، سېرىق ئۇيغۇر) لار جۈملىدىن ئون ئۇيغۇرلار قەبىلىسى قاتارىكى گاسار قەبىلىسىمۇ موڭغۇل ئىگىزلىكىدىن ئالتاي تېغى، ئېرتىش دەرياسى ئارقىلىق غەرىپكە كۆچۈپ،مىلادى 463 ـ يىللىرى ۋولگا دەرياسى، كاۋكاز تاغلىرى ۋە كېيىنچە قارا دېڭىز بويىغا كۆچۈپ كەلگەن.

ئەسلىدە بۇلار مىلادىدىن بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيادىن هون قەبىلىلىرى تەركىۋىدە غەرىپكە كۆچكەن ئۇيغۇر،ئون ئۇيغۇر،سارى ئۇيغۇر،هازار قەبىلىرى ئىزلىرىنى بويلاپ مىلادىدىن كېيىن 4 ـ 5 ـ ئەسىرلەردە هازار دېڭىزى ئەتراپىغا كەلگەنلەر ئىدى. گورجى(گروزىيە) تارىخلىرىغا كۆرە، گورجى كىرالى مىرۋان

(مىلادىــــدىن بـــۇرۇن167 ـ 123) ھازارلارغـــا قارشــــى ئــۇرۇش قىلغـــان. ئەرمەن مەلۇماتلىرىغا كۆرە، ھازارلار مىلادىدىن كېيىنكى 2 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىۋىدە ئەرمەن ـلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغان. 3 ـ ئەسىردە ھازارلار بەزىدە روم ئىمپراتۇرلىغى، بەزىدە پېرسىيە ئىمپراتۇرلىقى سەپلىرىدە ئۇرۇش قىلغان. 5 ـ ئەسىردىن كېيىن ئاۋارلارنىڭ ئوتتۇرغا چىققىشى بىلەن قىسقا مۇددەت ئاۋارلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. ئىلگىرى ۋە كېيىن كەلگەن تۈركىي قەبىلىلەرمۇ ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى، دون دەرياسى، كارپات ئىگىزلىكىدە ئولتۇراقلاشقان، تۈركىي قەبىلىلەر تىل ـ يېزىق ، ئۆرۈپ ـ ئادەت جەھەتتە ئوخشاش بولغاچقا، بىرلىشەلىگەنلىرى ئۇيۇشۇپ، گاسار قەبىلىسى باشچىلىقىدا گاسار(ھازار) خانلىقى (مىلادى 468 ـ 965) نى قۇرغان. مىلادى 569 ـ يىلى يېزىلغان قەدىمكى سۈرىيە يېزىقىدىكى ماتېرىياللاردا، بۇ ئۇيغۇرلا ۋە ئۇنىڭ 12 قەبىلىسىنىڭ نامى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىلگەن، بۇلار: ئۇيغۇر ـ ئوغۇر، ئونئۇيغۇر، سابىر، بۇلغار، قۇتۇغۇر، ئابار، سارىغۇر، كاسدىمىر، باغىرسىق، قۇلس، ئابدال، ئېفتالت. شەرقى رىم (ۋىزانتىيە) تارىخىي ماتېرىياللىرىدا، يۇقارقىلار دىن باشقا گاسار (قاسار)لار ئون ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ بىرى قاتارىدا كۆرسۈتىلگەن.1

موڭغۇل ئىگىزلىكىدە قالغان گاسار (葛萨)لار ئۇيغۇر قەبىلىسى تەركىۋىدە ئۇيغۇرلارنىڭ « ئىچكى توققۇز قەبىلىسى» دىكى قاسار ـ گاسار ئۇرۇغىنى تەشكىل قىلغان 2 بۇلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا مۇيۇم رول ئوينىغان.

غەرپكە كەتكەن گاسارلار بولسا 576 ـ يىلىغا كەلگەندە كۆك تۈرك خانلىقى تەۋەسىگە قۇشۇلغان. تاڭ تارىخى ماتېرىياللىرىدا بۇ خانلىق تۈرك گاسار خانلىقى (突厥葛萨国) دەپ يېزىلغان، غەربىي كۆك تۈرك خاقانى ئەمرى بىلەن ساسانىلەر (ئىران) گە قارشى ۋىزانس (شەرقى رىم) گە ياردەم كورسەتكەن. ئانادولۇنى ئىرانلىقلار ئىستىلاسىدىن قۇتقۇزۇپ قالغان. 558 ـ يىلدىن 620 ـ يىللارغا قەدەر سابىر، ساراگۇر (سىبىرىق ئۇيغۇر)، سەمەندەر، بەلەنجەر قاتارلىق شىمالىي كاپكازىيە قەبىلىلىرى ئۇستىدە قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ھاكىمىيتى تەكىللەپ، كۆك تۈركلەر تەركىۋىدە پائالىيەت قىلغان، ھازار خانلىقى كۆك تۈرك ئېلىپبەسىنى قوللانغان. ھازارلار 630 ـ يىلى ئەركىن ـ مۇستەقىل دۆلەت بولغان. ھازار خانلىقى7 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە دەۋىر سۈرگەن ئۇيغۇر خانلىقى ئىدى. ئۇنىڭ زىمىنى: كافكازىيە بىلەن قارا دېڭىزنىڭ شىمالى، ئېتىل (ۋولگا)دىن ئۆزۈ (دىنىپېر) گىچە، چولمان(كاما) دەرياسىدىن كىيېفكىچە بولغان ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە

ئالاتتى.هازارلار 8 ـ ئەسىردە ئىقتىساد ۋە ئەسكىرىي جەھەتە ئەڭ كۈچلەنگەن پارلاق بىر دەۋىر ياراتقان

هازار خانلىقى 7 ـئەسىردە مۇسۇلمان ئەرەپلەر گە قارشى ئۇرۇش قىلغان. بەزىدە ئۇلارنى يېڭىپ، بەزىدە مەغلۇپ بولغان. 7 ـ ،8 ـئەسىردە بىر تەرەپتىن ئەرەپلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ، يەنە بىر تەرەپتىن شەرقى ياۋرۇپا ۋە بالقانلارغا كېڭىيىپ، رۇسلار باش بولغان سىلاۋيان قەبىلىلىرى ۋە ماجار (هۇنگىر)لارنى ئىتائەت ئاستىغا ئالغان. ھەتتا ئۇلارنىڭ دۆلەت قۇرۇشىغا تەشكىلاتچى ،ياردەمچى بولغان. 11 ـئەسىردىن باشلاپ رۇسلار ۋىزانتىيەنىڭ قۇترىتىشى بىلەن هازارلارغا قارشى هۇقۇم باشلىغان. بۇ خانلىق كېيىنكى تەرەقىيات جەريانىدا ، سىلاۋيان، رۇسلار، بۇلغارلارنىڭ ماجار، پېچىنەك، ئۇز، قىپچاق ـكۇمانلار بىلەن ئۇرۇشۇش، يارىشىش بىر قىسمى ئۇلارغا قوشۇلۇپ كېتىش جەريانلىرىنى باشتىن كۈچۈرۈپ هازارلاردا تىل ۋە دىن بىرلىكىنىڭ بۇزۇلۇشى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ تارقاپ كېتىشىنى قولايلاشتۇرغان. نەتىجىدە هازار خانلىقىدا ئارمىيە قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ، تىجارەت پۇرۇشمەي، ئىختىزادى تەڭلىك بۇزۇلغان. پېچىنەكلەرنىڭ هازار خانلىقىغا كىرىشى بىلەن ماجارلار ،بۇلغارلار بۇنىڭدىن پايدىلانغان. سودا ـتىجارەت باھانىسىدا ئەتراپتا تۈرلىك ھەرىكەت ۋە مەدەنىيەت تاجاۋۇزىنى باشلىغان، هازار دېڭىزى ساھىللىرىدىكى ناھىيەلەرنى بۇلاڭ ـتالاڭ قىلغان، تەقىپ ئەتكەن، ئاھالىلارنى ئۆلتۈرگەن. تۈرلۈك ھىلە ئىشلىتىش،ئىتىقاتىنى قالايماققانلاشتۇرىۋېتىش، پارچىلاپ،سىڭىپ كىرىش، بىر بىرىگە قارشى قويۇش، يۇلى بىلەن خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ئۆملىكى، كۈچى ئاجىزلاشتۇرۇلۇپ، ئازدۇرۇش، يۇلى بىلەن هازار خانلىقى هۆكۈمىتىنىڭ قانۇنى بۇزىۋېتىلگەن . هازارلارنىڭ تىل بىرلىگى (خانلىق دائىرىسىدىكى ئالاقىلىشىش رولى، ئىناۋىتى ، ئورنى)، ئاجىزلاشتۇرۇلۇپ، دىن بىرلىگى (ئىتىقات بىرلىگى) بۇزىۋېتىلگەن. نەتىجىدە، كىيىۋ رۇس شاھزادىسى سۋياتوسلاۋ مىلادى 965 ـ يىلى، ئەسكىرى كۈچلىرى بىلەن باشكەنت ـئىتىل بالىقنى ئىشغال قىلىپ، باشقا شەھەرلىرىنى تەقىپ ئەتكەن.

رۇسلارنىڭ كۈچكۈرتىشى بىلەن قىپچاقلارنىڭ ئىتىل ـ ۋولگا بويلىرىغا كىرىشى، هازارلارنى ئاجىزلىششقا قاراپ يۈزلەندۈرگەن. هازار خانلىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، هازارلارنىڭ بىر قىسمى بىر مەزگىل قىرىمدا كىچىك بىر دۆلەت هالىتىدە مەۋجۇت بۇلۇپ تۇرغان، بۇمۇ كېيىن رۇسلار تەرىپىدىن 1016 ـ يىلى

ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. 1030 ـ يىلى قىپچاقلارنىڭ باستۇرۇپ كىرىشى بىلەن هازار يەرلىرى ئىگىلىۋېلىنغان.

شۇنىڭ بىلەن تارىخ سەھنىسىدە 600 يىل ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرگەن، كۈچلۈك ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بىرى ھىساپلانغان هازار خانلىقى يۇقاردەك سەۋەپلەر تۈپەيلى ئۆز مەۋجۇتلىقىنى يوقاتقان. بۇ جەرياندا، هازار خانلىقى 700 ـ 850 ـ يىللاردا ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرگە كىرگەن. 850 ـ 950 ـ يىللار ئارقىغا چېكىنىش دەۋرى بولغان.965 ـ يىلىدىن باشلاپ 70 يىل زەئىپلىشىش، باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىش دەۋرى بولغان. 1030 ـ يىلى قىپچاقلارنىڭ باستۇرۇپ كىرىشى بىلەن هازار يەرلىرىنى ئىگىلىۋالغان. هازار خانلىقى تىلى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، خانلىق ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن قىپچاق ـ كومان تىللىرى تارقىلىشقا باشلىغان.

دىمەك، گاسار ـ قاسارلار ،هازىرقى ۋاقىتتا بەزى كىشىلەر ئېيت قاندەك، قانداقتۇ قازاقلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئەمەس ، تاتارلار نىڭ بىر قەبىلىسىمۇ ئەمەس،بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ گاسار ـ قاسار دەپ ئاتالغان ئىچكى توققۇز قەبىلىسىنىڭ بىرى. بۇ ھەقتە خەنچە تارىخي ماتىرىياللاردا <<سۇينامە>> ـ 49 جىلد «تىلىلار تەزكىر سى» دە «قاسارلار قوققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىر قەبىلىسى» دەپ ناھايتى ئۇچۇق ،ئېنىق كۆرسۇتىلگەن3

«كونا تاڭنامە» 195 ـ جىلد«ئۇيغۇرلار تەزكىرسى»دىمۇ« قاسارلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى توققۇز قەبىلىسىنىڭ بىرى» دەپ كۆرسۇتىلگەن4 يەنە مىلادىيە 824 ـ832 ـ يىلغىچە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان قاغانىنىڭ نامىمۇ قاسار (هازار) قاغان دەپ خاتىرلەنگەن. دىمەك، تارىخي پاكىتلاردىن قارىغاندا ، هازار خانلىقىنىڭ دۆلەت سېستىمىسى، تەشكىلى تۈزۈلمىسى،لەشكىريي تۈزۈلمىسى، قولانغان تىللىرى دەل ئۇيغۇرلارنىڭكىدۇر. هازار خاقانى ـ يوسۇپنىڭ ئىبنىدۇلۇس ۋەزىرى خاسداي ب.شارپۇتقا يازغان (ئىبرانچە) مەكتۇبىغا قارىغاندا، هازار خاقانلىرىنىڭ ئىبرانچە ئىسىملىرىدىن ئايرىم، تۈركچە ـ ئۇيغۇرچە ئىسىملىرى بولغان.

دىمەك، يۇقارقى پاكىتلاردىن شۇنى بىلىشكە بۇلىدىكى، قاسارلار باشقا خەلقلەر ئەمەس، بەلكى دەل ئۇيغۇرلاردۇر.

هازار خانلىقى ئاسىيا ۋە ياۋروپا نىڭ چوڭ بىر قىسمىدا ئىجتىمائى، سىياسى، مەدەنىيەت (ئۇيغارلىق) جەھەتتە چوڭ تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن.سالچۇقلار، رۇسلار، ماجار قاتارلىقلاردا، لەشكىرى، تەشكىلى سېستىمىسىدا، دۆلەت قۇرۇلمىسىدا

هازارلارنىڭ ئىزلىرىنى كۆرۈش مۇمكىن . ئىتىلبالىق ئۇچۇق بازار بولۇپ دۇنيانىڭ ھەر يەرلىرىدىن تىجارەتچىلەر كېلىپ كېتەتتى، سودا ئادىل ئېلىپ بېرىلاتتى. ھازار باشكەنتى ئىتىلبالىقتا مۇسۇلمان، خىرىستىيان، مۇساۋى (يەھۇدى) ۋە باشقا دىنلارغا مەنسۇپ كىشىلەر ئەركىن بېرىش ـ كېلىشلەر قىلاتتى، دىنىي ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك بار ئىدى. بىر بىرىنى كەمسىتىشكە يول قويۇلمايتى. بۇ جەھەتتىن ھازارلارنى ھازىرقى دۇنيادا ئۈرنەك ياراتقان دەپ قاراشقا بولاتتى.

ئىسلام تارىخچىسى مەسئۇتنىڭ مەلۇماتىچە، ھازار باشكەنتى ئىتىلدا يەتتە ھاكىم بولغان. بۇلارنىڭ ئىككىسى مۇسۇلمانلارنىڭ، ئىككىسى خىرىستىيانلارنىڭ ، ئىككىسى يەھۇدىلارنىڭ، بىرسى باشقا دىنلارغا مەنسۇپ بولغان داۋا ئىشلىرىغا قارايتى . ھېچقانداق كىشى خورلانمايتى ، مۇئامىلىدە قارشىلاشمايتى.

يەھۇدى تارىخىغا قارىغاندا يەھۇدىلار « تەلمۇت»نى ئەڭ دەسلەپ قۇبۇل قىلغانلار ۋە قۇبۇل قىلمىغانلار دەپ ئىككىگە ئايرىلغان. ئوتتۇرا باسقۇچقا كەلگەندە بۇلاردىن بىر قىسمى رابانىم (رابانىلەر) دەپ،يەنە بىرقىسمى قارايلەر دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. باشقا ئىرىقلاردىن ئىنسانلارنى دىنىگە ئالمىغان يەھۇدىلار ، بىر سىنىپنى تەشكىل قىلىپ رابانىم يەنى«تالمۇتچى» يەھۇدىلار دېيىلگەن. قاراي يەھۇدىلار تارىخىنىڭ ھەر دەۋرىدە باشقا ئىرىقلاردىن ئىنسانلارنى سېپىگە قۇبۇل قىلغان. بۇلار ھازار ئۆلكىسىگە بېرىپ ھازار خاقانى ۋە چەۋرىسىگە يەھۇدىلىقنى ئۆگەتكەن، بۇلار «تەۋرات»قا ئىتتائەت قىلىپ، «تالمۇت»نى قۇبۇل قىلمىغان قارايىم يەھۇدىلىرىدۇر.

ھازار ئۆلكىسىدە قارايىم يەھۇدىلىقى قۇبۇل قىلىنغان كىشىلەر ساننى دونلوپ ۋە بەزى تارىخچىلار ئاشۇرۇپ كۆرسەتكەن، بۇگۈنكى سانى مىليۇن ئېپادە قىلىنغان شەرقى ياۋرۇپا يەھۇدىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ھازارلاردىن كەلگەنلىكى ,ئۇلاردا مەلۇم مىقتاردا ھازار قېنى بولغانلىقى كۆرستىلمەكتە.

## (2) قارايلارنىڭ دىنىي ۋە مىللىي كىملىكى

تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا ، سۆزىمىزنى ھازارلار خانلىقىدىن باشلايلى: ھازارلار ـ قاسارلار ئەسلىدە قەدىمكى تۈرك ـ بوزقىر (يايلاق) دىنى بولغان بىر تەڭرىلىك دىن كۆك تەڭرى (تەڭرىخان) ئېتىقاتىدا ئىدى، ھازار خانلىقى( 468_965 ) تەرەققىيات جەريانىدا، جۇغراپىيىۋى مۇھىت، مىللەتلەر

مۇناسىۋىتى تۆپەيلى، باشقا ئۈچ خىل دىن ئىسلاملىق (قۇرئان كەرىم)، خرىستىئانلىق (ئىنجىل) ۋە مۇساۋىلىك (تەۋرات) تارقالغان بولۇپ،ھەر جامائەت بىر ۋىجدان ھۆررىيىتى ئىچىدە ھەر قايسىسى ئۆز دىنىنىڭ ئىبادەت ۋە دىنىي مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزەتتى. مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا ئىستەھرى (مىلادى 932 ـ يىلى)، ئىبىل مەسۇدى (مىلادى 944 ـ يىلى)،ئىبىن ھەۋكەل (مىلادى977 ـ يىلى) ھازار شەھەرلىرىدە جامائىلەر(مەخسۇس جۇمە ۋە ھېيت نامىزى ئۇقۇيدىغان يەر)، چىركاۋ(خرىستىيان دىنى ئىبادەتخانىسى) ۋە سىناگوگ (يەھۇدى دىنى ئىبادەتخانىسى) يانمۇ يان جايلاشقان ئىدى.5

ئىسلام دىنى 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا خارازىملىقلارنىڭ ياراشتۇرۇشى بىلەن تارقىلىپ كىرگەن. پراۋۇسلاۋىيە (خرىستىيان دىنىنىڭ بىر مەزھىپى ـ ئورتۇدوكس ـ ئاپتۇردىن) دىنى ۋىزانىسلار تەرپىدىن 8 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى چارىكىدە تارقىلىپ كىرىشكە باشلىغان. يەنى ھازار خاقانىنىڭ ئىستىگى نەتىجىسىدە مەشھۇر سلاۋ تەرغىباتچىسى كىرىللوس (كونس تانتىن كىرىل ) نىڭ ھازار خانلىقى باشكەنتى ئىتىل شەھرىنى زىيارەت قىلىشى (861 ـ 862)دىن كېيىن تارقىلىشقا باشلىغان . بۇنىڭ بىلەن ۋىزانس چېگرالىرىدا ۋە قىرىمدا ياشىغان ھازارلار ئورتۇدوكس(خرىستىيان دىنىنىڭ پراۋىسلاۋىيە مەزھىپى ـ ئاپتۇردىن) نى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان.

«يەھۇدى دىنى( مۇساۋىلىق،تەۋرات ئوقۇش)نى دۆلەتنىڭ يۇقۇرى تەبىقىسى، خاقان ۋە ئائىلىسى مەخپى قۇشۇمچە قوبۇل قىلغان دىن بولۇپ ، تۈرك تارىخىدا يەھۇدى دىنىنى قوبۇل قىلغان بۇنىڭدىن باشقا بىر ھۆكۈمران سۇلالە يوق.بۇ دىنىنىڭ قايسى زامان،قانداق قوبۇل قىلغانلىقى ئۇچۇق ئەمەس»6

كېيىنكى تەتقىقاتلاردا،ھازار خانلىقىدا جۇغراپىيىۋى ئامىللار تۆپەيلى، ـ ئەسىردە ھېرسۇنېستا (جەنۇبىي قىرىمدا) دىن ئۆزگەرتكەنلىكى (يەھۇدى دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى) ، «ئىسلزادەلەر بىلەن خاقان ۋە ئاھالىنىڭ كىچىك بىر قىسمىنىڭ،بۇلان خاقان ھاكىمىيتى دەۋرىدە ‹ ‹ كاراي› › دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى كورسۇتۇلسە ،بەزى ئىسلام مۇئەللىپلىرى (ئەل مەسئۇدى) ھازارلار ئابباس خەلىپىسى ھارۇن ئۇررەشىد زامانىدا(786 ـ 809) مۇساۋى) يەھۇدى دىنى) نىڭ بىر مەزھىپىگە كىرگەنلىكىنى بۇلدۇرىدۇ7› ›

«كاراي» دېيىلگەن بۇ مەزھەپ مۇسانىڭ تەلىماتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ‹ ‹تالمۇد› › قا كۆپ ئېتىۋار قىلمايدىغان بەلكى بەزى ئىسلامى تەركىپلەر

ئارىلىشىپ كەتكەن بىر ئېتنىك بولۇپ 8 ھازارلاردا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تالمۇدچىلىققا يېقىنلاشقانلىقى سۆزلىنىدۇ. 9

«كاراي» دېگەن بۇ نام ئەسلى"يەھۇدى دىنىنىڭ بىر مەزھىپى (كاراي دىنى)نىڭ نامى بولۇپ،ئىبرانچە «قارا» دېگەن بۇ سۆز ئوقۇغۇچى،ئىنجىلنى پىششىق بىلگۈچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭ ئىجاتچىسى بابىلۇنلۇق ئاننا بېن داۋىد (?__780) (Anna ben David) بولۇپ ،ئۇنىڭ مۇرىدلىرى پەقەت «تالمۇد»قا قارشى چىقىپ، ئىنجىلنىڭ نۇپۇسىنى ئېتىراپ قىلغان.شۇڭا ئۇلار، «ئىنجىل ئوغلى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن."10

ئۇلار تۇرمۇشىدا قاراكىيىم كىيىدىكەن،گۆشلۈك تاماقلاردىن پەرىز تۇتىدىكەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ «كاراي» دىنىغا كىرگەنلەر كۆندىن-كۆنگە ئاۋۇپ، تۇپلۇشۇپ، قىرىمىيەدە (11_ئەسىر) ،لىخىستاندا ۋە تۈركىيەدە (ئىستانبۇلدا) ماكانلاشقان. ھازىرقى تەتقىقاتلاردا، كارايملارنىڭ يەھۇدى دىنىغا كىرگەن جامائەتلىرنىڭ ھېچ بولمىسا ئانا تىللىرى ۋە دىنىي تىلى تۈركچە بولغان ھازار تۈركلىرىنىڭ ۋە قىسمەن كارايىم كومانلارنىڭ ئەۋلاتلىرى بولغانلىقى ئۇچۇقلاشماقتا11

ھازار دۆلىتى يىقىلغاندىن كېيىن، ھازار ئۆلكىسىدىكى كۆپسانلىق مۇسۇلمانلار مۇسۇلمان قەۋملىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن.بىر قىسىم ھازار مۇسۇلمانلىرى بولسا قىپچاق،قاراچاي ،قارا باردا قاتارلىق مۇسلىمان تۈرك قەبىلىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن. خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقات قىلغان ھازارلارنىڭ بىر قىسمى سلاۋىيان قەبىلىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن. يەنە بىر قىسمى ھازار ئۆلكىسىدىن يەنە بىر خىرىستىيان دۆلىتى ۋىزانتىيەگە كۆچۈپ كەتكەن. بۇ كۆچۈش دېڭىز يولى بىلەن بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار شەرقى قارا دېڭىز قىرغاقلىرىنى تاشلاپ شىمال، ئوتتۇرا ۋە شەرقى جەنۇبىي ئانادولۇغا كەلگەن. بۇلار بۇ جايلاردا رۇملار ۋە ئەرمەنلەر تەرىپىدىن خىرىستىيان مەزھەپلىرىگە قوشۇلغان. ئەمما بۇ كىشىلەر ئۇزۇن مۇددەت تۈركچە سۆزلىشىپ كەلگەن (ئانادولۇغا كەلگەن بۇ خىرىستىيان ھازارلارنىڭ بەزىلىرى رۇم خىرىستىيان مەزھىپىگە قوشۇلغانلىرى رۇملىشىپ،ئەرمەن خىرىستىيان مەزھىپىگە قوشۇلغانلىرى ئەرمەنلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ ھازار ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتقان. ئۇلاردا خىرىستىيان ۋە مۇساۋىلىك ئىدىيىلىرى داۋاملاشقان) 11 ـئەسىردە ئانادولۇغا كەلگەن بۇ ئىنسانلار 5 ئەسىر رۇمچە ۋە ئەرمەنچە ئۆگەنگەن ( ھازىرقى كۈندە ئانادولۇنىڭ بىر قىسىم يەرلىرىدە بۇ خىرىستىيان ھازارلىرىدىن قالغان ئىزلار بار. مەسىلەن، ھازار

تېغى،هازار كۆل،هازار شاھ،هازرى، ھازرو، هازرىيان، ھازارا قاتارلىقلار). 13 ـ ۋە 14 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە بۇلار خىرىستىيان دىنى كىتابلىرىنى رۇم ۋە ئەرمەن يېزىقلىرى بىلەن تۈرك تىلىدا يازغان. 17 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئانا دولۇغا كەلگەن كاتولىك مىسيونىرلىرىنىڭ پائالىيىتى نەتىجىسىدە بۇلارنىڭ بەزىلىرى رۇمچە ۋە ئەرمەنچە ئۆگۈنىشتىن باشقا تۈركچە تىل قوللۇنىشنى ئىستىمەكتە. يۇنانىستاندا قالغانلار رۇمچە بىلمەيدۇ.

هازار دۆلىتى يىقىلغاندىن كېيىن مۇساۋى هازارلارنىڭ بىر قىسمى قىپچاقلار تەرىپىدىن رۇسلار ئىچىگە سۈرۈلگەن. بۇلار كېيىن ،رۇسلار تەرىپىدىن تۈرلۈك ئۇسۇل ـ چارىلەر، باستۇرۇش، قورشاۋغا ئېلىش قاتارلىق يوللار بىلەن بىلەن خىرىستىيانلىشتۇرۇلغان.

قىرىمغا قالغان هازارلار قىپچاقلار، قالىزلار بىلەن توپلۇنۇپ جامائە بولۇپ ئۇيۇشۇپ يەھۇدى (مۇساۋى) دىنىنىڭ بىر مەزھىپى بولغان قاراي دىنىغە كىرگەن. بۇلارنىڭ كۆپسانلىقنى هازارلار ئاساس قىلاتتى.قىپچاقلار هازار دۆلىتى يىقىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئىككى ئەسىر هۆكۈمرانلىق قىلغان، هازار شىۋىسى ئورنىغا قىپچاق شىۋىسى قوللۇنىلىشقا باشلىغان، قوللۇنىلغان تىل قىپچاقچە بولۇپ، هازار سۆزلىرى ئۇنىڭ ئىچىدە قوللۇنىلغان(ئەسلىدە هازار تىلى قىپچاق شىۋىسىدىن پەرىقلىنەتتى)، تىلچىلار بۇنى قارايىم تۈركچىسى دەپ ئاتاشتى.

«تەۋرات»قا ئىتتائەت قىلىپ، «تالمۇت»نى قوبۇل قىلمىغان قارايىم يەهۇدىلىرى دىنىدا دەسلەپتە ئىسرائىل قەۋمىدىن كىشلەر بولغان،كېيىنچە باشقا كىشلەرنىڭ كۆپلەپ كىرىشى بىلەن ۋاقتىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ، ئىسرائىل قەۋمى ئازلاپ،يوقاپ كەتكەن،تۈركلەردىن باشقا كىشلەرمۇ بارغانسىرى ئازلاپ كەتكەن. 19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە بۇ دىنداقارايىم تۈركلىرىلا يالغۇز قالغان.

هازار خانلىقىنىڭ ئەسكەرلىرى، نامرات ، قۇراللىرى ئاددىي بولسىمۇ جەڭگىۋارلىقى يۇقىرى، ئۇرۇشخۇمار ، ئىش تۇغدۇرۇپ تۇرىدىغان، قەۋم ئىدى. ئەمما هازارلارنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىدا، ئۇلاردا ئېتىقات بىرلىكى بولماي (بەزىلىرى ئىسلام،بەزىلىرى خىرىستىيان، بەزىلىرى يەھۇدى) بولغاچقا بىر بىرىگە قارشى ئۇرۇشلاغىمۇ سالغان، كىيۋ نىڭ كىنىزى ـ ئىگور ئولىيېگرى هازارلارغا كارايىملارنى قىرغىن قىلىشقا بۇيرۇغان، ئەمما ئۇرۇشتا هازارلار قارايىملار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان.

ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ قارايىملار،تەدرىجى ھالدا پارقىراپ تۇرىدىغان قىلىچلىرى، ئاتلىرىدىنمۇ زىرىكىپ، ئۇلارنى تاشلاپ، كەڭ كۆلەمدە قىرىم يېرىم ئارىلىدىن ئەسكەر تۇرىدىغان جايلارنى بېكىتىپ،بىر تۇركۇم شەھەر سېپىلىنى قۇرۇپ، خوشال ـ خۇرام ئولتۇراقلاشقان ، ئۇلار يەنە ئېھتىيجلىق بولغاندا ۋاقتىنچە تاغلاردىن ئاز تۇركۇمدىكى كامالارنى ( ئۆڭكۈر ) نى كولىغان .چىڭگىزخان ئەسكەرلىرى كەلگەندە جىددي ھالدا ئۆزلىرنى كولىغان شۇ ئۆڭكۈرلەرگە مۆكۈنىۋېلىپ ، ئۆز ھاياتنى ساقلاپ قالغان.

## 2 . جەڭگىۋار مىللەت

تەخمىنەن 1397 ـ يىلى لىتۋا كېنەزى ـ ۋىيت فوت ( 1430 ـ 1350 )قىرىم يېرىم ـ يېرىم ئارىلىغا كەلگەندە، قارايىملارنىڭ مۇنتىزىم ھەربىي تۈزىمى ئۇنىڭغا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. لىتۋا كېنەزى كارايىملاردىن 383 ئائىلىنى لىتۋىيگە تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن .1410 ـ يىلغا كەلگەندە ۋىيت فوت كىنەزنىڭ قول ئاستىدىكى قارىيملار مەشھۇر كېۋارسىيە ئۇرۇشىغا قاتناشقان ھەمدە ( گېرمان ) ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ شەرىققە ئىلگىرلىشىنى تارمار قىلغان . كېيىن قېرىم يېرىم ئارىلى چارروسىيە خەرىتىسىگە كىرگۈزىلگەندە قالدۇق قارايىم ئادەملىرى چارروسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈلگەن.

قارايىملارنىڭ جەڭ قىلىش تالانتى روسىيەدىكى يىراق ـ يېقىن جايلارغا يۈركەتكەن بۇلۇپ ،ئۇلاردىن كۆپلىگەن جەڭ قىلىشقا ماھىر ھەربىي ئىشلار قوماندانلىرى مەيدانغا كەلگەن. 1799 ـ يىلى قارايىملار ئىتتالىيە ۋە شۋتسارىيەنىڭ يىراق شەرىق ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، سوفۇلۇپنىڭ ئالپىس تېغىدىن ئۆتۈشىگە ياردەم بەرگەن.

1827 ـ يىلى چارروسىيە پادىشاسى نىكولاي1 قارايىملارنى ئاز سانلىق خەلق دەپ قاراپ ھەربى مەجبۇرىيەت ئۆتەشنى ئازات قىلغان .ئەمما قارايىملار بەس ـ بەستە پىدايى بۇلۇپ ،جەڭگە قاتناشقان.

ياپونىيە چارروسىيە ئۇرۇش دەۋرىدە لۇشۇن پورتىنىڭ ئەتراپىدا ئادەم چۆچىتىدىغان مەنزىلەر بارلىققا كەلگەن. ياپونىيە چەۋەندازلىرى20 ـ80 جەسەتلەر ئارىسىدىن 7 ـ 8 ياپۇن ئارمىيىسىنى ئۆلتۈرگەن،بىر رۇس ئارمىيىسى پۇت فورۇچىكنىڭ ئۆلۈگىنى بايقىغان، ئۇنىڭ ئۇرۇشتىكى قەتئىيلىكىگە قائىل بولغان

ياپونىيە تەرەپ، بۇ پۇت فورو چىكنىڭ جەستىنى رۇسىيە ئارمىيىسى قوماندانلىق بۆلۈمىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن.

جەسەتلەرنى ئالماشتۇرغان چاغدا ،ئىككىلا تەرەپ بايرىقنى چۈشۈرگەن، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ياپونىيە پادىشاھى ـ رۇسىيەنىڭ ھىلىقى پوت ـ فوروجىكنىڭ قىلىچىغا ئوخشۇتۇپ قىلىچ ياسىتىپ ئۇنى ئىمپېرىيە ھەربى ئىشلار، مۇزىيىغا قويۇپ، خەلقنىڭ ئورتاق ئېھترام بۇلدۇرىشنى مەقسەت قىلغان. بۇ قان كېچىپ جەڭ قىلغان، پىدائىي پۇت فوروچىك قارايىم مىللىتىدىن، ئىسمى ـ ماك فىيودىرۋىچ تابۇشار بولۇپ، ھەر بىر ياپونىيە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنىڭ ئىش پائالىيەتلىرىنى بىلىدۇ. باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر بۇقەيسەر ئۇرۇش قوماندانىنى ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىرىگە كىرگۈزگەنمىدۇ؟

## 3 .سودىغا ماھىر مىللەت

ئۇلار رۇسىيەنىڭ سائەتچىلىك ۋە تاماكىچىلىق كەسپىنىڭ يولباشچىلىردۇر . ئۇلار 100 نەچچە يىل ئىلگىرى موسكۋادا 1 ـ ئەۋلات سائەت ياساش زاۋۇتى ۋە تاماكا زاۋۇتىنى قۇرۇپ چىققان. سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە ،دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى مارىشالى ـ مالىنوۋسكى قارايىم تۈركلىرىدىن ئىدى. رۇسىيەدە كىنو، تىلىۋىزىيە كەسپى كارايىملارسىز مەۋجۇت بولغان ئەمەس. قارايىملاردىن تۆھپە كۆرسەتكەنلەرمۇ يوق ئەمەس. ئامرىكا كارتون فىلىم جەمىيىتىنىڭ رەئىسى لارىق باكسمۇ قارايىم تۈركلىرىدىن.

1883 ـ 1772 ـ يىلىغىچە بولغان 100 ـ يىلدا دۇنيادا نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ تەغدىرى بەلگىلىنىپ قالدى .بۇ مەزگىلدە رۇسىيە ئىمپېرىيىسى نۇرغۇن غەيرى ئېتىقاتلىق خەلقنىڭ زىمىنىنى قوشىۋالدى .بىر مىليون 500 مىڭ يەھۇدىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پولشانىڭ زىمىنىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە .پولشالىق يەھۇدىلار رۇسىيە دائىرلىرى بىلەن تىركىشىشكە باشلىغان بولۇپ، مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قاتمالشىپ كەتكەن. ئەمما قارايىملارنىڭ ئەھۋالى ئۇلارنىڭكىدىن كۆپ ياخشى ئىدى . چۈنكى ئۇلار«تالمۇد » ( يەھۇدىلارنىڭ قانۇنى شەرھىلىگەن ئۇلۇغ ئەسەر بولۇپ، يەھۇدى ئەنئەنىسىدە تەۋارتتىن كىيىنلا تۇرىدۇ ـ ئاپتۇر) قا قارشى ئىدى .خىرستان ھۆكۈمرانلىرىمۇ بۇ كىتاپنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان بىدئەت كىتاپ دەپ

قارايتتى .شۇنداقلا ئۇلار ئنجىلغا چوقۇناتتى. بۇ دەل خىرىستىيانلارنىڭ ئېتىقاتىغا ئۇيغۇن ئىدى ، بۇنىڭدىن سىرىت قىرمىيە رۇسىيىگە تەۋە بولغانىدىن كېيىن، بىر قىسىم تاتارلار تۈركىيە چېگىرسىغا كۆچۈپ كىرگەن . قارايىملار يېرىم ئارالدىكى ئەڭ زور جانلىق مىللەت بولۇپ قالغان . شۇڭا رۇسىيە دائىرلىرى، سۆزلىششىنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىپ قالغان. ھېكا تونا11، 1794 ـ يىلىدىكى باياناتىدا ئۇلاردىن مەنمۇن بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن ھەم ئىككى تۈرلۈك مۇھىم باجنى كەچۈرۈم قىلغان ،ئەينى چاغدا ئۇلارغا بىر قاتار ئېتىۋار بېرىش مۇئامىلىسىدە بولغان. ئۇنىڭ شەرتى شۇكى،ئورتودوكسال يەھۇدىلارنىڭ ئېتىقاتىنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ . 1852 ـ يىلى قارايىملار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا بۇ چەكلىمە بىكار قىلىنغان . 1863 ـ يىلى ئۇلار روسيەدىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە پۇتۇنلەي باراۋەر ھوقۇققا ئىگە بولغان. قارايىملار ھەر ۋاقىت تالانتى ۋە ھوقۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ تېزلىكتە باش كۆتۈرۈپ چىققان. تاماكا چىلىق كەسپىدىن پايدىلىنىپ بايلىقا ئېرىشكەن.

1748 ـ يىلى 1 ـ تۈركۈمدىكى قارايىملار قىرىم ـ يېرىم ئارىلىدىن موسكۋاغا كۆچۈپكەلگەن، ئۇنىڭدىن كېيىنكى 100 يىل جەريانىدا ئۇلار تىپ ـ تىنىچ ئۆتكەن . رولى كۆرۈنەرلىك بولمىغان . 1861 ـ يىلى ئۈچ قارايىم مۇسكۋادا 1 ـ تۈركۈمدىكى تاماكا زاۋۇتى قۇرۇپ چىققان .كېيىن چاروسىيەدىكى مەشھۇر «ئېشۋا » ماركىلىق تاماكا ئىشلەپ چىققان . ئۆكتەبىر ئىنقلابى پارتىلىغاندىن كېيىن مەزكۇر زاۋۇتنىڭ باشلىقى يەنىلا ئەينى ۋاقىتىكى قارايىملار بولغان .شۇ ۋاقىتا چار روسيەنىڭ 2/3قىسىمنى ئىگىلەيدىغان تاماكاچىلىق ئشلىرى قارايىملارنىڭ كونتىرولىقىغا بولغان .ئېشۋا ماركىلىق تاماكىنىڭ 100 ـ يىلغا يېقىن تارىخىغا مەيلى نامى ياكى قىممىتى جەھەتتە بولسۇن چارروسىيە تاماكىچىلىق سانائىتى ساھەسىدە مەشھۇر .ھازىرغا قەدەر زاۋۇت باشلىقى ئىشخانىسىدا بىر دانە قەدىمكى كروسلو قۇيۇلغان بۇلۇپ ،ئۇنىڭ ئارقىسىدا "تىنىچ سۇ چوڭقۇر ئاقىدۇ"دىگەن خەتلەر يېزىلغان.قارايىملار ئاچقان تاماكا دۇكىنى 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىغىچە مەۋجۇت بولغان، بەزىلەرنىڭ ئەسلىمىسىگە قارىغاندا، قارايىملار ئەربات كۇچىسى (موسكۋادىكى مەشھۇر سودا كوچىسى) دا ئاچقان قەنت ـتاماكا دۇكىنى ئىنتايىن چىرايلىق،بۇلۇپ ئۇلارنىڭ دۇكانلىرىنىڭ ھەممىسى مىللىي نەقىشلىق زىننەتلەنگەن. ئۇ كىشىلەرگە يېقىملىق تۇيغۇ بېرىدۇ.لېكىن ھازىر مەيلى موسكۋادىكى ھەرقايسى تاماكا زاۋۇتلىرى بولسۇن يەنىلا ‹ ‹ئەربات› › چوڭ كوچىسىدا بۇلۇپ قارايىملارنىڭ ئىزى ئاللاقاچان يۇقۇلۇپ كەتكەن ..ھالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە قارامىلارنىڭ بۇگۈنكى

تۇرمۇشنى ھېچكىم چۈشەنمەيدۇ.ئۇلارنىڭ ئىسمى ئاڭلىماققا خۇددى، تۈركچە ‹ ‹تەۋرات› › تىكى ئىسىملارغا ئوخشايدۇ، شۇڭلاشقا كىشىلەرر ئۇلارنى( تازا ئېنىق بىلەلمەي) تاتارئەمەس، يەھۇدىلار دېيىشكەن.

ھازىر قارايىملارنىڭ رۇسىيىدىكى سالايىتى ئېنىق ئەمەس ،ئۇلار خۇددى تاماكىسىغا ئوخشاش يۇقاپ كەتكەن ، بۈگۈنكى كۈندە قارايىملارنىڭ رۇسىيەدە سالاھىيىتى يوق، مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قارىشىچە ،ئۇلار سىرىتتىن كەلگەن مىللەت يەنى ‹ ‹پولەكلەر بىلەن رۇسىيىگە كەلگەن يەھۇدىلارنىڭ تار مىغى ئىكەن دەپ قارىغان؟› › . موسكۋادىكى 300 قارايىملارنىڭ كۆپىنچىسى ‹ ‹مۇشكەنلەر› › (شىمالىي ئامېرىكىدىكى ھىندىئانلار قەبىلىسى ـ ئا) دەك ئۆزلىرىنىڭ بەختسىزلىكىگە ئېچىنغان ھالدا ياشىماقتا.

## 4 . دىنىي ئېتىقادى ئۆزگىچە مىللەت

قارايىم خەلقى ـ دىنىي ئېتىقات ، خاراكتېر ،ئۆرۈپ ئادەت جەھەتلەردە يەھۇدىلار ـ نىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان تەرەپلىرىمۇ بار ،شۇنداقلا مۇسۇلمانلار بىلەن ئوخشاش بولغان تەرەپلەرمۇ بار.يەھۇدى دىنغا كىرگەنلەر تەۋراتتىكى مۇسانىڭ 5 پەرىزنى مۇقەددەس بىلىدۇ. موسكۋاغا كۆچۈپ كەلگەن قارايىملار ئەڭ ئاخىرقى مۇشكەنلەرگە ئايلىنىپ قالغان.ئۇنداقتا قىرىم يېرىم ئارىلىدا قېلىپ قالغان قارايىملار ـ نىڭ تەغدىرى قانداق بولغان؟

تاغ باغرىغا قۇرۇلغان چۇفۇت قەلئە شەھرى ئەينى ۋاقىتتا قارايىملار ئولتۇراقلاش ـ قان شەھەر ئىدى،ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىرتۇركۇم ئائىلىسى ‹ ‹تۇبۇنىسكىي ئاھالىسى› › باغچا ساراي شەھرىدە تۇرىدۇ.

ئالكىساندىرا توبىنىسكايا (亚历山德拉。图宾斯卡娅) مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ ئاتام ـ تاغام چېرفۇت قەئە شەھرىنىڭ باشقۇرغۇچى ئەمەلدارى ئىدى، 1942 ـ يىلى گېرمان قۇشۇنى قىرىم يېرىم ئارىلىنى بېسىۋالغاندا ئۇلار ئۆيەرلەردىن كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان.

قىرىمىيەدىكى قارايىملار ھەمملا ئۆيگە گىلەملەرنى سالىدۇ . كىشلەر يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ تىلاۋەت قىلىدۇ. پەقەت ياشانغانلار پاكار ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرىدۇ. كىتاپ جازىلىرلدا ۋە ئۆيۈقلاردا دىنى كىتاپلار ۋە ئالاھىدە ئىشلەنگەن « مۇسا نىڭ بەش پەرىزى » تىزىقلىق تۇرىدۇ . ئىشك ئالدى يېنىدىكى سۇ كۆلچى گىمۇ(سۇ ئىدىشى)

تاشتىن ياسالغان بولۇپ، ئىبادەتخاناغا كىرگەنلەر سۇ ئىچىپ پۈتنى يۇيىدۇ. بۇ ئادەتنى مۇسۇلمانلارنىڭكىدىن ئانچە پەرىقلىنىپ كەتمەيدۇ . ئايىقىنى چۈقۈم ئىشىك تۈۋىدە سېلىۋېتىشى كېرەك .گەرچە « تەۋراتتىكى مۇسانىڭ بەش پەرىزى » قارايىملارنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغان كالامى بولسىمۇ، ئەمما قارايىملارنىڭ دىنىي ئېتىقاتى يەھۇدىلارنىڭكىدىن كۆپ پەرىقلىنىدۇ. قىرىمىيەدىكى قارايىملار ئۆزلىرىنى يەھۇدىلار بىلەن بىر قاتارغا قويمايدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنى «قارايىم دىنى» ئېتىقاتچىلىرى دەپ قارايدۇ،شۇڭا قارايىملار ‹ ‹مۇسانىڭ بەش پەرىزى› › نى قىرائەت قىلغۇچىلار دەپ قارىلىدۇ.

قارايىملار بىلەن يەھۇدىلارنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ ،ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە قاراپلا، پەرقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ،قارايىملارنىڭ ئىشىك ئالدىغا بىر ساندۇق قويۇلغان،ئۇنىڭ ئىچىگە ‹ ‹مۇسانىڭ بەش پەرىزى› › نىڭ نەزمىلىرى قويۇلغان،يەھۇدىلارنىڭ ئۇنداق ئادىتى يوق.

قارايىملارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بايرىمى بار بولۇپ ئۇلار پەقەت ئىنجىلدا خاتىرلەنگەن كۈنلەرنى تەبرىكلەيدۇ، يىمەك ـئىچمەك ئۆرۈپ ئادىتى تاتارلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش، ئۇلارنىڭ ئۆي ـئىمارەتلىرى مۇسۇلمانلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش،ئەر ـئاياللار ئايرىلىپ ياتىدۇ، پۇلى بار قارايىملار ئەدەتتە 3دىن6گىچە خوتۇنلۇق بولسا بولىدۇ، قىرىمىيەنىڭ گوش نىنى تاتارلار ۋە قارايىملارنىڭ ئەنئەنىۋى ياخشى كۆرۈپ يەيدىغان يىمەكلىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

## 5 .كارايىملارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە ئىرقىي مەسىلىسى

ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى ھارپىسىدا قىرىمىيەگە كەلگەن مىللەتلەر قارايىملارنى تۈركلەرنىڭ كېينكى ئەۋلادى ئەمەس،بەلكى يەھۇدىلار دەپ ئىسپاتلاشقان،بۇ خىزمەتلەرنى ئىزدەش، يىغىش ،رەتلەش،تەتقىقات خىزمىتىنى شىرلەي ماركوۋىچ شاپشار دىگەن كىشى تاماملىغان. 20 ـئەسىرگە كىرگەندىن كېيىن قارايىملار ئەنئەۋىي مىللى قارىشىدىن ۋاز كېچىپ ، مىللەتنىڭ مەنىۋى ئاساسىنى تىكلەش ئارقىلىق مەزكۇر مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى كۈچەيتمەكچى بولغان . شافشار كارايىملار تۈركلەر دىگەن نەزىريىگە دەل مۇشۇنداق تۇلۇقلىما بەرگەن. ئۇ كارايىم لارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەنىۋى داھىيىسى بولۇپ قالغان.

1934 ـ يىلى شافشارنىڭ تەشەببۇسى ئاستىدا ئىتتالىيىلىك ئىنانشۇناسلار لىتۇيىگە كىرىپ قارايىملار ئۇستىدە ئەمەلىي تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئېلىپ بارغان. ئۇلارمۇ قارايىملارنىڭ ھەقىقەتەن يەھۇدىلار بىلەن ئورتاغلىقى ئىگە ئىكەن ـلىكنى ئىسپاتلاشقان.

روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىكى تارىخ مەسىلەر تەتقىقاتچى:د.م.دونلوپ :بۇ ھەقتە « مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر بۇ نەزىرىيە 2 ـ دۇنيا ئۇرىشىدا قارايىملارنى يۇقىتىشقا سەۋەپ بولغان» دەپ كۆرسەتكەن.

گۆزلېۋ (يېۋپاتورىيە) بولسا قارايىملار قۇرغان شەھەر بولۇپ چۇپۇت قەلئەسىدىن كېيىن قۇرغان ئىككىنچى مەركىزى شەھەرى ئىدى . ئەينى ۋاقىتتا قارايىم خەلقى ئىچىدىكى ياخشى نىيەتلىك كىشلەر بۇجايلاردا مەكتەپ ، كىنو ـ تىياتىرخانا ،كۇتۇپخانا ،باغچا ، سەھىيە ۋە باشقا ئەستىھەلەرنى قۇرۇپ چىققان، شەھەر رەھبەرلىكنى ناھايىتى ئۇزۇن يىل قارايىملار ئۇستىگە ئالغان.

گىرمان ھاۋا ئارمىيىسى قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى دېڭىز ساھىلگە جايلاشقان گۆزلېۋ) يېۋپاتورىيە ( شەھىرىگە ئۇچۇپ چۇشكەندىن كېيىن كارايىملار قۇرغان بۇ شەھەردە قالايىمققان قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان . 10 نەچچىلا قارايىملار ھايات قالغان.

ھازىرمۇ ئاز بولمىغان قارايىملار بۇ شەھەردە ئولتۇراقلاشقان. بەزىلەرنىڭ قارىشچە نامرات قىرىم يېرىم ئارىلى قارايىملارغا ئەڭ ئاخىرقى بىر پۇرسەت يەنى كۆچمەنچىلىك بىلەن ياشاش پۇرسىتىنى بەرگەن ،بۇنىڭ بىلەن قارايىملار چېچىلىپ كېتىپ،ئۇيۇشۇش كۇچى ئاجىزلاپ،خەلق توپ ھالىتىنى ساقلىيالماي، نەتىجىدە باشقىلارغا قوشۇلۇپ كېتىپ قارايىملار يۇقاپ كەتكەن . بۇ ھەقتە، مارىيە چىرىدى مۇنداق دەيدۇ : ئېھتىمال بۇ ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغان ئەمەلىيەت بولۇشى مۇمكىن، ئەمما مەن يۇقۇلۇپ كىتىشنى خالىمايمەن!؟.

چارروسىيە خان جەمەئەتىدە قارايىملارنىڭ قان تىپى بار . 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا چوڭ توپ مال تارقاتقۇچى سودىگەر ـ نالېسكىن ( naleskin) قىرىم يېرىم ئارىلىدىن موسكۇۋاغا كەلگەن . ئۆي ئوچاقلىق بولۇپ بالاچاقلىق بولغان 100 يىلدىن كېيىن نەۋرە قىزى ناتالىيا كىلى لۇفنا. نالېسكىنا ( 1694 ـ 1651 ) چارپادىشاسى ئالېكسىي .مىخايلوۋىچ نىڭ خاتونى بولغان .ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ئۇغلى كەلگۇسىدىكى شاھزادە ـكېيىنكى چار پادىشاھ ئىمپرىيىسىنىڭ پادىشاسى پېتىر شۇ ئىدى .تىنى ئاجىز، چاشىز ئالكىس مىخايلوۋىچنىڭ قانداق قىلىپ

كۇچلۇك ،ئىگىز بوي ، قارا چاچ ئوغلىنىڭ بولغانلىقى مۇشۇ سەۋەپتىن دۇر . شۇڭلاشقا نالىسكىن جەمەتى چارروسيەدىكى ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن مۆتىۋەر جەمەتنىڭ بىرسىگە ئايلانغان.

قارايىملارنىڭ ئىرقىي تەۋەلىكى توغرىسىدا، غەرىپ ۋە رۇسيە تەتقىقاتچىلىرى مۇنداق ئىككى خىل قاراشنى ئوتتۇرغا قويغان. بىر خىلدىكىلەر كارايىملار يەھۇدى ئىرقىدىن بولۇپ تۈركلەرگە يېقىن تىلدا سۆزلىشىدۇ دەپ قارىسا،يەنە بىر قاراشتىكىلەر قارايىملار يەھۇدىلار بىلەن تۈركلەردىن بولغان ئارىلاشما قانلىق دەپ قارايدۇ. ئەمما قارايىملار يۇقارقى قاراشلارغا قارشى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى قەدىمكى تۈركى قەبىلىلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرى دەپ قارايدۇ.

## 6 .قارايىملارنىڭ تىلى ۋە يېزىغى

قارايىم تىلى ئەسلىدە قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، 12 ـ 13 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ تىلىدا ئۆزگۈرۈشلەر شەكىللەنگەن،بۇ تىلغا ئائىت مەلۇماتلارنى موڭغۇل ئىستىلاسىدىن بۇرۇنقى قىپچاق (كۇمان ياكى پولوۋ) تىلىغا ئائىت بولغان ماتىرياللاردىن يەنى13 ـ ئەسىرنىڭ يېرىمىغىچە بولغان رۇس يىلنامىلىرى، هونگىرىيە بايانناملىرى هەم شىېرىي رىۋايەتلىرىدە،رۇس ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمكى يادىكارلىق ـ لىرىدىن ‹ ‹ئىگور پولكى هەققىدە قوشاق› › 12تىن تاپقىلى بولىدۇ. قىپچاچ (كۇمان ياكى پولوۋ) تىلىنىڭ موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىنكى ئەڭ بالدۇرقى يادىكارلىقى نامەلۇم ئاپتۇر تەرىپىدىن مىلادى 1245 ـ يىلى مىسىردا تۈزۈلگەن ‹ ‹تۈركى ـ موڭغۇل ـ پارىس تىللىرى› › لوغىتى بولۇپ موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن جەنۇبىي رۇس دالىلىرىدىن مىسىرغا كۆچۈپ كەتكەن قىپچاقلار (كۇمان،پولوۋلارنىڭ) تىلىسىدىن ئىبارەت. كومان( قىپچاق ياكى پولوۋ ) تىلىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق يادىكارلىقى

ـ «CodexCumanicus»

13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ‹ ‹لاتىنچە ـ پارسچە ـ قىپچاقچە ـ لۇغەت» تىن ئىبارەت. بۇنىڭدا قىپچاق تىلىنىڭ تۈرلۈك دىيالېكتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن،بولۇپ قارايىم تىلى ئۇنىڭ بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتلىك.

قارايىملارنىڭ تىلى شىمالىي قىرىم تاتارلىرى ۋە شىمالىي كاۋكازىيىدىكى قۇمۇقلار، قاراچايلار ۋە بالقارلارنىڭ تىلى بىلەن يېقىن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەڭ

قەدىمىي دەۋرلەرگە خاس تۈركىي سۆزلەر ساقلانغان. قارايىم تىلى ساپ تۈركىي تىل بولۇپ، ئۇنىڭدا چەت تىللارنىڭ تەسىرى ناھايىتى ئاز ئىكەن. چەت تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر ئاساسلىق ئەرەب تىلى، پارس تىلى ۋە سلاۋيان تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەردۇر. ئۇنىڭدا قەدىمكى ئالان تىلىنىڭ ئېلېمېنتلىرى ساقلىنىپ قالغان. ئەڭ قىزىق نۇقتا شۇكى،قاراي تىلىدا 1841 ـ يىلى تۇنجى ئىنجىل نەشىر قىلىنغان.

بەزى ئالىملارنىڭ كۆزىتىشىچە، قارايىم تىلىدا يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ۋە ھەربىي ئىشلارغا ئائىت ئەڭ قەدىمىيلىككە ئىگە تۈركىي سۆزلەر ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇ ئەھۋال باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىللىرىدىكىدىنمۇ گەۋدىلىكرەك بولغان. سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە (1917 ـ 1991) 20 ـ ئەسىر بېشىغا كەلگەندە قەدىمكى يەھۇدى ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى قارايىم ئېلىپبەسى، مەتبۇئاتتا قارايىم تىلىدىكى گېزىت ـ ژورنال،كىتاپ ۋە ئېغىز ئەدەبىيات توپلاملىرىنى ، قارايىم مۇئەللىپلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشىر قىلىشقا ئۇرۇنۇشلار بولغان.30 ـ يىللارغا كەلگەندە ،لاتىن يېزىقىدىكى قارايىم تىلىدىكى گېزىت ـ ژورنال،كىتاپلار چىقىشقا باشلىغان ،كېيىن توختاپ قالغان. ھازىر قارايىمچە رادىيو ئاڭلىتىشىمۇ يوق.بار بولغان قارايىم تىلىدىكى گىراماتكا ۋە لوغەتلەر، كىتاپلار رۇس تىلىدا يېزىلىدۇ. پولشادىكى قارايىملار سانى نىلىڭ ئاز بولۇشىغا قارىماي ، ئۆز تىلىدا لاتىن يېزىقىنى ئىشلىتىپ كىتاپ ، ژورناللار چىقىرىدۇ.

قارايىم تىلى موڭغۇل ئىستىلاسىدىن بۇرۇنقى قەدىمكى تۈركىي تىللار ـ هون،ئون ئۇيغۇر،بولغار،ھازار،ئوغۇز ـ پەچەنەك قەبىلىلەر ئىتتىپاقى، قىپچاق ـ پولوۋ ئىتتىپاقىدىن بارلىققا كەلگەن. دىمەك، قارايىم تىلى ـ تۈركىي تىللار ئائىلىسى ، غەربىي ھون تارمىغى،قىپچاق تىللىرى گۇرۇپپىسى، قىپچاق ـ پولوۋ تارماق گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ.قارايلار ئىبادەتخانىلىرىدە قاراي تۈركچىسىنى قوللىنىدۇ.

ھازىرقى زامان قارايىم تۈركلىرى تىلى قارايىم ئاھالىسىنىڭ جايلاشقان ئورنىغا قاراپ ئۈچ ئاساسى دىئالېكتىغا بۆلۈنىدۇ: 1)شىمالىي دىئالېكت، بۇنىڭدا لىتۋا جۇمھۇرىيىتىدىكى قارايىم ئاھالىسى سۆزلىشىدۇ. 2) جەنۇبىي دىئالېكت، بۇنىڭدا ئوكرائىنا جۇمھۇرىيىتىدىكى قارايىم تۈركلىرى سۆزلىشىدۇ. 3) ،قىرىمىيە دىئالېكتى، بۇنىڭدا قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى قارايىم ئاھالىسى سۆزلىشىدۇ.

قارايىملارنىڭ ھازارلار بىلەن ئېتنىك مۇناسىۋەت ۋە دىن جەھەتتە بىرلىگى بار، قارايىملار بۇرۇنقى دەۋىردە قەدىمكى ھازارلارغا ئوخشاش،يەھۇدى دىنىنى (ئۇ

دىنىنىڭ مەزھەپلىرىدىن بىرى بولغان ـ قاراي دىنى مەزھىپىنى) قوبۇل قىلغان . قارايىملار ـ نىڭ قەدىمكى يەھۇدى ئىلىببەسى ئاساسىدىكى يېزىقى يەھۇدى دىنىنىڭ قاراي مەزھىپىنى قوبۇل قىلىش بىلەن پەيدا بولغان.بۇ يېزىق تار دىنىي مەخسەتلەر ئۈچۈنلا ئىشلىتىلگەن بولۇپ ،بۇنىڭ بىلەن قەدىمكى يەھۇدىلارنىڭ سۆزلىرى ۋە ئاتالغۇلىرىنى كۆپ قوبۇل قىلغان.

7. قارايىملىقلارنىڭ مەزلىك يىمەك ـئىچمەكلىكى:

لىتۋالىقلار بۇ يەردىكى قارايىملارغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ ئۇلارغا ئىشىنىدۇ . كىنەز ۋىدوفىنىڭ قارايىملارنىڭ لىتۋىيەگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىشىغا يول قويۇش پىكرىنى توغرا تاللاش دەپ قارايدۇ . تورۇكى شەھرىدە« 14 ـ15 ـ ئەسىردە لىتۋىيە كىنەزى تۇرغان جايدا قارايىملار مۇزىيى بار. يەنە قارايىمچە تاماقخانىلارمۇ ئېچىلغان. لىتۋىيەلىكنىڭ نەزىرىدە قارايىمچە قورۇما دۇنيادىكى ئەڭ مەزلىك يىمەكلىك، ئىيتىلىشچە ، چۇ فۇت شەھەر قورغۇنىنى قوغدايدىغان چاغدا قارايىملار دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئوتتەچچە كۆنگىچە بىر نەرسە يىمىگەنلىگىنى پەملەپ، قۇۋۋەتنى ئېچىپ، مەزىلىك تائاملىرى بىلەن بىر ۋاق دۈشمەن قوشۇنلىرىنى كۈتكەن.دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى ئۇلارنىڭ ئاشپازلىك ماھارىتىنىڭ شۇنچە يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلمايلى، بۇنداق تاماق ئېتىش ھۈنىرىگە كىممۇ يىتەلىسۇن» ، دەپ قايتىپ كەتكەن ئىكەن.

بوشلۇقتىكى شەھەر چۇفت قەلئەسى قىرىمىيەدىكى باغچا ساراي شەھرىگە يېقىن جايدا بوشلۇقتىكى شەھەر بولۇپ بۇ تىك تاغ چوققىسىغا قۇرۇلغان، مانا بۇ كىچىك شەھەر چۇ پۇت قەلئەسىدۇر، ئۇنىڭ ئاز دىگەندە 1500يىلدىن ئارتۇق تارىخى بار، مۇداپىئە ئۈچۈن شەھەر سېپىلى ياسالغان،شەھەر دەرۋازىسى ئورنۇتۇلغان،ئائىلىلەر ئولتۇراقلاشقان، بۇ شەھەر دە يەنە مەسچىت قۇرۇلغان ھەم كارايىم چىركاۋلىرىمۇ قۇرۇلغان (قاراڭ بۇلار ئېتىقاتتا ئويناشتىمۇ ياكى باشقا سەۋەپ لەرمۇ بارمۇ؟ ئاپتۇردىن) بۇيەر ئادامنىڭ نەزىرىنى ئاچىدۇ، ھاۋاسى ساپ،قۇياش نۇرى پارلاپ تۇرىدۇ،بۇ تاغ ئۈستىگە جايلاشقان شەھەر ۋىزانتىيە پادىشاھىسى چارستىن 1 مىلادى 6 ـئەسىردە بۇ شەھەرنى قۇرغان بولۇپ ئەينى ۋاقىتتا بىر ھەربىي ئىشلار قورغىنى ئىدى. تارىختا بۇ جايدا سان ساناقسىز مىللەتلەر ئۆتكەن،بۇلار ۋىزانتىيەلىكلەر،ئالانلار (قەدىمكى دەۋىردە قارا دېڭىزنىڭ شەرقى

شىمالىدىكى ئوتلاقلاردا ياشايدىغان چارۋىچى مىللەت ـ ئاپتۇردىن)، گوتلار، ھازارلار، پولوۋلار (11 ـ دىن13 ـ ئەسىرگىچە ياۋروپانىڭ شەرقى جەنۇبىدا ياشىغان تۈركى تىلدىكى مىللەت) ،تاتار قاتارلىقلار ياشىغان. بويسۇندۇرغۇ ـ چىلارنى كۆتۈپ تۇرۇش تەغدىرى، ئاخىرى، بويسۇنۇشنى، ئۇلارنىڭ بۇيەرلەردە ئولتۇرا ـ قلىشىپ قېلىشنى، ئەتراپ تىنكى مىللەتلەرگە سىڭىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئارخىئولوگلار ئەڭ ئاخىردا بۇ قەلئەگە كەلگىنى قارايىملار دەپ قارايدۇ،ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا تاتارلار تەرىپىدىن قارا يەھۇدىلار دەپ ئاتالغان. قارايىملار چۇپۇت قەلئەسىنى ئۆزىنىڭ يۇرتى دەپ بىلىپ 600يىلدىن ئارتۇق ياشاپ كەلگەن.

19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىۋىدە بۇيەردە 200دىن ئارتۇق ئائىلەر بار ئىدى، بۇ شەھەر نامى چۇفت قەلەسى ھازىرغىچە ئۆزنامىنى ساقلاپ كەلگەن . 16 ـ ئەسىردە باغچا ساراي شەھەرنىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ بۇ شەھەر ئاستا ـ ئاستا خاراپلاشقان.

## 8 .بۈگۈنكى كۈندىكى قارايىملار نوپۇسى

ھازىرقى كۈندە قارايىملار ئاساسلىقى، ئوكرائىنىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ لۇتسك ۋە گالۇچ شەھرى ئەتراپلىرىغا،يەنە بىر قىسمى قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىكى قىرىمىيە يېرىم ئارىلىنىڭ يېۋپاتورىيە شەھەرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارغا تارقىلىپ ماكانلاشقان. يەنە بىرقىسمى،لىتۋا جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇروكى، ۋىلنوس ۋە پونېۋېژسا شەھرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىغا،پولشا،رۇسىيە(موسكۋا) ،داغىستان ،يەنە بىر قىسمى بولسا ، مىسر،ئىسرائىلىيە ،فرانسىيە ، ئامرىكا ، ئاۋۇستىرالىيە ، ئەنگىلىيە ، ..... قاتارلىق دۆلەتلەرگىمۇ تارقالغان

1) قىرىمدا ياشاۋاتقان قارايىملار:

ئوكرائىنىيە تەۋەسى بولغان قىرىمدا 1246 ـ يىللاردىن باشلاپ ئېتنىك بىر گۇرۇپ بۇلۇپ ياشاپ كەلمەكتە. 1914 ـ يىلى بۆلگەدىكى قارايىم نوپۇسى 12مىڭ ئىدى، نورمال ئېشىش بويىچە ھىساپلىغاندا بۈگۈنكى نوپۇسى 120مىڭ بۇلىش كېرەك ئىدى، ئەمما 2000 ـ يىلدا پۈتۈن قىرىمدىكى قارايىملارنىڭ نوپۇس سانى ئازلاپ 1100گە چۈشۈپ قالغان. قىرىمدىكى قارايلاردىن 7 يۈز كىشى گۆزلېۋ (يېۋپاتورىيە) شەھرى ـ يېزا قىشلاقلىرىدا ياشايدۇ. قالغان كۆپ سانلىق قىسمى ،

ئاق مەسچىت (سىمفېروپول)، باغچا ساراي، سىۋاستوپول ( ئاقيار ) ، قىرىق-يەر(چۇفت قەلئە)، كەفە (فېودوسىيا)، ئاق ئەرمان (ئودېسسا) شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا قاراي تۇپلىرى (جامائەتلىرى) ئاكتىپ پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇلۇپمۇ باغچا ساراي شەھىرى قارايلارنىڭ ئەڭ قەدىمقى مەدەنىيەت مەركىزى بولغان.بۇ جايدا قارايلارغا ئائىت مىڭ يىللىق بىر مازار ساقلانغان بۇلۇپ، بۇمازارنىڭ ئاتى-بالتا تىيمىز دەپ ئاتالغان، مازار قەۋرە باش تاشلىرى- قىرىم قارايچىسچە يېزىلغان. 19-ئەسىردىن 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر قىرىم دۇنيا قارايىمىزىمىنىڭ مەركىزى بولغان.

2) لىتۋادىكى قارايىملار

لىتۋاغا كەلگەن تۇنجى قارايىملار تەخمىنەن 1397- يىلى لىتۋا كېنەزى - ۋىيىت فوت تەرىپىدىن قىرىم يېرىم ئارىلىدىن 383 قارايىم لىتۋاغا تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىنىپ بۇلاردىن 300كىشى تىراكاي (تىروكى) دىكى سارايغا، قالغان 83 كىشى باشقا جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان .ئەينى ۋاقىتتا لىتۋادا قارادېڭىز ئەتراپلىرىدا مۇسۇلمان ۋە يەھۇدى تاتارلىرىمۇ كۆپ بولغان. لىتۋادا قارايىملار كېيىنچە كۆپىيىپ 5 مىڭ كىشى بولغان. بۈگۈنكى كۈندە 1997-يىلى قارايىملار ئۆزلىرىنىڭ لىتۋاغا كەلگەنلىكىنىڭ 600 يىللىغىنى قۇتلۇقلاش بايرام كۈنىدە ئۇلارنىڭ سانى ئاران 257 كىشى بولغان. بۇلاردىن 138 كىشى ۋىلنۇستا ،65 كىشى تىراكايدا ،قالغان ئاز ساندىكىلىرى باشقا يەرلەردە ياشايدىكەن. 1998-يىلى«لىتۋا قارايىم مەدەنىيەت يىغىنى » ئۆتكۈزىلگەن. هازىر قارايىم تىلى ياشلارغا ئۆگۈتىلمەكتە.

3) پولشا دىكى قارايىملار .

پولشاغا قارايىملار 15-ئەسىردە كەلگەن. 1990 - يىللار دىكى سانى 1000دىن كۆپرەك بۇلغان بولسا، كېيىن ئازلاپ هازىر ياۋرۇپا ۋە ئامرىكىدىكى قارايىم نۇپۇسىدا كۆپىيىش كۆرۈلمەكتە. پولشادىكى قارايىملار سانىنىڭ ئاز بۇلىشىغا قارىماي ، ئۆز تىلىدا لاتىن يېزىغىنى ئىشلىتىپ كىتاپ ، ژورناللار چىقىرىدۇ.

4) ئازاربەيجاندىكى قارايىملار .

هازار دۆلىتى يىقىلغاندىن كېيىن باشقا جايلارغا كۆچمەي كاپكاز تاغلىرىدا قالغان «تالمۇتچى» قارايىم يەھۇدىلىرى بار بۇلۇپ،ئۇلار هازىر «تاغلىق يەھۇدىلار » دىگەن نام بىلەن ئاتالغان.يەنە هازىر ئازاربەيجان تۈپرىقىدا ياشىغان «تاغلىق يەھۇدىلار»نىڭمۇ قارايىم تۈركلىرى ئىكەنلىگى ئىسپاتلانماقتا.ئۇلار ئازاربەيجاننىڭ

كۇسار،باكۇ،گېنجە قاتارلىق شەھەرلەردە بارلىقى ئاشكارىلىنىپ،«تاغلىق يەھۇدىلار» نىڭ سانى 10مىڭ دىن كۆپەيمەكتە ئىكەن.

قىرىمدىن ئايرىلغان قارايىملارنىڭ بىر قىسمى ئىستانبۇلغا كېلىپ ماكانلاش-قان .هازىر تۈركىيەدىكى قارايىملارنىڭ سانى 1985-يىلى 150ئەتراپىدا بولغان بولسا، بۇ سان 1993-يىلدا 95بەشكە چۈشۈپ قالغان. ئۇلار تۈركىيەنىڭ خاسكوي ۋە قارا كۆي دېگەن جايلىرىدا ياشايدۇ. ئىستانبۇلنىڭ خاسكۆيدا قاراي دىنى ئىبادەتچىلىرىنىڭ 1000يىللىق تارىخى ئىزلىرى ساقلانماقتا.

18-19-ئەسىرلەردە چار پادىشاھ رۇسىيىسى قارايىملارنىڭ ئۆز دىنى پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن قىرىمدا قارايىم دىنى ئىبادەتخانىلىرى كۆپەيگەن. رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغىچە بولغان ئارىلىقتا قىرىمدا 20 نەچچە قارايىم دىنى ئىبادەتخانىسى بولغان. بۇ چاغلاردا قارايىم دىنى رۇسىيە هۆكۈمىتى تەرىپىدىن مۇستەقىل دىن دەپ ئېتىراپ قىلىنغان بولۇپ، پاسپورتلاردىكى دىنىي ئېتىقاد دېگەن يەرگە "قارايىم دىنى" دەپ تولدۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنغان .قارايىملار 1-تۈركۈمدە 1748- يىلى قىرىم -يېرىم ئارىلىدىن موسكۋاغا كۆچۈپ كەلگەن. ئۇلار 1917-يىلغىچە راھەتتە ياشىغان - 1. .دۇنيا ئۇرۇشىدا قارايىملار مەجبۇرى ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان. ھەربى سەپكە قاتناشقان 700 قارايىملارنىڭ 500 قۇماندان بولغان .

بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتكەن.شۇڭا قارايىملارنىڭ سانى ئازلاپ كەتكەن. 1917-يىلدىكى ئىنقىلاپتا ئۇلار زەربە يەپ كېيىن قىرىم ۋە رۇسىيەنى تاشلاپ، بىرقىسىم قارايلار ياۋرۇپا ئۆلكىلىرىگە ،ئامرىكىغا، مىسىرغا كۆچۈپ كەتكەن. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا (1939.9 -1945.9) فاشىستلار بىلەن ئىش بىرلىگى قىلغان دەپ، رۇسلاردىن يەنە بىر قېتىم زەربە يەپ، 1944-يىلدىكى رەسمىي قارار بىلەن، ئەڭ ئاز بولغاندا 30 مىڭ قارايىم تۈركى ستالىن تەرىپىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا (قازاقىستان) ۋە ئۇرالغا سۈرگۈن قىلىنغان. گېتلېر بولسا،يەھۇدى قەتلىئامىدا «ياۋرۇپا يەھۇدىلىرى» دەپ قىرىپ تاشلىغانلارنىڭ ئەمەلىيەتتە خازار (قارايىم) تۈركلىرى بولغانلىقىنى كۆرسىتىلمەكتە» :Arthur koestler) ئون ئۈچۈنچى قەبىلە» ناملىق كىتاۋى) ئەمەلىيەتتە گېتلېر كاپكازىيەدە بىر ئېرقىي يۇقۇتۇش قىلغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1959-يىلىدىكى كۆرسەتكەن نوپۇس مەلۇماتىدا، «لىتۋا س س ر ۋە ئوكرائىنا س س ر دا قارايىملارنىڭ ئومۇمى سانى 5 مىڭ 900 دەپ كۆرسەتكەن 13 «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1989-يىلىدىكى نوپۇس

ستاتىستىكىسىدا قارايىملارنىڭ پۈتۈن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى سانى 2602 دەپ ئېلان قىلىنغان، ھازىر رۇسىيەدىكى بار قارايىملارنىڭ ئومۇمى سانى 680 دىن ئاشىدىغان بولۇپ، ئۇلار رۇسىيەنىڭ موسكۋا ۋە سانكتپېتېربۇرگ قاتارلىقلار شەھەرلىرىدە تارقالغان ھالەتتە ياشايدىكەن ..دىمەك، ئۇلارنىڭ سانى ئازلاپ كەتكەن.

1947 ـ يىلدىكى مىسىر قانال ئۆرۈشىدىن كېيىن ئىسرائىلىيەگە كۆچۈپ راملە بۆلگىسىدە ماكانلاشقان. ھازىر ئىسرائىليە مەلۇماتلىرىدا كۆرسۈتىلىشىچە، ئىسرائىلىيەدە 25 مىڭ ئەتراپىدا قارايىم تۈركلىرى ياشايدىكەن. قارايىملارنىڭ كوپسانلىقى راملە، ئوفاكىم، ئاشدود، بېيرشېۋا، ئىرۇسالىم، ھولون شەھەرلىرىدە ياشايدۇ. راملە شەھرىدە ئۇلارنىڭ پائالىيەت مەركىزى بار. قاراي دىنىدىكىلەرنىڭ قىسلىشقا ئۇچرىشى (راببانى مەزھېپىگە ئۆتۈشكە مەجبۇرلىنىشى ) بىلەن قارايلار بىلەن راببانىلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولۇپ بىرقىسىملار قاراي دىنى ئېتىقاتىدا قالغان بولسىمۇ ، يەنە بىر قىسىملار «تەۋرات» ئۇقۇشتىن، «تالمۇد»چى يەھۇدىلارنىغا قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولغان. ئۇلار ئىبران تىلىنى ئۆگۈنۈپ، تۇرمۇشتا بۇ تىلنى قوللىنىدىكەن، ياشلار قارايىم تىلىنى ئۇنتۇلىشقا باشلىغان.

1917 ـ يىلدىكى رۇسىيەدىكى ئىنقىلاپتىن بىر زەربە يەپ ،ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا رۇسلاردىن يەنە بىر قېتىم زەربە يەپ،قىرىمىيەدىن كۆچۈپ كەلگەنلەر بۇلۇپ ئاساسەن قاھىرەدە ياشايدۇ.

## 9 .يوقىلىۋاتقان قارايىم تىلى

قارايىملارنىڭ سانىمۇ 1932 ـ يىلىدىكى سانلىق مەلۇماتتا 10مىڭ ئادەم دەپ كۆرسىتىلگەن بولسا، ئۇلار بارا ـ بارا ئازايغان. 1957 ـ يىلى 5مىڭ 700 گە، 1979 ـ يىلى 3 مىڭ 300 گە چۈشۈپ قالغان. ئەمما، 25 مىڭدىن ئارتۇق قارايىم ھازىر ئىسرائىلىيىدە ياشايدىكەن، ئۇلار ھەم ئۆزلىرىنى يەھۇدىيلارنىڭ بىر تارمىقى دەپ قارايدىكەن. بۈگۈنكى كۈندە قىرىمدا ئاران 800 ئەتراپىدا قارايىملار ياشاپ كەلمەكتە.

يېقىندا ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەتقىقاتلاردا ،پۈتۈن دۇنيادىكى قارايىملارنىڭ سانى 50 مىڭ دەپ كۆرسىتىلگەن، بولسىمۇ ئەمما ئۆزىنى ھەقىقى قارايىم دەپ قارايدىغانلارنىڭ سانى كوپ ئەمەس. يەر يۈزىدە قارايىم تىلىنى قوللىنىدىغانلارنىڭ

سانى 5مىڭ كىشىدىن ئاز قالغان. بۈگۈنكى كۈندە لىتۋادا ئۆزىنى قارايىم دەيدىغانلارنىڭ سانى 153 نەپەر كىشى بولسىمۇ، ئەمما قارايىم تىلىنى كۈندىلىك تۇرمۇشتا قوللىنىدىغانلارنىڭ سانى 50، ئوكرائىنىيەدە 8، پولشادا 115، تۈركىيەدە 95، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1989-يىلىدىكى نوپۇس ئىستاتىستىكىسىدا قارايىملارنىڭ پۈتۈن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى سانى 2602 نەپەر، ھازىر رۇسىيەدىكى بار قارايىملارنىڭ ئومۇمى سانى 680 دىن ئاشىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قارايىم تىلى-يېزىقىنى بىلىدىغانلارنىڭ سانى خېلىلا ئاز،سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلىرىدە قارايىملارنىڭ سانى ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن؟ ئازاربەيجان ۋە ئىسرائىلىيەدە كۆپ ساندىكى قارايىملارنىڭ بارلىقى ئاشكارىلانغان بولسىمۇ، تۈرلۈك سەۋەپلەرگە كۆرە ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىدىن ئاللا قاچان يىراقلاشقانلار بولۇپ ،ئۇلارنىڭ بىر بۆلۈگى يوقۇلۇش ھالىتىگە قاراپ يۈزلەنگەن. يەنە بىر بۆلۈكى بولسا ساننىڭ ئاز بولىشىغا قارىماي ،ئۆزمەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ،تۈرلۈك ئامالالرنى قىلىپ،بارلىق كۈچى بىلەن ئۆز ئەلاتلىرىنى قارايىم تىل-يېزىقى بىلەن تەربىلەپ چىقىشقا تىرىشماقتا.

قارا يىملارنىڭ ھەققىدە تۈركىيە كۆچ ئونۋېرسىتىتى فىرافغسورى، دوكتۇر تۆمۈر خوجا ئوغلىنىڭ 2006يىلى بەرگەن مەلۇماتىدا، لىتۋادا 289 نەپەر قارايىم تۈركلىرى ياشايدىغان بولۇپ ، لىتۋا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقى بېرىلگەن، تىلى ۋە مەدەنىيىتى ياخشى قوغداشقا ئېرىشلگەن. گەرچە دۇنيادا سانى ئاز بولسىمۇ (ئارانلا 100كىشى قارايىم تىل-يېزىقىنى ئىشلىتىشىنى بىلىدىكەن) ،ئۆگۈتۈم ئىشلىرى ناھايىتى ياخشى ئېلىپ بېرىلغان، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، ئالىي ئوقۇش بىلىم يۇرتلىرىدا ئۆز ئەۋلاتلىرىنى ئۆز ئانا تىلى بىلەن تەربىيەلەش ئېلىپ بېرىلغان. پەننىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بۇيىچە پەن-تېخنىكا خادىملىرى، دوكتۇر، فرافغسۇرلار يېتىشىپ چىقىشقا باشلىغان. ئۆز تىللىرىدا، لاتىن يېزىقىدا ئەركىن گېزىت، ژورنال نەشىر قىلىش، تۈرلۈك يىغىلىش، پائالىيەت ئۆتكۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنغان.

بۈگۈن ئانا تىللىرى ۋە دىنىي تىلى تۈركچە بولغان قارايىملار يوقۇلۇش ھالىتىدە تۇرماقتا. رۇسىيە،ئوكرائىنىيە ۋە لىتۋانىيە دە ياشايدىغان قارائىملارنىڭ سانى 2 مىڭ 2 يۈز نەپەر، لىتۋانىيەنىڭ تراكاي بۆلگىسىدە ياشايدىغان قارايىملار ئەۋلاتلىرىنى تەربىيەلەش ئۈچۈن، ئۆزتىلىدا دەرىسلىك كىتاپلار چىقىرىش ۋە

ئەۋلاتلىرىنى قاراي دىنى ئىبادەتخانىلىرى بىلەن تەمىنلىمەك ئۈچۈن لىتۋانىيە بانكىسىدىن ماددى ياردەملەر سورىماقتا ئىكەن...

## 10. مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن كۈرەش

قارايىم تىلى تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەن تىللارنىڭ (بەلكى دىئالېكتلارنىڭ) بىرى بولۇپ، ئۇزۇن مەزگىل باشقا مىللەتلەرنىڭ ۋە باشقا دىنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشاش ئۇلارنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

قارايىملارنىڭ "قىرىم قارايلار جەمئىيىتى" دەپ ئاتالغان تەشكىلاتى خەلقئارا جەمئىيەتكە ۋە ئۇكرائىنىيە ھەم رۇسىيە ھۆكۈمەتلىرىگە قارايىملارنىڭ مىللەت سۈپىتىدە يوقىلى كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇلارنى مىللەت سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىش ھەققىدە ئىلتىماسلارنى سۇنۇپ كەلمەكتە. مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ مەقسىدى قارايىم خەلقىنى ۋە ئۇنىڭ ماددىي ھەم مەنىۋى مەدەنىيىتىنى، تىلىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ياچېيكىلىرى قىرىمنىڭ باخچىساراي، ئەۋپاتورىيە، سىمفىروپول، سېۋاستوپول، يالتا قاتارلىق شەھەرلەردە مەۋجۇت ئىكەن.

### ئىزاھاتلار:


1. 钱伯泉：«维吾尔族的族源及其先民的西迁»«新疆社会科学研究»维文遍1996年期见62－65页

2.

«新疆民族词典» 新疆人民出编社1995。乌鲁木齐72页

3» 隋书 «84卷» 北狄传 « 1880页

4 «旧唐书» 195卷，回纥转，5198页

5 . gy Nemeth, HMK, s, 205; D. M. Dunlop : » The history of thejewish khazars « . s. 89vd

6. Melek tekin: ›› Türk Tarihi Ansiklopedisi ‹‹ milliyet 1991. 136bet

7 [j markuart, … streifzüge, s, 13, Y. kutluay: ›› islam we yahudi mezhepliri ‹‹, 1965, s. 189－200]

8 A. zajaczkowski, »karamsinPoland«, s. 24－29, E. L. Dietrich, Qaraer(qaraiten) , s. 374－378. Ibrahim kafes: »Türk milli kültürü« 1983 . 163 .

9 L. Rasonyi: » Tarihte türklük«, Türk kültürünü Arastirma enstitüsü, Ankara, 1971. s. 115.

10 宗教词典 « ， 上海辞书出版社，1983年5月第2次印刷289页。

11 A. zajaczkovski, »karaims in Poland«…s, 30 vd; Ayn. müell. « Khazarian culture«…, s. 302;

Ayn . müeII»Lehistan arazisinda türk unsurlari «, s. 417－424,

12س .مالوپ:«ئىگور پولكى ھەققىدە قوشاق»نىڭ (تىلىدىكى تۈركچە سۆزلەر) Vtom, 1946 иAN, ОЛЯ

13ن .ئا .باسكاكوۋ: «تۈركىي تىللار»، 1986 ـ يىلى بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى،ئۇيغۇرچە نەشرى،كىرىش سۆز قىسمى 5 ـ بەت ۋە 275 ـ بەتكە

مىسرانىم مۇنبىرىدىكى بىر قېرىندىشىمىزنىڭ بۇ ماقالىگە يازغان ئىنكاسى

ئۇيغۇرلار تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، دۇنيادا ياشىغۇچى تۈركىي خەلقلىرى ئىچىدە تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ئەمگەكچان ـ باتۇرلۇقى، ئەقىللىق ۋە كۆرەشچانلىقى، ئاق كۆڭۈل ۋە سەممىيلىكى، ئۆزىنىڭ ياراتقان شانلىق مەدەنىيىتى بىلەن دۇنيانىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقانلىقى بىلەن تونۇلغان قەدىمقىي مەدەنىيەتلىك ئۇلۇغ مىللەت.

ئۇيغۇرلار كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن ھونلار، تۈركلەر بىلەن قان ـ قېرىنداش بولۇپ، تىل جەھەتتىن ئالتاي تىل سىستېمىسى تۈرك تىللىرى گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ.

<ئۇيغۇر> دېگەن نام دەسلەپتە ئېتنىك (مىللىي) ئىسىم ئەمەس ئىدى. خۇددى داڭلىق شەرقشۇناس، ئاكادېمىك بارتولد: "<تۈرك> دېگەن ئېتنىك ئىسىم ئەمەس، بەلكى <تۈرك> دېگەن بۇ ئاتالغۇ تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ سىياسىي بىرلەشمىسىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ" دېگىنىدەك ئوخشاش، <ئۇيغۇر> دېگەن نامۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرلەشكەن سىياسىي تەشكىلىنى كۆرسىتىدىغان نام.

16 ـ ئەسىردە ئۆتكەن خىيۋا خانى ئۇبۇلغازى باھادۇرخاننىڭ <تارىخىي شەجەرىئى تۈرك> (تۈركلەرنىڭ شەجەرىسى) دېگەن ئەسىرىدە: "ئۇيغۇر دېگەن نام ئوغۇزخان تەرىپىدىن تۈركىي تىل سېستىمىسىدىكى قەبىلىلەرنىڭ باتۇر، ئۇيۇشقاق بىر قىسمىغا، ئۇلارنىڭ جەڭلەردە كۆرسەتكەن باتۇرلۇقى، خەلق ھەم ۋەتىنىگە كۆرسەتكەن سادىقلىقى ئۈچۈن بېرىلگەن نام" دەپ كۆرسىتىدۇ.

بۇ پىكىرگە پروفېسسور كازلى (1841 ـ يىلى ئۆلگەن)، ئاكادېمىك رادلوپ (1890 ـ يىلى ئۆلگەن) لار قوشۇلىدۇ. شەرق تارىخشۇناسلىرىدىن رەشىددىدىن ئۆزىنىڭ <جامىئۇت تەۋارىخ> (تارىخلار توپلىمى) دېگەن كىتاۋىدا بۇ پىكىرگە ئاساسلار كۆرسەتكەن ئىدى.

ئۇبۇلغازى باھادۇرخان ئۆز پىكرىنى داۋاملاشتۇرۇپ" <ئۇيغۇر> سۆزى ئۇيۇشقاق، <يېپىشقاق>، <بىرىككەن> مەنىسىدە بولۇپ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدە شۇنداق خۇسۇسىيەتلەر بولغانلىقى ئۈچۈن <ئۇيغۇر> دەپ نام بېرىلگەن" دەيدۇ.

بۇ نام دەل مۇشۇنداق ئاساستا مەيدانغا چىققانمۇ، بۇنىڭغا تا ھازىرغىچە نەق، ئىلمىي، تارىخىي ئاساستا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پاكىت كەم، بولسىمۇ يېتەرلىك ئەمەس.

ئەمما <ئۇيغۇر> دېگەن ئاتالغۇنىڭ تومۇرى تۈركچە ئېكەنلىكىنى كىلاپورت، پىلانو، كارنىپلى قاتارلىق تىلشۇناسلار ئۆز ئاساسلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلايدۇ. دېمەك، <ئۇيغۇر> دېگەن نام ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ سىياسىي تەشكىلىنىڭ نامى ئېكەنلىكىدە شەك يوق. 8 ـ ئەسىرلەردە، ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىدا قۇرۇلغان دۇنياغا داڭلىق ئورخۇن دۆلىتىمۇ ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دۆلىتى، دەپ ئاتىغان ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى جۇڭگو يىلنامىلىرىدا ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەرگە قاراپ ئوخشىمىغان ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن، مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ھون ئىتتىپاقىغا كىرگەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىرلەردە دىڭلىڭ 丁零 دېگەن نام بىلەن ئاتالغان بولسا، مىلادى 4 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە يۈەنخې 袁纥 دېگەن نام بىلەن، 5 ـ ئەسىرلەردە گاۋچې 高车 دېگەن نام بىلەن، ئۇنىڭدىن كېيىن

تېلې铁勒، ۋېيخې韦纥، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا كەلگەندە خۇيخې 回纥، مىلادى 788 ـ يىللاردىن كېيىن خۇيگۇ 回鹘 دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان.

ئۇيغۇرلار قەبىلە ئىتتىپاقى 9 قەبىلىدىن، بەزىدە 10 قەبىلىدىن تەشكىل تاپقاچقا، بەزى تارىخىي ھۆججەتلەردە <توققۇز ئوغۇزلار <دەپ ئاتىلىدۇ. خەنزۇ تارىخىي مەنبەلىرىدە بولسا <توققۇز تۇركلەر 九姓铁勒 <دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇرلار ئۇرۇق، قەبىلىدىن قەبىلە ئىتتىپاقى بولۇپ، قەبىلە ئىتتىپاقىدىن خەلق، خەلقتىن مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتا ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن ھەمدە مۇشۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياننى بېسىپ ئۆتۈش جەريانىدا نۇرغۇن ئىجتىمائىي ئەگرى ـ توقايلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن. بۇنداق ئۇزۇن ۋە مۇرەككەپ جەريان ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي ھاياتى، جەمىيەت تۈزۈلمىسى، ئىتنىك تەشكىلى، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە ئاڭ ـ پىكرى، تىل تەرەققىياتىغا ماھىيەتلىك تەسىر كۆرسەتتى، بۇ ئۇلارنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىغا، ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە سىڭىپ كىرىپ، چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان.

## 2. ئۇيغۇرلارنىڭ ياشىغان جايلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى ئانا ماكانى شىنجاڭنى ئاساس قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا بولۇپ، دۇنيا جامائەتچىلىكى بىردەك ئېتىراپ قىلغان تارىخىي ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللار بۇ كۆز قاراشنى يىمىرىلمەس پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ بەرمەكتە.

ياۋرۇپالىق تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيە ئالىملىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشىچە، ئىنسانىيەت جەمىيىتىنىڭ تارىخ سەھىپىسىدىكى تەرەققىياتى بىر خىل بولغان ئەمەس. بۇنىڭغا ھەر قايسى خەلق ياشىغان جاينىڭ جۇغراپىيىۋى شارائىتى موھىم سەۋەپلەرنىڭ بىرى بولغان.

دەريا بويلىرىدىن ماكان تۇتقان، دېھقانچىلىق شارائىتى ياخشى بولغان خەلق دېھقانچىلىق بىلەن شوغۇللىنىپ، تۇراقلىق ھايات كەچۈرۈپ، مەدەنىيەتكە خېلى بالدۇرلا قەدەم قويغان.

مەسىلەن، تارىم دەريا ۋادىسى، نىل دەريا ۋادىسى (مىسىردا)، گاڭگا دەريا ۋادىسى (ھىندىستاندا)، سىر دەريا ۋادىسى، خۇاڭخې، چاڭجياڭ قاتارلىق چوڭ ـ چوڭ دەريا ۋادىلىرىدا ياشىغان خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى خېلى بۇرۇنلا تەرەققى

قىلغان.

تاغ ئېتەكلىرى، يايلاقلاردا ياشىغان خەلقلەر كۆچمەنچىلىك، چارۋىچىلىق بىلەن، ئورمانلاردا ياشىغانلار ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىمۇ ئۆزىنىڭ ياشىغان شارائىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا قاراپ ئۆزىگە يارىشا تەرەققى قىلغان. خەلقلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يېزا ـ قىشلاق، شەھەر، ئۆتەڭلەردە بولسا، مەدەنىيەت تېز ۋە يۇكسەكراق تەرەققى قىلغان.

كەڭ تېرىلغۇ يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەريا ۋادىلىرى، چەكسىز كەتكەن ئورمان ۋە ئوتلاقلارغا ئىگە بولغان، تەبىئىي شارائىتى ياخشى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەڭ قەدىمقي زامانلاردىن باشلاپلا مەدەنىيەت تەرەققى قىلغان.

يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا تەبىئىي شارائىت ئۆزگىرىپ، دەريا سۇلىرى قۇرۇپ، كۆللەرنىڭ، دېڭىزلارنىڭ ئورنىنى قۇم بارخانلىرى ئىگىلەپ، قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەرگەن. هازىرقى كاسپىي دېڭىزى، بالقاش كۆلى، لوپنۇر كۆلى، سايرام كۆلى ۋە باغراش كۆلى، ئارال دېڭىزى قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چوڭ ـ كىچىك كۆللەر بۇرۇنقى دېڭىزدىن قالغان پارچە كۆللەردىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن ئون مىڭ يىللار بۇرۇن قۇرغاقچىلىق ۋەھىمىسىدە قالغان ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئوتتۇرا ئاسىيادىن تەرەپ ـ تەرەپكە قاراپ كۆچۈشكە باشلىغان.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىدىكى__ تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى ئۆزلىرىگە يېقىن بولغان سىرىق دەريانىڭ شىمالىي تەرىپىگە كۆچكەن، يەنە بىر قىسمى تارىم ۋادىسىدا داۋاملىق ئولتۇراقلىشىپ قالغان. سىرىق دەريانىڭ شىمال تەرىپىگە كۆچكەنلەر تاشقى موڭغۇلىدىكى ئورخۇن، سېلىنگا دەريالىرىنىڭ ۋادىلىرىغا، بايقال كۆلىنىڭ بويلىرىغا ئورۇنلاشقان، تارىختىكى هونلار، تۇركلەر، ئۇيغۇرلار دەپ ئاتالغان مانا شۇ تارىم بويىدىن كۆچۈپ بارغانلارنىڭ ئەجداتلىرىدۇر.

<شىنجاڭ گېزىتى> نىڭ 1981 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنىشىچە (ئۇيغۇرچىدا): 1979 ـ يىلى قىشتا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاخىئولوگىيە تەتقىقات ئۆمىكى لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىدىن تەخمىنەن 70 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كۆنچى دەرياسى تۆۋەن ئېقىمىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى بىر ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە مەنسۇپ قەۋرىستانلىقتىن ئىككى جەسەتنى تاپقان. ئۇنىڭ بىرى، ياش ئايالنىڭ جەسىتى، يەنە بىرى بالىنىڭ جەسىتى. نەنجىن ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە پاكولتېتىنىڭ >كاربون 14 <تەجرىبەخانىسى جەسەت بىلەن بىللە قېزىۋېلىنغان ياغاچ ۋە باشقا بۇيۇملارنى تەتقىق قىلىش

ئارقىلىق جەسەتلەرنىڭ بۇندىن 6412 يىل بۇرۇنقى جەسەت ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققى (بۇ خەۋەر >خەلق گېزىتى <نىڭ 1981 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى سانىنىڭ 1 ـ بېتىدىمۇ ئېلان قىلىنغان). بۇ جەسەتلەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەتتا پۈتۈن مەملىكىتىمىز بويىچە ئالغاندىمۇ، ھازىرغىچە تېپىلغان قەدىمقى جەسەتلەر ئىچىدە ئەڭ قەدىمقىسى ھېساپلىنىدۇ.

بۇ ئىككى جەسەت ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە قېزىۋېلىنغان تۈرلۈك نەرسىلەر ئەجداتلىرىمىزنىڭ جىسمانىي ئالاھىدىلىكىنى، شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، يۇڭ توقۇمىچىلىق، ھۈنەر ـ سەنئەت قاتارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

جەسەت تېپىلغان قەۋرىستانلىقتىكى قەۋرىلەر ناھايىتى پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدىن بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈپ تىزىلغان 7 قات يۇمىلاق ياغاچ ۋە ھارۋا چاقىنىڭ شادىسىغا ئوخشاش تىزىلغان يۇمۇلاق شەكىلدە ياغاچلار كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. گۆرنىڭ شەكلى ئاساسەن ئۈچ خىل بولۇپ، جەسەت بىلەن ھەر خىل نەرسىلەر بىللە قوشۇپ كۆمۈلگەن. جەسەت قېزىۋېلىنغان گۆرنىڭ ئىككى بېشىغا بىردىن ياغاچ قويۇلغان بولۇپ، يەر ئۈستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. گۆر تىك قىلىپ قېزىلغان، جەسەتلەر ئوگدىسىغا ياتقۇزۇلغان. گۆر ئۈستى ياغاچ تاختاي بىلەن يېپىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوي تېرىسى ۋە ئەخلەت ئالىدىغان شازا شەكىلدىكى چىغ توقۇلما يېپىلغان. جەسەت ناھايىتى يىرىك، قوپال توقۇلغان يۇڭ توقۇلما رەختكە ئورالغان بولۇپ، ئۆز پېتى ساقلانغان. ئايال جەسەتنىڭ بېشىغا كىگىز تەلپەك كىيگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ ساغۇچ ئۇزۇن چېچى دولىسىغا چۈشۈپ تۇرىدۇ. كۆزلىرى بوۋلاقتەك، كىرپىكلىرى ئۇزۇن، ئاغزى ئويماقتەك، بۇرنى قاڭشالىق بولۇپ، بەكمۇ چىرايلىق ئىدى. جەسەت بىلەن بىللە قېزىۋېلىنغان نەپىس توقۇلغان چىغ سۆۋەتلەرنىڭ ئىچىگە زىرائەت دانلىرى سېلىنغان بولۇپ، بۇ دانلار ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن چىرىپ، ئۇنغا ئايلىنىپ كەتكەن.

بالا جەسىتى بىلەن بىللە كۆمۈلگەن چىغ سۆۋەتتىن ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغان بۇغداي چىققان. مۇشۇ قەۋرىستانلىقتىكى باشقا قەۋرىلەردىن تاش قوراللار، ياغاچ ئەسۋاپلار، سەدەپ مارجان، تاش مارجان، ياغاچتىن ئويۇلغان ئادەم ھەيكىلى ۋە ھەر خىل ھايۋانات سۆڭىكى قاتارلىق يۇقۇرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە مەدەنىي مۇيۇملار قېزىۋېلىندى.

يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان، ئىككى جەسەت ھەققىدىكى مەلۇمات دۇنيا جامائەتچىلىكىنى ھەيران قالدۇردى، چۈنكى ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى ئانا ماكىنى، ئىرقىي كېلىپ چىقىشى، مەدەنىيىتى قاتارلىق جىددىي مەسىلىلەرگە قايىل قىلارلىق دەرىجىدە جاۋاب بېرىدۇ.

6412 يىل بۇرۇن ئۇيغۇر ئايال بىلەن بالىنىڭ لوپنۇر ئەتراپىغا دەپىن قىلىنىشى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي دەۋردىن تارتىپ شىنجاڭدا ياشاپ كەلگەنلىكىنى ۋە بۇندىن 10 مىڭ يىللار ئىلگىرى، قۇرغاقچىلىق تۈپەيلىدىن بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئۆزلىگە يېقىن بولغان ھازىرقى ئىچكى، تاشقى موڭغۇلغا، بايقال كۆلىنىڭ بويلىرىغا كۆچۈپ بارغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان پولاتتەك پاكىت.

لوپنۇر ئەتراپىدىن تېپىلغان ياش ئايال بىلەن بالىنىڭ جەستى ھەققىدىكى مەلۇماتتا <بۇلار ھازىر ئاپتونۇم رايونىمىز ۋە مەملىكەت بويىچىمۇ ھازىرغىچە تېپىلغان ئەڭ بۇرۇنقى جەسەت ئۆلگىسى؛ شۇنداقلا دۇنيا بويىچىمۇ ھازىرغىچە تېپىلغان قەدىمقىي جەسەتلەر ئىچىدە ئەڭ بۇرۇنقى جەسەت ئۆلگىسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ> دىيىلگەن.

دۇنيا تارىخىنى ۋاراقلاپ كۆرىدىغان بولساق، ھازىرغىچە دۇنيادا مەدەنىيەت ئەڭ بۇرۇن باشلانغان جاي دەپ ھىساپلىنىۋاتقان ئافرىقىدىكى نىل دەرياسى ۋادىسىدىن تېپىلغان ئېھراملار (پرامىدالار) ئىچىدە ئەڭ قەدىمقىي ئېھرام دەپ تونۇلغىنى بۇندىن 5500 يىل بۇرۇن ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە مىسىر پادىشاھلىرىنىڭ جەستى دەپىن قىلىنغان. مانا شۇ جەسەتلەر ھارىزغىچە دۇنيادا تېپىلغان جەسەتلەرنىڭ ئەڭ قەدىمقىسى ھىساپلىنىپ كەلگەن. لېكىن لوپنۇردا تېپىلغان جەسەت ئۇنىڭدىن 912 يىل كونا. شۇنداق بولغاندا، دۇنيا تارىخىي بۇندىن كېيىن دۇنيادا مەدەنىيەت ئەڭ بۇرۇن باشلانغان جاي مىسىردىكى نىل دەرياسى بويلىرى ئەمەس، ئاسىيادىكى تارىم دەرياسى بويلىرى دەپ يېزىشقا تامامەن ھەقلىق.

يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان جەسەت ھەققىدىكى مەلۇماتتا يەنە<گۆر تىك قىلىنىپ قېزىلغان، جەسەتلەر ئوگدىسىغا ياتقۇزۇلغان. 4 ئەتراپى ياغاچلار بىلەن توساپ قويۇلغان، گۆر ئۈستى ياغاچ تاختاي بىلەن يېپىلغان> دىيىلگەن.

گۆر ئۈستىنىڭ ياغاچ تاختاي بىلەن يېپىلىشى ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ شۇ دەۋرلەردىلا تۆمۈر قورال، ھەچ بولمىغاندا قىس قوراللارنى ئىشلەتكەنلىكىدىن

دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى ياغاچنى تاش قورال بىلەن چاناپ ياخىياي قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇنى تۆمۈر پالتا، تۆمۈر ھەرە ياكى مىس پالتا، مىس ھەرە بىلەنلا تاخىياي ھالىتىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن.

جەسەتنىڭ يۈك رەخت بىلەن كېپەنلىنىشى، ياغاچ تاختاي، چىغ سۆۋەت ۋە سۆۋەت ئىچىدە بۇغدايىنىڭ ساقلىنىشى تارىم ۋادىسىدا مەدەنىيەتنىڭ ناھايىتى قەدىمقى چاغلاردىن تارتىپ باشلىنىپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شوغۇللانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، لوپنۇر ئەتراپىدىن تېپىلغان جەسەتلەر ۋە باشقا بۇيۇملار تارىخچى مورگاننىڭ <دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تارىم دەرياسى تۈزلەڭلىكى ئاستىدا كۆمۈكلۈكتۇر، قاچانكى بۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرى مەلۇم بولغۇسىدۇر> دېگەن ھۆكۈمىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

مىلادى 2 ـ ئەسىردە ياشىغان يۇنان ئالىمى پتولومى ئۆزىنىڭ 10 توملۇق <جۇغراپىيە> ناملىق ئەسىرىدە، ھازىرقى تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى ئاساسىي يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ھايات پائالىيىتى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تەبىئىي شارائىتلىرى (تاغ ـ دەريالىرى) ھەققىدە خېلى تەپسىلى مەلۇمات بەرگەن.

<ۋېي يىلنامىسى، ئىگىز ھارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە>، <ۋېي يىلنامىسى، جۇجانلار ھەققىدە قىسسە> باپلىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادى 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ھازىرقى تاشقى موڭغۇلنىڭ شەرقى قىسمىدا ياشايدىغان، ياۋروپا تارىخچىلىرى ئاۋارلار دەپ ئاتايدىغان جۇجانلار باش ***مردى. جۇجانلار مانجۇ ـ موڭغۇل نەسلىگە مەنسۇپ بولۇپ، بىرنەچچە ئەسىر يەنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردىن مىلادى 1 ـ ئەسىرگىچە ھون ئىمپىراتورلۇقىنىڭ تەركىۋىدە تۇرغانلىقتىن، ئۇلار تۈركلەشكەن خەلق ئىدى. مانا شۇ جۇجان تۈركلىرىنىڭ خاقانى مىلادى 400 ـ يىللىرى، تاشقى موڭغۇلدىكى ئۇيغۇرلارنى، ئالتايدىكى تۈركلەرنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۈچى بىلەن تېخىمۇ قۇدرەت تاپتى. ئۇيغۇرلار جۇجان خاقانلىقىنىڭ قولىدا ھەربىي خىزمەت ئۆتەشكە مەجبۇر قىلىنغان بولسا، ئالتايدىكى تۈركلەر جوجانلار ئۈچۈن ھەربىي قورال ياساپ بېرىشكە مەجبۇر قىلىنغان. چۈنكى ئالتاي تۈركلىرى مېتال ئېرىتىپ تۈرلۈك ھەربىي قوراللارنى ياساشقا ئۇستا ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى جۇجان خاقانلىقىنىڭ زېمىنى غەربتە ھازىرقى قاراشەھەرنىڭ شىمالىغىچە، شەرقتە چاۋشەننىڭ غەربىي قىسمىغىچە، شىمالدا تاشقى موڭغۇلنىڭ

شىمالىغىچە، جەنۇپتا ئىچكى موڭغۇلنىڭ جەنۇبىغىچە سوزۇلغان، ئۇنىڭ پايتەختى هازىرقى گەنسۇ (كەڭسۇ) ئۆلكىسىنىڭ جاڭيې ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا ئىدى.

مىلادى 487 ـ يىلى، تاشقى موڭغۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى بورىكلى قەبىلىسىنىڭ (بوكلىكلەر) خانى ئاي ئوجرونىڭ يېتەكچىلىكىدە جۇجانلارغا قارشى ئىسيان **ۋرۇپ، شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىغا (جۇڭغار ئويمانلىقىغا) قاراپ كۆچكەن. جوجان خاقانى تولۇن خان ۋە ئۇنىڭ تاغىسى ئايناغاي خانلار ئۇيغۇرلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ شىنجاڭغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلار تولۇن خاقان بىلەن ئايناغاينى تارمار كەلتۈرگەن. مىلادى 487 ـ يىلى شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار شۇ جايدىكى قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ، تارىختا <ئىگىز هارۋىلىقلار 高车 <خانلىقى دەپ نام ئالغان ئۇيغۇر خانلىقىنى (487 ـ يىلىدىن 546 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) قۇرغان. 59 يىل ھۆكۈم سۈرگەن بۇ خانلىقنىڭ پايتەختى ماناس ئەتراپىدا بولۇپ، زېمىنى شىمالدا ئالتاي، شەرقتە قۇمۇل، غەربتە ئىلى ۋادىسى، جەنۇپتا قاراشەھەر، لوپنۇر ئەتراپلىرىغىچە سوزۇلغان. بۇ خانلىق ئۆزگە چېگرىداش بولغان شىمالدىكى جوجانلار بىلەن، جەنۇبتا ئاق ھونلار بىلەن، لوپنۇر ئەتراپىدا تاڭغۇتلار بىلەن (تىبەت خانلىقى) دائىم ئۇرۇشۇپ تۇرغان.

موڭغۇلىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ مىلادى 487 ـ يىلى شىنجاڭغا كۆچۈپ كىلىشى پەقەت ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ قوينىغا، ئانا ماكانىغا قايتىپ كېلىشتىنلا ئىبارەت.

خۇلاسە قىلغاندا، يۇقۇرىدىكى پاكىتلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمقى چاغلاردىن تارتىپ، شىنجاڭنىڭ ئەڭ ئاساسىي يەرلىك خەلقى ئىكەنلىكىنى، شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ماكانى ئىكەنلىكىنى، ئونمىڭ يىللار بۇرۇن يۈز بەرگەن قۇرغاقچىلىق تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى ھازىرقى تاشقى موڭغۇلدىكى ئورخۇن، سېلىنگا دەرياسى ۋادىلىرىغا، بايقال كۆلى ئەتراپىغا كۆچۈپ بېرىپ ماكانلاشقان بولسىمۇ، تۇرلۇك تەبىئىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، شىنجاڭغا ــ ئۆز قېرىنداشلىك قوينىغا، ئانا ماكانىغا قايتىپ كېلىپ، ئايتاي، يەتتە سۇ (ھازىرقى قازاقىستانغىچە)، تەڭرى تاغ ئېتەكلىرى، ھەتتا كوئىنلۇن باغرىغىچە، دۇڭخۇاڭ، چىلىيەنشەن، گەنسۇ ئەتراپلىرىغىچە ماكانلاشقانلىقىنى تولۇق ۋە قايىل قىلارلىق ھالدا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. 8 ـ ئەسىردە، ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تەبىئىي ئاپەت، ئىچكى ـ تاشقى ئۇرۇش ـ تالاش

سەۋەبىدىن پايتەختنى ئىدىقۇتقا كۆچۈرگەنلىك توغرىسىدىكى پاكىتنى قوشقاندا، بۇ ئىسپاتنى تېخىمۇ زور ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ.
دىمەك ئۇيغۇرلار قەدىمقي دەۋرلەردە ئەنە شۇنداق كەڭ زىمىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالتۇن دىياردا ياشىغان ئىدى .

## ئۇيغۇر تىلى

ۋەتىنىمىز كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت بولغىنى ئۈچۈن، تىل سىستېمىسىمۇ خىلى كۆپ. كونكرىت قىلىپ ئېيتقاندا، خەنزۇ- زاڭزۇ تىل سىستېمىسى، ئالتاي تىل سىستېمىسى، ئاۋسترو- ئاسىيا تىل سىستېمىسى، جەنۇبىي ئاسىيا تىل سىستېمىسى، ھىندى- ياۋروپا تىل سىستېمىسى قاتارلىق بەش خىل تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ 80 خىلدىن كۆپرەك تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەت ۋە خەلق ياشايدۇ.

ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى ناھايىتى چوڭ تىل سىستېمىسى، ئۇ تۈركىي تىللار تۈركۈمى، موڭغۇل تىلى تۈركۈمى، مانجۇ- تۇڭگۇس تىلى تۈركۈمى ۋە چاۋشيەن، ياپون تىلى تۈركۈمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقلا بۇ تىل سىستېمىسى ئورال تىل سىستېمىسىغا كىرىدىغان ئوگۇر-فىن ۋە سامودى تىللىرى تۈركۈمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تېخىمۇ زور ئورال-ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھازىر دۇنيادا مۇشۇ تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 200 مىليون ئەتىراپىدا بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن ئاسىيا ۋە ياۋرۇپانىڭ شەرقى شىمالىي قىسمىدا ياشايدۇ. ئۇيغۇر تىلى ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تاتار، يوغۇر، سالا، نوغاي، تۈركمەن، تۈرك، ئەزەربەيجان، باشقىرت، قارا قالپاق، قومىق، تۇخار، خاكاس، چۇۋاش، ياقۇت، قارايىم، قاراچاي، شور، ئاباقان، تىلىۋوت، تورا، قۇندۇم، كوماندى، قويبول، كورىك، سۇيۇت، ساغاي، بارابا، قاچا، لىبىد قاتارلىق تىللار بىلەن بىر قاتاردا تۈركىي تىللار تۈركۈمگە مەنسۇپ بولۇپ، تۈركىي تىللار تۈركۈمىنىڭ شەرقى تۈركىي تىللار تارمىقىغا مەنسۇپ بىر خىل تىل.
دۇنيا تۈركشۇناس ئالىملىرى تۈركىي تىللار شەكىللىنىش تارىخىنى مۇنداق 6 دەۋرگە بۆلىدۇ:

(1)ئالتاي دەۋرى: بۇنىڭ يىل ھىساۋى ئېنىق ئەمەس. ئالىملارنىڭ ئىلمىي پەرىزىچە، مىلادىدىن بۇرۇنقى خېلى ئۇزاق بىر تارىخىي دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
(2)ھون دەۋرى: مىلادىدىن بۇرۇنقى 5 ـ ئەسىردىن مىلادى 3 ـ ئەسىرگىچە ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
(3)قەدىمقى تۈركىي دەۋرى: مىلادى 5 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
(4)ئوتتۇرا تۈركىي دەۋرى: يەنى تۈركىي تىللارنىڭ تەرەققى قىلىپ بىر بىرىدىن پەرق قىلىپ، ئايرىم شەكىللىنىشكە باشلىغان دەۋرى بولۇپ، مىلادى 10 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
(5)يېڭى تۈركىي دەۋرى: تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلى شەكىللىنىپ، مۇستەقىل تەرەققى قىلىشقا باشلىغان دەۋرى بولۇپ، مىلادى 15 ـ ئەسىردىن 20 ـ ئەسىرگىچە ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
(6)ئەڭ يېڭى دەۋر: بۇ ئۆكتەببىر سوتسيالىستىك ئىنقىلابى دەۋرىدىن باشلىنىدۇ.
يۇقۇرىدىكى ئىز بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى تەكشۈرگەندە، تۆۋەندىكى جەرياننى كۆرگىلى بولىدۇ:

(1)ئالتاي دەۋرىدە، مانجۇ ـ تۇڭگۇس (سىيانپىي) گۇرۇپپىسى بىلەن موڭغۇل، تۈركىي تىل گۇرۇپپىسى ئايرىلىپ، مۇستەقىل ئىككى تىل گۇرۇپپىسى شەكىللىنىشكە باشلىغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى موڭغۇل، تۈركىي تىل گۇرۇپپىسىنى تەكشۈرگەندە، موڭغۇل تىلىدىن تۈركىي قەبىلىلىرىنىڭ تىلىمۇ ئايرىلىپ چىقىپ شەكىللىنىشكە باشلىغان. موڭغۇل، تۈركىي تىل گۇرۇپپىسىدىن ئەڭ ئالدى بىلەن ئايرىلىپ چىقىپ شەكىللىنىشكە باشلىغان تىل ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن ئوگور (ئوغۇر)، قوتورغور (قوتتاغور)، ساراگور (ساراغۇر) لارنىڭ تىلى. كېيىنرەك ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى شەكىللىنىشكە باشلىغان.
(2)ھون دەۋرىدە، تۈركىي قەبىلىلەر ئۇزاقىچە بىر ـ بىرى بىلەن ئارىلىشىپ ياشاپ، 3 تىل گۇرۇپپىسىنى شەكىللەندۈردى: پۈتۈن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نەسىللىرى بىرلىشىپ قارلۇق، ئوغۇز تىلى گۇرۇپپىسىنى شەكىللەندۈردى؛ ئوغۇز تىلى گۇرۇپپىسى شەكىللەندى؛ قىپچاق تىلى گۇرۇپپىسى شەكىللەندى.
(3)قەدىمقى تۈركىي دەۋرىدە يەنى 5 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە تۆۋەندىكى 3 دەۋرنى بېشىدىن كەچۈردى: توكيو دەۋرى (5 ـ ئەسىردىن 8 ـ ئەسىرگىچە بولغان

كۆك تۈرك دەۋرى)؛ قەدىمقى ئۇيغۇر دەۋرى: 8 ـ ئەسىردىن 9 ـ ئەسىرگىچە)؛ (12)
قەدىمقى قىرغىز دەۋرى: (9 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە.)

(4) ئوتتۇرا تۈركىي دەۋرى. 10 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۈركىي تىللار رەسمىي شەكىللىنىپ، تەرەققىي قىلىش باسقۇچىغا كىرگەن بۇ دەۋر سىياسىي كۈچلەر نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، مۇنداق ئىككى دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: قاراخانىلار دەۋرى (10 ـ ئەسىردىن 12 ـ ئەسىرگىچە)؛ (12) موڭغۇل چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ دەۋرى 10 ـ ئەسىردە، قۇدرەت تاپقان ياغما قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلىپ ئالدىن بالاساغۇن، كېيىن قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا كۈچلۈك قاراخانىلار دۆلىتى قۇرۇلدى. قاراخانىلار پۈتۈن ماۋرائۇننەھرى ۋادىسىنى ۋە سامانىلار (ئىرانلىقلار) غا تەۋە بولغان غەربتىكى بۇخارا، سەمەرقەنتلەرنىمۇ ئۆز ئىلكىگە كىرگۈزدى. ئۇ ئۇششاق فېئودال ئۇيغۇر خانلىقلىرىنى ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى 10 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان مەدەنىيەتلىك تۈركىي ۋە ئىران خەلقلىرىنىمۇ ئۆزىگە بويسۇندۇردى. بۇ مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي ئەدەبىي تىل ئىككى مەركەزنى ئاساس قىلغان خاراكتېرگە ئىگە ئىدى:

(1خاقانىلار تىلى (خاقانىيە تىلى) بولۇپ، بۇ قارلۇق__ ئۇيغۇر تىلى. بۇ تىل پۈتۈن غەربىي ۋە شەرقىي ئاسىيادا ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن.

(2قارلۇق__ خارازىم تىلى. بۇ تىل قاراخانىلارنىڭ ئەدەبىي تىلى بولغان قارلۇق__ ئۇيغۇر تىلى (خاقانىيە تىلى) تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، خارازىم ئوبلاستىدا موڭغۇل ئىستىلاسىغىچە ئۆلگە بولۇپ كەلگەن. موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن خارازىمنى مەركەز قىلغان جوچى ئۇلۇسى (پۇقراسى> (ئالتۇن ئوردا > ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالدى. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى يېزىق جەھەتتىن قەدىمقى ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى، قىسمەن ئەرەب ئېلىپبەسىنى ئىشلەتتى. ئەمما يازما ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىدا قارلۇق__ ئۇيغۇر تىلىنى ئىشلەتتى. يۇقۇرقىلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ قىسقىچە جەريانىدۇر.

ئۇيغۇر قەبىلىلىرى مىلادىدىن 3 ئەسىر بۇرۇنلا ھون ئىتتىپاقىغا كىرگەن. ھون ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغۇچى قارلۇق قەبىلىسى

قارلۇق__ ئۇيغۇر تىلىنى شەكىللەندۈرۈپ، قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ >خاقانىيە تىلى < نىڭ ئاساسىنى ياراتقان ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادا شەرق ۋە غەرب ئەدەبىي تىللىرىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەڭ ئاخىرى يېڭى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۆزبېك تىللىرىنىڭ ئاساسىي بولۇپ قالغان قارلۇق__ ئۇيغۇر تىلى ھون تىلىنىڭمۇ ئاساسىي دېگەن ھۆكۈمگە ئېلىپ كېلىدۇ.

تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ بىر قىسمى ئەڭ قەدىمىي چاغلاردا ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىنىڭ ئورخۇن، توغلا دەريالىرى ۋادىسىدا ياشىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. مانا شۇلارنىڭ ئورخۇن دەرياسىنىڭ >خۇن <دەپ ئاتىلىدىغان بىر تارمىقىنىڭ بويىدا ياشىغانلىرى ئۆزلىرىنى ئاشۇ دەريانىڭ نامى بىلەن >خۇن <دەپ ئاتاشقان ئىكەن. بەزى تۈركشۇناسلار «ھون»سۆزى ئەنە شۇ «خۇن» سۆزىدىن كېلىپ چىققان دېيىشىدۇ. يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ھازىرقى تۈركشۇناسلارنىڭ بىر قىسمى قەدىمقى چاغلاردا شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ بىر قىسمى ئۆزلىرىنى «كۈن» دەپ ئاتاشقان. چۈنكى شامان دىنى كۆپ خۇدالىق دىن بولۇپ، ئۇنىڭدا كۈن تەڭرىسى ئاساسلىق تەڭرى ئىدى، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىش ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. «ھون» سۆزى ئەنە شۇ «كۈن»سۆزىدىن كېلىپ چىققان دېيىشىدۇ. قانداق بولمىسۇن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى خىل ھۆكۈمنىڭ بىرى توغرا دېيىلگەندىمۇ،« ھون» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ.

ھازىرقى زامان تۈركولوگلىرى ئۆز تەتقىقاتلىرىدا ئەنە شۇ ھونلارنىڭ تىلى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ئىگەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. شۇ نەرسە ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىنكى، تىل تارىخىنىڭ شەكىللىنىشىدە «ھون تىلى» دېگەن ئىبارىنى زادى ئۇچراتمايمىز. ئەكسىچە ئۇنىڭ ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان، ئۇنىڭ قان قېرىندىشى بولغان ئۇيغۇرلار ۋە ئۇنىڭ قەبىلىلىرىنىڭ تىل تارىخىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ بۇ جەرياندا تۇتقان ئورنى، رولى توغرىسىدا يېتەرلىك پاكىتلارنى تاپالايمىز.

خۇلاسە قىلغاندا، ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ شەرقى تۈرك تىلى قارمىقىدىكى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە تىل بولۇپ، ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىن بېرى تەرەققى قىلىپ، مۇكەممەللىشىپ، بېيىپ كەلدى. نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، تىلنىڭ فونېتىكا سىستېمىسى، لۇغەت تەركىۋى ھەم گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدا كۆپلىگەن يېڭىلىنىش، تولۇقلىنىش،

قىلىپلىشىش بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ تىلنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ئۇزاق تارىخىي دولقۇنلارنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسى بىلەن بىللە ساقلىنىپ تەرەققى قىلدى. زاماننىڭ ئۆتىشى بىلەن ئىپادىلەش ئۇنۇمى ئۆسۈپ، شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ نازۇك، ئەڭ ئىنچىكە، ئەڭ مۇرەككەپ، ئەڭ چوڭقۇر جەريانلىرىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان نەپىس، پاساھەتلىك (سەنئەتلىك)، باي تىلغا ئايلىنىپ، دۇنيادىكى تارىخىي ئەڭ كونا، لۇغەت تەركىۋى بىر قەدەر باي تىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى، ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى <تۈركىي تىللار دىۋانى> بۇنىڭ جانلىق پاكىتى .
تۆۋەندە يېزىلغانلىرى پەقەت شەخسەن چۈشەنچىلىرىمگىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ، خاتالىقلارنىڭ بولۇشى تەبئى، تورداشلارنىڭ تەنقىدى-پىكىرلىرىنى ئايىماسلىقىنى سورايمەن!

ئىلاۋە:ساۋادىم چىقىشى بىلەن تارىخقا قىزىقىپتىمەن، بۇنىڭغا ئائىلە تەسىرى ئاساسى رول بولغان ئىدى. مېھمانخانا ئۆيىمىزدە بىر كارۋات بولىدىغان، قىلىن يىغىلغان يوتقانلارنىڭ ئاستىغا ئاپام 'مەجبۇرى' يىزىلغان شىنجاڭ مائارىپ ژۇرناللىرى بار ئىكەنتۇق. ئېھتىمال 2-يىللىقتىكى (~1989) چاغلىرىم بولسا كېرەك، ئاشۇ كۆمۈلگەن ژۇرناللار شۇنداق قىزىقىشىمنى قوزغاپ قويدى. گەرچە پەقەت بىر مائارىپ ژۇرنىلى بولسىمۇ ئەينى ۋاقىتتا تارىخ توغۇرلۇق ماقالىلەر شۇنداق كۆپ يېزىلاتتى. ئۇيغۇر يېزىقلىرى ھەققىدىكى بىر ماقالىدىن ئورخۇن، قەدىمقى ئۇيغۇر ۋە چاغاتاي يېزىقلىرىنى ئۇگىنىۋالغان ئىدىم. ھونلار ئاتلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئات تۇياقلىرى مەن بىلمەيدىغان يەرلەرگىچە بارغانلىقىنى، بىر شائىرنىڭ تېلەن تاغلىرىدىكى (ھازىرقى چىلىيەنشەن، گەنسۇدا) يايلاق ھاياتى ھەققىدىكى شئېرلىرىنى ئوقۇغان ئىدىم. ئورخۇن يېزىقى مىنى ئۆزىگە شۇنداق جەلىپ قىلغان ئىدىكى، كىچىكىمدە ئاڭلىغان چۆچەكلەردىكى ئاجايىپ-غارايىباتلار شۇ خەت شەكلىلەرگە سىڭىپ كەتكەندەك بىلىنگەن ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئالىي مەكتەپكىچە تارىخ مەركەزلىك قىزىقىشىم بولۇپ قالدى، تارىخ قىزىقىشى تەسىرىدە جۇغراپىيەگىمۇ شۇنداق قىزىقىپ قالدىم. ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدە خېلى كۆپ كىتابلارنى ئوقۇشقا مۇۋەپپەق بولدۇم، خىتاي تارىخچىلىرىدىن تارتىپ ئۆزىمىزنىڭ تارىخچىلىرىغىچە، بارتولد دىن مىلۋارىدقىچە ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان بولدۇم. شۇ ئوقۇغانلىرىم بويىچە Allempires. com تارىخ مۇنبىرىدە ئۈچ يىلچە تارىخ ھەققىدە تالاش-تارتىشلارغا قاتناشقان بوپتىمەن، ئەمدىلىكتە ئۆز

كەسپىمنىڭ مۇھىملىقى ئارتقانسېرى بۇ ھەقتە يەنە كاپشىپ يۈرۈشنى مۇۋاپىق كۆرمىدىم ھەم بۇ يەردە ئۆز چۈشەنچىلىرىمدىن بىر خۇلاسە چىقارغان ھېسابتا چېكىت ئۇرۇشنى لايىق تاپتىم.

يۇرتىمىزدا قاچاندىن تارتىپ ئىنسان ياشىغان دېگەن سوئالنىڭ جاۋابى داۋاملىق يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇرۇن بىز ئاتۇشتىن تېپىلغان بۇنىڭدىن 18 مىڭ يىل ئىلگىركى ئاتۇش ئادىمىنى مىسالغا ئالاتتۇق. يېقىنقى بىر تەتقىقات نەتىجىسىدە ئالتاي تاغلىرىدىن تېپىلغان بۇنىڭدىن 33 مىڭ يىل بۇرۇن ياشىغان ئىتنىڭ نەتىجىسى ئېلان قىلىندى[1]. ئىت ئادەتتە بۆرىنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن نەچچە ئەۋلات كۆندۈرۈلۈشى تەرىپىدىن بارلىققا كەلگەن دەپ قارىلىدۇ، دېمەك ئالتاي تاغلىرىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتىنى 33 مىڭ يىلدىنمۇ ئۇزاققا سۈرۈشكە ھەقلىقمىز.

ئۇيغۇر سۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسى تازا ئېنىق ئەمەس. بىر قەدەر كەڭ قوبۇل قىلىنغان ئىنىقلىمىدا بۇ سۆزنى "ئۇيۇغۇر" دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان، ئۇيۇشماق، ئىتتىپاقلاشماق دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇر سۆزى ئەڭ دەسلىپىدە قەبىلە ياكى قەبىلە ئىتتىپاقى ئىسمى بىلەن كەلگەن. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا، بىز مىللەت نامى ئورنىدا ئىشلىتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىكى ئۇيغۇر سۆزى ھەرگىز پەقەت 8-ئەسىرلەردە ئوتتۇرىغا چىققان قەبىلىنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرىنىلا كۆرسەتمەستىن، بەلكى شۇ قەبىلە نامىنى يادرو قىلغان، ئەسىرلەردىن بۇيان ھازىرقى كۈندىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت قاتلىمىغا سىڭگەن نۇرغۇن تۈركى ۋە تۈركى بولمىغان (مىسالەن: ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى قەۋملەر) قەۋملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى بۈگۈنكى كۈندىكى ئۇيغۇر سۆزىنىڭ مەنىسى 8-ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر سۆزىدىن كۆپ چوڭ، تېخىمۇ كۆپ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دۇنيادىكى مىللەتلەر ئىچىدە ئۇيغۇردەك قىنى مۇرەككەپ مىللەت بولمىسا كېرەك. بۇنى دۇنيا مىللەتلىرى ھاپلوگرۇپ (ئورتاق ئەجداد ئىزى تېپلىرى، 1. خەرىتە) خەرىتىسىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ[2]. ئۇ خەرىتىدىن بىز ئۇيغۇرلاردا روشەن نىسبەتتە كاۋكاز قان تىپى بارلىقىنى، شۇنداقلا موڭغۇللۇئىد تىپىنىمۇ ئاز بولمىغان نىسبەتتە كۆرىمىز. ئەگەر بىز 100% سىرىق ئىرق ۋەكىللىكىدىكى شەرقى ئاسىيا تىنىچ ئوكيان قىرغاقلىرىدىن 100% ئاق ئىرققا ۋەكىل بولغان شىمالى/غەربى ياۋروپا ئاتلانتىك ئوكيان قىرغاقلىرىغىچە بىر سىزىق (ياي) بويلاپ ماڭىدىغان

بولساق، بۇ مۇساپىدە ئىرق ئۆزگىرىشىنىڭ ناھايىتمۇ سىلىق گرادىپىنتىنى (تەدرىجىلىكىنى) كۆرىمىز. مەركىزى ئاسىيادا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار بۇ ئىرق گرادىپىنتىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، شۇڭلاشقىمۇ مەلۇم بىر خىل چىرايىنى ئۇيغۇر مىللىتىگە ۋەكىل قىلىپ چىقىرىش مۇمكىن بولماي قالغان. بىزدە ئاق ئىرقمۇ سېرىق ئىرقمۇ بار، بۇ يەردە ئەڭ باشتا بىز قايسى ئىرققا مەنسۇپ دىگەن سوئالغا جاۋاب بېرىشنىڭ ئەھمىيىتى بولمىسا كېرەك. بۇ سوئالغا ت.ئالماس ئىنىقلا قىلىپ ئاق ئىرق دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەگەر بىز ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن كېيىن مەلۇم كۆلەمدە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋەتكەن قىتان، مۇڭغۇللارنى كۆزدە تۇتساق بەلكىم توغرا بولۇشى ھەم مۇمكىن. ت.ئالماس ئەپەندىنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى بەزى ھون شاھزادىلىرى دەپ بېكىتىلگەن جەسەتلەرگە ئاساسەن ئاساسى ئەجدادلىرىمىزدىن بىرى بولغان ھونلار ئاق ئىرق دەيدۇ. لىكىن گىرمانىيەدىن تېپىلغان ھون جەسەتلىرىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن شەكلى [3] ئۇلارنى تىپىك سېرىق ئىرق قاتارىغا چىقىرىدۇ. يەنە ياۋروپا تارىخچىلىرى ھونلارنى بىر ئېتنىك گۇرۇپپا ئەمەس بەلكى سىياسى مۇددىئاسى بىرلەشكەن يايلاق قەبىلىلەر ئىتتىپاقى دەپ چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭا بۇ ھەقتە ئالدىراپ ھۆكۈم چىقىرىش قىيىندەك تۇرىدۇ. تۇرپاندىكى مىڭ ئۆيلەردە سىزىلغان رەسىملەردە قىزىل چاچلىق كۆك كۆزلۈك ھەم قارا چاچ قارا كۆزلۈك كىشىلەرنىڭ بولۇشى بىزدىكى ئىرقى مۇرەككەپلىكنىڭ شۇ زامانلاردىمۇ بارلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرغاندەك قىلىدۇ. ئاق ئىرق بىلەن سېرىق ئىرقنىڭ جۇغراپىيەلىك چېگرىسىغا جايلاشقان ئۇيغۇرلار بەلكى قەدىمدىن تارتىپلا شۇنداق ئارغۇن ئىرق تىپىدىندۇر بەلكى. ئۇيغۇرلارنىڭ گېن تۈزۈلمىسى ھەققىدىكى ئەڭ يېڭى بىر تەتقىقاتتا بىزنى 60% كاۋكاز (ياۋروپا) ئىرقى، 40% موڭغوللۇئىد ئىرقى دەپ بېكىتكەن. بۇ تەتقىقاتنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر خۇلاسىسى، بۇ خىل ئارلىشىش بۇنىڭدىن 2100 دە 2900 يىللار ئىلگىرىلا بولغان[4] . بۇ بۆگۈنكى ئۇيغۇر مىللەت قان تەركىبىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىختىلا مۇرەككەپلىشىشكە باشلىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەيلى قانداقلا دېيلى، ئۇيغۇرلۇقنى ئىرقى نۇقتىدىن بەلگىلەشنى توغرا تاپمىدىم.

تەبئىكى ئېتنىك تەركىبىمىزمۇ ئوخشاشلا بىر ئارلاشما تىپ! بۇنى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن —ـئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئېتنىك قاتلىمىغا كىرگەن پۈتۈن مەركىزى ئاسىيا ساك ـتۇران قەبىلىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ توخار(توخرى)، سوغدى، ھون قاتارلىق ئەۋلادلىرى شەرتسىز ھالدا ئۇيغۇر ئېتنىك تۈركۈمى بويىچە مۇھاكىمە

قىلىنىشى كېرەك[5]——دەپ يازىدۇ. دېمەككىمۇ مەيلى "ئوغۇزنامە" ئېپوسىنى ئوقۇيلى، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ خەرىتىسى ھەم بايانلىرىنى كۆرەيلى، ياكى خىتاي تارىخچىلىرىنىڭ يازغانلىرىنى ئاساس قىلايلى، تۈرك-ئۇيغۇر ھەققىدىكى يازمىلارنىڭ كۆپ خىللىقىدىن ئوخشاش بىر خۇلاسىگە كېلىمىز. بۇ دېگەنلىك، بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ قېنىدا، نۇرغۇنلىغان ئېتنىك گۇرۇپپىلارنىڭ، كۆپ قىسىم تۈركى قەۋملەرنىڭ قېنى بار. بۇنىڭ سەۋەبىنى، ئەڭ دەسلەپتە ئولتۇراقلىشىپ يېزا-ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان تۈركى قەۋملەرنىڭ داۋاملىق باشقا تۈركى قەۋملەرنى ئۆزىگە ئۈزلۈكسىز قوشۇۋېلىشىدىن كۆرۈۋش مۇمكىن. داۋاملىق كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان تۈركى قەۋملەردە بۇنداق جەريانغا كۆپ پۇرسەت بولمىغاچقا، بۈگۈنكى كۈندىمۇ تىل ۋە ئۆرپ-ئادەت جەھەتتە كۆپ ئۆزگەرمىگىنىنى كۆرىمىز.

ئۇيغۇرلار تۈركي قەۋملەردىن "ئۆي ئايرىپ" چىقىشتىن بۇرۇن، بىۋاستە ئەجدادلىرىمىز بولمىش كۆك تۈركلەر مىلادى 500-يىللاردىن باشلاپ شەرقتە ھىنگان تاغلىرىدىن غەربتە كاسپىي دېڭىز بويلىرىغىچە، شىمالدا سىبىرىيەدىن جەنۇبتا سەدىچىنغىچە بولغان كەڭ زېمىندا 200 يىلدەك ھۆكۈم سۈردى. مىلادىدىن بۇرۇنقى ~2500-يىلىدىن مىلادى 500-يىللىرى مابەينىدە دەل مۇشۇ زېمىننىڭ ئالتاي تاغلىرىنى پاسىل قىلغان شەرقىي يېرىمىدا كۆچمەن ھون قەبىلىلىرى (en: Hun) ھۆكۈم سۈرگەن بولسا غەربىدە كۆچمەن ساك قەبىلىلىرى (en: Scythian)ھۆكۈم سۈرگەن. ئۆز تارىخچىلىرىمىزغا ئاساسلانغاندا ئىككىلا قەۋم بىزنىڭ ئەجدادىمىز. لېكىن بۇلارنىڭ ئۆز-ئارا مۇناسىۋىتى ھازىرقى تارىخچىلار تالاش تارتىش قىلىۋاتقان مەسىلىلەردىن ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق بولۇشى بۇ قەۋملەر ئۆزلىرى ھەققىدە بىر نەرسە يېزىپ قالدۇرمىغان. بۇلار ھەققىدىكى بايانلار كۆپىنچە يۇنان تارىخچىسى ھېرودوت ۋە خىتاي تارىخچىلىرى قالدۇرغان خاتىرىلەر ئاساس قىلىنغان. بولۇپمۇ ساكلارغا ئائىت خاتىرىلەر ھەممىدىن ئاز. لېكىن ساكلار قالدۇرۇپ كەتكەن ئالتۇندىن ئىشلەنگەن زىننەت بۇيۇملىرى، توقۇلغان بۇيۇملار، مىستىن ئىشلەنگەن جابدۇق ۋە ھەيكەللەر، قىيا تاش رەسىملىرى، تاش بالباللار ئۇلارنىڭ ناھايىتىمۇ يۇكسەك بىر مەدەنىيەت ياراتقانلىقى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭلاشقىمۇ شەرقىي ياۋرۇپادىكى سىلاۋ مىللەتلىرى، كافكازدىكى مىللەتلەر، ئىرانلىقلاردىن تارتىپ ھىندىستاندىكى بەزى مىللەتلەرگىچە ساكلارنى ئۆزىنىڭ ئەجدادى دەپ تالىشىدۇ[6]. غەرب تارىخچىلىرى ھېرودوتنىڭ يازمىلىرىغا ئاساسەن ئۇلارنى

ھىندى-ياۋرۇپا سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان قەۋملەر دەپ قارايدۇ، لېكىن پاكىت يېتەرلىك ئەمەس، چۈنكى ھېرودوت ئەينى ۋاقىتتا ساكلار ياشىغان جايلارغا بارمىغان، پەقەت ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن ساك كىشى ئىسىملىرى دەپ بىر نەچچە سۆزنى تىلغا ئالغان، كىشىنى تازا قايىل قىلالمايدۇ. ئارخىئولوگىيە دۇنياسىنى زىلزىلىگە سالغان ئالتاي بازىرىقتىكى قەبرىدىن تېپىلغان نەرسىلەر، قەبرە تۈزۈلۈشى ئۆلاردىن كېيىن ياشىغان كۆكتۈركلەر بىلەن كۆپ ئورتاقلىققا ئىگە (6.رەسىم چۈشەندۈرمىسىگە قاراڭ). ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھونلاردىن قالغان ئارخىئولوگىيەلىك قىزىلمىلاردىمۇ ئالتۇن بەك كۆپ ئۇچرايدۇ، ھەم ساكلارنىڭكىدەكلا ناھايىتى نەپىس ئىشلەنگەن، بىر خىل ئورتاقلىقنى ھېس قىلىسىز. بۇ خىل ئوخشاشلىقلار يايلاق مەدەنىيىتىگە ئورتاق نەرسىلەر بولۇشى ھەم مۇمكىن، خۇددى تەڭرىزم ئېتقادچىلىقىدەك. ساكلارغا تەۋە ئالتۇن مارجان (6 , 11.رەسىملەر) بىلەن ھون تەڭرىقۇتىنىڭ ئالتۇن تاجىنى، ھون قەبرىلىرىدىن چىققان ئاياللارنىڭ ئالتۇن زىبۇ-زىننەتلىرىنى [3]، ئات جابدۇقلىرىنى سېلىشتۇرسىڭىزمۇ بىر خىل ئورتاقلىقنى بايقايسىز. يەنى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيادا ئالتۇن ۋە مىسنىڭ كەڭ ئىشلىتىلىشى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ھازىرقى كۈندىمۇ ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ ئالتۇننى ئەتىۋارلى -شىدىن بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ ئىزچىللىقىنى كۆرىمىز. موڭغۇلكۈرەدىكى ساكلارغا ئائىت ئايال تاش ھەيكىلىنىڭ چاچلىرى ئۆرۈلگەن ھەم ئەگىر تىقىمىدىن ئاشقان قىلىپ ئويۇلغان (خۇددى ھازىرقى ئۇيغۇر-قىز ئاياللىرىنىڭ ئۆرۈمە چاچلىرىدەك). ساكلارنىڭ ئەڭ ئاساسى بەلگىسى بولغان ئۇچلۇق تۇماقنى تۇرپاندىنمۇ، ئىلى ۋادىسىدىنمۇ، تارىم بويلىرىدىكى مۇميالاردىنمۇ تاپىمىز. ئات-ئۈستى مەدەنىيىتى قەھرىمانلىقنى ئۇلۇغلايدۇ، بازىرىقتىكى قەبرىگە قارايدىغان بولساق قەبرە ئۈستى تاش بىلەن تولدۇرۇلغان. ئىيتىلىشىچە كۆكتۈركلەر دەۋرىدە ھەم ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە يايلاقتىكى ئاتلىقلار ھەر قېتىم بىرەر قەھرىماننىڭ قەۋرىسىدىن ئۆتكەندە، شۇ قەھرىمانغا ھۆرمەت يۈزىسىدىن بىر تال تاش قويۇپ قويىدىكەن، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قويۇلغان تاشلار كۆپىيىپ ئەسلى قەبرە تەبىئىلا كىچىك دۆڭچىگە ئايلىنىدىكەن[5-رەسىم]. بۇ خىل كىچىك دۆڭچىلەر تېكەس دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىنىدا، غەربى كۆك-تۈركلەر خانى ئىستەمى قاغانىنىڭ ئوردىسى بولمىش شوتا (قىرغىز قازاقلار شات/شاتى دەيدۇ) قەدىمقى شەھرى ئەتراپىدا ناھايىتىمۇ كۆپ. ئۇ قەبرىلەردىن ھازىرغىچە ئالتۇن دۇبۇلغا ئالتۇن ئوقيا دېگەندەك نەرسىلەر

ئۆزلۈمەي چىقىۋاتىدۇ. بۇ خىل قەبرىلەر ئالتاي تىغىنىڭ جەنۇبى، ئېرتىش دەريا ۋادىسىدىمۇ خىلى كۆپ. بۇ ئوخشاشلىقلارغا كۆرە بۇ ياياق مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە شۇنداق بىر ئىزچىللىقنى ساقلىغانلىقىنى كۆرىمىز، ئەلبەتتە ئۆرپ-ئادەت، دىنى ئورتاقلىق بىلەنلا ئۇلارنى تۈركىي قەۋم دېيەلمەيمىز. كۆچمەن ساك قەبىلىلىرىنى ئىران تىللىق دېگەن تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ مەلۇم قىسمىنىڭ كېيىنكى تۈركىي خەلقلەرگە چىتىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆپىنچە تارىخچىلار ھەم ئېتراپ قىلىدۇ. خۇلاسە شۇكى ساكلار بىز بىلەن قانداش بولسۇن بولمىسۇن ئۇلار ياراتقان يۈكسەك مەدەنىيەتكە قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۈگۈنكى ئىگىلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بىۋاستە ۋارىسلىق قىلغان بولىمىز.

پرىنىستون يىللىق نادىر كىتاب مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن مەنبەدىمۇ توخارلارنى(بۇ يەردە ساك دەپ چۈشەنسەكمۇ توغرا بولۇشى مۇمكىن)، بارلىق ھىندى-ياۋرۇ تىللىق مىللەتلەرنىڭ بۆشۈكى دەپ قارالغان كاسپى دېڭىز-قارا دېڭىز ئارلىقىدىكى يايلاقلىرىدىن بۇنىڭدىن تەخمىنەن 5300دە 5700 يىللار ئىلگىرى ھازىرقى يۇرتىمىزغا (ئالتاي-تارىم) كۆچكەن دەپ قارالغان[7؛ 3. خەرىتە]. بەلكىم بۈگۈنكى بىزدىكى 60% كاۋكاز ئىرقى تىپى دەل شۇنداق توخارلاردەك كاۋكاز نەسىللىك تەركىبلەر سەۋەبىدىن بولۇشى مۇمكىن.

ئەمدى نەزىرىمىزنى تەكلىماكان (تەكتى-ماكان[8]) نىڭ جەنۇبى ئېتەكلىرىدىكى بوستانلىقلارغا ئاغدۇرايلى. (ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ يامان سودىگەرلىرى ھىسابلانغان، ئامۇ-سىر دەريا ئارىسىدا ياشىغان سوغدىلارنى نەزەردىن ھازىرچە ساقىت قىلدىم (.خىتايچە تارىخى مەنبەلەردە بۇ رايونلاردا ياۋچى/توخارلارنىڭ (خىتايچە Yue Zhi: ئەڭ دەسلەپتە ياشىغانلىقىنى، ھەم بۇ رايونلارنىڭ ھونلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. بەزى تارىخچىلىرىمىز توخرىلار، ئۈيسۇنلار ھونلار بىلەن قان قېرىنداش دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى تارىخچىلار توخرىلارنى ھىندى-ياۋرۇپا تىللىق خەلق، ئۈيسۇنلارنى تۈركىي دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۈيسۇنلار كېيىنچە ئىلى ۋادىسىدا ياشاپ قاراخانىلار دەۋرىگە كەلگەندە قارلۇقلارغا قېتىلىپ قاراخانى تۈركلىرى تەركىبىگە كىرىپ كەتكەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن. توخرىلار ھەققىدە تالاش تارتىش سەل جىددى. بۇلارنى ساك قەبىلىلىرى دىگۈچىلەرمۇ بار. لىكىن ساكلارغا ئائىت تاش بالباللارنى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا ئانچە ئۇچراتمايمىز. بۇ رايونلاردىن تېپىلغان (يەكەن دەريا يۇقۇرى ئېقىنىدىن تارتىپ لوپنۇرغىچە) 2000~6000 ياشلىق مومىيالارنىڭ كىملىكى ھازىر ئەڭ قىزىق

نۇقتا بولوشى مۇمكىن. ھازىرقى خىتاي تارىخچىلىرى ئۇلارنى تارىمدا مەدەنىيەت يارىتىپ كىيىن تۈركلەر تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلغان ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى توخرىلار دەيدۇ. ئۇلارنىڭ مىس ۋە ئالتۇن بۇيۇملارنى ئىشلىتىشى ھەم ئاق ئېرىقىغا تەۋەلىكىگە كۆرە ئۇلارنى ياۋروپالىقلارغا باغلايدۇ. ئەكسىنچە، يەنە شۇ خىتاي تارىخى مەنبەلەردە بەزى تۈركىي قەبىلەرنى كۆك كۆز، سېرىق چاچ دەپ يازغان. بۇنىڭدىن سىرت ئامېرىكا بايقاش قانىلى (en:Discovery channel, tarim mummies)ئىشلىگەن تارىم مومىيالىرى ھەققىدىكى ھۆججەتلىك فىلىمدە قەۋرىلەردىن تېپىلغان نان ياسلايدىغان ياغاچ تەگنە بىلەن ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئىشلىتىۋاتقان ئوخشاش بۇيۇملار، مومىيالاردىكى كىسەللىك ئىزنالىرى بىلەن ھازىرقى بەزى رايون ئاھالىلىكىگە ئىگە كىسەللىكلەر سېلىشتۇرۇلغان. ئاخىرىدا شۇ مومىيالارنىڭ ئەۋلاتلىرى ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ بولۇش ئېھتىماللىقى يورۇتۇلغان. بەزى تارىخچىلار ئېيتقاندەك بۇ رايونغا كىيىن كۆچۈپ كەلگەن تۈركلەر يەرلىك دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان، ئاللىقاچان شەھەرلەشكەن توخرىلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلغان دېگەندەك نەزەرىيە بار. دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى شەھەرلىششنى تەلەپ قىلىدۇ، شەھەرلەشكەن ھايات سىستېمىلاشقان جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىدۇ ھەم بۇ خىل مۇناسىۋەت يېزىقنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ چارۋىچى مىللەتلەر دېھقان مىللەت ئۈستىدىن ھۆكۈم يۈرگۈزگەن ھالەتتىمۇ دېھقان مىللەت تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كىتىدۇ، تارىختا بۇ خىل قاراشنى ئىسپاتلايدىغان يېتەرلىك مىساللار بار، ھالبۇكى نوقۇل چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ تېرىقچىلىقنى ئاساس قىلغان مەدەنىيەتنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلغىنىنى كۆرمەيمىز. بۇنىڭدىن مۇنداق ئېھتىماللىقلارنى تىزىشىمىز مۇمكىن:

1. توخرىلارمۇ ئەسلى تۈركىي ھون تېپىدىكى ئىرق، شىمالدىن كەلگەن كۆچمەن قىرىنداشلىرى بۇلار بىلەن ئاسانلا سىڭىشىپ كەتكەن.

2. توخرىلار كاۋكاز نەسىللىك، لىكىن شىمالدىن كۆچۈپ كەلگەن تۈركىي قەۋملەر مەدەنىيەت جەھەتتىن بۇلاردىنمۇ ئۈستۈن كەلگەن، نەتىجىدە تۈركلەر تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلۋېتىلگەن. ئۆز تىلى تۈركلىشىپ كەتكەن.

3.توخرىلار ئەسلى تۈرك نەسىللىك، ئۇلار كۆچلەنگەندە بىر قىسمى شىمالغا كىڭىيىپ ئالتاي تاغلىرىدىنمۇ ئۆتۈپ ئورخون-يېنسەي(ئانا-ساي) دا بىر مەزگىل ھۆكۈم سۈرگەن، كىيىنكى ئۇرۇش ۋە ۋابا سەۋەبلىك ئەسلى يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن.

4 .توخرىلار تارىم ئويمانلىقىدىن، بىسىپ كەلگەن تۈركلەر تەرىپىدىن پۈتۈنلەي سىقىپ چىقىرىلغان... ... .

جەنۇب تەرىپى قاراقۇرۇم، كۇئېنلۇن تاغلىرى بىلەن، شەرىق-غەرىب تەرەپتە تىبەت، پامىر ئېگىزلىكلىرى بىلەن، شىمالدا تەڭرىتاغلىرى بىلەن قورشالغان كوھىقاپتەك تارىم ئويمانلىقى ھەققەتەن نەرى ئىسسىق، توپىسى "ئېغىر" بىر زىمىن. بۇ يەردە ئەسىرلەردىن بۇيان ياشاۋاقتان ئۇيغۇرلار تەبىئەت بىلەن قانداق ھارمونىيىلىك ياشاشنى شۇنچىلىك ياخشى ئۆگىنىۋالغان. ئوپال ئەتراپىدىكى سۈنئى ئىھاتە ئورمانلار، تۇرپاندىكى 800 خىلدىن ئارتۇق يېتىشتۈرۈلگەن ئۈزۈم سورتى بۇ بوستانلىق ۋادىلارنىڭ ئۈزۈن دەۋرلەردە شەككىللەنگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. دۇنيادا ھېچقانداق مىللەت ئۆز زىمىنىنى مىللەت سۈپىتىدە تاشلاپ چىقىپ كەتمىگەن. رىم ئىستىلاسى ۋە ئەرەب ئىستىلاسى يەھۇدىلارنى پىتراپ كېتىشكە مەجبۇرلىغان بولسىمۇ ھازىرغىچە مەلۇم ساندا يەرلىك يەھۇدىلار پەلەستىنىدىن چىقماي ياشاپ كەلگەن. ئېچىلىپلا توزۇپ كەتكەن چىڭگىزخانىنىڭ مۇڭغۇل ئىمپېرىيىسى باشقا يەرلەردە تۈزۈك ئىزنا قالدۇرالماي يەنىلا ئۆزلىرى ئىش باشلىغان موڭغۇل ئېگىزلىكىدە ئۆزىنى ساقلاپ قالدى. پۈتۈن دۇنياغا تارقاپ كەتكەن سىگانلارنىڭمۇ ھازىرغىچە ھىندىستاندىكى ئەسلى يۇرتىدا ئىزنالىرى بار[9]. دىمەكچى، ئاشۇ كىرورەن گۈزىلىنى ۋەكىل قىلغان مومىيالارنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرى بۇ زىمىنىنى پۈتۈنلەي تاشلاپ كەتكەن دىگەندەك سەپسەتە تازا ئەقىلغا سىغمىسا كېرەك. يەنە بىر نۇقتا: 7-ئەسىرلەردىلا بىزگە ئورخون تاش پۈتۈكلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن تۈركي ئەجداتلىرىمىز ياۋرو-ئاسىيا يايلاقلىرىدا ئەڭ بۇرۇن يېزىق قالدۇرغان قەۋم ھىسابلىنىدۇ؛ تىخى يېقىندىلا ئالتاي تاغلىرى شىمالى ئېتىكىدىكى تۇۋا رايونىدىن تېپىلغان ئۇيغۇر ئورخون خانلىقىغا تەۋە مۇكەممەل قورغانلىق شەھەرمۇ شۇ شىمالدىكى تۈركي قەۋملەرنىڭ مەلۇم دەرىجىدە شەھەرلەشكەن ئۈستۈن بىر مەدەنىيەت ياراتقانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. بۇلارغا كۆرە ئۇيغۇرلار تۈركي قەۋملەر ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن شەھەرلەشكەنلىرى بولۇپ ھىسابلىنىدۇ. بۇ خىل بالدۇر شەھەرلىشىش ئۇيغۇرلارنى باشقا تۈركي قېرىنداشلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئەڭ بۇرۇن ئۈستۈن مەدەنىيەت ياراتقان قەۋم قىلىپ نەتىجىلىدى. ئۇيغۇرلار كۆپىنچە باشقا چارۋىچى قەۋملەر (تۈركي قەۋملەرمۇ بار) تەرىپىدىن بىردەك سارت دەپ ئاتالغان، بۇ سۆزگە ئادەتتە كارۋان بېشى، سودىگەر دەپ ئېنىقلىما بېرىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھېچقايسىسى تەسەۋۋۇف ئاغۇسىنىڭ مەستلىكىدىن قۇتۇلالمىدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئاپتوماتىك، ئېنېرگىيىسىز ھالەتتە ياشاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

مىلادىيە 745-يىلى ھازىرقى موڭغۇل يايلىقىدا كۆك تۈرك ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر خانلىقى (ئۇيغۇر ئورخۇن خانلىقى) توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرى باشچىلىقىدا باشقا تۈركىي قەبىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەربىي-سىياسىي ئىتتىپاقنى ئۇيغۇرلارنىڭ "ئۆي ئايرىپ" چىقىشىنىڭ باشلىنىشى دېسەك، بۇ قەبىلىلەرنىڭ كېيىن تارىم-تۇرپان ئويمانلىقىغا كۆچۈشى ۋە شۇ يەردىكى قېرىنداشلىرى بىلەن قوشۇلۇشى نەتىجىسىدە مىلادىيە 840-يىلدىن 1250-يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن، تۇرپان ۋە تارىم ئويمانلىقلىرىنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر خانلىقلىرى (قاراخوجا/ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقى) نىڭ قۇرۇلۇشى ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك قۇرۇلمىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەلبەتتە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ قارا قىتانلار (خىتاي كەلمىسى مەنبەسى دېگۈچىلەر بار)، موڭغۇللار، گەرچە بىزگە مەلۇم ۋاقىت ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولسىمۇ، مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۈستۈنلۈكى ھەم ئۇلارنىڭ ئىشغالىيەتچى قوشۇنلىرىدا تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ كۆپلەپ بولۇشى سەۋەبلىك تەركىبىمىزگە مەلۇم نىسبەتتە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتتى (بۇلارنىڭ قازاق، قىرغىزلارغا بەكرەك قېتىلىپ كەتكەنلىكى ھەم بەزى مەنبەلەردە ئىلگىرى سۈرۈلگەن). ئۇيغۇرنىڭ ئەڭ زور سەلتەنەتلىك بولغان قاراخانىيلار ھازىرقى تىلىمىز، ئېتىقادىمىزنىڭ ئاساسىنى سالغان بولدى. 11-ئەسىرلەردىن باشلانغان قارا قىتانلار قاراخانىي ھاكىمىيىتىنى ئاجىزلاشتۇردى، لېكىن ئۇزۇلرىمۇ 13-ئەسىردە باستۇرۇپ كەلگەن موڭغۇللار تەرىپىدىن گۇمران بولدى. موڭغۇللارنىڭ زېمىنىمىزدىكى ھۆكۈمرانلىقى چاغاتاي خانلىقى نامىدا 17-ئەسىردە خوجىلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشىغىچە داۋاملاشتى. چاغاتاي خانلىقى گەرچە موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، كېيىنكى خانى تۇغلۇق تىمۇر (1329~1363-يىللار، تۇغلۇق تۆمۈر) نىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى بىلەن تەدرىجىي ئىسلاملىشىپ كېيىنچە خاراكتېرى ئىسلاملاشقان تۈركىي ھاكىمىيەت بولۇپ قالدى. ھاكىمىيەت خوجىلار قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن ئىچكى نىزالار كۆپىيىپ ئاق تاغلىق قارا تاغلىق بولۇپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى، ئۇزۇن ۋاقىتقا قالماي شىمالدىكى جۇڭغارلار تارىمنى ئىلكىگە ئالدى. جۇڭغارلارنىڭمۇ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزۇنغا بارماي، 18-ئەسىرگە كەلگەندە

ئەسلى چاغاتاي خانلىقىنىڭ زېمىنلىرى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسىم زېمىنى مانجۇ-چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ھېچقاچان بىر ئەمەس تاپقۇزالمىغان [10] مۇستەملىكە زېمىنىغا ئايلىنىپ قالدى. مانجۇلار پەقەت 1884-يىلى يۇرتىمىزدا ئۆلكە تەسىس قىلىپ، نامىنى شىنجاڭ (مەنىسى: يېڭى چېگرا، يېڭى رايون) دەپ ئاتىدى. شۇنداق قىلىپ، تۈركى قەبىلىلەر ياشاپ كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئىككىگە بۆلۈنۈپ، غەربى turk رۇسلارنىڭ ئالقىنىغا چۈشتى، شەرقى قىسمى بولسا مانجۇلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. كېيىنچە سىياسى مەقسەتلەرگە كۆرە 16-ئەسىرگىچە بىر خىل يازما تىل ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان تۈركلەردىن، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغانلىرى قازاق، قىرغىز، قارا-قالپاق، تاتار بولۇپ، ئولتۇراقلاشقانلىرى ئۆزبېك-ئۇيغۇر بولۇپ ئايرىلدى. بۈگۈنگىچە داۋام قىلىۋاتقان يېزىق ۋە ئىملا ئۆزگەرتىش ھەرىكەتلىرى، ئوخشىمىغان تىل تەسىرى (رۇس ۋە خىتاي) بىلەن قوشۇلۇپ بۈگۈنكى كۈندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركى مىللەتلىرىنىڭ تىلىنى بىر-بىرىدىن خىلىلا ئۇزاقلاشتۇردى. بۇنىڭ ئىسپاتىنى ئەڭ كىچىككەندىمۇ 50-يىللاردا نەشىر قىلىنغان يازما ھۆججەتلەرنىڭ تىلىدىن كۆرەلەيمىز.

چۈشەنچىلىرىمنى يىغىنچاقلىسام: ھون، ساك، توخارلارنى ئۆزىگە ئەجداد قىلغان تۈركىي تىللىق ئۇيغۇرلار— ھازىرقى 32 * تۈركىي مىللەتلىرى ئىچىدە مەدەنىيەت قاتلىمى جەھەتتە ھەممىدىن باي بىرى دېسەم ئارتۇق كەتمەس. بۇنداق بولۇشىنى بىزنىڭ ئىرق/ئېتنىك تەركىبىمىزنىڭ ئەسلىدىلا مۇرەككەپلىكى، ئىتقاد تارىخىمىزنىڭ ئالدى-كەينى بولۇپ 6 خىل دىن ئېتقاتچىلىقنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى[11]، ياشىغان جايىمىزنىڭ مۇرەككەپ جۇغراپىيەلىك تۈزۈلۈشى شۇنداقلا ياۋرۇ-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى ئىستىراتېگىيەلىك ئورنى (تارىختىكى يىپەك يولىنىڭ مەركىزى)، تۇرمۇش ئۇسۇلىمىزنىڭ كۆپ-خىللىقى (تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق)، ئىشلەتكەن يېزىقلىرىمىزنىڭ كۆپلۈكى (ئاساسلىق يېزىقلاردىن ئورخۇن-يېنسەي/تۈرك-رونىك، قەدىمقى ئۇيغۇر، چاغاتاي، لاتىن) ، ھەم ئۆزگىرىشچان ھاۋا كىلىماتى قاتارلىق ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغاندەك تۇرىدۇ. بۇنىڭغا ئۇيغۇر باش كىيىملىرى، ئۇيغۇر ئۇسۇللىرى، ئەتلەس، گىلەملىرىنىڭ تۈر ۋە شەكىللىرىنىڭ كۆپ خىللىقى، ھەرخىل ئۇيغۇر تائاملىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ رەڭگارەڭ مەزمۇن بايلىقىغا ئىسپات بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئۆز نۆۋىتىدە، دەل مۇشۇ خىل مول مەزمۇن، بىزدە بۈگۈنكى كۈندە مەجبۇرى ئاسسىمىلياتسىيەگە قارشى كۈچلۈك بىر ئىممۇنىت كۈچنى ھازىرلىغاندەك تۇرىدۇ.

قوشۇمچە: تىنچ ئوكياندا يوقىلىپ كەتكەن مۇ قۇرۇقلۇقى ۋە ئۇيغۇر دۆلىتى ھەققىدىكى سەپسەتىلەر، ئۇيغۇرلار بىلەن ياپونلار، ئۇيغۇرلار بىلەن ۋېنگىر (مەغيار)، ئۇرال مىللەتلىرى ھەققىدىكى يىقىن تۇققاندارچىلىق ھەققىدىكى نەزەرىيىلەرگە تازا ئىشىنىپ كەتمىدىم. سەۋەب: بۇ نەزەرىيىلەرنىڭ ئىلمىيلىكى بەكلا تۆۋەن. ئەگەر راستىنلا 6~10 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى تارىخقا قارىساق، نۇرغۇن مىللەتلەر ئوخشاش بىر بولۇپ چىقىدۇ. ئىسلام دىنىدىمۇ بىز ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ ئەۋلاتلىرى. بەزىلەر بۆلەردىكى تەگرىزىم دىنى ئورتاقلىقنى ئىسپات قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە قۇياش، ئايغا ئوخشاش تەبىئەت ھادىسىلەر ئىنساننى ئەڭ بۇرۇن قىزىقتۇرغان شەيئىلەر، شۇڭلاشقىمۇ تەگرىزىم ئېتقاتچىلىقى ئافرىقىدىكى قەبىلىلەردىن تارتىپ جەنۇبى تىنچ ئوكيان ئاراللىرىدىكى مائورىلاردىمۇ بار. بۇ خىل تۇققاندارچىلىق نەزەرىيىسى بىلەن باشقىلارنىڭ تەسەللىسىگە ئېرىشىش، ئۇلاردىن بىر خىل ياردەم تەلەپ قىلىش ياكى ئۇلارنىڭ ئېتراپ قىلىشىنى تاما قىلىش تازا ئاقمىسا كېرەك. ھازىرقى دۇنيادا ھېچكىم ئاجىزنى كۆزگە ئىلمايدۇ. ئەگەر سىز كۈچلۈك بولسىڭىز ھەممە ئادەم سىزنى تۇققان تارتىدۇ. ئۇنداق بۇرۇننى قويۇپ تۇرايلى، مىلادىيدىن كېيىنكى تارىخىمىزدا، ۋە شۇ تارىخ ياراتقان مەدەنىيىتىمىزدە قانچىلىك پەخىرلەنسەك ئەرزىگۈدەك مەزمۇن بار. مۇساپىر بولمىغۇنچە مۇسۇلمان بولماس دەيدىكەن، ئەگەر سىز ھېچ ئۇيغۇر ياشىمايدىغان باشقا بىر مەدەنىيەت ئىچىدە تۇرۇپ كەلسىڭىز ئاندىن ئۆز مىللەت مەدەنىيىتىڭىزدىن شۇنداق پەخىرلىنىدىغان بولىسىز. ئا. ئۆتكۈرنىڭ "مەن ئاق بايراق ئەمەس"، ئادىل تۇنيازنىڭ "قەشقەردىكى يەرشارى" ناملىق شېئىرلىرىنى چوڭقۇر مەنتىقلىرى بىلەن چۈشىنىسىز. ئۇيغۇرلىقىڭىزدىن ئۇستىخان ـ يىلىكلىرىڭىزگىچە پەخىرلىنىسىز. ئەلۋەتتە پەخىرلىنىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇش زۆرۈر...ئەپسۇسلىنارلىقى، 15 ـ ئەسىرلەردە دېڭىز يوللىرىنىڭ ئېچىلىشى يېپەك يولىغا ئوخشاش قۇرۇقلۇق يولىنىڭ تاشلىنىپ قىلىنىشىغا سەۋەبچى بولدى دە ئۇچۇر ئالمىشىش ۋە مەدەنىيەت مەركىزى دېڭىز بويىلىرىغا يۆتكىلىپ كەتتى. بۇ سەۋەبلىك 18 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە بىكىنمىلىكتە قالغان خەلقىمىز مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا شۇنچىلىك كۆپ ئارقىدا قالدى. خەيرىيەت، 21 ـ ئەسىر بىلەن باشلانغان ئۇچۇر دەۋرى مەدەنىيەت ئالمىشىشتا ئۇزۇن مەزگىل يېتىم قالغان خەلقىمىزگە يەنە بىر پۇرسەت بېرىپ تۇرۇپتۇ. مىسالەن: شۆھرەت مىتالىپوۋ، ساھىبجامال دۆلەت، ئەركىن سىدىققا ئوخشاش سانى نەچچە يۈزدىن ئاشىدىغان ئالىملىرىمىز بۈگۈنكى كۈندە

دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىدىكى ئىلمىي ژۇرناللاردا ماقالىلەر ئېلان قىلىپ، قايتىدىن ئۇيغۇرنىڭ دۇنيا ئىلىم ـ پېنىگە تۆھپىسىنى قوشۇشنى باشلىۋەتتى، ھەم ياش ئالىملىرىمىزمۇ ئۇزۇلمەي چىقىۋاتىدۇ. دېمەك ھازىرقى كۈندە، قانداق قىلىپ ئۆزىمىزدىكى مول مەزمۇنلۇق رەڭگا ـ رەڭ مەدەنىيىتىمىزنى ئاساس قىلىپ، ئۇنى بېيىتىپ يېڭىچە قىياپەتتە باشقا مەدەنىيەتلەرگە خىرىس قىلىش، ھەم شۇ ئارقىلىق كىملىكىمىزنى ساقلاش مەسىلىلىرى دىققىتىمىزنىڭ ئەڭ مەركىزىدىن ئورۇن ئېلىشى كېرەكتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزگىنىشكىنى، ھەم ئۆزىمىزنىڭكىنىمۇ ياخشى ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

ھەدىستە "ئۆزىنى قۇتقۇزمىغان قەۋمنى ئاللاھمۇ قۇتقۇزمايدۇ" دېيىلگەنىكەن!... ... تىرىشچانلىق خاراكتېرىمىزگە ئايلانغۇسى!

پايدىلىنىلغان مەنبەلەر:


[1]http://www.plosone.org/article/info:doi/10.1371/journal.pone.0057754

[2]http://www.scs.uiuc.edu/~mcdonald/WorldHaplogroupsMaps.pdf

[3]http://www.hunnen.speyer.de/en/ausstellung.htm

[4] http://www.ncbi.nlm.nih.gov/pubmed/18355773

[5]ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن، >>قەدىمكى مەركىزى ئاسىيا ـ 100 >>بەت

http://en.wikipedia.org/wiki/Scythians، [6]http://www.allempires.com/

[7]The Horse, the Wheel, and Language: How Bronze-Age Riders from the Eurasian Steppes Shaped the Modern World by David W. Anthony

[8]ئىمىن تۇرسۇن، >>تارىمدىن تامچە>>


[9]دۇنيا جۇغراپىيەسى مەلۇم بىر سانى، http://www.nationalgeographic.com/

[10] James A. Millward، Eurasian Crossroads: A History of Xinjiang


[11]http://achinuq.blogbus.com/logs/63618518.html

رەسىم ۋە خەرىتىلەر:


1.دۇنيا ھاپلوگرۇپ (ئەجداد ئىزى گېن تىپلىرى) ئەھۋالى، ئۇيغۇرلارغا قارايدىغان بولساق، مۇتلەق ئۇستۇنلۇككە ئىگە گۇرۇپپا يوق، ئاق ئىرقتىكىلەرنىڭ نىسبىتى سەل يۇقۇرى




گېن تىپى سىلىشتۇرمىسى، قىزىل رەڭ خىتاي، قارا رەڭ ئافرىقىدىكى يورۇبالار، كۆك رەڭ ئۇيغۇرلار، كۆلرەڭ مەركىزى ياۋرۇپالىقلار. [4] مەنبەدىن




3 .خەرىتە، توخارلارنىڭ كۆچۈشى



رەسىم، ساكلارنىڭ پائالىيەت رايونى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1 ـئەسىرلەر. بۇ خەرىتىدە شەرقى چېگرىسى تازا توغرا بولمىغاندەك قىلىدۇ، ساك يادىكارلىقلىرىغا ئاساسلانغاندا شەرقى قىسمى ئالتاي تاغلىرى، جۇڭغار بويلىرىنى ھەم ئۆز ئىچىگە ئىلىش كېرەك




5 .يايلاق قەۋىملىرىنىڭ پادىشاھ ياكى قەھرىمانلىرىنىڭ قەبرىلىرى



6 .بازىرىكتىن (Pazyryk) تېپىلغان ساك قەبرىسى ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بۇيۇملار

[img=483, 640]http://farm9.staticflickr.com/8250/8611533468_4da730571


PREHISTORIC EUROPE · c.800 B.C.–A.D. 200

*Among the objects found in Barrow 5 were these swans (RIGHT), a felt wall hanging (BELOW RIGHT) and a carriage (BOTTOM), all shown here restored. The swans were made from felt cut-outs and are Chinese in style. They were originally attached to the top of the carriage, which was found dismantled in the tomb. The wall hanging shows a rider approaching a seated figure, thought by some to be a goddess. Her long robe and tight-fitting cap suggest Chinese influence.*

A nomadic people of the Asian steppes, the Scythi
driven westward in the eighth century B.C., some
in Armenia and others between the Caspian and A
Many moved into south Russia, occupying the lands no
Black Sea until they were eliminated by the Sarmatia
second century A.D. Scythian tribes also invaded eas
southeastern Europe in the fourth century B.C., and the
have been found from northern Germany to the Balk
An Indo-European people, speaking an Iranian la
the Scythians are known largely from their burials,
which are well preserved, and from the records of th
people with whom they came into contact. Evidence
Near East suggests they were a warlike people; and
Persian and Greek accounts describe a tribal and hie
society of mounted warriors headed by chieftains.
At Pazyryk in the Altai Mountains of Siberia,
tombs were accidentally sealed by a layer of ice shortly
burials were placed there in the fifth century B.C.; as a
the organic materials that would normally have deca
frozen and preserved. Among their contents were a c
though dismantled, wooden wagon; various objects
and wood, including equipment for horses and a music
ment; furs; textiles, notably carpets; embroidered
appliqué feltwork; and the tattooed bodies of the dead.
had come from China: since this was the period w
appears in the Mediterranean and central Europe, it is
that the Scythians acted as middlemen in this trade. Ce
many burials reveal, some Scythians were very weal
The Scythians developed their own distinctive art st
portraying highly stylized animals, such as the golden st
is the centerpiece of a shield found at Kostromskaya in
Russia. Here, as in other tombs in the region, there were
and bronze ornaments made either in the Greek citi
Black Sea coast, or by Greek craftsmen working di
Scythian chieftains. One of the most exquisite piec
Greek style, a quadruple golden torque, was foun
princely burial of the Tolstaia Mogila kurgan, farther
the lower Dnieper Valley.
Only in southern Russia, where the sedentary weste
ians lived, are there remains of permanent settlements,
large fortified site at Kamenskoye, north of the Black S
settlements are relatively rare, since these nomadic peo
reared cattle, sheep and horses, and sometimes also
traveled between pastures with the seasons, the men on
and the women and children in wagons. Their belong
portable and they journeyed with their homes – tents
with hangings, rugs and cushions – and cooked in gre
cauldrons.
The Scythians were famed horsemen, riding bar
small swift horses, armed with bows and arrows. T
historian Herodotus, who wrote a detailed account of t
ians, described their fierceness in battle and their c
scalping enemies. They also practiced guerrilla tactics,
the enemy and swiftly retreating, burning crops as th
drew. Both Persians and Greeks employed Scythian
mercenaries. Modern archaeology has confirmed some
dotus's description: in the Altai tombs, hemp has bee
together with implements for smoking it.

*Scythian craftsmen excelled in making gold jewellery, such as this pectoral, 12 inches wide. The top frieze shows Scythians engaged in everyday activities, such as making a shirt and milking a sheep. The bottom frieze depicts animals fighting each other.*

7_z.jpg

7 .ئۇكرائىنادىكى تولستايا موگىلا دىن تېپىلغان ساكلارغا مەنسۇپ بويۇنغا

ئىسۋالىدىغان زىننەت بۇيۇمى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 4-ئەسىرلەرگە تەۋە. يۇقۇرى قىسمىدا ئىنسان ھاياتى، تۆۋەن قىسمىدا ياۋايى ھايۋانلار تەسۋىرلەنگەن.



8. ساكلارغا ئائىت تاش بالباللار، مىلادىنىڭ ئالدى كەينىدىكى يىللارغا تەۋە.

رەسىمدىكىسى مۇڭغۇلكۆرەدە تېپىلغانلىرى




9 .ساك، توخارلارغا تەۋە بۇيۇملار چىققان جايلار، بۇنىڭدىن 3500 دە 3900 يىللار ئىلگىرى دەۋرلەر






*Figure 16.10* The Late Bronze Age cultures of the Eurasian steppes, 1900–1500 BCE.

10 .ھونلارنىڭ تەسىر دائىرسى، مىلادىدىن ئىلگىركى (?)2500 ـ يىللاردىن مىلادى

3 ـ (?)ئەسىرلەرگىچە




11 .هون تەڭرىقۇتى تاجىسى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 200 ـ300 ـيىللار






كۆك تۈركلەر تەسر دائىرسى، 6، 8 ـ ئەسىرلەر.

كۆكتۈركلەر 552 ـ 745 ، ئۇيغۇر ئورخون 745 ـ 840




ئۇيغۇر خانلىقلىرى،

قاراخانىيلار، ئىدىقۇت (قوچۇ، قاراخوجا دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، كەڭسۇ (ھازىرقى گەنسۇ دائىرىسى) 850 ـ 1250




Central Asia in the Middle Ages.
Adapted from A. Hermann, An Historical Atlas of China

ئورخون مەڭگۈ تاشلىرى، ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە تىكلەنگەن، 8 ـ ئەسىرلەر




يېڭدىن بايقالغان ئۇيغۇر شەھىرى، ئۇيغۇر ئورخون خانلىقىغا تەۋە بولۇشى مۇمكىن

## Ancient Uyghur Fortress on a Tuvan Lake to Turn into a Recreation and Tourist Centre

19 January 2007 | Views: 8284 | Comments: 0



An ancient Uigur Fortress (Por-Bazhyn) on a Tere-Khol lake in the eastern part of Tuva (near Kungurtuk village) can become a 'Russian Shaolin' as Sergei Shoigu, native Tuvan and currently Russian minister for Extraordinary Situations (second in popularity after President Putin Russian) put it in today's Rossiiskaya Gazeta daily. A research expedition to the ruined fortress of Por-Bazhyn will take place this summer with an archeological team numbering over 200 people. 'We shall build there a Russian Shaolin and invite everybody to come there. And our youth will come I am sure. They will learn philosophy, Tibetan medicine, horseracing, and oriental martial arts in there,' Shoigu says.

ئالمالىقن

ى مەركەز قىلغان چاغاتاي خاقانلىقى (1225 ـ 1687)




قىسقا داۋام قىلغان جۇڭغار خانلىقى، كۆك چىگرا ئىچىدىكىسى جۇڭغارلارنىڭ تەسىر دائىرىسى , 1750 -يىلى، بۇ جۇڭغارلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك مەزگىلى




1820 ـ يىلىدىكى مانجۇ ـ چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنى، بالقاش كۆلى ئاستىدىكى كەڭ زېمىنلارنى كېيىنچە تەڭسىز شەرتنامىلەر بىلەن چاررۇسىيەگە سىتۇەتكەن.




قاراخانىيلار ئىزلىرى، 12 ـ ئەسرگە تەۋە، ئۆزگەنج



# يىپەك يولىدىكى مەشھۇر ئۆتكەل ـ بەدەلئارت

خوجا نىياز (ئاقسۇ مائارىپ ئىنىستىتوتى دوتسېنتتى)

بەدەلئارت ـ ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى تەڭرى تاغ تىزمىلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 4264 مېتىر ئېگىزلىكتىكى بەدەل تاغ تىزمىلىرىغا جايلاشقان. ئۇ ئۇچتۇرپاندىن قىرغىزئىستانغا ئۆتۈشتىكى مۇھىم قاتناش ئۆتكىلى، ئۇنى ئەتراپىدىكى 5 ـ4 مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىكى تەڭرىتاغلىرىنىڭ چوققىسى ـ خانتەڭرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئادەتتىكى تاغ بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بەدەلتاغ ئېغىزىنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي يايلاق، يايلاقتا قاتمۇ ـ قات ئېگىز تاغلار، تاغلارنىڭ ئۈستى قار ـمۇزلار بىلەن قاپلانغان، تاغ ئەتراپلىرىنىڭ سۈيى، ئوت ـ چۆپلىرى مول، تۈرلى ـ تۈمەنخىل گۈل، ئوت ـ چۆپلەر بىلەن قاپلانغان، نەچچە ئونمىڭ تۇياق مال ـ چارۋىلار، ياۋا قۇش، ھايۋاناتلار تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە بىمالال يايلىيالايدىغان گۈزەل، چىمەنتاغ ـ ئۇچتۇرپاننىڭ شىمالى تاغ يايلىغىدۇر. بۇ ھەقتە ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»دا، «يېڭى تاڭنامە.جۇغراپىيە تەزكىرسى» دە ۋە باشقا ئەسەرلەردە بۇ قەدىمكى« يىپەك يولى »دىكى مەشھۇر ئۆتكەل ـ «بەدەلئارت » ھەققىدە توختالغان. بۇ ئادەتتىكى تاغ نېمە ئۈچۈن 2000 ـ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان قەدىمى كىتاپلاردا كۆپلەپ تىلغا ئېلىنىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگىنى، شەرق غەربتىكى ھەرقايسى ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مۇھىم قاتناش يولى، جايلاشقان ئورنىنىڭ ناھايىتى ئىستىراتىگىيىلىك مۇھىملىقىدىن بولغان. ئۇچتۇرپانىڭ شىمالى تەرىپى تەڭرى تاغ تىزمىلىرى ئارقىلىق قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن 150كىلومېتىر دائىرىدە چېگىرلىنىدۇ. بۇ ئارلىقتا ئۇچتۇرپاندىن قىرغىزىستانغا ئۆتۈشكە بولىدىغان يەتتە تاغ ئېغىز يولى بار. بىراق بۇ يوللارنى بەدەل تاغ ئېغىزى يولى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇ يوللار ئانچە قۇلايلىق ئەمەس، جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىمۇ مۇرەككەپ. بەدەلئارت يولى بىرقەدەر چوڭ يول بولۇپ، ئەتراپىدا سۇ، ئوت ـ چۆپ مول، قاتناشقا قۇلايلىق. شۇڭلاشقا، قەدىمدىن بۇيان شىنجاڭ خەلقى(بولۇپمۇ جەنۇبى شىنجاڭ خەلقى) ئوتتۇرا ئاسىيا خەلىقلىرى بىلەن 1950 ـ يىللارغا قەدەر مۇشۇ بەدەلئارت چىگرا ئېغىزى يولى بىلەن تۈرلۈك سودا قاتناش ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرى قىلىپ كەلگەن.

ئۈچ بالىق(ئۇچتۇرپان) مۇشۇ سودا كارۋانلىرى يولىدا شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرۇشتا، تۇرلۇك مەدەنىيەتنىڭ ئۆز ـ ئارا ئالماشتۇرۇلىشىدا ۋە مەدەنىيەت تارقىتىشتا مۇھىم كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان بولۇپلا قالماستىن، غايەت زور ئىقتىسادى قىممەت يارىتىشتىمۇ موھىم رول ئوينىغان. مەسىلەن، خەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەندىن باشلانغان يىپەك يۇلى خېشى كارىدورى، قاشتاش ئۆتكىلى، قۇم ـ ئاتادىن ئۆتۈپ، ئالدى قۇش خانلىقىنىڭ يارغۇلىدىن كىرورانغا، ئۇ جايدىن قارا شەھەر، چېدىر، كۇسەن، قۇم( ئاقسۇ)، ئۈچ ئارقىلىق بەدەلئارتىن ئۆتۈپ قىزىل قورغانغا، ئىسسىق كۆلگە، بالاساغۇن ، تالاس شەھەرلىرىدىن ئۆتۈپ، پەرغانە، كانگىيە( ھازىرقى سەمەرقەنت ئەتراپلىرى)، ئارشاك(ئىران)، ئىراق، ئاناتولىيە(ھازىرقى تۇركىيە تەۋەسدە)، ۋىزانتىيە (ئىستامبولنى پايتەخت قىلغان شەرقى رىم ئىمپىريىسى)، قاتارلىق ئەللەرگە باراتتى. بەزىدە يىپەك يۇلى ئۇچتىن كاشغەرگە، ئۇنىڭدىن ئەركەشتام ئارقىلىق پەرغانىگە بېرىپ يۇقارقى يولارغا قۇشۇلاتتى. دىمەك، مۇشۇ يوللار ئارقىلىق ئۆزۈلمەي ئۆتكەن سودا كارۋانلىرى جۇڭگو بىلەن غەرىپ ئەللىرى ئوتتۇرسىدىكى سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنى ئىنتايىن راۋاجلاندۇرغان. بۇ ھەقتە ئەسىرلەر شاھىدى بولغان بەدەلئارتىنىڭ قەدىمكى زاماندىكى يازما خاتىرلەردىن يېقىنقى زاماندىكى يازما خاتىرلەرگىچە ھەرخىل تىلدا، تۇرلۇك شەكىلدە، خىلمۇ ـ خىل تەرىپلىنىپ كېلىشى، يامانسۇ تاغلىردىكى قىيا تاش رەسىملىرى، ھەرخىل شەكىلدىكى بەلگىلەر (يېزىققا ئوخشاش)، بەدەلئارت قەلئەسى ۋە ئۇنىڭدىكى قەدىمكى تام رەسىملەر، يېقىنقى زاماندا ئېلىپ بېرىلغان ئارخىئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر (1956 ـ يىلى يۇسۇپ بەگ مۇخلىس باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىيى، ئارخىلوگىيە تەكشۇرۇش ئەترىتى خادىملىرى، 1984 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىئولوگىيە تەكشۇرۇش خادىملىرى تەكشۈرگەن)دە قولغا چۈشكەن ماددىي پاكىتلار(ئىران ساسانىلار سۇلالىسى ۋە كۇشان خانلىقىغا ئائىت تەڭگىلەرنىڭ تېپىلىشى)؛ ئۈچ (ئۇچتۇرپان) نىڭ غەربىگە جايلاشقان «ئويتال» دىگەن جايدىكى قەدىمكى زامانغا ئائىت قەبرە، مەشئەل قورغىنى(چوختا ـ تۇر)، قەدىمكى ئۆتۈڭلەرنىڭ خارابە ئىزلىرى ۋە خەلقىمىز ئىچىگە كەڭ تارقالغان تۆۋەندىكى تارىخى قوشاق بەدەلئارتىنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان چوڭ قاتناش يۇلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. مەسلەن
:

مېنىڭ ئېتىم موللابارات،
بەدەلئارتىن ئېتىڭنى تارت.

ئات ئاتاڭچە بولسمۇ،
قاق قۇزۇقنى باغلا يات.

شۇنمۇ ئېيتماي بولمايدىكى، يىپەك يولى تۆگىنىگە جايلاشقان شىنجاڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇنداق سودىنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور ئىدى، شەرق بىلەن غەربتىن كەلگەن سودىگەرلەر، ھەر بىر ئۆتەڭلەردە باج تۆلەشكە مەجبۇر ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۆزلىرى بۇ سودىدىن كۆپ پايدا ئالاتتى. بۇنداق كۆپ پايدىغا ۋە بۇ زېمىننىڭ باياشاتلىقىغا كۆزى قىزارغان خوشنا ئەللەر پۇرسەت تاپسىلا لەشكەر تارتىپ بۇ زېمىننى بېسىۋېلىشقا ئۇرۇنۇپمۇ كۆرەتتى. «خەننامە. جاڭ چيەننىڭ تەرجىمالى» دىن مەلۇم بولۇشىچە، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن ۋۇدى غەربىي يۇرتتىن ئىتتىپاقچى ئىزدەپ، ھونلارنى ئارىغا ئېلىپ قورشاپ يوقۇتۇش مەقسىدىدە يىتتىش ئۇچۇن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 138 ـ، 119 ـ يىللىرى جاڭ چيەننى غەربىي يۇرتتىكى تۇخرى (ياۋچى) ۋە ئۇيسۇن خانلىقىغا ئىككى قېتىم ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. جاڭ چيەن ھەمراھلىرى بىلەن بىر نەچچە مىڭ ئات، كالا، قويلارنى ھەيدەپ، ئالتۇن ـ كۈمۈش، سوغا ـ سالاملارنى ئېلىپ، چاڭئەندىن يولغا چىقىپ، ھازىرقى گەنسۇئۆلكىسى ئارقىلىق كۇچا، ئۇچ، بەدەلتاغ ئېغىزى ( 别达里 跋达岭 ) دىن ئۆتۈپ، ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى قىزىل قورغان (ھازىرقى ئىستاغ) غا بارغان. قىزىل قورغان بەدەل تاغ ئېغىزىدىن 50 چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ، ئۇجايىدىن پەرغانىگە ۋە كانگىيەگە بارغىلى بولاتتى. جاڭ چيەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قايتىشىدا تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى ياقىسنى بويلاپ كۆكئارت، كاشغەر، يەكەن، خوتەن، چارقىلىق ئارقىلىق ئۇز ئىلىگە قايتقان. ئۇلار غەربىي يۇرتتىكى 36 دۆلەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، تەبئىي مۇھىتى، ئىجتىمائىي ئىگىلىكى، سىياسى، ئىقتىسادىي تۈزۈمى، قاتنىاش يوللىرى، ھەربىي مەدەنىيەت ئەھۋالرى توغرىسدا ئۇچۇرقلىمىغا ئىگە بولغان①. غەربىي خەن ھۆكۈمىتىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتتا غەربىي رايۇننى ئىگىلىشى ئۇچۇن بىرىنچى قول ماتىرىيال ـ ئۇچۇرقلىما (ئاخپارات) بىلەن تەمىنلىگەن②. «تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت» ناملىق 12 توملۇق كىتاپنىڭ يازغۇچىسى، مەشھۇر بۇددا ئالىمي شۋەنزاڭ (602 ـ 664) مىلادى 627 ـ يىلى ھىندىستاندىن بۇددا نوملىرنى ئەكىلىش ئۇچۇن چاڭئەندىن غەربكە قاراپ يولغا چىققان. بۇ چاغدا شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا غەربىي تۈرۈك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ، شۋەنزاڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قارا قوچو (ئىدىقۇت) ، كىنگىت ( قارا شەھەر)، ئاق قوچو( كۇچا)، بالۇكا (قوم، يەنى ئاقسۇ)، ئۇچ قاتارلىق خانلىقلارنىڭ زېمىنىدىن ئۆتۈپ، بەدەل داۋاندىن

ئېشىپ ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىي ساھالىنى بويلاپ مېڭىپ، مىلادىنىڭ 628 ـ يىلى باھار ئايلىرىدا غەربىي تۈرۈك خانلىقىنىڭ پايتەختى توخماقتا يېتىپ بارغان، ھەمدە تۇرپان قوچۇ خانلىقى (مىلادى 460 ـ640) نىڭ ئۇلۇغ خاقانى كۈي ۋىنتاي، (623 ـ640) خانىشى ئاسىنا بىكەنىڭ ئۇلۇغ خاقان ـ تۇن يابغۇغا تۈرۈك تىلى، تۈرۈك يېزىقى بىلەن يازغان مەكتۇبىنى تاپشۇرغان. ئۇ بۇ يەردە غەربىي تۈرۈك خاقانى ـ تۇن ياپغۇ قاغانىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. تۇن يابغۇ قاغان تاڭ سىڭنى نۇرغۇن سوغا سالام، كىيىم ـ كېچەك، تەرجىمان قوشۇپ، بىر تۈرۈك بېگىنىڭ يول باشچىلىقىدا يولغا سالغان. ئۇلار يول يۈرۈپ ئافغانىستانغا كەلگەندە، تۇن يابغۇ قاغانىڭ چوڭ ئوغلى ئافغانىستان ۋالىسى تاردۇشاد بىلەن قەندۇز شەھرىدە كۆرۈشۈپ قىزغىن كۈتىۋېلىشقا مۇيەسسەر بولغان، ئاندىن پاكىستان ئارقىلىق ھىندىستاندىكى بۇددا سەنئەت مەركىزى ـ ئالاندا ئىبادەتخانىسىغا بارغان. ئۇ ھىندىستاندا 17يىل بۇددىزىم ئىلمى ئۆگەنگەن. تاڭ سىڭ ھىندىستاندىن قايتاشىدا تاڭ سۇلالىسى شەرقىي تۈرۈك خانلىقىنى يۇقاتقان (مىلادى 630 ـ يىلى)، ئەمدى غەربىي يۇرتنى ئىگەللەپ تۇرىۋاتقان غەربىي تۈرۈك خانلىقىنى قانداق يۇقۇتۇشنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىنى تۈزىۋاتقان، كۆرۈنۈشتە تۈرك خانلىغى بىلەن تىركىشىۋاتقان ھالەتتە تۇرىۋاتقان بولغاچقا، تاڭ شۆەنزاڭ مىلادى 645 ـ يىلى كۆكئارتتىن ئېشىپ كاشغەر، خوتەن، لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبىي ئارقىلىق چاڭەنگە قايتىپ كەلگەن.

دىمەك، تاڭ شۆەن زاڭمۇ غەربكە سەپىرىدە كۆك تۈرك خانلىغىدىكى مەشھۇر خەلقئارالىق قاتناش يولى ـ بەدەلئارت تاغ ئېغىز يولى بىلەن ماڭغان. «يېڭى تاڭنامە.جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا: «ئەنشى(كۇچا)دىن چىقىپ1000 چاقىرىم يول يۈرسە بەدەلتاغ ئېغىزى( 勃达岭) غا بارغىلى بۇلىدۇ، غەربكە 200 چاقىرىم يول يۈرسە كۆك ئارت(پامىر) غا بارغىلى بۇلىدۇ ....بەدەل تاغ ئېغىزىدىن شىمالغا مىڭ چاقىرىم ماڭسا سۈيئاپ شەھرىگە بارغىلى بۇلىدۇ، سۈياپ نىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە ئىسسىق كۆل بار، سۈياپ نىڭ غەربىي تەرىپىدە توقماق شەھرى بار» دىيىلگەن. كۆك تۈرك خانلىغى دەۋرىدە (مىلادى 552 ـ 745 ـ يىلىغىچە) ئۈچ (ئۇچتۇرپان) گۈللەنگەن شەھەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان. بەدەلئات يولى، يىپەك يولى ۋە سودا ئالاقە ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئوينىغان. فىئوداللىق مۇناسىۋەتلەر تەرەققىي قىلىپ، چوڭ يەر ئىگىلىرى، چارۋا ئىگىلىرى ، پاختا يىپ باپكارچىلىقى ، تۇقۇلما بۇيۇملار، كىگىز قۇيۇش، كىگىز ھارۋا ياساش، كىگىزدىن ھەرخىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى ياساش، قوي، كالا، ئات قاتارلىق ھەرخىل مال ـ چارۋا تېرىلىرىدىن تۈرلۈك كىيىم ـ كېچەك، ئاياق تەييارلاش بۇلۇپمۇ «كۆمۈر قېزىپ،

پولات تاۋلاپ ھەرخىل ئەسۋاپ، ئۇرۇش قورالىرى ياساش بىلەن داڭ چىقارغان تۈرۈكلەر»③، غەربىي يۇرتنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ گۈللىنىشى ۋە سودا ـ سانائىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، شەرق ـ غەربىپ قاتنىشىنىڭ راۋان بولۇشىغا ئاكتىپلىق بىلەن تۆھپە قوشقان. ۋىزانتىيە بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى سودىدا كۆپلەپ پايدا ئالغان ۋە يىپەك يولى خوجايىنلىق رولىنى جارى قىلدۇرغان.

مىلادى 715 ـ يىلى تۈرۈكلەردىن تۈركەش قەبىلىسىنىڭ چېۋىش ئۇرۇقىغا مەنسۇپ سۇلۇ قاغان تۈركەش قەبىلىرىنى قايتا ئۇيۇشتۇرۇپ 200 مىڭدىن ئارتۇق تۈركىي ئاھالىنى ئۇنىڭ بايرىقى ئاستىغا توپلىغان④. ھەممە سوياپ شەھىرىدە ئۆزىنى «قاغان» دەپ ئېلان قىلغان، شۇ يىلى لەشكەر تارتىپ تاشبالىق (ئۇچ) ۋە بارخان(ئاقسۇ) قاتارلىق جايلارنى ئۆز قول ئاستىغا كىرگۈزىۋالغان. 717 ـ يىلى 7 ـ ئايغا كەلگەندە سۇلۇق قاغان يەنە ئەرەب قوشۇنلىرى ۋە تىبەت قوشۇنلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، تاڭ سۇلالىسى كۈچلىرىگە قارشى تۇرۇپ، سۇياپ، كاشغەر،خوتەن، بارخان (ئاقسۇ) ، تاشبالىق (ئۇچ) قاتارلىق شەھەرلەرنى ⑤، 720 ـ يىلى كۇچانى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە ئېلىۋالغان. شۇ يىلى تاڭ سۇلالىسى ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى تاڭ جىياخۇي ئەل بولغان بىر قىسىم قارلۇق ۋە تۈرۈك قوشۇنلىرىنى باشلاپ، كۇچارغا تىگىش قىلىپ سۇلۇ قاغانى چېكىندۈرگەن ھەممە ئۇنىڭغا خانىكە جىن خېنى ياتلىق قىلغان⑥. بۇنىڭدىن قارىغاندىمۇ تۈركەش سۇلۇ (سۇرۇك ) قاغانىڭ ھەربىي يۈرۈشى ئۇچتىكى بەدەلئارت يۇلى بىلەن بولغان.

مىلادى 751 ـ يىلى تاڭ خانلىقىدىن دۇخەن دېگەن كىشى ئەنشى قورۇقچى بېگى ـ گاۋشەنجى باشچىلىقىدىكى تاڭ قوشۇنلىرىغا ئەگىشىپ، ئەرەب ئىستىلاچى قوشۇنلىرىغا قارشى قىرغىزستاندىكى تالاس دەرياسى بويىدا بولغان ئۇرۇشتا، گاۋشىيەنچى باشچىلىقىدىكى تاڭ قوشۇنلىرىنىڭ كۆپچىلىكى يېڭىلىپ، دوخەنمۇ ئەسىرگە چۈشكەن، 762 ـ يىل قويۇپ بېرىلگەن. دوخەن دېڭىز ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، «سەپەر خاتىرىسى»دېگەن كىتاپنى يازغان. ئۇنىڭدا :«بەدەلتاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ 1000 چاقىرىم يول يۈرسە، چۇ دەرياسىغا بارىدۇ، دەريانىڭ شەرقىدە ئىسسىق كۆل بار، شىمالىي تەرپىدە سۇياپ، تالاس شەھىرى بار» دەپ يازغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا گاۋشەنجىنىڭ ھەربىي يۈرۈشىمۇ بەدەلئارت داۋانى ئارقىلىق بولغان. تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن جادەن ( مىلادىنىڭ 785 ـ يىلدىن 805 ـ يىلغىچە ساياھەت قىلغان ) نىڭ « ئەتراپتىكى ياتلارنىڭ جۇڭگوغا كىرىش مۇساپىسى» دېگەن خاتىرىسىدە يول ئارقىلىق مۇنداق خاتىرلەنگەن :«ئەنشى(كۇچا)دىن چىقىپ غەرىپكە ماڭغاندا ئاق ئات دەرياسى ( كۇچادىن 60 چاقىرىم

يىراقلىقتا ) دىن ئۆتىمىز ، ئۇندىن غەربپكە 180چاقىرىم ماڭغاندا جۇپىلوچى 俱毗罗碛 ـ قىزىل ؟) غا بارىمىز. ئاندىن ئاچچىق قۇدۇقتىن ئۆتۈپ 120 چاقىرىم چاقىرىم يول ماڭغاندا جۇپىلوچېڭ(俱毗罗成 سايرام) غا بارىمىز، ئۇ يەردىن يەنە 60 چاقىرىم يول ماڭغانـدا ئاشىيەنچېڭ ( 阿 悉言成 باي) غا بارىمىز، ئۇيەردىن يەنە 600چاقىرىم يـول ماڭغانـدا بارخان بالىق (拔换城 يەنى قەدىمكى قۇم姑墨国 ـ ئاقسۇ بەگلىكى ) غا بارىمىز ، بۇ ۋېي رۇڭ قەلئەسى ( 威戎城 ) دەپمۇ ئاتىلىدۇ ، ئۇ قۇم ئايمىغى (姑墨洲) بۇلۇپ جەنۇبىي تەرىپى تارىم دەرياسى (监思浑河) غا يېقىن . غەربىي شىمالغا ماڭغاندا بارخان دەرياسى (拔换河) دىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە 120 چاقىرىم يول يۇرسە كىچىك تاشبالىق (小石 城) غا بارغىلى بۇلىدۇ. يەنە 20 چاقىرىم يۇل ماڭغاندا ئۈچ تەۋەسىدىكى قۇم ئېرىق (葫芦河 بەزى ماتىرىياللاردا توشقان دەرياسى دەپمۇ كۆرسىتىلگەن) دەرياسىغا بـارغىلى بۇلـىدۇ، ئۇنىڭدىن يەنە 60 چاقىرىم يول يۇرگەندە چوڭ تاشبالىق(大石城)قا بارغالى بۇلىدۇ، بۇ ئۈچ (乌赤) بۇلۇپ ئونسۇ ئايمىقى (温宿 洲) دەپمۇ ئاتىلىدۇ ، غەربىي شىمالغا 30 چاقىرىم ماڭغاندا سۇلۇ چوققىسى (هازىرقى قارتال مازىرى )غا بارغىلى بۇلىدۇ. يەنە 40 چاقىرىم يول يۇرگەندە بەدەلئارت (别达里) قا بارغىلى بۇلىدۇ. يەنە 50 چاقىرىم ماڭغاندا دون دوچېڭ (顿多城 ـ بەلكىم ئويسۇن خانلىقى دەۋرىدىكى قىزىل قورغان بۇلىشى مۇمكىن ـئاپتۇردىن ) غا بارىدۇ. بەدەلئارت بىلەن ئىسسىق كۆلنىڭ ئارلىقى 120چاقىرىم كېلىدۇ، بەدەل بىلەن سۇيىئاب (توقماق ) نىڭ ئارلىقى 490چاقىرىم كېلىدۇ »⑦ دەپ كۆرسىتىلگەن. يۇقارقى مەلۇماتلاردا كۆرسۇتۇلگەن كوچا بىلەن ئاقسۇ ، ئاقسۇ بىلەن ئۈچ(ئۇچتۇرپان) ، ئۇچتۇرپان بىلەن بەدەل، بەدەل بىلەن ئىسسىقكۆل ۋە سۇياپ ئارلىقى ئوتتۇرسىدىكى سانلىق مەلۇماتلارنى هازىرقى ئەمەلىي ئارلىقلاردىكى سانلىق مەلۇماتلارغا سېلىشتۇرغاندا، گەرچە ئازراق پەرىق كۇرۇلسىمۇ(ئېهتىمال يول ئوتتۇرسىدىكى بەزى ئۆتەڭ ـ قۇنالغۇ چۇشۇپ قالغان بۇلۇشى، يول ـمەنزىللەر ئەسلىدىكى ئورنى دىـن يـۆتكەلگەن ـئۆزگەرگەن بۇلۇشـى مـۇمكىن ـ ئاپتۇردىن ) هازىرقى ئەمەلىي ئارلىق سانى بىلەن يېقىنلىشىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بەدەل تاغ ئېغىزى يۇلى شەرىق بىلەن غەرپ، يەنى جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋرۇپا ئەللىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان ناهايىتى چوڭ قاتناش يۇلى بولغانلىقى ناهايىتى ئېنىق.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى (مىلادىيە 605 ـ 846) دە ئادالەت قۇچقان قاغـان (保义可汗) غەربىي يۇرتقا قاراتقان هۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۇچۇن بېشبالىقتا 10 مىڭ كىشلىك ئاتلىق قۇشۇن، كۇچادا 10 مىڭ كىشلىك ئاتلىق قۇشـۇن، بارسـغان ۋە بالاساغۇندا 20 مىڭ كىشلىك ئاتلىق قۇشۇن تۇرغۇزغان» ⑧غەربىي يۇرتنى قوغداپ، يېپەك

يۇلى ۋە سودىسنى گۈلەندۇرۇشكە كاپالەتلىك قىلغان .

كۆك تۈرك خانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئورۇن باسارى-قارخانىيلار سۇلالىسى (مىلادى 850-يىلىدىن1212 - يىلغىچە ) 10-ئەسىردىن باشلاپ ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي هايات ساھەلىرىنىڭ ھەممىسدە گۈللىنىش باسقۇچقىغا كىرگەن، بۇلۇپمۇ مەشھۇر«يىپەك يۇلى» ئوتتۇرا لىنىيىسىنىڭ قەشقەر شەھرىنى، شىمالىي لىنىيىسىنىڭ بالا ساغۇن بىلەن بارسخان، ئۈچ شەھەرلىرىنى قاتناش تۈگۈنلىرى قىلغانلىقى، شۇنۇڭدەك ئوتتۇرا شەرىق ۋە ياۋرۇپا بىلەن شەرقى ئاسىيانى بىر-بىرىگە باغلايدىغان قۇرۇقلۇق يولىنىڭ قارخانىيلار سۇلالىسى زېمىنىدىن ئۆتكەنلىكى، قارخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتلەردىن راۋاجلىنىشىغا قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەن. قارخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئۈچ شەھرى زور گۈللىنىشلەرگە ئىگە بولغان، بازارلار ئاۋاتلىشىپ تۈرلۈك سودا سارايلار، مېھمانخانىلار، كارۋان سارايلار قۇرۇلۇپ شەھەر سودىسى راۋاجلىنىپ يىپەك يۇلىدىكى مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ بىرگە ئايلانغان. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ باشكەنتى-ئوردۇ كەنت-كاشغەردىن، يازلىق پايتەخت بالاساغۇنغا بېرىشتىكى تۈرلىك ئالاقىلەرمۇ ئۈچ ئوردۇ خانى⑨ نىڭ قۇشۇلىشى ئارقىلىق بەدەل ئارت تاغ ئېغىزى يۇلى ئارقىلىق بولغان. ئالىمىمىز مەھمۇد كاشغەرى بۇ توغۇرلۇق:«تۈركى تىللار دىۋانى » ئەسىردە :«ئۈچ مەشھۇر بىر شەھەرنىڭ نامى » ، «توشقان دەرياسى ئۈچ شەھەرگە ئاقىدىغان بىر دەريانىڭ نامى» ، «بەدەلئارت-ئۈچ بىلەن بارسغان ئوتتۇرسىدىكى داۋان » دەپ ناھايتى ئۇچۇق كۆرسەتكەن.

غەربىي قارا قىتان خانلىقى، مۇڭغۇل، چاغاتاي، يەەن سۇلالىسى دەۋرىلىرىدە شۇنداقلا يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىمۇ (مىلادى1514-1678-يىللارغىچە ) بەدەلئارت تاغ ئېغىزى داۋاملىق مۇھىم سودا-قاتناش يۇلى ، ھەربىي لەشكەرلەر ئۇياقتىن بۇياققا ئۇتۇپ تۇردىغان يول ئىدى. چۈنكى ئۇچتىكى بەدەلئارت يولىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىياغا، شەرىقتە كۇچاغا، غەرىپتە قەشقەرگە، شىمال تەرەپكە ماگسا ئىلىغا، شەرىقى جەنۇپقا ماگسا غوروچۆل ئارقىلىق، يەكەن، خوتەنلەرگە بارغىلى بۇلاتتى. ئۈچ بالىق ۋە بەدەلئارت دەل يىپەك يۇلى ئوتتۇرسىدىكى مەركىزى بىكەت ئىدى.

1867-يىلى يازدا قەشقەرىيە سۇلتانى-بەدۆلەت ياقۇپ بەگ ئۇچتۇرپان شەھىرىنى قايتا كېڭەيتىپ قۇرۇپ، شەھەر سېپىللىرىنى ئۇزارتىپ، تاغ ئۇستىگە قاراۋۇلخانىلارنى ياسىتىپ، يوللارنى تۇتاشتۇرۇپ خېلى مۇستەھكەم بىر قورغانلىق شەھىرىنى بەرپا قىلغان، بەدەلئارىت قورغىنىغا ئەسكەرلەر تۇرغۇزغان. كېيىن چار پادىشاھ سودىگەرلىرى بىلەن

چەكلىك سودا ئالاقە ئىشلىرى ئېلىپ بارغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ روسىيەگە ئەلچە قىلىپ بەلگىلەنگەن خان مۇپەتتىشى زېڭ جىزى(قوشۇمچە ئەنگلىيە فىرانسىيەدە تۇرۇشلۇق ئەلچى ئىدى) لوندوندىن ئەنگلىيەگە بېرىپ، 1881 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 24 ـكۈنى «جوڭگو ـ روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» ۋە «قايتا تۈزۈلگەن قورۇقلۇق يولى سودا نىزامنامىسى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە شەرتنامىلىرى ئىمزالىغان. شەرتنامىدە:«روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ موڭغۇلىيە، شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى سودىسىدا ۋاقتىنچە باج تاپشۇرماسلىق، روسىيە سودىگەرلىرنىڭ موڭغۇلىيە، شىنجاڭ چېگرىلىرىدىكى 35 قاراۋۇلخانىدىن كىرىپ چىقىشىغا رۇخسەت قىلىش» ⑩ دېگەنلەر بەلگىلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن روسىيە سودىدا ئۈمەك تەركىۋىدىكى قازاق، قىرغىز، تاتار سودىگەرلىرى ئۇچتۇرپانغا كىلىپ سودا قىلىشقا باشلىغان. شەرتنامە بۇيىچە«بەدەل ئېغىزى» ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ سودا سېتىق ئىشلىرىدا پايدىلىنىش ئۈچۈن ئېچىۋېتىلگەن.

1915 ـ يىلى5 ـئاينىڭ 14 ـكۈنى رۇسىيە سودىگەرلىرى «بەدەلئارت ئېغىزى»دىن ئۆتۈپ ئۇچتۇرپانغا كېلىپ سودا قىلغان. 1917 ـ يىلى رۇسىيەدە ئوكتەبىر ئىنقىلابى پارتلىغان مەزگىللەردە بولشىۋىكلارنىڭ تەسىرىدىن ئەنسىرىگەن بىر قىسىم قىرغىزلار بەدەل ئارتتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۇچتۇرپان، ئاقچى تەۋەلىرىگە قېچىپ چىققان. 1921 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ـ شىنجاڭ سودا شىركىتى ئاقسۇدا ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرغان، ئۇلار يەرلىك سودىگەرلەرئارقىلىق، ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتلار، كالا ـ قوي، ئات تېرىلىرى، يۇڭ، ئۈچەي، رەۋەن قاتارلىقلارنى ئۇچتۇرپان بەدەل چېگرا ئېغىزىغا توشۇپ كېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىكەر، گەزمال، ھاراق، تاماكا، سەرەڭگە، سىر، ئەينەك، ئاق قاڭالتىر، تۆمۈر ھەرە، چىراق، ئۇرۇس مىقى قاتارلىق بۇيۇملىرىغا ئالماشتۇرغان. 1933 ـ يىلى 4 ـئايدا كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى يول باشچىسى تۆمۈر ئېلى قوزغىلاڭ قىلىپ ئۇچتۇر پانغا كەلگەندە، خوجا نىيازھاجى، مۇسۇل مۇھىتى، ھەمدۇللا ئاخۇن قاتارلىقلارنى بەدەل چېگرا ئېغىزىغا ئېۋەرتىپ خەلقتىن تويلىغان مال ـ چارۋىلارغا قورال سېتىۋالغان، 4 ـ ،5 ـ ئايلاردا سوۋېت ئىتتىپاقى ـ شىنجاڭ ئىككى تەرەپ سودىسىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ «ئۇچتۇرپان چېگرا تاموژنا باج ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى» باشلىقى ـ ئوسمان ھاجى ، ھاشىم ئاقساقال(ئابدىكېرىم ئابباسوپنىڭ دادىسى)، ئېلى ئەھمىدى، ياقۇپ سەئىد (سەنمۇ) قاتارلىقلار تاشقى سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. تاشقى سودا ئىشلىرى تارمىقىدا بۇ ئىشقا كېرەكلىك خادىملارنى تەربىيەلەش ئۈچۈن ئۇلار«سۇتۇق بۇغراخان مەكتىۋى»نى ئاچقان.

1933 ـ يىلى10 ـ ئايلاردا باي شىجاڭ ئاقسۇنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن خوجا نىياز ھاجىنىڭ

بۆيۈك ئىشلىرى ئۈچۈن 80 مىلڭ تۈياق قوي ئىئانە تويلاپ، ئۈچتۇرپانلىق باي ھاشىم ئاقساقال ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى مۇھەممەد بايغا تاپشۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مالغا قورال ئالماشتۇرغان⑪

1935 ـ يىلى ئۈچتۇرپان بەدەل ئارت ئېغىزى تاشقى سودا ئىشلىرى ناھايىتى گۈللەنگەن، سوۋېت ئىتتىپاقى سودىگەرلىرى بەدەل ئارت تاغ ئېغىزى ئارقىلىق ئۈچتۇرپاندا تۇرلۇك سودا شىركەتلىرىنى داۋاملىق كۆپەيتكەن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن سودىگەرلەر ئۈچتۇرپانغا توپلانغان بولۇپ. شۇ چاغدا ئۈچتۇرپان شەھرىدە 38 ئۇرۇندا تۇرلۇك سودا شىركەتلىرى ۋە سودا ئۇرۇنلىرى قۇرۇلغان. ئۈچتۇرپاندا مەدەنىي ھايات جانلىنىشقا باشلىغان . 1937 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنتتە بېسىلغان پۈتۈن كۈنلۈك باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۈچۈن تەييارلانغان ئانا تىلى، ھېساپ، ئوقۇش كىتاۋى، جۇغراپىيە، تارىخ، تەبىئەت، بوتانىكا، زوئولوگىيە، ئاناتومىيە قاتارلىق دەرسلىك كىتاپلار ۋە ماركىس، ئېنگىلىس، لېنىن ئەسەرلىرى، شۇ قاتاردىكى سىياسىي كىتاپلار ئۇيغۇر سودا كارۋانلىرى ئارقىلىق تۇشۇپ كېلىنىپ مەكتەپلەر گە تارقىتىلغان، دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلگەن. بەدەل ئارت ئېغىزى مەدەنىيەت تارقىتىش يولى بولۇپ قالغان. رۇس ۋە تاتار قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئىلغارمەدەنىيىتى، سانائەت مەھسۇلاتلىرى؛ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى، قول چىراق، ۋېلىسپىت، سۇرەتكە تارتىش ئاپپاراتى، كىيىم تىكىش ماشىنىسى قاتارلىقلار بەدەل يولى ئارقىلىق كەلتۈرۈلگەن. 1939 ـ يىلىي ئۈچتۇرپان خەلقى تۇنجى قېتىم سوۋېتتىن كەلتۈرۈلگەن كىنو كۆرگەن. 1940 ـ يىلى3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى شىنجاڭ ـ سوۋېت ئىتتىپاقى دىسودا ئالاقىسىنىڭ تېخىمۇ ياشنىشى ئۈچۈن، ئۈچتۇرپان خەلقى ھەركەتكە كەلتۈرۈلۈپ، ئۈچتۇرپان سوۋېت ئىتتىپاقى قارا كۆل خەلقئارا تاشيولىنى ياساش ( ئۈچتۇرپاندىن بەدەل ئارتقىچە، بەدەلئارتتىن قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى قارا كۆل شەھرىگىچە بولغان تەخمىنەن 300 كىلومېتىر) قۇرلۇشى ئېلىپ بېرىلغان. بۇجاپالىق ئەمگەك 1944 ـ يىلغىچە داۋاملاشقان. نەچچە يۈزلىگەن ئادەم ئېغىر ئەمگەك، ئاچارچىلىق، جۇدۇن، تاياق زەربىسى، پىشتىلاش، قېچىشتا تاغ قاپتاللىرىدامۇكۈنۈپ ئۆلگەن.

1950 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيەسى 1 ـ بىڭتۇەن 2 ـ جۇن پىيادىلەر 5 ـ شى پارتكومى ئۈچتۇرپانغا يېتىپ كېلىپ خەلق ھاكىمىيىتىنى قولغا ئالغان. ئۈچتۇرپان چېگراسىنى قوغداش ئۈچۈن ئەسكەرلەر ئاجرىتىلغان. 4 ـ ئايدا يېڭىئاۋات يېزىسىدا يېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيىسى (4 农一师) ـ تۇەنى قۇرۇلغان، ھەمدە بەدەلئارت يولىمۇ شۇ

چاغدىكى سىياسى ۋەزىيەتتە تاقالغان. 1966 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى1 مىليون 460 مىڭ يۈەن پۇل ئاجىرتىپ دۆلەت مۇداپىيە يولى , يەنى يامانسۇدىن بەدەلئارتقىچە بولغان يولنى تۈزەشتۈرۈپ ياسىغان. 1967 ـ يىلى قاتناش باشلىغان .

1993 ـ يىلدىن باشلاپ بۇ قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مەشھۇر ئۆتكەل ـ خەلقئارالىق قاتناش يولى بەدەلئارت ئېغىزىنى ئېچىش خىزمىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكىمىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ جىددىي ئىشلەنگەن، ئىككى تەرەپ (شىنجاڭ ئاقسۇ بىلەن قىرغىزىستان) سودىدا گۈللىنىش، ئىلىم ـ پەن تېخنىكا ئالماشتۇرۇشقا كىلىشكەن. 2000 يىلدىن باشلاپ ۋىلايەت رەھبەرلىرى قىرغىستانغا چىقىپ قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈش يول ئورنىنى بېكىتىش، كېتىدىغان راسخوت قاتارلىق مەسىلەر ئۈستىدە كېڭەشكەن. 2003 ـ يىلى ئۇچتۇرپان زىندان دەرياسىنى بويلاپ ماڭىدىغان زىندان تاغ چىگرا ئېغىزى (بۇنى يېڭىئارت مەھەللىسى نامى بىلەن يېڭىئارت چېگرا ئېغىزى دەپ ئاتاشمۇ ئوتتۇرغا قويۇلغان ) نى ئېچىش توغرىسدا دەسلەپكى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ كىلىشكەن(بۇ يولنىڭ قارا قول شەھرىدىن ئېنگىېلچەككە بولغان ئارلىقى 145 كىلومېتىر بولۇپ، يولى راۋان، پەقەت زىندان تاغ ئېغىزىدىن باشلاپ تۇمشۇق، ئاقسۇ شەھرىگىچە بولغان تۈز ئارىلىقى 90 كىلو مېتىر، يولنى ياسىسا ياكى زىندان تاغ ئېغىزىدىن ئۇچتۇرپان شەھرىگىچە بولغان تەخمىنەن 30 كىلو مېتېر يولنى ياسىسا بولاتتى). لېكىن «زىندان چىگرا ئېغىزى» «بەدەل چىگرا ئېغىزى » غا قارىغاندا 4 پەسىلدە داۋاملىق قاتناش ئېلىپ بېرىشقا قولايسىز، يوللىرى بەك خەتەرلىك، تىك تاغلار كۆپ، يول يېنىدا چوڭقۇر زىندان دەرياسى ئاقىدىغان بولغاچقا، بۇنىڭغا كېتىدىغان راسخوت مەسىلىسى قاتارلىق سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن بۇ يول تۇختىلغان (ئەمما قىرغىزىستان تەرەپكە نىسپەتەن زىندان چىگرا ئېغىزى ، دەل قىرغىزىستان تەرەپنىڭ پويىز، ۋوگزال، ئايرۇپورت،جايلاشقان ئېنگىېلچەك(engelchek )شەھىرىگە ئۇدۇل كەلگەچكە، چىقىم كۆپ كەتمەيتى ). 2004 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى«جەنۇبىي شىنجاڭ ساياھەت بايرىمى» مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەردە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى خۇچاڭئەن قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ 1 ـ مۇئاۋىن زۇڭلىسى جۇمالىيوف. كۇبانچىبېك بىلەن كۆرۈشكەن، « ئىككى تەرەپ بەدەل ئارت چېگرا ئېغىزى يولىنى ياساش مەسىلىسىنى كېڭەشكەن. جۇمالىيوف.كۇبانىچبېك ئالدى بىلەن مەبلەغنى ھەل قىلىش كېرەك. سىلەر تەرەپتە ئەمەلىي كۈچكە ئىگە گورۇھ شىركەتلەر مەبلەغ سېلىپ قۇرلۇش قىلسا، ھەق ئېلىش ئارقىلىق تۆلۇۋقلىسا بېرىمىز. ئىسسىقكۆل ئوبلاستى مول كان بايلىقلىرىغا ئىگە، ئەگەر جۇڭگو تەرەپ قىرغىزىستانغا مەبلەغ سېلىشنى خالىسا بۇنى كېلىشسەك بولىدۇ»⑫ دېگەن. شۇندىن

بۇيان بۆيولنى ئېچىش، ئىككى تەرەپ پەن ـ تېخنىكا ئالماشتۇرۇش، سودا، ساياھەت ئىشلىرىنى يولغا قويۇش، ئىككى تەرەپ مەنپەئەتتار بولۇش قاتارلىق ئىشلار بۇ قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا. بۇ يول ھازىر يامانسۇ يېزىسىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى كۆجۆم مەھەللىلىرىنى ئارىلاپ غەربىي شىمال تەرەپكە ئەگىلىپ، كېيىن غىلك سايىغا چىقىپ ئاندىن خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن تاغ ئارىسىغا كىرىپ چېگرىغا بارىدۇ.. ئوتتېشى يېزىسىدىن بەدەلگىچە بولغان چېگرا مۇداپىئە تاشيولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 74 كىلومېتىر كېلىدۇ. يامانسۇ يېزىسىنىڭ كۆجۆم مەھەللىرى ئاخىرلاشقىچە قارىماي ياتقۇزۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ نېرىسى پۈتۈنلەي شېغىللىق يول. ئەسىرلەر مابەينىدە دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگىچە تىنىمسىز قاتناپ تۇرغان كارۋانلارنىڭ تۆگىسىنىڭ قوڭغۇراق ساداسى ئىزچىل جاراڭلاپ تۇرغان، ئەمدىلىكتە كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرلۈپ كەتكىلىۋاتقان بۇ يول يېقىن كەلگۈسىدە يەنە تارىختىكى شۆھرىتىگە لايىق خەلقئارا تاشيولغا ئايلىنىپ قالغۇسى.

ئىزاھات:

① «شىنجاڭ يەرلىك تارىخى» شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتى 2002 ـ يىلى 8 ـ باسمىسى ئۇيغۇرچە 39 ـ بەتكە قاراڭ

② فاڭ يىڭ كەي:«شىنجاڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش تارىخى» (بىڭ تۈەن پارتىيە مەكتىۋى ۋەمائارىپ ئىنىستىتوتى ئۈچۈن دەرىسلىك) 1992 ـ يىلى خەنچە نەشرى1 ـقىسىم41 ـ بەتكە قاراڭ.

③ «سۈينامە».15 ـ جىلد، «جاڭ سۈن شېلڭ ھەققىدە قىسسە»

④، ⑥ زېڭ ۋېنۇۋ :« جۇڭگونىڭ غەربىي رايۇننى باشقۇرۇش تارىخى» خەنچە 129 ـ 130، ـ بەتكە قاراڭ.

⑤ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىساسىدىق:«شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» 1991 ـ يىلى بېيجىڭ، ئۇيغۇرچە نەشرى، 440 ـ بەتكە قاراڭ

⑦ «يېڭى تاڭنامە.جۇغراپىيە تەزكىرىسى» ،2 ـ كىتاپ، جۇڭخۇا كىتاپچىلىق ئىدارىسى خەنچە،1149 ـ بەتكە ۋە «جۇڭگو ئىسلام تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار » ، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى،1982 ـ يىل خەنچە نەشرى، 4 ـ بەتكە قاراڭ.

⑧ چىيەن بوچۈەن :« شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى » ، 1999 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 223 ـ بەتكە ۋە تەمىم ئىبنى بەھرىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھىتنامىسىغا قاراڭ.

⑨ يۈسۈپ خاس ھاجىپ:«قۇتادغۇ بىلىگ» 1984 يىلى، بېيجىڭ، «مىللەتلەر

نەشرىياتى» ئۇيغۇرچە نەشرى،788 ـ ،789 ـ بەتلەردىكى 3815 ـ غەزەلدە: «نېمە دەر ئىشىتكىن ئۈچ ئوردۇ خانى، ئۇنىڭ ئەلگە مەشھۇر دۇرۇس سۆزىنى»دەيدۇ.

⑩ «شىنجاڭ يەرلىك تارىخى» ئۇيغۇرچە، 2001 ـ يىلى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى7 ـ قېتىملىق نەشرى 409 ـ 410 ـ بەتكە قاراڭ.

⑪ «شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى» 12 ـ قىسىم ئۇيغۇرچە 124 ـ ،125 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

⑫ «ئاقسۇگېزىتى» 2004 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈندىكى سانى 1 ـ بەتكە قاراڭ .

# بالقاندىكى تۈركى خەلقلەر

## خوجا نىياز يوللۇغ تېكىن

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدا مىللەتشۇناسلىق نوقتىسىدىن بالقان تەۋەسىدىكى تۈركى خەلقلەر، ئۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى، قىسقىچە تارىخى تەرەققىيات جەريانى، ھازىرى ئەھۋالى، تىل ـ يېزىقى، ئوقۇتۇش، دىنىي ئېتىقادى، قاتارلىق ئەھۋاللار يورۇتۇپ بېرىلىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆز: بالقان تەۋەسى تۈركى خەلقلەر ھازىرقى ئەھۋالى

قەدىمكى تارىخى ماتېرىياللاردا تۈرك قەۋىملىرىنىڭ بالقانغا ئەڭ دەسلەپ يەرلىشىشى مىلادى 300 ـ يىللاردىن ئېتىۋارەن باشلانغان. يەنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن غەربكە سۈرۈلگەن تۈرك قەۋىملىرى ھازار دېڭىزى ـ قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي تەرەپلىرى ئارقىلىق بالقان بۆلگە (رايون) غا يەرلەشكەن. بۇلار ئوگۇر(kutrugur، utrugur، ogur) لار، بۇلغار، پېچەنەك، ئوغۇزلار، كۇمانلار (قىپچاقلار) قاتارلىق تۈرك قەبىلىلىرىدۇر. كېيىنچە بۇ تۈرك قەۋملىرىنىڭ بىر بۆلۈگى ئۆز ئېتىقاتىنى ئۆزگەرتىپ، باشقىلارنىڭ دىنى ـخىرىستىيان (دىنى،تىل ـيېزىقى ...) نى قوبۇل قىلغاچقا، ئۆز ئەسلىنى يوقۇتۇپ سىلاۋيانلاشقان. ئۇلار يەرلەشمىگەنلىكى، بىر ـ بىرى بىلەن ئۇيۇشمىغانلىقى، مۇستەكەم، ئىتتىپاقلاشقان تەشكىلى ـئورگىنى قۇرۇپ چىقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بۆلگە(رايون)دىكى ۋىزانتىس، سلاۋ، لاتىن قاتارلىقلارنىڭ ئىدىئولوگىيە چەمبىرىگى قورشاۋىدا بىر ـ بىرلەپ ئۆز مىللىي كىملىكلىگىنى يوقاتقان.

بالقانغا كەلگەن ئىككىنچى تۈرك توپى بولسا ئوتتۇرا ئاسىيادىن كېلىپ ئانادولۇغا يەرلەشكەن ئوغۇز تۈركلىرىدۇر. ئۇلار، ئوسمان تۈرك بەگلىگى زامانىدا يەنى 1263 ـيىلى چاناق قەلئە بوغىزىدىن ئۆتۈپ جەنۇپتىن بالقانغا كىرگەن. 1526 ـ يىلى قازانغان موغاچ غەلبىسى بىلەن بالقاندا مۇتلەق تۈرك مۇستەقىللىقى دەۋرىنى باشلىغان. ھازىرقى كۈندە بالقاندا 11 مىليون 734 مىڭ مۇسۇلمان(سۈننىي، ھەنىفى) بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغانلار 6 مىليون352 مىڭ كىشىدۇر(1981 ـ يىلى).

## 1. رومانىيەدىكى تۈركى خەلقلەر

رومانىيە بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالى قىسمىغا جايلاشقان، شەرىقى تەرىپى قارا دېڭىزغا تۇتۇشىدۇ، مەركىزى بۇگۇرېست شەھرى. يەر كولۇمى237 مىڭ 500 كۋادرات كىلومېتىر، 2007 ـ يىلدىكى نوپۇسى 22 مىليون 276مىڭ 56 نەپەر كىشى.

رومانىيە جوغراپىيىسىدە تۈركىي خەلقلەرمىڭ بارلىقى ناھايىتى قەدىمكى دەۋىرلەرگە بېرىپ تاقىلىدۇ. قەدىمكى تۈركى قەۋىملىرى بولغان ھۇنلار، ئوگۇرلار، ئاۋارلار، پېچېنەكلەر، قىپچاقلار ۋە كېيىنكى بىر چوڭ تۈرك قەبىلىلىرى قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىن كېلىپ رومانىيەگە يەرلەشكەن. 13 ـ 14 ـ ئەسىرلەردە ئالتۇن ئوردا ۋە كېيىنكى كۈنلەردە ئوسمان تۈرك ئىمپېراتورلىغى ھاكىمىيتى دەۋرىدە كۆپلىگەن تۈركى خەلقلەر بۇ بۆلگەگە كېلىپ يەرلەشكەن، 500يىلغا يېقىن ھاكىمىيەت سۈرگەن ئوسمان تۈرك دەۋرىدە ئىسلام دىنى ۋە تۈرك تىلى رومانىيەگە كەڭ تارقالغان. 1877 ـ 1878 يىلدىكى ئوسمان تۈركلىرى بىلەن چار رۇسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش، بېرلىن شەر تنامىسىنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن ئاخىرلىشىپ، رومانىيە، ئوسمان تۈرك ئىمپىراتورلىقىدىن قۇتۇلۇپ ئىگىمەن (مۇستەقىل) بولغان. بۇنىڭ بىلەن رومانىيەدە ياشايدىغان تۈركلەر بۇ ۋەتەندىن كۆچۈشكە باشلىغان.

<<ھازىر رومانىيەدىكى تۈركلەرنىڭ نوپۇسى 95 مىڭ بولۇپ ئۇلار تۇنا دەرياسى بىلەن قارا دېڭىز ئوتتۇرىسىدا قالغان دوبرۇجا بۆلگەسىدە كۆپساندا ياشىماقتا>>1. <<بەزى مەنبەلەردە 1981 ـ يىلى 320مىڭ كىشى تۈركچە سۆزلىشىدۇ >> دېيىلگەن. 2. رومانىيەدە تۈركى خەلقلەر تۈركىيە تۈركلىرى، قىرىم تۈركلىرى (تاتار)، نوغايلار بىلەن گاگائۇز تۈركلىرى بولۇپ،ئۇلار رومانىيەنىڭ ئەڭ چوڭ پورت شەھرى كونىستانتا ئەتراپلىرىغا تارقالغان.ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلىدا ياكى رومان تىللىرىدا سۆزلىشىدۇ، ئۇلار رومانىيەلىكلەر، ۋە ئانادولۇدىن كەلگەن تۈركلەر بىلەن تۈرلۈك بېرىش ـ كېلىشلەر مۇناسىۋېتىدە ياشىماقتا. رومانىيەدە 70 نەچچە مەسچىت ۋە ئىسلام مەركەزلىرى بار. رومان تىلىدا كوپلىگەن تۈركچە سۆزلەر بار.

## 2. بۇلغارىستاندىكى تۈركى خەلقلەر

بولغارىستان بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقى شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان، شەرقى تەرىپى قارا دېڭىزغا تۇتىشىدۇ، مەركىزى سوفىيە شەھىرى. يەر كۆلۈمى (111 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر) نوپۇسى 8 مىليون900 مىڭ.

بۇلغارىستاندا تۈركلەرنىڭ بارلىقى ناھايىتى قەدىمكى تارىخقا بېرىپ تاقىلىدۇ. مىلادى 5 ـ ،7 ـ ئەسىرلەردە قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىن تۇر لۇك سەۋەپلەر بىلەن بالقان يېرىم ئارىلىغا كەلگەن تۈنا بولغارلىرى، ئەسلىدە تۈركچە سۆز لىشەتتى؛<<بولغار>> ئاتالمىسى ئەسلىدە 5 ـ ئەسىرنىڭ 2 ـ يېرىمىدا كۆرۈلگەن يەنى مىلادى 482 ـ يىلى ۋىزانىس ئىمپېراتورى زېنوننىڭ شەرقى گوتلارغا قارشى ئۇرۇشقا ئەسكىرىي ياردەم تەلەپ قىلىش مۇراجىتىدە قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىكى قەبىلە ـ تويلۇق ئىسمى بۇلۇپ ئوتتۇرغا چىققان .3 ياۋرۇپا ھون ھۆكۈمرانى ئاتتىلا مىلادى 453 ـ يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھونلار ئاجىزلىششقا قاراپ ماڭغان. ئاتىللانىڭ ئوغلى دېڭىزخان 469 ـ يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھونلار بىرقانچىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن، بۇنىڭ كىچىك قېرىندىشى ئىرنەك باشچىلىقىدا ھونلار ئوتتۇرا ياۋرۇپانى تاشلاپ، قارادېڭىز قىرغاقلىرىدا تۇرۋاتقان ئون ئوگۇرىيە(onoguriya)گە كۆچۈپ كېلىپ ئۇلارنىڭ تەركىۋىگە قۇشۇلغان،شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار<<ھون ئۇغۇرلار>> ياكى<< بۇلغار>>لار دەپ ئاتالغان. دىمەك، ھۇنلار تەركىبىدە كۆپساندىكى ئۇيغۇرلار بولغان. 470 ـ يىلى ئۇلار ئىرنەك ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ بۇلغار دۆلىتىنى قۇرغان. بۇ ئوگۇر(o g u r) لار، جۇڭگۇ تارىخى ماتىريالى «خەننامە، ۋېينامە، تاڭنامە» قاتارلىق ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان قەدىمقى ئۇيغۇرلار بۇلۇپ، ئۇلار ئەسلىدە مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردە ئالتاي، چۆچەك، ئېرتىش، قوبدۇ، تارباغاتاي، جوڭغارىيە ئەتراپلىرىدا ياشىغان. ئۇلار بۇ ماكاندا «خەنناما غەربىي رايۇن تەزكىرسى» تىلغا ئېلىنغان، ئۇيغۇر خانلىقى (ئۇگۇر乌揭国، خۇگۇر呼揭国 )نى قۇرغان. بۇ ئۇيغۇرلار خەنچە تارىخىي ماتىرىياللاردا ۋۇجىيې(乌偈)ياكى خۇجىيې(呼偈 )دەپ تەلەپپۇز قىلىپ يېزىلغان. موڭغۇل ئىگىزلىكىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىدە پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇرلار مىلادى 389 ـ يىلى، 390 ـ يىلى توغبات سىيانپى (شىمالىي ۋېي خانلىقى)لارنىڭ، 402 ـ يىلى، 429 ـ يىلى جورجان(ئاۋارلارنىڭ) لارنىڭ قاتتىق زەربىسىگە، بۇلاڭ تالاڭ قىلىنىشىغا ئۇچراپ، نەچچە يۈزمىڭ ئادىمى، مال ـ چارۋا، ئات ـ ئۇلاقلىرىدىن ئايرىلغان، بۇ ئۇرۇش بىر بۆلەك ئۇيغۇرلار نىڭ غارىپكە قاراپ كۆچۈشىنى كەلتۇرۇپ چىقارغان. ئۇيغۇرلارنىڭ بىرقىسمى كېيىن كافكازىيە ۋە ۋولگا دەرياسى بويلىرىغا كەلگەن. بۇ ئۇيغۇرلار شەرقى رىم تارىخىي ماتىرىياللىرىدا ئون ئوغۇر (on ogur) دەپ يېزىلغان، مەلۇمكى<<ئون ئوغۇر>>دىگىنى<<ئون ئۇيغۇر>> دېگەنلىكتۇر 6 <<مىلادى463 ـ يىلى ئون

ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ،ئون ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان ھەمدە مىلادى461 ـ 465 ـ يىللار ئارلىقىدا ساراخۇر ئوغۇر (سىرىق ئۇيغۇر) ۋە ئون ئوغۇر(ئون ئۇيغۇر) كىشىلىرى شەرقى رىم ئىمپېرىيىسىگە تۇنجى قېتىم ئەلچىلەر ئەۋەتىپ دىپلوماتىك ئالاقىلەر ئورناتقان. ئۇلارنىڭ مەركىزى ئون ئۇيغۇر(on ogurs) شەھرى دەپ ئاتالغان>> 7.

<<شۇچاغلاردىن باشلاپ شەرقتە ئېتىل(ۋولگا)دەرياسى بويلىرىدىن غەرپتە دون دەرياسىغىچە بولغان يەرلەر تاكى 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئون ئۇغۇرلارنىڭ نامى بىلەن ئون ئۇغۇرىيە(ئون ئۇيغۇرىيە)>>دەپ ئاتالغان 8 بۇنىڭدىن قارىغاندا بولغار خانلىقى ئەينى زامانىدىكى ئۇيغۇر، ھون قەبىلە ئۇرۇغلىرىنىڭ بىرلىششى (قۇشۇلۇشى) نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. تۈركىيە تارىخچىسى پرافېسسور ئا.زەكى ۋەلىدى توغان <<بولغار>>دىگەن ئىسىم<<بەلغۇر>> يەنى<< بەش ئوغۇر>> ياكى<< بەش ئوغۇز>> دېمەكتۇر9دەيدۇ.بۇنىڭدىن قارىغاندا، <.بۇلغار> ،دېگەن نام بەش ئوغۇر(بەش ئۇيغۇر) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان.

دوناي بۇلغار خانلىقى(584 ـ 1018) بوگورىسخان دەۋرىدە (852 ـ 889) مىلادى865 ـ يىلىدىن باشلاپ قامان دىنىدىن يېنىپ، خىرىستىئان دىنىغا كىرىشكە باشلىغان، نەتىجىدە باشقىلارنىڭ دىنىي ئېتىقاتى، تىل يېزىغى، مەدەنىيىتىنى قۇبۇل قىلىپ ئەسلى، نەسلىنى ئۇنتۇلۇشقا باشلاپ، ئاستا ـ ئاستا ئۆز ئەسلى ـ نەسلىنى يوقىتىپ،مىلادىنىڭ 965 ـ يىلىغا كەلگەندە << بولغار>دېگەن تۈركچە قۇرۇق نامىنى ساقلاپ قالغاندىن باشقا، ئۆز ئانا تىلى تۈركچىنى تامامەن ئۇنتىغان. ئۇلارغا سىلاۋيان قېنى ئارلىشىپ، سىلاۋيان تىلىدا سۆزلىشىدىغان، بۈگۈنكى بولغارلار پەيدا بولغان.

10 ـ ، 12 ـ ئەسىرلەر ئارلىقىدا قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىن كۇمان، پەچەنەك ۋە ئۇز قاتارلىقلارمۇ بۇ جايغا كەلگەن، بۇلارنىڭ بىرقىسمى كېيىنكى زامانلاردا سلاۋيانلىشىپ كەتكەن، يەنە كۆپسانلىق قىسمى بولسا ئۆزلىرىنىڭ تۈركلىگىنى قوغداپ كېلەلىگەن.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ۋىزانسلار، لاتىن ۋە سلاۋيان كۈچلىرىنىڭ باستۇرۇپ كېلىش ھەركىتىنى تۇسۇش ئۈچۈن، ئانادولۇدىن تۈركلەرنى كەلتۈرۈپ يەرلەشتۈرگەن، 1371 ـ يىلىدىن ئېتىۋارەن ئوسمان تۈرك ئىمپىراتۇرلىغى بۆلگەنى ئۆز ھكىمىيتىگە ئالغاندا يەنە كۆپلىگەن تۈركلەر بۇ يەرلەرگە يەرلاشتۇرۇلغان.16 ـ ئەسىردە بۇلغارىستاندا تۈركلەر كۆپسانلىقنى ئىگەللەش ھالىتىگە يەتكەن.

ئوسمان تۈرك ئىمپىراتۇرلىغىنىڭ ئاجىزلىشىغا ئەگىشىپ، ياۋرۇپا دۆلەتلىرى بالقاندا ئۇيۇن ئويناشقا باشلىغان،ياۋرۇپا دۆلەتلىرىنىڭ ئۇيۇنلىرى ۋە رۇسىيەنىڭ بۇلغارىستان دۆلىتى قۇرۇش پىلانى بۇيىچە ،بۇلغارستاندا بۇلغارلارنى كۆپسانلىق ھالىتىگە كەلتۈرۈش

ئۆچۈن تۈرك نەسەپلىرىگە قارىتا 1877 ـ 1778 ـ يىللىرى ئوسمان ـ رۇس ھەربىي ئۇرۇشىنى قوزغىغان، نەتىجىدە 350مىڭ تۈرك قەتلى قىلىنغان ،800مىڭ تۈرك ئانادولۇغا كۆچۈشكە مەجبۇر قىلىنغان. 10بۇ سۈرئەتتە بۇلغارىيە جۇغراپىيەسىدە بۇلغارلار نوپۇسى كۆپ سانلىققا يەتكەن. بىرلىن شەتنامىسى بۇيىچە بۇلغارىستان شاھلىقى قۇرلغاندا تـۈركلەر مۇشـكۈل كۈنلەردە ياشىغان.

1908 ـ يىلى بۇلغارىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئېلان قىلىنغان يىللاردا كۆپسانلىق بولغان تۈركلەر،1980 ـ يىللارغا قەدەر بولغارلار تەرەپتىن تۈركۈملەپ قىرىلىپ، سۈرگۈندە ئاچلىق ۋە سوغاقتىن ئۆلۈپ،مائارىپ ۋە ئۈيغارلىق (مەدەنىيەت) كەينىگە ماڭغان. تۈركلەرنى بالقاندا ياشايدىغان مۇسۇلمانلار،ئارقا پاچاقلار،ھەقىقى مۇسۇلمان بولغارلار دەپ ئايرىپ سىياسەت قوللانغان. بۈگۈنگە قەدەر بەش قېتىم كۆچۈپ ھاياتىنى ياشناتقان. 900مىڭدىن كۆپ تۈركى خەلقلەر ئانادولۇغا كۆچۈش مەجبۇرلىقىدا قالغان11.

نوپۇس جەھەتتە: ھازىر بۇلغارستاندا ياشايدىغان تۈركى خەلقلەر،تۈركىيە تۈركلىرى، تاتارلار،گاگائۇزلار،بولۇپ ئۇلارنىڭ كۆپسانلىق قىسمى ئۆزھالىنى ،ئۈيغارلىقنى مۇھاپىزەت قىلالمايدۇ.1940 ـ يىلى تۈرك نوپۇسى دوبرۇجادا خېلىلا كۆپ بولغان. دوبرۇجا بۆلگەسىدە تۈركىيە تۈركلەردىن باشقا تۈرك تىلى قوللۇنىدىغان تۈركى خەلقلەردىن 7000 تاتـار ۋە گاگائۇزلار بـار. بالقـان تـۈركلىرى 1940 ـ يىللاردىـن ئېتىـۋارەن تـۈركىيىگە كۆچۈشـكە باشلىغان.1944 ـ يىلغا قەدەر 140مىڭ كىشى1949، 12 ـ يىلدىن1951 ـ يىللارغىچە 156مىڭ كىشى،1969 ـ يىلدىن 1978 ـ يىلغا قەدەر 130 مىڭ كىشى تۈركىيەگە كۆچۈپ كەلگەن 13.

1965 ـ يىلدىكى نوپۇس مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، تۈركلەر 850 مىڭغا يېقىن بولۇپ ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 10%نى ئىگىلىگەن. 1985 ـ يىلدىكى نوپۇس ئىنقىلاشتا ھۆكۈمەت ئۈچۈقلىمىسى (ئاخباراتى) دا تۈركى خەلق نوپۇسى 1مىليۇن600مىڭغا ئۇلاشقان . ئومۇمىي نۇ پۇسنىڭ 15%نى ئىگىلەپ بۇلغارستاندا تۈركلەر كۆپسانلىق ھالەتكە يەتكەن. بۇئەھۋالدا بۇلغارلار ئازسانلىق خەلقلەرگە چەكلىمە قويغان. ئۇلارنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشقا تىرشىپ 1984 ـ 85 ـ يىللاردا تۈركچە نام ـ ئاتالغۇلارنى قوللۇنىشنى مەنئى قىلىپ،كۆچۈپ كېتىشكە زورلىغان. نەتىجىدە 1989 ـ يىلى 160مىڭ تۈرك تۈركىيەگە مەجبۇرى كۆچۈپ كەتكەن. كېيىنكى كۈنلەر دە بۇ سان 300مىڭغا يەتكەن14.

ھازىرقى ئەڭ يېڭى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا تۈركلەر، بۇلغارىستاندا رودوپ تاغلىرى، پىرىن ، ۋاردار ، فىلىبە، كىرچەئالى، سوفىيە، شۇمنۇ ، دوبرۇجا ،مەسـتانلى، دارىـد، ئەغرىدەرە، خاسكۆي بۆلگۈلىرىدە كۆپسانلىق بولۇپ" 3 مىليۇنـدىن كۆپ تـۈركى خەلـق

ياشماقتا ۋە بولغارىستان نوپۇسىنىڭ 30%نى تەشكىللىمەكتە15 تۈركىي خەلقلەر بۇجايلاردا تۈركىيە تۈركچىسىچە ياكى يەرلىك تۈركلەر بىلەن ئوخشاش تەلەپپۇزدا سۆزلىشىدۇ. يەنە بىرقىسىم تۈركلەر بولغارلار بىلەن قۇشۇلغان تۈركلەرنىڭ كىيىنكى ئەۋلاتلىرىدۇر.گاگائۇزلار بۇلغارىستاننىڭ شەرىقى شىمالىي قىسمىغا يەنى سىلىستىرا ئەتراپلىرىغا تارقالغان كۆپ قىسمى 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رۇسىيەدىن كۆچۈپ كەلگەن.16

ئۆگۈتىم (مائارىپ)جەھەتتە: بۇلغارستاندا يەر ـ زىمىن ۋە ئۆگۈتىم دۆلەت ئىگدارچى لىقىدا (بولغارىستان كومپارتىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا) بۇلۇپ ، 1940 ـ يىللاردىن باشلاپ تۈركىيلەرنىڭ مىللىي كىملىگى، سىياسى، ئىختىسادى ،ئۇيغارلىقى، ئۆگۈتىم ۋە باشقا ئىجتىمائى ئالاھىدىلىكلىرى ئىتىۋارغا ئېلىنمىغان. تۈركلەر ئۇچۈن يوقسۇزلاشتۇرۇش،تۆۋەن تەبىقىلەشتۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان. مىللىي كىملىكىنى، ئۆگۈتىم، ئۇيغارلىقنى قوغداش يۇلىدىكى قانۇن ماددىلىرىغا چۈشىدىغان ھەققانىي تەلەپلىرىمۇ، سىياسى بۇيرۇق بىلەن قالدۇرۇۋېتىلگەن. 1989 ـ يىلى دۇنيا سىياسىتىدىكى ئۆزگۈرۈشتە بۇلغارىستانمۇ دېموكىراتىيە، ئاشكارىلىق يۇلىنى تۇتۇشقا ئۆتكەن، بۇنىڭ بىلەن بولغارىيە ئىقتىسادى تىز تەرەققى قىلىشقا باشلىغان. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە بۇلغار دۆلىتى ئازسانلىق خەلقلەرنىڭ تىل ۋە ئۇيغارلىقنى قوغداش ئۇچۈن 1992 ـ يىلى1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى <<تۈرك تىلى ۋە ئۇيغارلىقنى قوغداش ۋە ماسلاشتۇرۇش ئۇيۇشمىسى>> نى مەركىزى شۇمنۇ شەھرىدە قۇرغان.

1993 ـ يىلى6 ـ ئاينىڭ 26 ـ 27 ـ كۈنى شۇمنۇدا <<1 ـ مىللىي قۇرۇلتاي >>ئۆتكۈزگەن ۋە بۇ بىرىيىلدا قىلىدىغان ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرغان.<< ئانا تىلنى قۇتلۇقلاش>>بايرىمى ئۆتكۈزۈپ،تۈرك بۆلگۈلىرى(رايۇنلىرى)دە تۈركچە كىتاپلارنى يايما قىلىپ تارقاتقان، تۈرك تىلى دەرگى (ژۇرنال) نى چىقىرىش، بۇلغارستان تۈركلىرىنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنى ياين (نەشىر) قىلىش قاتارلىقلار پىلانلانغان. 1993 ـ يىلدىن كېيىن بۇلغارىستاندا تۈركلەرنىڭ <<ھەققانىيەت ۋە ئەركىنلىك پارتىيىسى>> بۇلغار پارلامىنتىدا ئورۇن ئېلىپ، 3 ـ سياسى كۈچ بۇلۇپ 15 ۋەكىل چىقارغان. بۇلغارىستاندا 27 شەھەرلىك ھۆكۈمەت رەئىسى، 653 ئاپتۇنۇم يېزا تۈركلەردىن بولغان.

بۇلغارستاندا قوللۇنىلىدىغان تۈركچە، تۈركىيە تۈركچىسىگە سەل يېقىن، دەسلەپكى يىللاردا تۈركچە ئازسانلىق ئوقۇللاردا ئۆگۈتىم تىلى بۇلۇپ قوللۇنىلغان. 1939 ـ يىلى تۈركلەرنىڭ يۈزدە 15%ى ئوقۇلغا كىرگەن بولسا 1957 ـ يىلدا كەلگەندە بولسا، يۈزدە 97 % كە كۆتۈرۈلگەن. ئەپسۇسكى، 1960 ـ يىللارغا كەلگەندە بۇلغار ھۆكۈمىتى ئوقۇللاردا تۈرك تىلىنى قوللۇنۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. 1993 ـ يىلدىن باشلاپ يېڭىدىن تۈركچە ئۆگۈتىم

باشلانغان. ئوقۇللاردا تۈۋەندىكىلەرنى قوللۇنۇش قارار قىلىنغان :

1) تۈرك ئۆسمۈرلىرى ئوقۇللاردا بۇلغارچە ئۇقۇپ قانداق بىلىمگە ئېرىشەلىگەن بولسا، تۈركچە ئۇقۇپمۇ شۇنداق بىلىمگە ئېرىشەلەيدۇ. 2) شۇڭلاشقا، تۈرك ياش ئۆسمۈرلىرىگە قەتئىي تۈركچە ئانا تىلدا دەرس ئۆتۈش. 3) بۇنى باشلانغۇچتىن يۇكسەك ئوقۇلغىچە قوللۇنۇش.4) ۋاقتىنى تۈركىيە ۋاقتىغا ئەمەس، بولغارچە ۋاقىتقا توغرىلاش.5)ئانا تىلدا تۈرلۈك دەرسلىك ،پەن كىتاپلىرىنى چىقىرىش. 6)تۈرك ياش ـ ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ كىملىگىنى بىلىش ۋە قوغداشى ئۈچۈن بۇلغارستان تۈركلىرىنىڭ ئۆز تارىخلىرىنى ئوقۇتۇش 7) تۈرك ئويغارلىقى ۋە پولكلورلىرىنى ئۆگۈتۈش. 8) بۇلغار ئۇلۇسال(مىللىي) رادىيوسىدا ، تىلۋۇزۇرلىرىدا تۈركچە يايىن (تارقىتىش) باشلاش. 9) تۈركلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئۇيغارلىقى ـ كۈلتۈرى(مەدەنىيتى) ئىپادىلىدىنىغان كىنو فىلىملىرىنى ئىشلەپ تارقىتىش. 10) ئۆگۈتىم مىنىستىرلىگى بىلەن ئۇيغار(كۈلتۈر ـ مەدەنىيەت) مىنىستىرلىكى بولغارىستان تۈركلىرىنىڭ ئۆگۈتۈم ۋە ئويغارلىقنى تەرەقىيات يۈلۈنىشىگە ئىگە قىلىدىغان تەشكىلات قۇرۇپ چىقىش.11) دىن ۋە ئەخلاخ ئۆگۈتىمىنى تۈرك ئوقۇغۇچىلىغا تاللاپ ئوقۇيدىغان دەرس قىلىپ قوللۇنۇش قاتارلىقلار 17. ئۇزۇن ئۆتمەي بولغارىستاندا<<بىخ >>ناملىق تۈركچە گېزىت تارقىتىلىشقا باشلىغان.

دىنىي ئېتىقات جەھەتتە: تۈركلەر ئاساسەن ئىسلام دىنىڭ سۇنئى مەزھىپىگە ئېتىقات قىلىدۇ، گاگائۇز تۈركلىرى بولسا پراۋۇسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ.

### 3. يۇنانىستان (غەربىي تراكىيە) دىكى تۈركى خەلقلەر

يۇنانىستان گرېكىيە، گرېتسىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، شەرق، غەرىپ، جەنۇپ تەرەپلىرى دېڭىز بىلەن ئورالغان. ئومۇمى يەر كۆلۈمى 132مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، نۇپۇسى 10مىليۇن 460مىڭ بۇلۇپ، گرېكلار ئومۇمىي نۇپۇسنىڭ 98%نى ئىگىلەيدۇ، 97%تى پراۋۇسلاۋىيە دىنىغا، قالغانلار كاتولىك دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ، گىرىك تىلىنى قولىنىدۇ18 تۈركلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ 19.

بالقاندا تۈركىي خەلقلەرنىڭ بارلىقى مىلادىدىن ئاۋالقى يىللارغا قەدەر سۈرۈلىدۇ.بالقانغا تۈركىي خەلقلەر ئىككى يولدىن كېلىپ يەرلەشكەن،بىرى شىمالدىن كەلگەنلەر، ئۇلار ئون ئوگۇر ـ بۇلغار، پەچەنەك، ئۇز، كۇمان ـقىپچاق كۆچلىرى، يەنە بىرى

جەنۇپتىن ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ كۆچۈپ كېلىشى ۋە يەرلىششى بىلەن بالقان تۈركلىشىشكە باشلىغان،1263 ـ يىلى سالجۇق ئىمپراتۇر لىقى بۇجايغا قەدەم باسقان، 17قېتىم بوغازدىن كېچىپ ئۆتۈپ غەربىي تراكىيەنى قامال قىلغان، 1354 ـ يىلى قەتئىي قايتماسلىق بىلەن تراكىيەگە كۆچكەن. 1371 ـ يىلى گۈمۈلجىنە، 1373 ـ يىلى ئىسكېچە، 1430 ـ يىلى سەلانىك دېگەن يەرلەرگە ئانادولۇدىن ئىشەنچىلىك ئۇرۇش قىلغۇچى تۈرك ئائىلىلىرىنى تاللاپ ئەكىلىپ يەرلەشتۈرۈپ، بۇ يەرلەرنى تۈركلەشتۈرگەن

بۇ ئائىلىلەر ئارىسىدا 1830 ـ يىللاردا ماكېدونىيەدىن ۋە ۋودىنادىن كۆچۈپ كەلگەنلەر قاتارىدا تۈركىيە جۇمھۇر يىتىنىڭ قۇرغۇچىسى مۇستاپا كامال ئاتا تۈركنىڭ ئەژداتلىرى بولغان. 1460 ـ يىلى مورانىڭ بويسۇندۇرۇلىشى بىلەن بۇگۈنكى يۇنانىستان تامامەن تۈركلەرنىڭ هاكىمىيتى ئاستىغا كىرگەن. 14 ـ 15 ـ ئەسىرلەردە بالقانلار تۈركلەشكەن، تۈرك ئويغارلىقى هۆكۈمران بولغان.

1699 ـ يىلى كارلوپچا شەرتنامىسى ئارقىلىق رۇسلارنىڭ ياردىمگە ئېرىشكەن رۇملۇقلار دەسلەپكى قېتىم مورادا ئىسيان كۆتەرگەن،بۇنىڭ بىلەن تۈركلەر غەرىپ دۆلەتلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن غەربىي تراكىيەگە كۆچۈرۈلگەن.كېيىن تۈرلۈك بېسىم تۈپەيلى تۈركلەرنىڭ بىر بۆلۈگى ئانادولۇغا كۆچۈپ كەلگەن.بالقاندا دۇنيادىكى تۈرلۈك تېگىشىشلەر ،كېلىشىملەر،شىمالدىكى سىلاۋيان ئويغارلىقى، تۈرلى بېسىمى،سىياسى ئۇيۇنلار،كۈن ئولتۇرماس ئىمپېرىيە ـ ئەنگلىيىنىڭ قىسىشى ئاستىدا، بالقان ئۇرۇشىغا قەدەر ئوسمانلىقلار كەڭ شەكىلدە بۇگۈنكى تۈركىيە چېگرالىرىغا چېكىنگەن. 1912 ـ1913 ـ يىللاردىن كېيىكى كېلىشىملەردە كېيىنكى چېگرالار سىزىلغان. ئۇجايلاردا ئوغۇز، ئون ئوگۇر ـبولغار، پەچەنەك، ئۇز، كۇمان ـ قىپچاق تۈركلىرىنىڭ ئەۋلاتلىرى هېلىهەم تۈرك ئويغارللىقىنى ياشىنىتىپ كەلمەكتە.

غەربىي تىراكىيە بىر بۆلگۈ(رايۇن)نىڭ جۇغراپىيەلىك نامى بولۇپ، ئۇ بۇگۈن يۇنانىستان دەپ ئاتالغان بىر دۆلەت ئىچىدە ئۇرۇن ئالغان، يەر كۆلىمى 8.579 كۋادرات كلومېتر، بۆلگە ئىدارە قىلىنىش جەھەتتىن دەدە ئاغاچ،گۈمۈلجىنە، ئىسكەچە دەپ ئۈچ چكە ئايرىلغان. غەربىي تراكىيە شەرىقتە مەرىچ دەرياسى ئارقىلىق تۈركىيەگە؛ شىمالدا رودوپ تاغلىرى ئارقىلىق بۇلغارستان بىلەن چېگرالىنىدۇ، جەنۇبىي تەرەپتە ئېگەي دېڭىزى بۇلۇپ غەربىدە قاراسۇ دەرياسى بىلەن كاۋالاغا چېگراداشتۇر. بۇگۈن غەربىي تراكىيەدىكى تۈركلەر گۈمۈلجىنە، ئىسكەچە، دەدەئاغاچ،دىمەتوكا ۋە سوفادا زىچ هالەتتە ياشايدۇ،غەربىي تراكىيەنىڭ سىرتىدا رودوس،گىرىت ۋە ئىستانكوي ئەتراپلىرىدا تۈركلەر ياشايدۇ.غەربىي

تىراكىيەدە بەزى ماتىرىياللاردا<< 120مىڭ تۈرك ياشايدۇ>> دېيىلگەن بولسا19، يەنەبەزى ماتىرىياللاردا << 200 مىڭدىن كۆپ تۈركلەر ياشايدۇ>> دېيىلگەن. 20<<نۇپۇس ئىستاتىسكىچىلىرىنىڭ تەپتىشلىگىنىگە قارىغاندا 350 ـ 400 مىڭ كىشى بۇلۇشى كېرەك،تۈرك نۇپۇسىنىڭ 200 مىڭدە قېلىشىنىڭ يىگانە سەۋەبى يۇنان زۇلمىدىن بولغان>>21 يۇنانىستاندا تۈركلەر مىللىي كىملىگىنى يۇقۇتىدىغان ئوگۇتىم (مائارىپ) ۋە ئاسسىمىلاتسىيە سىياسەتلىرى بىلەن زەھىپ بىر هالدا ياشىماقتا. ئۇلارنىڭ 80%تى ئىقتىسادىي جەھەتتىن نامرات هالدا ياشىماقتا.

## 4 .ماكېدونىيەدىكى تۈركى خەلقلەر

تۈركىي خەلقلەرنىڭ ماكېدونىيەگە يەرلىشىشى مىلادى 4 ـ ئەسىردىن باشلاپ، هۇن، ئاۋار، بۇلغار، ئوغۇز،پەچەنەك ۋە كۇمانلارنىڭ بۇ بۆلگۈگە كېلىشى بىلەن باشلانغان. 1389 ـ يىلى ئوسمان تۈرك ئىمپىراتۇرلىقىنىڭ ماكېدونىيەنى بويسۇندۇرۇشى بىلەن تېخىمۇ تۈركلىشىشكە باشلىغان. 1300 ـ يىلدىن كېيىن ئانادولۇدىن ماكېدونىيىگە كۆپ ساندىكى تۈرك كۆچمەنلىرى كۈچۈپ يەرلەشكەن.

بۈگۈن ماكېدونىيەدە ياشايدىغان تۈركلەرنىڭ ئەۋلاتلىرى 1912 ـ يىلىغا قەدەركۆپسانلىق هالىتىدە ياشاپ كەلگەن بولسا، بالقان ۋە 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا تۇپراقلىرىدا قورقۇش ئىچىدە ياشاشقا باشلىغان. سىربىيستان،كېيىن يۇگۇسلاۋىيە تەۋەسىدىكى ماكىدونىيە بۆلگۈسىدە ياشىغان تۈركلەر تۈرلۈك سەۋەپلەر، سىياسى ئۇيۇن، بېسىم، قامال قىلىشلار، كۈچۈپ كېتىشكە زورلاشلار نەتىجىسىدە ماكىدونىيەدە ئاز سانلىققا چۈشۈرۈلگەن.

1951 يىلى ماكىدونىيە ئىگىمەنلىك (مۇستەقىللىق)نى قولغا كەلتۈرگەن،1953 ـيىلى ماكېدونىيەدە 203مىڭ تۈرك ياشىغان بولسا ،بۈگۈنكى كۈندە بۇ نۇپۇس 97مىڭ 500گە چۈشۈپ قالغان،22بەزى مەنبەلەردە 200 مىڭغا يېقىن دېيىلگەن23. تۈركلەر ماكىدونىيەدە ئۈسكۈپ،ماناستىر، گوستىۋار،كالكاندەلان، ئوخرى، رەسنە قاتارلىق جايلاردا يا شايدۇ. تېرىم، چارۋۇچىلىق، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۆگۈتۈم،تىل ـ يېزىق جەھەتتە:

تۈركلەرتۈرك تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدۇ،شەرىقى ماكېدونىيەدە تۈت يىللىق

ئوقۇتۇش تۈزىمى بار، باشلانغۇچ ئۆگىتىم(مائارىپ ـ ئوقۇتۇش) دا 264 ئوقۇتقۇچى ئۆگىتىش (ئوقۇ تۇش) بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. گوستىۋاردا بىر تولۇق ئوتتۇرا ۋە بىرئۇلگۇلۇك ئوتتۇرا ئوقۇل، كالكاندەلاندا بىر تولۇق ئوتتۇرا ئوقۇل تۈركچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بارماقتا. ئۇسكۇپ ۋە ماناستىر دىكى يۈكسەك ئوقۇل (ئونىۋېرسىتىت)لاردا تۈركلەرگە بەك ئاز، چەكلىك مۆھلەت ئايرىپ بېرىلگەن. يەنە تۈركلەر ئۆزلىرى تەشەببۇس قىلىپ ئاچقان تۈرك ئوقۇللىرىمۇ بار. ماكېدونىيەدە تۈركلەر ئۆزلىرى ئاچقان ئوقۇللاردا كوپلەپ ئوقۇماقتا. ئۆزتەغدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەشكە تىرىشماقتا.

ئاڭلاتقۇ(رادىيو)ۋە نەشرىيات جەھەتتە:

ماكىدونىيەدە<<تۈرك دېمگىراتىك ئىتتىپاقى>>قۇرۇلغان بولۇپ،تۈركچە گېزىت، دەرگى (ژورنال) چىقىرىدۇ، تۈركچە ئاڭلاتقۇ (رادىيو) دا ئاڭلىتىش بېرىدۇ.

## 5.كوسوۋادىكى تۈركى خەلقلەر

كوسوۋا 1375 ـ يىلى ئوسمان تۈرك ئېمپراتۇرلىقىنىڭ تەۋەسىگە ئۆتكەندىن كېيىن تۈركلەر بۇجايدا يەرلىشىشكە باشلىغان.1877 ـ78 ـ يىلدىكى ئۇرۇشتىن كېيىن ئوسمان تۈركلىرىنىڭ بۆلگۈدىكى تەسىرىنىڭ ئاجىزلىشىغا ئەگىشىپ،تۈركلەر ئازىيىشقا باشلىغان.

بالقان سۇقۇشى نەتىجىسىدە بۆلگۈدىكى تۈركلەر يۇگوسلاۋىيە دەۋرىدە ئۈچ قېتىم چوڭ كۆچۈش ۋە قەتلى ئامغا ئۇچرىغان. 1930 ـ يىللىرىدا تۇرۇك تۇپراقلىرى تۈركلەردىن زورلاپ ئېلىنىپ سىربىلارغا بېرىۋېتىلگەن ۋە كۆچۈرۈۋېتىلگەن.ئىككىنى قېتىم يەنە تۈرلۈك بانا سەۋەپ بىلەن تۈركلەر كۆچۈرىلگەن.سىربىلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئىككى قېتىملىق باستۇرۇش ۋە زۇلۇمدىن كېيىن، ئۈچۈنچى قېتىم 1968 ـ1990 ـ يىللىرى ئارىسىدا تۈركلەر، ئالبالار تەرەپتىن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىشقا دۇچ كەلگەن.

يۇگوسلاۋىيەنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن بۆلگەدە ئالبان ۋە سىربىلارنىڭ تىركىشىشى نەتىجىسىدە يىللاردىن ئۆز ئېرىك بۆلگە(ئاپتونوم رايون) گە ئىگە بولۇپ كەلگەن كوسوۋا سىربىلار تەرىپىدىن ئۆزلىرىگە بېقىندى بولۇشىغا مەجبۇرلانغان.

ئىستاتىسكىغا كۆرە كوسوۋادا 12مىڭ، ئەمەلىيەتتە 20 ،25 مىڭ تۈركلەر بولۇپ، ئۇلار تۈرك ئۇيغارلىقىنى ياشىنىتىش ئۈچۈن ئىزدەنمەكتە. پرىشتىنە ۋە دراگاستا كۆپسانلىق بولغان

تۈركلەر پرىشتىنە شەھرىگە توپلۇنۇپ تۈركچە ئۆگۈتىم ئېلىپ بارماقتا. ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغارلىق (مەدەنىيەت)، دەرنەك (يىغىن)، سىياسى پارتىيىلىرىنى قۇرۇپ سىرىپ ۋە ئالبانلار بىلەن تەڭ باراۋەر ياشاش يۈلىنى داۋام قىلدۇرماقتا .

## 6. سانجاقتىكى تۈركى خەلقلەر

سابىق يۇگۇسلاۋىيە تەۋەسىدە شىمالدا بوسنىيە ـ گېرتسگوۋىنا ،شەرىقتە سېربىيە، جەنۇپتا كوسوۋا،غەربىدە قارا تاغ بىلەن چېگرىسى بولغان 8687كۋادرات كىلومېتىر چوڭلۇقتىكى بىر ۋىلايەت نامى سانجاق دەپ ئاتالغان. بۇيەر 15 ـ ئەسىردە ئوسمان تۈرك ھاكىمىيتى تەرىپىدىن بىسۇۋېلىنىپ تۈركلەرنىڭ يەرلىشىشىگە سەھنە بولغان.

كېيىن 1877 ـ 1878 ـ يىلدىكى ئۇرۇش بىلەن ئاۋۇستىريە ـ ماجارىستان(ھۇنگارىيە) ئىمپراتۇرلىقىغا ۋاقىتلىق بېرىلگەن سانجاق ۋىلايىتىدىكى تۈركلەر ،19 ـ ئەسىردە رۇسىيەنىڭ تەشۋىقاتلىرى بىلەن سېربىستان ۋە قارا تاغنىڭ قىرىشىغا ئۇچرىغان. ئىسكەنجىگە ئېلىش،ئېتنىك ئايرىمچىلىق ۋە كۆچۈشكە زورلاش جەريانىدا سانجاق تۈركلىرى كۆچۈشكە باشلىغان.

1980 ـ يىللاردا تىتونىڭ ئۆلۈمى بىلەن پارچىلىنىش گىرداۋىغا بېرىپقالغان يۇگۇسلاۋىيە 1991 ـ يىلى مىلوشىۋىچ دەۋرىدە پارچىلانغاندا سانجاق ۋىلايىتىدە تۈركلەرگە سىرىپ، قاراتاغلىقلار ناھەق كوللېكتىپ قىرىپ تاشلاش زۇلۇمىنى تەكرار ئېلىپ بارغان.

بۈگۈن 350مىڭ مۇسۇلمان ياشىغان ۋە تۈرك ـ ئوسمانلىق خاراكتېرىنى تاشلىمىغان بۇ ۋىلايەتتە سىرىپ ـ قاراتاغ ۋە بوسنىيە ـ ھېرسەگوۋىنا ئوتتۇرسىدىكى كۆرەشكە قارشى، تۈرك ۋە مۇسۇلمانلار <<سانجاق مىللى مۇسۇلمانلار مەجلىسى>> ئۆتكۈزۈپ ھەق ھوقۇقلىرىنى قوغداشقا چاقىرماقتا. تۈرك مۇسۇلمانلىرىغا تەھدىت سېلىش، قورقۇتۇش،ئۆلتۈرۈش ۋە كۆچۈشكە زورلاشقا قارشى سانجاق تۈركلىرى ئۆز ۋەتەن تۇپراقلىرىدا ياشاش ئۈچۈن قەھرىمانلىق كۆرەشلىرىنى داۋام قىلدۇرماقتا 24

## 7. ئالبانىيەدىكى تۈركى خەلقلەر

ئالبانىيە جۇمھۇرىيتى بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بۇلۇپ، يەر

كۆلۈمى 28 مىڭ 748 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 3 مىليون 650 مىڭ. ئالبانىيە 15 ـ ئەسىردە ئوسمان تۈركلىرىنىڭ تەسىرىدە مۇسۇلمان بولغان. بىرقىسمى پراۋوسلاۋىيە دىنىدا ۋەكاتولىك دىنىدا قالغان. ئىلگىرى ئەرەپ ھەرپىنى قوللانغان بولسا، كېيىن لاتىن ھەرپىنى قوللانغان. ھازىر يۇنانچىدا 5000 تۈركچە سۆز بولغان بولسا، ئالبان تىلىدا ھەر ئۈچ سۆزنىڭ بىرى تۈرك ـ ئوسمانلى سۆزىنىڭ ئەينىدۇر. ھازىر ئالبانىيەدە 70مىڭ كىشى تۈركچە سۆزلىشىدۇ 25 بۇ تۈركى خەلقلەرنىڭ كۆپسانلىقى تۈركىيە تۈركلىرى ۋە تاتارلاردىن ئىباراتتۇر، 2006يىلى ئامرىكا گۇئەنتانا تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلگەن 5 نەپەر ئۇيغۇر ئالبانىيەگە ماكانلاشتۇرۇلغان.

ئىزاھاتلار:

21،15،11،10، 1<<تۈركلۈك ھەققىدە مەلۇمات>> ـ2001يىلى ئەنقەرە تۈركچە نەشرى،505 ـ، 506 ـ، 509 ـ بەتكە قاراڭ.

25،20،2 يىلماز ئوزتۇنا :«دۆلەتلەر ۋە خانىدانلار» 4 ـ جىلد ،ياۋرۇپا دۆلەتلىرى قىسمى.ئەنقەرە،1991 ـ يىلى 1 ـ مارت 72 ـ،24 ـ،32 ـ بەتكە قاراڭ.

prof. dr. ibrahim kafes oğlu: Tϋrk milli kϋltϋrϋ .1983. yil Istanbul 185. bet

5.،3، 8، 4 Tϋrk ensiklopediyisi . 25t .430. bet ،

4

钱伯泉：《维吾尔族的族原及其先们的西迁》《新疆社会科学研究》维文版1996年4期见62页。

7 Tϋrk ensiklopediyisi. 5t. 1977. tϋrkçe, 482bet.

9 Toğan, zeki velidi: umumi tϋrk tarihine giriş. istanbul 1970. 41. bet

1214 http://www. nihal atsiz. com/ bulğaristan tϋrkleri.

1317 Tϋrk Dϋnyasi T. c. kϋltϋr bakanliği Araştirma Dergisi oçak 1994 sayi 5. 55. 54. bet

《突厥语概论》：李增祥编著，中央民族学院出版社出版，1992年5月，见61页

.

18 世界地图册 西安地图社编辑2005年1月弟6次印刷见97页希

世知识年鉴界1985－1986）世界知识出版社1986年8月第1次印刷见426）19

。http:// www.nihalatsiz.com/ bati tirakiya turkler htmi2224

turklik bilgisi Ankara 2001 yi 1 batiTirakiya türkleri 507bet 26 23

http://www.nihalatsiz.com/makidoniya turkleri27

摘要：本文从民族学角度简要论述巴尔干地區 操运突厥语族语言的少数民族

。族言，形成，历史发展过成及突厥语族现状 语言，教育， 宗教等问题

关键词：巴尔干地區 突厥语族 现壮

胡加尼亚子

2006 ـ يىلى 1 ـ ئاي ئاقسۇ.

# موڭغۇلىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار

خوجا نىياز يوللۇغ تېكىن

(ئاقسۇ مائارىپ ئىنستىتۇتى دوتسېنتى)

موڭغۇلىيە ئەڭ قەدىمكى چاغدىن باشلاپ ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركى خەلقلەرنىڭ ئانا تۇپراق يۇرتلىرىنىڭ بىرى. جۇڭگو تارىخى ماتىرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، بۇ جايدا ئەڭ دەسلەپ مىلادىدىن نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرىلا خەنچە دى، دىڭلىڭ ۋە كېيىن گاۋچې دېگەن نام بىلەن ئاتالغان شەرقى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ قان قېرىنداشى بولغان هونلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان.

كۆك تۈرك خانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە(مىلادى 546 ـ 840 يىلغىچە) بۇ زېمىندا ئۇيغۇر قاتارلىق كۆپلىگەن تۈركى قوۋملار پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

مىلادى 605 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار تېكىن ئېركىن باشچىلىقىدا ئۇيۇشۇپ، 627 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇسات تىكىن باشچىلىقىدا شەرقى تۈركلەرنى يېڭىپ تۇغلار دەرياسى بۇيىدا "تۇغلار ئۇيغۇر خانلىقى"نى قۇرغان. بۇ خانلىق 715 يىلغىچە مەۋجۇد بولۇپ، كېيىنكى كۆك تۈرك خانلىقى (مىلادى 682 ـ يىلدىن 744 ـ يىلغىچە) تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان. 744 ـ يىلغا كەلگەندە "قۇتلۇق كۆل بۇيلا " ئورخۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى ئوردا بالىق (هازىرقى قارا بالغاسۇن) دا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان، بۇ خانلىق 744 ـ840 ـ يىلغىچە مەۋجۇد بولغان. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زېمىنى شەرقتە: چوڭ هىنگان تاغلىرىنىڭ شەرقىدىن (بۇ جايدا شىرۋى قوۋم ـ سارلار ۋە قىتانلار ياشايتى) غەربتە ئالتاي، تەڭرى تاغ، يەتتە سۇ، چۇ، تالاس دەرياسى ۋادىلىرىغىچە ( بۇ جايدا ئۇيغۇر، قارلۇق، ياغما قاتارلىق قەبىلىلەر ياشايتى )، شىمالدا ئانگارا دەرياسى بايقال كۆلى يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى (بۇجايدا قوباس، قورقان ۋە قىرغىز قاتارلىقلار ياشايتى)، جەنۇبتا چوغاي تېغىغىچە (بۇجايدا تاڭغىت، تويغۇن قاتارلىق قەبىلىلەر ياشايتتى) بولغان زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى1.

ئۇيغۇر خانلىقى 627 ـ يىلى بوسات تېكىن تەرىپىدىن قۇرۇلۇپ، 646 ـ يىلى تومېد

ئۇلۇغ ئىلتەبىر تەرىپىدىن تۇنۇلۇپ، 840 ـ يىلى خانلىق ئوردۇسى ۋەيران قىلىنىپ، 848 ـ يىلى ئەڭ ئاخىرقى قاغان ـ ئۇنەن (ئىنەن) دەۋرىدە خانلىق يۇقالغانغا قەدەر، 200يىلدىن ئارتۇق مەۋجۇد بولغان2 بۇ جەريانىدا 24 دىن ئارتۇق قاغان ئۆتكەن. بۇ تۈرك مەڭگۈ تاشلىرى، «ئورخۇن ـ يەنسەي مەڭگۇ تاشلىرى »، «مەڭگۈچۇر قاغان مەڭگۇ تاشلىرى » قاتارلىق تۈرك ـ ئۇيغۇرلار ئۆز قولى بىلەن ئورخۇن يېزىقىدا تاغ تاشلىرىغا يازغان، تۈرك تارىخى ـ مەڭگۈ مەڭگۇ تاشلىرى تېپىلغان. بىلگە قاغان ۋە كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى تىكلەنگەن مەڭگۇ تاش يوللۇغ تېكىن تەرىپىدىن يېزىپ ئورنىتىلغان. بۇ تۈرك مەڭگۈ تاشلار تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىغى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ھازىرغىچە ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتقىنى يوق.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن شەرقى ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى كۆپچىلىكى، غەربىي ئۇيغۇر قېرىنداشلىرى قېشىغا كۆچۈپ كېلىپ، ئۇلار بىلەن قوشۇلۇپ، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى (848 ـ 1035)، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى (848 ـ1369) ۋە قەشقەر، بالاساغۇننى قوش مەركەز قىلغان ئۇيغۇر قارا خانىيلار خانلىقى (850 ـ 1212) دىن ئىبارەت ئۈچ خانلىق قۇرۇپ ياشىدى.

840 ـ يىلى "ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى" يىمىرىلگەندىن كېيىن ئۆز يۇرتىدىن كۆچمەي قالغان يەنە بىر بۆلەك ئۇيغۇرلار (1) قەبىلە باشلىقى كۆلۈگ باغانىڭ تەرەپدارلىرى ۋە قاغانلىقتىكى قېچىپ كېتىشكە ئات ـ ئۇلاقلىرى بولمىغانلىقتىن ئۆزجايىدا تۇرۇپ قالغان ئۇيغۇرلار (2) بىر قىسىم ئارقا بايقال رايونىغا، يەنە قىتانلار كونتروللىقىدىكى يەرلەرگە ۋە قوشنا قەبىلىلەر ئارىسىغا كەتكەن ئۇيغۇرلار (3) شەرقى ـ شىمال تەرەپكە شىرۋىيلەر قېشىغا كەتكەن ئۇيغۇرلار، بۇ ئۇيغۇرلار كېيىن قىرغىز قوشۇنلىرى تەرىپىدىن شىرۋىيلەر يۇرتىدىن ئەسلىدىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى زېمىنىغا (موڭغۇلىيەگە) ئەۋەتىلگەن3. بۇ ئۇيغۇرلار بۇيەرگە كۆچۈپ كەلگەن ھەر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان نۇرغۇن قەبىلىلەر ئىچىدە يەنىلا مەدەنىيەت تارقىتىشتا چىڭ رول ئوينىغان، ئۇيغۇرلار سوغدى ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۆزلىرىنىڭ يېڭى يېزىقلىرىنى يارىتىپ، بۇ يېزىقلارنى موڭغۇللارغا ئۆگەتكەن (تاتا تۇڭا باشچىلىقىدا ). 11 ـ 12 ـ ئەسردە مەركىزى ئاسىيانىڭ شەرقى قىسمىدا ئۇيغۇرلار سالغان ۋە ياسىغامەۋجۇدشەھەرلەر مەۋجۇت بولغان. 13 ـ ئەسردە، تۇۋا جۇمھۇرىيتى تەۋەسىدىكى) ئۇلۇغ خەمە دەرياسى بويىدا ئۇيغۇر دېگەن نامنى ساقلاپ ئالاھىدە تۇرمۇش كەچۈرۋاتقان ۋە مەۋجۇت بۇلۇپ كەلگەنلىكى ئېنىقلانغان. ئۇلار يەنە بۇرۇنقى قول ھۈنەر كەسپلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، قەدىمكى موڭغۇل شەھەرلىرىگە تارقىلىپ ياشىغان. 4

تارىخى مەنبەلەردىن مەلۇم بولىشچە، 11 ـ ئەسىردىن 14 ـ ئەسىرگىچە، ئۇيغۇرلار

نايمان قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى، قىتان ۋە موڭغۇل قەبىلىلىرى ئارىسىدا يېزىق، خەت ـ ئالاقە، كاتىپلىق، ئەمەلدارلىق، تامغا تۇتۇش، ئوردا ئىشلىرى، دىپلوماتىيە، لەشكىرى ئىشلار، ھەربىي قورال ياراق ياساش، ئوزۇق ـ ئوقەت تەييارلاش، تېبابەتچىلىك، دېڭىز سەپىرى قىلىش (ئەل يىغمىشنىڭ ھىندى ئوكيان سەپىرى)، ئۆلىما (دىنى ئالىم) ، سودىگەرچىلىك قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇستازلىق رولىنى ئۆتىگەن.

بۇ قەدىمكى شەرقى ئۇيغۇر يۇرتى كېيىنكى ۋاقىتلاردا يەنى 1644 ـ يىلدىن 1911 ـ يىلغىچە مانجۇ خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. بۇ دەۋردە بۇ جايدا ياشاۋاتقان تۈركى خەلقلەر ئەھۋالى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز.

1921 ـ يىلى موڭغۇلىيەدە خەلق ئىنقىلابى كۆتۈرلۈپ، 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى مۇستەقىل خەلق كومىتېتى قۇرۇلغان. 1924 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان. 1945 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، سوۋېت، ئامېرىكا، ئەنگلىيە 3 دۆلەت باشلىقلىرى( ستالىن، رۇزۋېلت، چېرچىل) «يالتا يىغىنى»دا تاشقى موڭغۇلىيە(موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى) نىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش» (جۇڭگو ھۆكۈمىتى تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلسا ئۇ ھالدا، سوۋېت ھۆكۈمىتى شىنجاڭ مەسىلىسىگە قول تىقماسلىق) بۇنى ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشنىڭ بىر شەرتى قىلىش قارار قىلىنغان. 1946 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شۇ چاغدىكى جۇڭگو ھۆكۈمىتى تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلغان5

بۈگۈنكى كۈندە موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1مىليون 566مىڭ 500كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمى نوپۇسى 2 مىليون 450 مىڭ بولۇپ، ئاساسلىق مىللەتلىرى، خالغا موڭغۇللىرى يەنە قازاق، قىرغىز، ئۇيغۇر، ئورانخەي قاتارلىقلار ياشايدۇ.، بۇنىڭ ئىچىدە، خالغا موڭغۇللىرى نوپۇسى 2مىليون 298مىڭ بولۇپ پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %90نى ئىگىلەيدۇ، لاما دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ، خالخا موڭغۇل تىلىنى قولۇنىدۇ. 6 قالغان تۈركى خەلقلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 152 مىڭ بۇلۇپ موڭغۇلىيە ئومۇمى نوپۇسىنىڭ %7نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قازاقلار 120مىڭ،ئورانخەيلەر 26 مىڭ، خوتۇن (ئۇيغۇرلار) 6 مىڭ 7

تۈركي خەلقلەرنىڭ كۆپچىلىكى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىدا ياشايدۇ. ئاساسلىقى بايان ئۆلگان شەھىرىدە يەنە باش كەنتى ـ ئو لانباتۇر شەھىرىدىمۇ ياشايدۇ، موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى ئانا قانۇنى (ئاساسى قانۇن) موڭغۇلىيىدىكى مىللەتلەرگە ئېرىق، جىنس، مىللەت، دىن نۇقتىسىدىن، ئۇلار غا تەڭ باراۋەر مۇئامىلە قىلماقتا. قازاقلار

چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇرانخەيلەر ۋە خوتونلار (ئۇيغۇرلار) چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

ئوقۇتۇش جەھەتتە: موڭغۇلىيەدە 14 ياشقا كىرگەنلەر ئوقۇشقا كىرىشى مەجبۇر. 2 يىللىق تېرىم(دېھقانچىلىق) ۋە سەنئەت مەكتەپلىرى بار. مەكتەپلەردە موڭغۇلچە ئوقۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا قازاقچە ئوقۇتۇشقىمۇ يول قويۇلىدۇ. 1997 ـ يىلدىن بۇيان قازاقلار ياشىغان يەرلەردە 11 باشلانغۇچ مەكتەپ، 16 ئوتتۇرا مەكتەپ، 1 ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش مەكتىپى بولغان. ھەتتا موڭغۇلىيە دۆلىتى قازاقىستاندىن موڭغۇلىيەگە ئوقۇتقۇچى، دوكتۇر، تەكلىپ قىلماقتا. بۇيەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا ۋە ئالماتادىكى تېخنىكا مەكتەپلىرىگە ئوقۇشقا بېرىشىغا كەڭ يول قويماقتا.

موڭغۇلىيەدە دىن ۋە دۆلەت ئىشلىرى ئايرىم بولۇپ، ھەركىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىنىدۇ. تۈرلۈك خەلقلەرگە ئائىت مەكتەپلەردە ئىلگىرى رۇس ئېلىپبەسى قوللىنىلغان بولسا ھازىر لاتىن ئېلىپبەسى قوللىنىلماقتا 8 ئەمما ھازىرغىچە تاشقى موڭغۇلىيەدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئالاقە قىلغىنى يوق. مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا جەھەتلەردە ئۆز ئارا ياردەم قىلىش، بېرىش ـ كېلىش ئىشلىرى بولمىدى.

ئۇنداقتا، موڭغۇللار نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنى خوتۇن دەپ ئاتىغان؟ بۇنىڭ قارا شەھەر تەۋەسىدىكى خوتۇن سومۇل (ھازىرقى ئاتىلىشى خېجىڭ) دېگەن جاي نامى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

بۇ ھەقتە قاراشلار ھەرخىل. بەزىلەر خوتەن ئۇيغۇرلىرى موڭغۇلىيەگە كۆچۈپ چىقىپ ياشىغان، شۇڭا موڭغۇللار ئۇيغۇرلارنى <خوتەن> دېگەن نام ئارقىلىق چۈشەنگەچكە، ئۇيغۇرلارنى شۇڭلاشقا <خوتۇن> دەپ ئاتىغان، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر بۇ موڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇرلارنى ھاقارەتلەپ ئېيتقان سۆزى بولسا كېرەك دەيدۇ. تارىخقا نەزەر سالساق، ئۇيغۇر تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەردە موڭغۇللار ئۇيغۇرلارنى ‹خوتۇن› دەپ ئاتىغان، ئۇيغۇرلار بولسا موڭغۇللارنى< قالماق> دەپ، قارا قىتانلارنى <خىتاي ياكى قارا خىتاي> دەپ، مانجۇلار بولسا ئۇيغۇرلارنى <چەنتۇ> دەپ ئاتىغانلىق توغرىسىدىكى بايانلارنى ئۇچرىتىمىز. بۇ خىل قاراش قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوفنىڭ 1856 ـ 1859 ـ يىللىرى يازغان<<ئالتە شەھەرگە سەپەر>> خاتىرىلىرى دېگەن ئەسىرىدىمۇ يېزىپ كۆرسىتىلگەن.

ئەمما سابىق سېۋېت ئىتتىپاقىدىكى خەلقلەرنى مىللەتكە ئايرىش ئۈستىلىرى <خوتۇن> دېگەن خەلق توپىنى، تىلىنى تەكشۈرۈشكە قاتناشقان تۈرلۈك تەتقىقاتچىلار تۈرلۈك خەلقلەرگە تەۋە دەپ قارىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىمىغان. يەنى گ. ۋامبېرى

ئۆزبەگلەرگە، گ. پوتانىن قىرغىزلارغا تەۋە دەپ قارىغان. پەقەت 1915 ـ 1916 ـ يىللىرى تىلشۇناس مىللەتشۇناس، رۇس ئالىم تەتقىقاتچىلاردىن، ب. ۋىلادىمىرتسوۋ ۋە ئا. ساموئىلىۋىچ « تۈركىي خەلق ـ خوتونلار» ناملىق ئىلمىي تەكشۈرۈش خاتىرىسى (1916 ـ پېتىرگراد، رۇسچە نەشرىXX111توم) دە خوتۇن تىلىنى ئۇيغۇرلارغا تەۋە دەپ، تىل پاكىتلىرىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان، ھەم خوتۇن تىلى توغرىسىدا خېلى تەپسىلىي توختالغان، سوۋېت ئىتتىپاقى تۈركىي تىللار تەتقىقاتچى ئالىمى ن. ئا. باسكاكوۋ «تۈركىي تىللار» ناملىق ئەسىرىدە ‹سان قەھەتتە ئاز بولغان تۈركىي خەلق ـ خوتۇنلارنىڭ تىلىمىنمۇ ئۇيغۇر دىئالىكتىلىرى قاتارىدا ھىساپلاشقا بولىدۇ› ، دەيدۇ

تاشقى موڭغۇلىيەدىكى ئۇيغۇرلار (ئويرات موڭغۇللىرى تەرىپىدىن خوتون تۈركلىرى دەپ ئاتالغان) مۇڭغۇلىيەنىڭ غەربىي قىسمىدىكى UBS ۋىلايىتىنىڭ ئۇلانغوم شەھرىگە قاراشلىق تارئىلان (تېرىم) ناھىيىسىدە ياشايدۇ. 2007 ـ يىللىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 10مىڭدىن ئارتۇق . كۇماتخان خوجا ئەپەندى موڭغۇلىيە دىكى ئۇيغۇرلاردىن يىتىشىپ چىققان ھۆرمەتكە ئىگە زىيالى بولۇپ،ئۇنىڭ كۆكرەك قىسمى مىدالىيۇن بىلەن تولغان. خانىمى كۈلخان(گۈلخان) ئىكەن. تاشقى موڭغۇلىيە دىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدىن 1944 ـ يىلدىكى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئازتلىق كۈرەشكە قاتناشقان قوماندانلار، ئەسكەرلەرمۇ كۆپ بولغان.بىر قىسمى كېيىن قازاقىستان ۋە باشقا جايلارغا كۆچۈپ كەتكەن.

تىل ـ يېزىق جەھەتتە :

تاشقى مۇڭغۇلىيەدىكى ئۇيغۇرلار 350يىلدىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇمۇمىي گەۋدىسىدىن ئايرىلىپ1650 ـ يىللار ئەتراپىدا(باتۇر خۇنتەيجى قۇرغان جوڭغار خانلىقى دەۋرى بولسا كېرەك؟) ، قەدىمقى شەرقى ئۇيغۇرىيە يۇرتىنىڭ غەربىي قىسمى (ھازىرقى مۇڭغۇلىيەنىڭ غەربىي قىسمى)غا كۆچۈپ كېلىشكە مەجبۇرلانغان، بۇ جەرياندا ئۇلار كۆپ سانلىق مۇڭغۇللارنىڭ ئوراپ تۇرۇشى ئاستىدا ياشىغان بولسىمۇ ،لېكىن ئۇيغۇر ئانا تىلىنى ئۇنۇتمىغان ،ئەمما يېزىقىنى ئۇنۇتقان .تىلىدا قىسمەن مۇڭغۇل ۋە قازاق تىلى ئىلمىنتلىرىنىڭ تەسىرگە ئۇچىرىغان .ھازىر لاتىن ئېلىپبەسىنى قوللۇنىدۇ.

دىنى جەھەتتە :

تارئىلان ناھىيىسىدە 350 يىلدىن بۇيان خوتۇن تۈركلىرى دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلار ياشاپ كەلگەن بولۇپ ئۇلارنىڭ دىنى ئېتىقادى ئەسلىدە ئىسلام دىنى ئىدى. بىر زامانلاردا بۇجايدا مەسچىتمۇ بولغان، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆرۈلۈپ كەتكەن، ئۇلار يىتەرلىك بولمىغان

هاياتلىق شەرتلىرىگە قارشى هايات پائالىيەتلىرىنى داۋام قىلىپ كەلمەكتە. بۇ يەردە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى تارىختىن كەلگەن باسقۇن نەتىجىسىدە مۇڭغۇللار تەرپىدىن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دىنى ئىسلامنى ئۇنۇتقان، يېزىقلىرىنى ئۇنۇتقان . ئەمما ئۇلاردا مۇسۇلمانچىلىق ئىپادىلىرى بىلىنىپ تۇرىدۇ، يەنى بەزىلىرى فاتىھە سۈرىلىرىنىڭ بىرىمىنى بىلىدۇ ،ياكى بىر قانچە سۈرىلەرنى ياتقا بىلىدۇ.

قازاقلار: مۇڭغۇلىيەدىكى قازاقلار ئەڭ كۆپ ياشايدىغان بايان ئۆلگى شەھرىدە مۇڭغۇلىيە ئىسلام دىنىنى ئىدارىسى جايلاشقان . بۇ ئەينى زاماندا مۇڭغۇلىيە مۇسۇلمانلىرىغا ئائىت دىنى ئۆگۈتۈش ئېلىپ بارىدىغان بىلگە تېگىن ئەخلاق ئوقۇتۇش مەركىزى ئوقۇلى (مەكتىۋى) ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا مۇڭغۇلىيەدە بۇددىزىم ئوقۇشى ئېلىپ بارىدىغان ئوقۇللارمۇ بار .هەر ئىككى ئوقۇلدا75% مىللىي ئۆگۈتۈم بويىچە ،25% دىنى ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەخلاق ئوقۇتۇش مەركىزىدە 430 غا يېقىن ئوقۇغۇچى بىلىم ئالىدۇ.

سېنگىل شەهرىدە 8000 نۇپۇسلۇق يېزا بار، ياز كۈنلىرى250 ئوقۇغۇچى، 25 ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكلىشىدە ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدۇ.

بايان ئۆلگى شەهرىدە دۆلەت ئاڭلاتقۇسى (رادىئوسى) قازاقچە ئاڭلىتىش تارقىتىدۇ.هەر جۇمە كۈنى بىلگەتېگىن ئوقۇلى (مەكتىۋى)نىڭ باغچىسى بولغان سالام مەسچىتىدە ئەزان ئوقۇلۇپ جۇمە نامىزى ئوقۇلىدۇ. بايان ئۆلگىدە ياشايدىغان قازاقلارغا قازاقىستان ۋە تۈركىيە قاتارلىق مۇسۇلمان دۆلەتلەردىكى ئىنسانىي ياردەم تەشكىلاتى كېرەكلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى،ئىقتىسادىي ياردەم، ئىجتىمائىي ياردەملەرنى قىلماقتا. يوللار بۇزۇق، شارائىت ناچار، خەلق ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ،بايان ئۆلگىدىن هارۋىلىق بىر ئاي يول يۈرۈپ ،قازاقىستاننىڭ ئۆسكېمىن شەهرىگە كېلىپ ماللىرىنى سېتىپ ،كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ قايتىدۇ.بەزىلىرى ئالما ئاتاغىمۇ كىلىپ قايتىدۇ.بۇجايلاردىكى قازاقلار، ئۇيغۇرلار ياز پەسلى قىسقا، چېگرادىكى ئىشلار تۈپەيلى يىلدا ئاران 3،2هارۋا قاتنىيالايدۇ.

ئۆرپ - ئادەت جەهەتتە :

مۇڭغۇلىيەدىكى ئۇيغۇرلار مۇسۇلماندارچىلىق ئۆرۈپ -ئادەتلىرىنى سەل ئۇنۇتقان بولسىمۇ، ئۇمۇمىي جەهەتتىن مۇسۇلمانداچىلىق ئۆرۈپ-ئادەتلىرى ساقلاپ قالغان. ئۇيغۇرلار بىلەن ئاساسىي جەهەتتىن ئوخشاش.

مۇڭغۇلىيە سوغۇق ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ، ئىقلىمى قۇرغاق ،يامغۇر ئاز ياغىدۇ. ياز ۋاقتى قىسقا ،سوغوق ۋاقتى كۆپ. ئۇيغۇرلار بىلەن قازاقلار مۇڭغۇلىيەنىڭ غەربىي قىسمىدىكى چەت

چېگرا بۆلگىگە جايلاشقان، بۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى ئۆزگىچە ئالتاي ۋە تاڭنۇئۇلا تاغلىرىدىن ئىبارەت ئىككى ئېگىز تاغنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن قار كۆپ ياغىدۇ، ھاۋاسى سوغوق. قاتناش ئىشلىرى قولايسىز،تۇرمۇشى ناچار،جاپالىق مۇھىتتا ياردەمسىز ياشايدۇ ئەمما ئۇلار ناھايىتى سەممىمىي، مۇساپىرلىق دەردى ئۇلارنى قىيناپ تۇرماقتا .شۇڭلاشقا ئىنسانىي ياردەم تەشكىلاتى (iHH) مۇڭغۇلىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ،مەدەنىي ،تارىخ، ئەنئەنىسىنى قەتئىي ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ياشىغان بۆلگىلەرگە ئىنسانىي ياردەم قوللىرىنى سۇنغان.

مۇڭغۇلىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى:

ئىنسانىي ياردەم تەشكىلاتى مۇڭغۇلىيەدىكى ئىسلام دىنى ئىدارىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن مۇڭغۇلىيەنىڭ غەربىي بۆلگىسىدىكى مۇسۇلمانلار ياشايدىغان بايان ئۆلگى، تارىئالان ۋە سەنگەل شەھەرلىرىدە 1100ئوقۇغۇچىنىڭ قاتنىششى بىلەن يازلىق ئوقۇتۇش باشلىغان.

2007 يىلى 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى مۇڭغۇلىيەنىڭ بايان ئۆلگى ۋىلايىتىنىڭ مەركىزىدىكى بىلگە تېگىن ئەخلاق ئوقۇلىدا ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن. شۇنىڭغا ماس ھالدا ئىنسان ھوقۇق تەشكىلاتى ئۇيغۇرلار زىچ جايلاشقان تارىئالان(خوتون شەھىرى)دە دەسلەپكى قەدەمدە بىرى 1400،يەنە بىرى 813 كۇۋادىرات مېتىر كېلىدىغان ئىككى يۇرۇش ئۆي(بۇنىڭ بىرسىنى ئوقۇل يەنە بىرسىنى جامە قىلىپ بېرىلگەن) ۋە جىددى ئوقۇتقۇچى تەييارلاپ بەرگەن .كۆچمەن ئائىلىنىڭ بالىلىرىنىڭ يېتىپ ئوقۇيدىغان ئايرىم ياتاق بۆلۈملىرىمۇ تەييارلانغان. بۇيەردە ئېچىلغان يازلىق كۇرسى ئۈچۈن كېرەكلىك كىتاپ، ئوقۇتۇش قوراللىرى تارقىتىلغان، شۇنىڭ بىلەن تارىئالاندا مەركىزى باشلانغۇچ ئوقۇلى بارلىققا كېلىپ ئوقۇتۇش باشلاش مۇراسىمى داغدۇغۇلۇق ئۆتكۈزۈلگەن. ئوقۇتۇش باشلاش مۇراسىمغا 400 ئوقۇغۇچى، شەھەر خەلقى، شەھەر باشلىقلىرى، ئوقۇتقۇچىلار قاتناشقان. «تەرەققىي قىلمىساق ھالەك بولىمىز...،ئۆگۈتىم يۇلى بىزنىڭ مەۋجۇتلىقىمىز» دىگەن شۇئار تەشۋىق قىلىنغان. ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇرۇشنى مۇڭغۇلىيە ئىسلام دىنى مەركىزى ئىدارىسىگە قاراشلىق بولغان بىلگە تېگىن ئەخلاق ئوقۇتۇش مەركىزى ئۈستىگە ئالغان. ئىسلام دىنى مەركىزى بۇ يەرگە بىر ئىمام تەيىنلەپ بەرگەن . مەركەز ئوقۇتۇش مۇدىرى بولسا ئوقۇلاردا مەسچىت ۋە دىن ئۈچۈن قوللانما تەييارلاپ بەرگەن.ئوقۇلدا دىنى بىلىملەر ۋە تۈركچە ئوقۇتۇشمۇ ئېلىپ بېرىلىدۇ.ئوقۇل بۇلۇش ئۈچۈن، دەرىسلىك بولۇش، مەسچىتى بولۇش، تەجرىبە خانىسى بۇلۇش،رەھبەرلىك ئورگىنى بۇلۇشدىن ئىبارەت تۆت بۇلۇش،ئەمەلگە

ئاشۇرۇلغان. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ غەيرىتى بىلەن بۇ ئىشلار ئوڭۇشلۇق قانات يايماقتا. ياز كېلىشى بىلەن ئۇيغۇر (خوتۇن تۇركلىرى ) گە يازلىق كۇرۇس ئېچىلىپ ئۇلارغا قۇرئان ئوقۇتۇش باشلانغان.1400 ئوقۇغۇچى ئىككى ئايلىق يازلىق كۇرسنى تاماملىغان(سوغاق هاۋا تۈپەيلى قىسقا ئوقۇش داۋام قىلدۇرىلىدۇ).بۇلار تۈركىيە تۈركلىرىگە چوڭ تەشەككۈر بۈلدۈرمەكتە.ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلار تۈركىيەدىكى ئالىي ئوقۇش ئوقۇللىرىغا كىرگەن.بەزىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كېلىپ يۇرتىدا ئوقۇتقۇچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

ئىككى يىلدىن بېرى يازلىق ئوقۇتۇش باشلاش بىلەن بىرلىككتە دىن ئۆگىنىدىغان كىشلەرمۇ كۆپىيىپ بارغان.

ئىقتىسادىي جەھەتتە: موڭغۇلىيە جۇڭگۇ بىلەن رۇسىيىگە بېقىنىدۇ، دۇنيادا چارۋا سانى ئەڭ كوپ دۆلەت، ئەمما گۆش ۋەسۈت مەھسۇلاتلىرى تەييارلاش تېخنىكىلىرى ئىگەللەنمىگەن، ھىچقانداق مەدەنىي تۇرمۇش بۇيۇملىرى يوق. كېيىنكى يىللاردا ياپۇنىيە، كورىيە ۋە باشقا دۆلەتلەر تەرىپىدىن مەدەن ئىشلەپچىقىرىش باشلانغان،باشقا سانائەت بۇيۇملىرى ئاساسەن چەتتىن كەلتۈرىلىدۇ.

ساقلىقنى ساقلاش جەھەتتە: دوختۇرخانا ۋە دوختۇر، سېستىرالار بەك كەمچىل، داۋالىنىش قىيىن. تەن ساقلىقنى ساقلاش ساھەسىدە ئاساسەن خىرىستىيان مىسيونىرلىرىغا خىزمەت بېرىلگەن.

تارىخقا نەزەر سالساق موڭغۇللار ئۇيغۇرلارنى "خوتۇن" لار دەپ ئاتىغان.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھازىرقى خېجىڭ ناھىيىسى تۇرۇشلۇق جاينىڭ نامى ئەسلىدە خوتۇن سومۇل(和通苏木) دەپ ئاتىلاتتى، قارا شەھەرنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە ئىدى. خېجىڭ (和静 تىنىچ، جىمجىت دېگەن مەنىدە) 1965 ـ يىلى ئۆزگەرتىپ قويۇلغان نامدۇر. ئۇنداقتا خوتۇن سومۇل دېگەن نام قانداق كېلىپ چىققان؟ ئۇنىڭ نېمە مەنىسى بار؟

بەزىلەر ئېيتقاندەك خوتۇن سومۇل دېگەن نام ئۇيغۇرچە ‹خوتۇن سۇمبۇل› يەنى ‹ئۇزۇنچ چاچلىق خوتۇن› دېگەن نامدىن كېلىپ چىققانمۇ؟ ياق. ئىلمىي نۇقتىدىن ئالغاندا بۇ موڭغۇللارنىڭ مەمۇرىي بىرلىك نامى بولۇپ، ئۇ خوتۇن ۋە سومۇل دېگەن ئىككى سۆزدىن كېلىپ چىققان. يەنى 1771 ـ يىلى ئوباش باشچىلىقىدىكى موڭغۇللار ۋولگا دەرياسى بويىدىن چار رۇسسىيىنىڭ زۇلمىغا قارشى چىقىپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندە چىڭ ـ مانجۇ خانى چيەنلۇڭ ئۇلارنى پارچىلاپ بۆرتالا، شىخۇ (قارا سۇ)، ئويرات موڭغۇللىرى ـ تورغۇت ۋە خوشۇتلارنىڭ 54 سۇمۇلنى قارا شەھەر يۇلتۇز ۋادىسىغا، ھازىرقى خېجىڭ، خوشۇت ۋە باغراش ئەتراپلىرىغا ماكانلاشتۇرغان. قارا شەھەر تەۋەسىدىكى يېزا ـ بازارلارنىڭ ئاساسلىق

ئاھالىسى ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت بولغاچقا، بۇنىڭ بىلەن موڭغۇللار خىجىلىق بازىرى ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار يۇرتىنى ‹ئۇيغۇر شەھەرى› ، ‹ئۇيغۇر مەھەللىسى› دىگەن مەنىدە موڭغۇلچە ‹خوتۇن سومۇل› دەپ ئاتىغان.

ئەمما قىزىقى 2000 ـ يىللارغا كەلگەندە ‹خوتۇن سومول › دىگەن بۇ يەر ـ جاي نامى موڭغۇلچە نام بولۇپ ‹قالماق شەھەرى› (موڭغۇل شەھىرى) دىگەن بولىدىكەن دىگەن ئەسلى تارىخى ئۇنتۇلۇپ ئىپتىلىغان، چۈشەندۈرۈشكە قارىتا، موڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئىلگىرى ‹خوتۇن› دەپ ئاتايدىغانلىقى ‹خوتۇن سومۇل› دىگەن موڭغۇلچە سۆزنىڭ ‹ئۇيغۇر شەھىرى› ، ‹ئۇيغۇر يۇرتى› دىگەن سۆز ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ. چۈنكى موڭغۇل تىلىدا شەھەر كخوتو ياكى قوتو دەپ ئاتالغان بولۇپ ‹ن› كۆپلۈك قوشۇمچىسى بولۇپ قوتود، قوتون شەھەر دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار ئۆتمۈش تارىخىنى ئۇنتۇلۇپ، ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇيالماي تۇرغاندا، باشقا چەتئەل مىللەت، تارىخچىلىرىنىڭ موڭغۇلىيەدىكى «خوتۇن» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلارنى ئۇيغۇرلار دىن ئايرىم بىر مىللەت دەپ قارىشى ھەيران قالارلىق ئەمەس.

دىمەك، خوتۇن دىگەن سۆز موڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئاتىشى بولۇپ، «موڭغۇلىيەدىكى تۈركى خەلق ـ خوتۇنلار» دەپ ئاتالغان كىشلەر توپىنىڭ باشقا تۈركىي خەلق ئەمەس دەل ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق.

ئىزاھاتلار:

1. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ( دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن) 1990 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە 80 ـ بەتكە قاراڭ.

2. «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» (ئالىي مەدەرسىلىك ئۈچۈن دەرسلىك) 1992 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنۋېرسىتېتى نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى 1999 ـ يىلى 5 ـ قېتىم بېسىلىشى 204 ـ بەتكە قاراڭ.

3. «يېڭى تاڭنامە» ـ217 جىلىد ۋە «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى تۈركى خەلقلەر تارىخى» 2003 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە 216 ـ بەتكە قاراڭ.

4. ل . ر. كىزلاسوۋ: «تۇۋانىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى» موسكۋا 1969 ـ يىلى رۇسچە نەشرى 87 ـ بەتكە قاراڭ.

5. «دۇنيا بىلىملىرى يىلنامىسى» ـ1986 يىلى دۇنيا بىلىملىرى نەشرىياتى نەشرى، خەنچە نەشرى 68 ـ بەتكە قاراڭ.

6. دۇنيا بىلىملىرى خەرىتىلەر توپلىمى 2005 ـ يىلى چېگدۇ نەشرى، موڭغۇلىيە قىسمىغا قاراڭ.

7. 8. موڭغۇلىستاندا ياشاۋاتقان تۈركىي خەلقلەر 2004 ـ يىللىق تور بېتىگە قاراڭ (i http://www.nihalatsiz.com/mogolistan türkler).

9. ن. ئا. باسكاكوۋ ( سوۋېت ئېنتىپاقى ) « تۈركى تىللار » 1986 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى 334 ـ بەت ۋە 486 ـ بەتلەرگە قاراڭ .

ئاپتور: ئاقسۇ مائارىپ ئىنستىتۇتى دوتسېنتى

2005 ـ يىلى3 ـ ئايدا يېزىلدى.

蒙古共和国的突厥语民族

胡加尼亚子

ئاقسۇ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمي ژورنىلى 2005 ـ يىللىق 3 ـ سانىدىن ئېلىندى.

# ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى تەنتەربىيە تارىخىدا چەۋگەن - (دەغنەك) توپ تەنھەركىتى

خوجا نىياز يوللۇغ تېكىن

## 1. چەۋگەن - دەغنەك توپ تەنھەركىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى

دەغنەك (چەۋگەن) توپ تەنھەركىتى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركى خەلقلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرلۇك كۆڭۈل ئېچىش، تەنتەربىيە ئويۇنلىرى ئىچىدە، ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان، ياشاش شارائىتىگە زىچ ماسلاشقان، ئۆزىگە خاس مىللى ئالاھىدىلىكە ئىگە، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى تەنھەركەت تۇرىنىڭ بىرى. ئۇ ھەر بىر ياش ئەۋلادنىڭ جىسمانى جەھەتتىن چېنىققان مۇستەھكەم، ئىرادىلىك، قورقماس يۈرەكلىك، سەزگۈر ۋە چاققان كىشلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدا مۇھىم رول ئويناپ قالماستىن، يەنە جەڭگىۋار ئاتلىق قوشۇننى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتا، ئاتلىق قوشۇنلارنىڭ ھەرخىل ماھارىتىنى سىناشتا، ئاساسلىق ئۆلچەم قىلىنغان. شۇڭا ئۇ قەدىمدىن ھازىرغىچە ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى، تەنتەربىيە تارىخى، ھەربىي ئىشلار تارىخى، تۇرلۇك كۆڭۈل ئېچىش، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپ كەلگەن. ئەمما يېقىنقى دەۋرگە كەلگەندە بۇ پائالىيەت تۇرلۇك سەۋەپلەرگە كۆرە توختاپ قالدى، تارىخىمۇ ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى....؟ ئۇنداقتا بۇ چەۋگەن ـ دەغنەك توپ ھەركىتى پائالىيىتى قاچان، قانداق بارلىققا كەلگەن، قايسى خاندانلىقتا قانداق شەكىلدە ئېلىپ بېرىلغان؟ بۇنى ئۆگۈنۈش، تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى، تەنتەربىيە تارىخى، ھەربىي ئىشلار تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارايمەن.

چەۋگەن «دەغنەك» — توپ تەنھەركىتى، ئات ئۈستىدە تۇرۇپ دىغنەك (ئۇچى ئىگىلگەن كالتەك تاياق) بىلەن يەردىكى توپنى ھەيدەپ (سۈرۈپ) بەلگىلەنگەن ئارىلىقتىن ئوستاتلىق بىلەن ئۆتكۈزۈدىغان، قارشى تەرەپ دەرۋازا (ئىشىك ـ تۆشۈك) گە توپ كىرگۈزۈش تەلەپ قىلىندىغان، بىر خىل قەدىمكى تەنتەربىيە ھەركىتى تۇرى بولۇپ، ئەجداتلىرىمىز تەرپىدىن»

دەغنەك «توپ تەنھەركىتى ئويۇنى دەپ ئاتىلىپ كېلىنگەن. بۇيەردىكى«دەغنەك» سۆزى ئات ئۇستىدە ئولتۇرۇپ، يەردىكى توپنى توختىتىۋېلىش ياكى ئۇنى ئۇرۇش ئۇچۇن ئىشلىتىلىدىغان ئۇچى ئەگرى، ئۇزۇن تاياقنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ تۇرۇكلەردە ‹ ‹دەغنەك› › 1، پارس ـ تاجىك تىلىدا «چەۋگەن» ، رۇسچە «كىلىيوشكا» دەپ ئاتالغان. (بەزى مەنبەلەرگە قارىغاندا پارس ـ تاجىك تىلى دەپ قارالغان چەۋگەن سۆزى ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇر تىلىدىكى چەۋىقگەن سۆزىدىن كەلگەن، يەنى چىۋىق ـ چەۋىق سۆزىگە گەن سۆزى قوشۇلۇپ چەۋىقگەن، كېيىن بۇ سۆز چەۋگەن سۆزىگە ئايلانغان بولسا كېرەك ، بۇنىڭغا مىسال ئۇچۇن،تال ـ چىۋىق،پولات ـ چىۋىق سۆزىگە زەڭ سېلىڭ؟ ـ ئاپتۇردىن)،

11 ـ ئەسىردە ئۇيغۇر قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرى (مىلادى 850 ـ 1212) دە ياشىغان ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاتىسى ، مەھمۇد كاشغەريي «دىۋانى لوغەتىت تۈرك » ناملىق ئەسىرىدە « چەۋگەن توپ» ھەركىتى ئۇيۇنى ھەققىدە توختۇلۇپ كۆپلىگەن مەلۇماتلارنى قالدۇرغان، مەسىلەن:

«چەۋگەن ئۇيۇنى» ، «چۆگەن توپ»2 مەھمۇد كاشغەريي:«تۈركى تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 253 ـ بەتكە قاراڭ)

‹ ‹چەۋگەن ئىگىشتە ياردەملەشتى› › ۋە « ئۇ ماڭا چەۋگەن ئىگىپ بەردى»(1 ـ توم 252 ـ بەت) بۇ يەردىكى چەۋگەن توپ ئويناشتا ، توپنى ئۇرۇش، ياكى توختىتىۋېلىش ئۇچۇن ئىشلىتىدىغان ئۇچى ئەگرى تاياقنى كۆرسىتىدۇ .

« تۇپۇق ـ چەۋگەن بىلەن ئۇرۇپ ئوينىلىدىغان توپ»(1 ـ توم 492 ـ بەت) ،

«تالاس، چەۋگەن ئۇيۇنىدا مەيداننىڭ چېكىگە تارتىلغان ئارغامچا»(1 ـ توم، 474 ـ بەت) دەپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىن بىلىشكە بۇلىدۇكى «تالاس» سۆزى ـ دائىرىنى ئايرىش ـ كۆرسىتىش سىزىقى، چىگىرا، پاسىل دىگەن مەنىلەرنى بىلدۇرگەن. بۇنىڭدا ئارغامچا بەلگىلىك ئارىلىقنى مۇقۇملاشتۇرۇش ئۇچۇن چەۋگەن ئۇيۇنىدا مەيداننىڭ چېكىگە تارتىلغان.

تارىخى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، دەغنەك توپ مەيدان پاسىلى ـ تالاس سىرتىدا ئىككى كىشى قىزىل بايراقچە تۇتۇپ، ئوڭ سول مەيداندىكىلەرنىڭ ھەركىتىگە نازارەتچى، بۇيرۇقچى ۋە رىغبەتلەندۇرگۇچى بولغان. مەيداننىڭ شەرق ۋە غەرىب تەرىپىگە كۆن ۋە ئاي شەكىللىك بايراقچىلار قادالغان، ناخشا، ناغرا سۇناي مۇزىكا سادالىرى ئىچىدە دەغنەك توپ ھەركىتى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەن.

ئويۇننىڭ قانداق باشلىنىدىغانلىقى ھەققىدە توختۇلۇپ مەھمۇد كاشغەريي يەنە مۇنداق دەيدۇ:

‹ ‹تۇلدى ـ ئۇردى ،ئادەم توپى ئارا (ئاچا تاياق) بىلەن ئۇردى .بۇ تۈركىي خەلقلەرگە خاس بىر ئويۇن بولۇپ ،ئويۇن قاتناشقۇچىلىرىدىن بىرى ئۆزى ئويۇننى باشلاپ بېرىشنى خالىسا ،توپنى ئارا (ئاچا تاياق) بىلەن ئۇرىدۇ .كىم توپنى قاتتىق ئۇرالىسا(ئۇرغان توپى يىراق جايغا بارسا) ،شۇ كىشى ئويۇننى باشلىغۇچى بولىدۇ › › (2 ـتوم 30 ـبەت)، بۇنىڭدىن قارىغاندا چەۋگەن توپ ھەركىتى مۇسابىقىسى ئويۇندا توپنى بىر ئۇرۇۋشتىلا بەلگىلەنگەن ئارىلىقتىن نېرىغا ئۆتكۈزۋېتىش تەلەپ قىلىنغان ۋە توپنى ئەڭ يىراققا ئۇرغان كىشى ئويۇننى باشلاش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان. توپنى بىر ئۇرۇپ ئارغامچا ئارقىلىق بەلگە قىلىنغان نىشاندىن ئۆتكۈزەلىگەن ئادەمگە مۇكاپات تەرىقىسدە <<تاگۇق >>(3 ـ توم499 ـبەت) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل يىپەك رەخت بېرىلگەن.

ئەھۋالدىن قارىغاندا،چەۋگەن توپ ھەرىكىتى ئويۇنى شارائىتقا قاراپ ئاتلىق، ئاتسىز ۋە ھەرخىل شەكىلدە ئوينالغان، بۇلارنىڭ قائىدە، تەرتىپلىرى ئاساسەن ئوخشاش، ئوينۇلۇش ئۇسۇللىرى ھەرخىل بولغان، ئاتلىق ئوينالغان چەۋگەن ئويۇنىدا ئۇتقان ـئۇتتۇرغانلىقىنى ، مەلۇم ۋاقىت ئىچىدە توپنى بەلگىلەنگەن نىشاندىن قانچە قېتىم ئۆتكۈزگەنلىكىگە قاراپ بەلگىلىنەتتى، يەنى توپنى بىر تۆشۈكتىن قايسى تەرەپ كۆپ ئۆتكۈزسە شۇ تەرەپ ئۇتقان بولاتتى

چەۋگەن ئويۇنى ئوينىغاندا كۆرگۈچىلەر تۈرلۈك تەنتەربىيە ھەركىتى ئويۇنلىرى ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى...مەسىلەن،ئوغلاق تارتىش، ئات بەيگىلىرىگە ئوخشاش بەسلىشىش ئويۇنلىرىدا، ئۆزلىرى خالىغان تەرەپكە دو تىكىش ئىشلىرىمۇ بولاتتى.

«دەغنەك توپ» ۋە شۇقاتاردىكى تۈرلۈك ئات ئۈستى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى: دالا مەكتىۋى، ئەڭ مۇھىم ھەربىي سەنئەت دەرىسلىكى، مانىۋىر جەڭ مەيدانى بولۇپ، بۇ پائالىيەتلەرگە قاتناشقانلار، تۈرلۈك ئۇرۇش سەنئەتلىرىنى ئىگەللىۋالاتتى، بۇ ئويۇن قەدىمكى زامانلاردا چارۋىچىلىقى تەرەققىي قىلغان تۈركىي خەلقلەردە، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەڭ دەسلەپ مەيدانغا كەلگەن ۋە كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقان. جەنۇبىي سىبىرىيە، ئىچكى، تاشقى مۇڭغۇلىيە، گەنسۇ، شىنجاڭ، يەتتەسۇ، سىر، ئامۇ دەريا ۋادىلىرىدا ياشىغۇچى قەدىمكى ئۇيغۇرلار (جۇڭگو تارىخى ماتېرىياللاردا ،«شەرقى دىڭ لىڭ »ۋە «غەربىي دىڭ لىڭ» دەپ ئاتالغانلار) ياپۇن تارىخشۇناسى جىيەنداۋ شىنسىنىڭ «يىپەك يۇلىدىكى 99سىر» ناملىق ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويغىنىدەك، مىلادىدىن بۇرۇنقى 10مىڭ يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىلىردە ياۋايى ھايۋانلار ئىچىدە ئاتقا ئوخشاش چوڭ تىپتىكى ھايۋانلارنى ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىردا ئەڭ بۇرۇن تونىغان ،قولغا ئۆگەتكەن ۋە ئىشلىتىشنى (ئات مىنىش،

ھارۋىغاقۇشۇشنى)بىلگەن.

پاكىتلار: سوۋېت ئارخولوگلىرى 1939 ـ يىللىرى ئەتراپىدا «جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى مىلىق سۇ (مىنوسىنكى) ئەتراپىغا يېقىن قارا سۇ (قارا سۆك) دەرياسى ۋادىلىرىدىن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 13 ـ ئەسىردىن مىلادىدىن بۇرۇنقى ئەسىرلەرگە مەنسۇپ بولغان قەدىمى جايلار ۋە قەبىرىلەردىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 5000 ـ يىلاردىن بۇرۇنقى 1000 ـ يىلارنىڭ دەسلىپىگە تەئەللۇق نەرسىلەرنى قېزىپ چىققان. بۇلار ئىچدە، مىس، مىستىن ياسالغان پىچاق، مىستىن ياسالغان جەڭ پالتىسى، نەيزە، ساپال، خۇمىرا ،ساپال تاۋاق، تاشتىن ياسالغان ئەسۋاپلار، سۆڭەك ئەسۋاپلار، ۋاشاق، ئوقيا، بېلىق قارمىقى، بېلىق تورى، بېلىق سانچىغۇچ ئـارا، شۇنداقلا ئات قۇشۇلغان ھارۋا سۈرىتى قاتارلىق بۇيۇملار بار .سوۋېت ئالىملىرى جەنۇبىي سىبىرىيىدىن تېپىلغان بۇئارخىلوگىيىلىك پاكىتلارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق بۇمەدەنىيەتنى ياراتقۇچىلار جۇڭگۇ تارىخىي كىتاپلىرىدا «شەرىقى دىڭلىڭ» ، «غەربىي دىڭلىڭ» دەپ خاتىرلەنگەن دىڭلىڭ (قەدىمكى ئۇيغۇر) قەبىلىلىرىدىن قېلىپقالغان مەدەنىيەت ئىزلىرى» 3 دەپ ھۆكۈم قىلغان.

بۇ خىل مەدەنىيەت تېپىگە ياتىدىغان يادىكارلىقلار جەنۇبىي سىبىرىيە تـاغلىق را يۇنلىرىدىن، يېنىسەي (ئانا ساي)، ئـوب دەرياسـى ئەتراپلىرىـدىن، موڭغـۇلىيە خەلـق جۇمھۇرىيتى تاشقى بايقال رايۇنلىرىدىن، باشئوردىسى ئۇلانباتۇر ئەتراپلىرىدىن، ئورخۇن، تۇغلا، سېلىنگا دەرياسى ئەتراپلىرىدىن، قازاقىستان، ئالتاي تاغلىرى تەۋەسىدىن، شۇنداقلا چىن سېپىلىغا يېقىن بولغان، شىمال تەرەپتىكى ھەرقايسى جايلار (ئوردۇس ـ ئالتە سۇ، سۈييۈەن، رېخى قاتارلىق ....)قەدىمى جايلادىن كۆپلەپ تېپىلغان. سوۋ يت ئارخىلوگىيە ئالىملىرى، قارا سۆك مەدەنىيىتى ئۇستىدە توختۇلۇپ ،ئۇنىڭ خۇاڭخې ـ بويىدىكى شاڭ، جۇ دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن مىس قۇرال، ئەسۋاپ ئۇسكۇنىلەر بىلەن ئوخشىشىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ناھايتى يۇقىرى تەرەقىقى قىلغان دېھقانچىلىق ،چارۋىچىلىق مەدەنىيتى ئىكەنلىكىنى بۇ مەدەنىيەتنى ياراتقۇچىلارنىڭ جۇڭگونىڭ شىمالىدىن يىن، جۇ دەۋرىلىرىدە مۇڭغولىيە ۋە سىبىرىيىگەبارغانلىقىنى ئىسپاتلىغان4 .

دىمەك، بايقال كۆلىدىن تارتىپ ئالتاي ،بالقاش كۆلى ئەتراپلىرى ،خېتاۋ قولتۇغى ۋە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىي ساھەلىرى ناھايتى بۇرۇنلا قەدىمكى ئۇيغۇر(دىڭلىڭ)لارنىڭ پائالىيەت رايۇنى بولۇپ،يېنىسەي دەرياسى ۋە ئالتاي تاغلىرىنى مەركەز قىلغان بۇيۈك قارا سۆك مەدەنىيىتىنى ياراتقان، مۇشۇ چاغلاردا دىڭلىڭ(قەدىمكى ئۇيغۇر)لار ھارۋىنى ئىجات قىلغان5 بايقال تاغلىرىدىكى بىر سىن تاشقا سىزىلغان رەسىمدە تۇغ قادالغان بىرياۋداق

ئاتنىڭ سەپ ئالدىدا ماڭغانلىغى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىرقانچەئاتلىق ئادەمنىڭ مېڭىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن(بۇنىڭدىن6000 ـ 8000مىڭ يىل بۇرۇنقى رەسىم) 6 يەنە مىڭسۇ ئويمانلىغى (مىنوسىنكى)غا يېقىن بايقال تاغلىرىدىكى قىيا تاشلاردا بىرمۇنچە ئېپتىدائى ياغاچ ئۆيلەر،ئوت ـ چۆپلەربىلەن پۈركەلگەن ئۆيلەر، كىگىزدىن ياسالغان ئۆيلەر،ئوت ـ چۆپ دۆۋىلىرى،ھەركەت قىلىۋاقان توپ ئوچكە ۋە بوغىلار، يەنە كۆپلىگەن كالا،ئات ۋە قوي قاتارلىقلارنىڭ شەكلىي كۆرستىلگەن 7 يەنە چەرچەن ناھىسىنىڭ ئا لتۇن تاغ رايۇنى ئىچكى مۆلچەردەرياسى بۇيىدىكى قىيا تاشلارىغا (ھازىرقى دەريا ئېقىنىدىن 20مېتىر ئېگىز ) ئۇيۇلغان ئوۋچىلىق سۈرەتلىرى ـ ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش، بېلىق تۇتۇشقا دائىركۆرۈنۈشلەر،ئوقيا،كالتەك،ئات،قوي،ئېشەك،بۇغا،قوتاز،ئىت ، بۈركۈت ۋە ياۋايى قوي ھەم ئىسمى نامەلۇم بولغان بەزى ھايۋاناتلارنىڭ سۈرىتى تېپىلغان8 «ئالتۇن تاغدىكى قەدىمكى قىياتاش سۈرەتلىرنى بۇنىڭدىن 6000 ـ 8000يىللا ئىلگىرى مەيدانغا كەلگەن دېيىش مۇمكىن»9 نىلقا تاغلىرىدىن،ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىسىدىكى بوزدۆڭ تاغلىرى، ئۇچتۇرپان ناھىيە يامانسۇ تاغلىرىدىن مۇ يۇقارقىغا ئوخشاش تاغ تاشلىرىغا ئۇيۇلغان ئوۋچىلىق سۈرەتلىرى بايقلغان(يامانسۇ يېزىسىنىڭ سابىق يېزا باشلىقى ـ ئىمام نىياز ... بىلەن 2003 ـ يىللىرى ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت ) . يەنە قۇمۇل تاشمىلىقنىڭ شەرقىدىكى ئاق تاش تېغىدىنمۇ يۇقۇردىكى مەزمۇندىكى ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئوقيا ئېتىپ ئۇرۇش قىلىۋاتقان،ئوقيائېتىۋاتقان،بەتلەۋاتقان سۈرەتلەر تېپىلغان. بۇنداق سۈرەتلەرئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنت شەھرىدىن 110 ـ 120كىلومېتىرشەرىقتىكى تېرەكلىك سايدىن 1963 ـ يىلى گىئولوگ ئا.ئاگاپەنوۋ تەرىپىدىنمۇ بايقالغان. 10مانا بۇلار ئەجداتلىرىمىزنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى تۇنۇش، بېقىپ كۆندۈرۈش،ئىشلىتىش ،ھارۋىغا قۇشۇش،ئات ئۈستىدە تۇرۇپ تۈرلۈك ماھارەت كۆرستىش،ئوقيا ئېتىش، جەڭ مەشىقى قىلىش قاتارلىق كارامەتلىرىنى كۆرسۈتۈپ بىرىدىغان ھەقىقىي پاكىتلاردۇر.

يازما پاكىتلار: چەۋگەن توپ ئۇيۇنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا قەدىمكى زامانلادا مەۋجۇت ئىكەنلىكى بەدىئىي ۋەتارىخىي ئەسەرلەردە شۇنداقلا يېقىنقى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردىن مەلۇم بولماقتا.مەسىلەن،خۇراساندا ياشىغان تاجىك ۋە ئىران خەلقىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى، تارىخچى،گىئوگىراپ ، ھەربىي ئالىم ،ئۇبۇل قاسىم بىنىنى ئىسھاق فىردەۋسى (مىلادى934 ـ 1024 )ئۆزىنىڭ25 يىل (989 ـ 1014 ) ۋاقىت سەرىپ قىلىپ يېزىپ چىققان 120 مىڭ قۇرلۇق «شاھنامە» داستانىدا قەدىمكى تۇران خەلقىنىڭ پادىشاھى ـ ئافراسىياپ(ئالىپ ئەرتۇڭا)بىلەن ئىران پادىشاھى ـ سىياھۇشلارنىڭ چۆگەن

ئوينىغانلىقىنى ھىكايە قىلىدۇ.

زوراۋاستىر دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتاۋى بولغان«ئاۋېستا»(بۇكىتاپ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى10 ـ ئەسىردىن مىلادىن بۇرۇنقى7 ـ ئەسىرگىچە ئارلىقتا يېزىلغان) دا ئافراسياپ ئەڭ بۇرۇن تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ كىتاپتا ئۇ تۇران ئېلىنىڭ خاقانى ،ئىرانلىقلارنىڭ رەقىبى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن.«شاھنامە» دە بۇخىل كۆزقاراش تېخىمۇ ئېنىق،تەپسىلى بايان قىلىنغان.قاراخانىيلارخانلىقى (مىلادى850 ـ 1212) دا ئۆتكەن ئۇلۇق تىلشۇناس،ئالىم بۇۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي « تۈركى تىللار دىۋانى»ئەسىرىدە «تۈرك ـ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ خاقانى ئافراسىياپ( تۇڭائالىپ ئەر) دەپ ئاتىلاتتى. بۇقاپلانغا ئوخشاش كۈچلۈك، باتۇرئادەم،دىمەكتۇر» 11 كاشغەر ـ ئوردۇكەنت دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ خان تۇرىدىغان شەھەر ـ مەركەز دىگەن بولىدۇ، ئۇنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغىنى ئۈچۈن ئافراسىياپ شۇيەردە تۇرغان»12 دەپ كۆرسىتىدۇ. ھەرخىل قەدىمى كىتاپلاردىكى بايانلار ۋەبۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتلار توڭا ئالىپ ئەر(ئافراسىياپ)نى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زاماندىكى تۇران خانلىقىدا ئۆتكەن (مىلادىدىن بۇرۇنقى 10 ـ ئەسىردىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 7 ـ ئەسىرگىچە ئارلىقتا) قەھىرمان قاغانلىرىنىڭ بىرى دەپ مۇئەيەنلەشتۈرىدۇ. دىمەك، چەۋگەن ـ توپ ئويۇنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 10 ـ ئەسىردىن ـ7 ئەسىرگىچە بولغان ئارلىقتا تۇران خاقانى ئالىپ ئەر توڭا دەۋرلىرىدىمۇ ئوينۇلۇپ كېلىنگەن.

شۇنىڭدىن باشلاپ بۇئويۇن ئوتتۇرا ئاسيادىكى تۈركى قەۋملەر ئارىسىدا نەۋرۇز ( كۆكلەم بايرىمى ـ يېڭى يىل، باھار )بايرىمى، ھەر تۈرلۈك بايراملاردا، ھەرتۈرلۈك كۆڭۈل ئېچىش پالىيەتلىرىدە، شۇنداقلا ھەربىي مەشىق سۈپىتىدە ھەربىي لاگىرلاردىكى قوشۇنلار ئارىسىدا، خان ئوردىسىدا ،كەڭ خەلق ئارىسىدىمۇ ئەسىرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن.

بۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇيغۇرلادا چەۋگەن توپ ئويناش تارىخى يازما خاتىرلەردە تىلغا ئېلىنغاندىن باشلاپ ھېسابلىساق 3000 ـ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە .ئەمدى تارىخقا يېزىلمىغان دەۋرلەردەچۇ؟ بۇنىڭدىن قارىغاندا چەۋگەن توپ تەنتەربىيە ھەرىكتى تارىخى ناھايتى قەدىمكى زامانلاردىن باشلانغان.تەخمىنەن مىلادىدىن 2000 يىل بۇرۇن ( بۇنىڭدىن 4000 يىل ئىلگىرى) ئاسىيا يايلاقلىرىدا ، ئەڭ دەسلەپ چارۋىچىلارنىڭ ئىككى سەپ ئاتلىق قوشۇن بولۇپ،قارمۇ ـ قارشى يۆلۈنۈشتە توپ تالىشىپ ئويىنىشىدىن تەرەققىي قىلىپ بارا ـ بارا ھەربىي قوشۇنلاردا ھەربىي تەنھەرىكەت تۈرى ـ شەكلىنى ئالغان.

بۇ ھەقتە مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نىزامۇل مۇلۇك، رۇداكى، ئىبنىسىنا، ئۆمەر ھەييام، ئابدۇراخمان جامى،ئارىپ ھىراۋىي، ئەتائى، ئەلىشىر نەۋايى، لۇتفى،

سەككاكى، بابۇر ۋەباشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە «سوڭ سۇلالىسى تارىخى»، « ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى»، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى ماتىرىياللىرى » كۆپلىگەن نەقىللەر با ر.

ئەمدى ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلارغا كەلسەك: 1970 ـ يىلى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تۇرپان ئاستانە قەدىمي قەۋرىستانلىقىنى قېزىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق مىلادى 5 ـ ئەسىردىن 7 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ بولغان دەغىنەك توپچىنىڭ ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ دەغىنەك تۇتۇپ، توپ قوغلاۋاتقان لايدىن ياسالغان ھەيكىلىنى تاپقان.

يەنە، كۆكئارت ئىگىزلىكىگە جايلاشقان، تاشقورغان ناھىسى بازىرىنىڭ شىمالىدا تەخمىنەن بىر كىلومىتىر كېلىدىغان جايدا، قەدىمكى ئات توپى(دەغىنەك توپ)مەيدانىنىڭ خارابىسى ساقلانغان،ئۇنىڭ ئۇزۇنلىغى تەخمىنەن 150 مېتىر، كەڭلىگى50 ـ60مېتىر كېلىدۇ.ئىككى يېنىدا يەنە كىشىلەرنىڭ دەغىنەك توپ ئويۇنىنى كۆرۈشتە ئولتۇرۇشى ئۈچۈن ياسالغان تۆپىلىك بار.مانا بۇلار يۇقارقى يازما پاكىتلارنى تولۇقلايدىغان قىممەتلىك ماددى، تارىخىي پاكىتلاردۇر.ئەجداتلىرىمىزنىڭ دەغىنەك توپ ئوينىغان ۋاقىتىكى ھالەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغا پولاتتەك پاكىتلاردۇر.

### 2.چەۋگەن ـ دەغىنەك توپ ئويناشنىڭ قائىدە، ئۇسۇل تەرتىپلىرى

قەدىمكى زامانلاردا ئوردا ئەھلى ـ خان ـ پادىشاھ ۋە بەزى بەگلەر سارىيىدا مەخسۇس دەغىنەك توپ ئوينىغۇچىلار ھەتتا دەغىنەك توپ مۇزىكا ئۆمىكى تەشكىل قىلغان. پادىشاھلاردىن تارتىپ ئەسكەر، پۇقرالارغىچە شۇنداقلا قۇرامىغا يەتكەن يىگىتلەر،ئاياللار قىز ـ جۇۋانلارغىچە دەغىنەك توپ ئويناش ئادەت تۇسىنى ئالغان. ياپۇنىيىلىك تارىخچى تىيەنبيەن شىياڭشۇڭ ئەپەندىنىڭ «جۇڭگو مۇزىكا تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە كۆرسىتىلىشىچە: «غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇر ئەللىرىدە قەدىمدىن تارتىپلا دەغىنەك توپ ئوينالغان، توپ مۇسابىقىلىرىدە مەخسۇس تەڭكەش قىلىپ چېلىنىدىغان نەغمىسىمۇ بولغان، نەغمە ئات ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان» بەزى جايلاردا، مۇسابىقە مەيدانىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئېگىز تۇۋرۇكلەر قادىلىپ ئۈچىغا تاختايدىن تۇرلار ياسىلىپ ،نەغمىچىلەر تۇرنىڭ ئۈستىدە نەغمە قىلىشقان. بەزى ھاللاردا دەغىنەك توپ مەيدانى شارائىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئەگىشىپ، نەغمىچىلەر مەخسۇس تەييارلانغان ئېگىزلىك مەيدان يېنىدىكى ئۆي ئۆگزىلىرىدە ، پېشايۋانلاردا تۇرۇپ نەغمە قىلىشقان. قەدىمكى چاغلاردا دەغىنەك توپ ئويناش ئاتلىق ئويناش ۋە ئاتسىز ئويناشتىن

ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلغان . دەغنەك توپ ئۇيۇنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مەخسۇس جاي تۈز، تەكشى مەيدان تەييارلانغان.مەيداننىڭ ئۇزۇنلىغى، كەڭلىگى ئاتلىق ئويناش ۋە ئاتسىز ئويناشنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ۋە بەزى شارائىتلارنى ئاساس قىلغان ھالدا بەلگىلەنگەن. ئاتلىق ئوينىلىدىغان مەيداننىڭ ئۇزۇنلىقى 300مېتىر ،كەڭلىكى 100مېتىر ، ئىككى بېشىغا ئورنۇتۇلغان توپ كىرگۈزۈش دەرۋازىسىنىڭ ئۇزۇنلىقى 8مېتىر بەزى ھاللاردا مەيدان ئۇزۇنلىقى 150مېتىر، كەڭلىكى 50 ـ 60مېتىر دەرۋازا كەڭلىكى5 ـ 6 مېتىر قىلىپ بەلگىلەنگەن، دەرۋازا يىرىك تاش ياكى بىر ئۇچى يەرگە كۆمۈلگەن ،كېيىنچە بەزى دەرۋازىلار پىششىق خىشتىنمۇ ياسىلىدىغان بولغان . ئاتسىز ئوينىلىدىغان چاغدا مەيدان ئۇزۇنلىقى 20 ـ 25مېتىر،كەڭلىكى 8 ـ 12مېتىر توپ كىرگۈزۈش دەرۋازىسى 1 ـ 2مېتىر ئەتراپىدا بولغان .مەيدان چىكى (قىرغىقى )گە ئارغامچا تارتىلغان ياكى دائىرە بەلگىلەش سىزىغى سىزىلغان،بۇ«تالاس»دەپ 13ئاتالغان. چەۋگەن (دەغنەك)توپ ئوينىغان چاغدىكى دەغنەكچىلەرنىڭ كىيىمى، ھەتتا ئاتلىرىنىڭ رەڭگى قاتارلىقلار دەغنەكچىلەرنىڭ مەيداندىكى ئورنىغا قاراپ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولغان. بىر كوماندا ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى بىر خىل كىيىم ۋە بىر خىل رەڭلىك ئات مىنىپ توپ ئوينىغان. دەغنەك توپ ئوينىغاندا ھەر بىرتەرەپ كىشى سانى 4 ـ 6گىچە ، جەمئىي 8 ـ 12بولغان.كىيىمى سىپتا يارىشىملىق، پارقىراق بولۇپ چاپان بېلىنى كۈمۈش رەڭلىك بەلباغ بىلەن باغلىغان، ئەرلەر بېشىغا يارىشىملىق دوپپا، ئاياللار گۈللۈك تاج كىيىپ، قولىدا دەغنەك (توپ تايىقى)تۇتقان ھالدا ئاتلىرىنى مىنىپ ياكى يېتىلەپ مەيدانغا كىرىدۇ، مۇسابىقە مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا باشلىنىدۇ.

مۇسابىقە باشلىنىشتىن بۇرۇن، مۇسابىقىغا ئائىت تۈرلۈك چارە ـ تەدبىر بىخەتەرلىك كاپالەت چەكلىمىسى ئېنىق ئوتتۇرىدا ئېلان قىلىنىدۇ. ئوينىغۇچىلاردىن دەغنەك توپ ئويناش قائىدىلىرىنى بىلىشى شەرت قىلىنىدۇ. ئاتلىرىنى پەرۋىش قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

قايسى تەرەپ قارشى تەرەپ دەرۋازىسىغا توپنى كۆپ كىرگۈزگەن بولسا، شۇ تەرەپ يەڭگەن ھىساپلىنىدۇ بىر مەيدان مۇسابىقە ئاياقلاشقاندا، دەغنەكچىلەرنىڭ دەم ئېلىشى ۋە ئات ئالماشتۇرىشى ئۈچۈن ۋاقىت بېرىلىدۇ. ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا مەيدان ئالمىشىدۇ.

مۇسابىقە جەريانىدا، ئاتنىڭ سۈرئىتى تىز بولغاچقا، ئۆز ـ ئارا سوقۇلۇپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھەر خىل قائىدىلەر بەلگىلەنگەن بولۇپ، دەغنەكچىلەر قائىدىگە خىلاپلىق قىلسا ، خاراكتېرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، جازا بىرلىدۇ. يەنى ئەسلى ئورنىدا جازا بىرىش، 60مىتىر، 30مىتىردە جازا بىرىش چارىسى قوللىنىلىدۇ.

ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئويناپدىغان چەۋگەن توپ ياغاچتىن، كۆندىن يۇمىلاق، يېرىم يۇمىلاق شەكىلدە ياسالغان. ئاتسىز (ئات مىنمەي)ئوينىلىدىغان دەغنەك توپ ئۇيىنىنىڭ توپى قوي يۇڭىدىن تەييارلانغان، ئۇمىڭ ئۇستۇنكى قىسمى رەڭلىك يۇڭ يىپ بىلەن تۇقۇلغان، توپنىڭ دىئامېتىرى 8 ـ10 سانتېمېتىر ئەتراپىدا بولغان.

ئاتسىز دەغنەك توپ (چەۋگەن توپ)ئويناشنىڭ تەرتىپ قائىدىلىرى ئاتلىق دەغنەك توپ ئويناش بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولغان. ئاتسىز دەغنەك توپ ئويناش ئۇسۇلى ئاساسەن ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. ئۇ بۈگۈنكى خالېي سپورتى تۈرىگە ئوخشايدۇ.مەيلى ئاتلىق ۋە ئاتسىز دەغنەك توپ ئويناش بولسۇن قەدىمكى دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا خېلى كەڭ تارقالغان. بەزى ۋاقىتلاردا بەگزادىلار، بايلار ئوتتۇرىغا پۇل، مال ـ مۈلۈكلىرىنى تىكىپ قويۇپ، دەغنەك توپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق باشقىلىرىنى ئۇتۇپ بايلىق توپلاش ئۇچۇن ئويناشقان. بەزى كەمبەغەللەر، ھۈنەرۋەنلەر ئۆز بەختلىرىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئويناپ، يېڭىلىپ مال ـمۈلۈكلىرىدىن ئايرىلغان.

### 3. ھون خاندانلىقىدا چەۋگەن توپ تەنھەرىكىتى

ھون خاندانلىقى دەۋرىدە دەغنەك ـ توپ ئويناش ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئادەت تۈسىنى ئالغان. چۈنكى ھون خاندانلىقىدا ھەربىي تۈزۈم بويىچە، ھونلارنىڭ ياش يىگىتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئاتلىق قوشۇنغا كىرەتتى. باتۇر (مودۇن)تەڭرىقۇت دەۋرىدە (مىلادىدىن بۇرۇنقى209 ـ يىلدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 174 ـ يىلغىچە)ھون دۆلىتىنىڭ 400 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى بولۇپ ئاتلىق قوشۇنلار كۆك، ئاق ـ بوز، قارا، قىزىل تورۇق رەڭلىك ئاتلار بويىچە تۆمەن دەپ ئاتىلىدىغان بىرلىكلەرگە بۆلۈنۈپ تەشكىللەنگەن.ھەمدە تۆمەنلەر 1000 گە ،100گە،10گەئايرىلىپ، ئۇلارغامىڭبېشى، يۈزبېشى، ئونبېشى تەيىنلەنگەن. «قوشۇنلاردا قاتتىق،ھەربى ئىنتىزام ئورنۇتۇلۇپ،ئۇلارنى كۈچلۈك ، باتۇر،چىدامىلىق (ئاچلىققا،ئۇسسۇزلۇققا، ئىسسىق ـ سوغاققا بوران چاپقۇنغا )قىلىش ئۇچۇن ئەينى زاماندىكى ئۇرۇش تەييارلىقى بولغان ئاتلىق تەنھەركەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغان. يەنى ئات مىنىش، ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىش، نەيزە سانجىش، سالما تاشلاش، ئات چاپتۇرۇش، ئوغلاق تارتىش، ئوۋ ئوۋلاش، يىرتقۇچ ھايۋانلارنى ئوۋلاش قاتارلىق كەسكىن ئېلىشىشلار، ئايالللارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان تۈرلۈك توپ ئويۇنلىرى، پۇتبول،

گولىف ۋە دەغنەك توپ(چۆگەن توپ)قا ئوخشاش يېڭى تۈرلەر هونلاردىن بېرى تۈركلەرئارىسىدا ئوينۇلۇپ كەلگەن بولۇپ كۆك تۈرك قاغانلىقى دەۋرىدە تاڭ سۇلالىسىگە قەدەر تارقالغان» 14ئەيىنى زامانىدىكى ئۇرۇش هازىرلىقى بولغان ئاتلىق، تەنھەركەت پائالىيىتى....دالا مەكتىپى، ئەڭ مۇهىم هەربى سەنئەت دەرىسلىگى، مانىۋىرجەڭ مەيدانى بولۇپ، بۇ پائالىيەتكە قاتناشقانلار، شارائىت، ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈشنى، نىشان ئارلىقى، ۋاقىت، تىز، توغرىلىقى قاتارلىقلار ئۈستىدە تىز، توغرا هۆكۈم چىقىرىشنى ئۆگۈنىۋالاتتى، جەڭچىلەرنىڭ قەيسەرلىك روھىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى سەھنە يارىتىپ بېرەتتى، ئۇرۇش يۈزبەرسە ئۇلار پەقەت نىشاننى ئالماشتۇرسىلا، زەربە بىرىشتىكى سەۋرچانلىقى، قەيسەرلىكى ۋە ماهارىتىنى دۈشمەنگە ئىشلەتسىلا بۇلاتتى.

بەزى تارىخىي ماتىرىياللارغا ئاساسلانغاندا، هونلار باتۇر تەڭرىقۇت دەۋرىدە، هەر يىلى 5 ـ ئايلاردا باهار پەسلى ئات سەمرىگەن چاغلاردا،كىشىلەر لوڭ چېڭ( ئەجدار بالىق ـئۈنگىن دەريا ۋادىسىدا،قارا قۇم بالىق؟)دا بىر جايغا توپلۇنۇپ،هايۋانات كۆچى،دۆلەت ۋە ئەسكىرى كۈچىنى كۆرەك قىلماق ئۈچۈن، شۇنداقلا، كۆككە، يەرگە، ئاتا ـ بوۋىلىرىغا ۋە تەبىئەت كۈچلىرىگە ئاتاپ نەزىر ـ چىراق قىلماق ئۈچۈن ئات، مال ـچارۋىلىرىنى سۆيۈپ، تۈرلۈك مۇزىكا سادالىرى ئىچىدە، ئات مۇسابىقىسى ۋە تۈرلۈك مۇسابىقىلەر بولغاندىن تاشقىرى، ئەڭ مۇهىمى دەغنەك توپ پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەن. شۇنداقلا يەنە مىڭلارچە ۋەهشى، خەتەرلىك هايۋاناتلار تۇتۇلۇش تەلەپ قىلىنىپ ئۇرۇش مانىۋىرى، قورشاۋ ئېلىپ بېرىلغان. «جۇڭگۇ مەلۇماتلىرىغا كۆرە، مىلادىدىن بۇرۇنقى 62 ـ يىلى هون ئىمپىراتۇرلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتكە 100مىڭ ئاتلىق ئەسكەر قاتناشتۇرۇلغان، بۇ پائالىيەت 350 كىلومېتىرلىق دائىرىدە قانات يايدۇرۇلغان 15 ئۇلۇغ تارىخچى سىماچيەنىڭ « تارىخىي خاتىريلەر 110 ـجىلىت، هونلار تەزكىرسى»دا، هون تەڭرىقۇتى باتۇر (مودۇن) مىلادىدىن بۇرۇنقى 200 يىلى 400مىڭ كىشىلىك هون ئاتلىق قۇشۇنلىرى بىلەن خەنگاۋزۇ(ليۇباڭ) باشچىلىقىدىكى 320مىڭ كىشىلىك خەن قۇشۇنلىرىنى پىڭ چېڭ(بۈگۈنكى شەن شىنىڭ شىمالىدىكى داتۇڭ ـقۇرى بالىق) بالىق يېنىدىكى بەيدېڭشەن تاغ باغرىدا قورشاۋغا ئالىدۇ.خەن قۇشۇنلىرى تاشقى جەهەتتە ياردەمدىن ئۈزۈلۈپ،ئىچكى جەهەتتە ئۇزۇق ـ تۈلۈكتىن قىسىلىپ يەتتە كېچە ـ كۈندۈز قورشاۋدا قالغاندا،خەن قۇشۇنلىرىنىڭ غەرىپ تەرىپىنى پۈتۈنلەي ئاق ئاتلىقلار،شەرىق تەرەپلىرىنى كۆك ئاتلىقلار،شىمال تەرەپلىرىنى قارائاتلىقلار،جەنۇپ تەرەپلىرىنى بولسا تامامەن قىزىل تورۇق ئاتلىق هون ئاتلىق قۇشۇنلىرى قورشاۋغا ئالغان ئىكەن. دېمەك قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە هونلار شامان دىنى ئەقىدىسى بويىنچە تەرەپلەرنى

رەڭ ئارقىلىق پەرىقلەندۈرگەن بولۇپ كۆك رەڭ شەرىقنى، ئاق رەڭ غەربنى، قارا رەڭ شىمالنى، قىزىل رەڭ جەنۇبنى كۆرسەتكەن، ئېھتىمال، دەغىنەك توپ ئۇيۇنى (ئاتلىق ۋە ئاتسىزمۇ ئوينىلىدۇ ) ئوينىغان چاغدىكى كىشىلەرنىڭ كىيىمى،ھەتتا ئاتلىرىنىڭ رەڭگى قاتارلىقلار مۇسابىقىلەشكۈچىلەرنىڭ مەيداندىكى ئورنىغا قاراپ بىر بىرىدىن پەرىقلىق بولۇشى، ھەتتا بىر كوماندا ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى بىرخىل كىيىم ۋەبىر خىل رەڭلىك ئات مىنىپ، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق تەرەپلەرنى بەلگىلىۋېلىپ، ئاندىن دەغىنەك توپ ئوينىشى، ئەينى زاماندىكى شامان دىنىنىڭ رەڭ چۈشەنچىسى بولغان تەرەپلەرنى رەڭ بىلەن پەرىقلەندۈرۈش ئۇسۇلى بويىنچە پەرىقلەندۈرگەن بولۇشى مۇمكىن.

باتۇر تەڭرىقۇت دەۋرىدە(مىلادىدىن بۇرۇنقى 209 ـ يىلىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى176 ـ يىلغىچە) ئۇيغۇرلار ھون تەڭرىقۇتىلىقى تەركىۋىگە كىرگەن بولۇپ ئۇيغۇرلارھونلارنىڭ ئاساسى تەركىۋى قىسمى ھىساپلىناتتى. ئۇيغۇر ئاتلىق قۇشۇنلىرى ھون ئاتلىق قۇشۇنلىرى بىلەن ھەر دائىم بىرگە پائالىيەت ئېلىپ باراتتى. ھونلارنىڭ تىلى ۋە ئۆرۈپ ـئادەتلىرى ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشاش ئىدى. بۇ ھەقتە،«ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسى. ئىگىز ھارۋىلىقلار (ئۇيغۇرلار) تەزكىرىسى» دە: «ئىگىز ھارۋىلىقلار (ئۇيغۇرلار) قەدىمكى چاغدىكى قىزىل دى (قىزىل تۈرك) لەرنىڭ نەسلىدىن ئىدى ،باشتا ئۇلار دىڭ لىڭلار دەپ ئاتالغان.شىماللىقلار (شىمالىي سۇلالىلەر) ئۇلارنى قاڭقىلار( ئىگىز ھارۋالىق) دەپ ئاتاشقان. شىيا قەبىلىلىرى (خەنلەر) بولسا ئۇلارنى گاۋچې ۋە دىڭلىڭ دەپ ئاتىغان، ئۇلارنىڭ تىلى ۋەئۆرۈپ ـئادىتى ھونلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ،بەزىدە ئازراق پەرق قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى ھونلارنىڭ جىيەنى ئىدى.» دەپ كۆرسىتىلگەن. شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى «غەربىي ئەللىرى ھەققىدە قىسسە» بابىدا «ھون دۆلىتىنىڭ ئۆرۈپ ـئادىتى، تىلى ئېگىز ھارۋىلىقلار (قاڭقىلار) بىلەن ئوخشاش ئىدى» دېيىلگەن. «كونا تاڭ يىلنامىسى» دا «ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى ھونلارنىڭ ئەۋلادى ئىدى، كېيىن ۋېي سۇلالىسى زامانىدا تۇرالار دەپ ئاتالدى» دېيىلگەن.

يۇقارقىدەك بىرقاتار پاكىتلارغا ئاساسلانغان،دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان تىلشۇناسلار، تارىخ تەتقىقاتچىلىرى، كۆپ قېتىملىق سېلىشتۇرۇش ۋە تەتقىقات، ئارقىلىق، قەدىمكى جۇڭگو (خەنزۇ) خەلقلىرى، ھونلار ـ ئۇيغۇرلار بىلەن تۇرلۇك ئالاقىلەردە بولۇپ كەلگەن، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ھون ـ ئونگۇرلار ۋە ئۇيغۇرلار تىلى ۋە ئۆرۈپ ـ ئادەتلىرى ھەققىدە بەرگەن تۈرلۈك مەلۇماتلىرى ئىشەنچىلىك، ھونلارنىڭ تىلى تۈركىي تىل(قەدىمكى ئۇيغۇرچە)، ئۇيغۇرلار ھونلارنىڭ ئەۋلادى دەپ تەرىپلەپ كەلمەكتە.

دىمەك، ھونلارنىڭ تۈرلۈك تەنتەربىيە ئويۇنلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى

تەنتەربىيە ـ مەدەنىيىتى ھەركىتىنىڭ بىر قىسمى.

### 4. قاڭقىل خانلىقىدا چەۋگەن توپ تەنھەرىكىتى ئۇيۇنى

ئۇيغۇرلار مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ قەدىمكى، تارىخى ئەڭ ئۇزۇن مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، قەدىمكى تارىخى كىتاپلاردا خەنزۇچە ھەرخىل ناملار بىلەن ئاتىلىپ كېلىنگەن: جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە خۇاگخې دەرياسىنىڭ شىمالىي يايلاقلىرىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ـ دىلى ياكى چىلى دەپ، چىن، خەن دەۋرىدە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردە) سىبىرىيىدىكى بايقال كۆلى ئەتىراپلىرىدىن غەرپتە بالقاش كۆلىگىچە بولغان ئارىلىقتا ياشىغان ئۇيغۇرلار ـ دىڭ لىڭلار دەپ ئاتالغان. ئالتاي ۋە تارباغاتاي تاغلىرى ئەتىراپلىرى جۇڭغار ئويمانلىقى، ئۈرۈمچى، تەڭرىخان تېغى (بوغدا) ئەتىراپلىرىدا، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدە ياشىغان ئۇيغۇرلار ۋۇ جيې (乌揭) خۇجيې (呼揭) دەپ ئاتالغان16

مىلادى 135 ـ يىلىغا كەلگەندە `دىڭ لىڭ` دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلار ،سىيانبىيلارنىڭ ھامىيلىقىدىن قۇتۇلۇپ، ھەر قايسى قەبىلىلىرى بايقال كۆلى ئەتىراپلىرىدىن موڭغۇلىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئورخۇن ۋە توغلا دەريا ۋادىلىرىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان. مىلادى402 ـ يىلى جۇجان(ئاۋار)خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن دىڭ لىڭ (丁零) لار ئاۋارلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، بىر قىسمى سېلىنگا دەرياسى ئەتىراپلىرىغا، بىر قىسمى شىنجاڭنىڭ جۇڭغار ئويمانلىقى ئەتىراپلىرىغا، يەنە بىر قىسمى موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا يېتىپ كەلگەن. دىڭ لىڭلار ئات مىنىشكە ماھىر، ئوقيا ئېتىشقا ئۇستا بولۇپ ئات، كالا قوي قاتارلىق مال ـ چارۋىلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. بۇ ھال ئاۋارلار بىلەن شىمالىي ۋېي خانلىقى (534 ـ 386)نىڭ كۆزلىرىنى قىزارتقان بولۇپ پۇرسەت تاپسىلا دىڭ لىڭ لارغا ھۇجۇم قىلىپ مال ـ مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ ئالىدۇ. جۇجانلارغا بېقىندى بولۇپ قالغان بىر بۆلۈك دىڭ لىڭ ياشلىرى جۇجان خانلىقىنىڭ زېمىنى كېڭەيتىش ئۇرۇشىدا ئاساسلىق روللارنى ئويناپ غايەت زور بەدەل تۆلەيدۇ.

دىڭ لىڭ دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلار مىلادى 4 ـ ،6 ـ ئەسىرلەردە خەنزۇچە`چېلى `ياكى`تېلى`دەپمۇ ئاتىلىدۇ ئۇلار ئىشلەتكەن هارۋىلىرىنىڭ چاقى ئېگىز ھەم چوڭ، شادىسى كۆپ بولغاچقا شىمالىي سۇلالىلەر ئۇلارنى `ئېگىز هارۋىلىق تۇرالار`

(高车零丁) ـ قاڭقىللار دەپ، جەنۇبىي سۇلالىلەر بولسا دىڭ لىڭ ـ تىلى (تۇرالار) دەپ ئاتىغان. ئۇلارنىڭ تىلى ھۇنلارنىڭ تىلى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ ، بەزىدە ئازىراق پەرق قىلاتتى. ئەنە شۇ دىڭ لىڭ، قاڭقىل، تىېلى (تۇرا) دەپ ئاتالغانلار ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ئىدى. 17

شىمالىي ۋېي خانلىقى (386 ـ 534)نىڭ جۇجانلارغا قىلغان بىر قېتىملىق جېڭىدە قاڭقىللاردىن 4 ـ 5يۈز مىڭ كىشى ئەسىرگە چۈشكەن، ئۇلار ئىچكى مۇڭغۇلىيەدىكى چۇغاي تېغى ئېتىكىگە (ئەڭ دەسلەپكى ئانا يۇرتىغا) كۆچۈرۈلگەن، شۇنىڭ بىلەن تۇرالار (تىېلى)ياشىغان بۇ جاي <تۇرا تۈزلەڭلىكى>دەپ ئاتىلىپ ئەتراپقا تارقالغان.

مىلادى 487 ـ يىلى 8 ـ ئايدا مۇڭغۇلىيە چۆللىكىنىڭ شىمال غەربىيدىكى قاڭقىل ـ تىېلى(تۇرا)دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلارنىڭ بورىكلى ـ پوۋۇغۇر قەبىلىسىنىڭ يول باشچىسى ـ ئاي ئۇجىرۇ (阿伏至罗) جۇجان خانى تۇلۇنخاننىڭ شىمالىي ۋېي (توبا خانلىقى) غا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىشنى خالىماي، ئىسيان كۆتۈرۈپ بىر نەۋرە ئىنىسى چوڭچى بىلەن بىرلىكتە مۇڭغۇل دالاسىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ 12ئۇرۇقىدىن 120مىڭ ئائىلە(تەخمىنەن600مىڭ جان)نى باشلاپ، غەرپكە كۆچۈپ تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ غەربى، بېشبالىق، تەڭرىخان تاغ (بوغدا)، ئۈرۈمچى ئەتراپلىرىغا كېلىپ ماكانلىشىدۇ ۋە قوغلاپ كەلگەن جۇجان خانى ـ تۇلۇنخان IIنىڭ نۇرغۇن قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈرۈپ، ئۈرۈمچى، فۇكاڭ ئەتراپىدا ئوردىسىنى قۇرۇپ `ئېگىز هارۋىلىقلار خانلىقى(高车国王) دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. ئاي ئۇجىرۇ ئۆزىنى `ئۇلۇغ تەڭرىقۇت`دەپ ئېلان قىلىپ `كۆل بىلگە`دىگەن نەم بىلەن ئاتالغان. ئۈرۈمچى ئەتراپىدا تۇرۇپ خانلىقنىڭ شىمالىي رايۇنلىرىنى باشقۇرۇپ، ئاۋارلاردىن مۇداپىئە كۆرگەن. ئىنىسى چوڭچى ياندىش خان بولۇپ `كۆل بەگ`دەپ ئاتىلىپ قاڭقىل خانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇپ تەرەپىنى يەنى، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى ۋە قارا شەھەرنىڭ شەرقىدىن لوپنورغىچە بولغان جايلارنى باشقۇرغان. باش ئوردىسى تۇرپان ئەتراپىدا بولغان. بۇ خانلىق 487 ـ يىلىدىن 546 ـ يىلىغىچە 60يىل مەۋجۇت بۇلۇپ تۇرغان. بۇ خانلىق مىلادى 546 ـ يىلىغا كەلگەندە جۇجانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا كېتىۋاتقاندا ، ئالتايدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان تۈركلەرنىڭ ئارقىدىن ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچىراپ 50مىڭ ئۆيلۈك ئادىمى (تەخمىنەن300مىڭ كىشى) كۆك تۈركلەرگە قوشۇۋېلىنغان. شۇنىڭ بىلەن قاڭقىل خانلىقى كۆك تۈركلەرگە قوشۇۋېلىنىپ، كۆك تۈركلەرنىڭ كۈچۈيىشى، مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن ئاساسلىق روللارنى ئوينىغان.

قاڭقىل خانلىقىنى قۇرغان ئۇيغۇرلار قاڭقىل خانلىقى ۋە كۆك تۈرك خانلىقى دەۋرىدە

تۈركلەر بىلەن بىرگە دەغنەك توپ ئويناش ئادىتىنى زادىلا تاشلىمىغان.

1970 ـ يىلى شىنجاڭ ئارخېولوگىيە خادىملىرى تۇرپان ئاستانىنىڭ قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قېزىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق مىلادى5 ـ،7 ـئەسىرگە مەنسۇپ بولغان دەغنەك توپچىنىڭ لايدىن ياسالغان رەڭلىك ھەيكىلىنى تاپقان. ئۇنىڭ ئۇزۇنلىقى 37سانتىمېتىر بولۇپ، بۇرۇت قويۇۋالغان بىر دەغنەك توپچى ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان. ئۇ بېشىغا دوپپا، ئۈستىگە تامبال ۋە تون، پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەن، ئىككى كۆزى يەردىكى توپقا تىكىلىپ، ئوڭ قولىدا توپ كالتىكى كۆتۈرۈپ ئاق ئاتقا مىنىپ ناھايىتى چاققان، تەڭداشسىز قەيسەرلىك بىلەن ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان ھالىتى كۆرسىتىلگەن. 18

مانا بۇلار قاڭقىل خانلىقى ياكى تۈرك خانلىقى دەۋرىدە تۇرپان رايونىدا ئۇيغۇرلار ياكى تۈركلەرنىڭ دەغنەك توپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان دەلىللەردۇر.

## 5. كۆك تۈرك خانلىقىدا چەۋگەن توپ تەنھەرىكىتى ئويۇنى

كۆك تۈرك خانلىقى دەۋرىدە (مىلادى 552 ـ 745 ـ يىلغىچە) تۈرك ـئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرى دەغنەك توپ ئويناش پائالىيتى داۋاملىق قانات يايدۇغان. بۇ ھەقتە« تۈرك قامۇسى»دا :« بۈگۈنكى ئات ئۈستدە ئوينىلىدىغان دەغنەك توپ ئۇيۇنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركى قەۋىملەرنىڭ قەدىمكى زاماندىكى ئات ئۈستدە ئوينىلىدىلىغان ئۇيۇنلىرنىڭ بىرى ئىدى» 19 دەپ كۆرسەتكەن بولسا، تۈرك مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى،تارىخشۇناس، پىروفىسور ئىبرايىم كافەس ئوغلى «تۈرك مىللىي مەدەنىيتى» ناملىق ئەسردە«پۇتپول ۋە چەۋگەن توپ ھونلاردىن بىرى تۈركلەر ئارسدا ئوينالغان بولۇپ كۆك تۈرك خانلىقى دەۋردە تاڭ خانلىقى (جۇڭگو)غا تارقالغان ئىدى. 20 دەپ كۆرسەتكەن.

تارىخ ھەققىي ئەھۋالنى ئاشكارلىغۇچىدۇر. بۇ ھەقتە تاڭ سۇلالىسىنىڭ خانى ـ تاڭ تەيزۇڭ ( ـ627650) ئەنفۇ قورۇقدا ئەتراپتىكە ئەمەلدارلارغا مۇنداق دېگەن: «ئاڭلىشىمچە غەربى رايۇنلۇقلار (كۆك تۈرك خانلىقتىكىلەرنى دېمەكچى)چەۋگەن ـ دەغنەك توپ ئويناشقا ئامراقكەن، ئۇلار توپ ئوينىغاندا، ئەتراپىنى نۇرغۇن ئادەم ئورىۋېلىپ كۆرىدىكەن. تۆنۆگۈن شىڭشىيەن راۋقى يېنىدىكى غەربىي رايۇنلىقلار مەھەلىسىدە توپ ئويناپ پېقىرغا كۆرسەتمەكچى بولۇشۇپتىكەن،ئۇلار پېقىرنى ئات توپىغا ئامراقكەن دەپ چۈشۈنۈپ، خاس

پېقىر ئۇچۇنلا ئوينىغان ئوخشايدۇ. پېقىرنى قىزىقتۇرۇپ، تاماشامنى كۆرمەكچى بولسا كېرەك. نەدىمۇ ئۇنداق ئوگاي ئىش بولسۇن! پېقەر ئاگاھ بۇلۇش مەقسىتدە تويىنى كۆيدۇرۇپ تاشلىدىم» بۇ يەردە تاڭ تەيزۇڭ چاغئەندە «دەغنەك تۇپ ئويناشقا ئامراق»كىشلەرنى «غەربىي رايۇنلۇق» دىگنى، كۆك تۇرك خانلىقدىن كەلگەن تۇرك ،ئۇيغۇر قاتارلىقلارنى كۆرسەتكەن. چۇنكى تارىخىي مەنبەلەرگەئاساسلانغاندا يالغۇز چاغئەندىلا دائىمىي تۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلارئاھالىسىنىڭ سانى، بەزىدە بىر قانچە مىڭدىن ئاشاتتى. سوگرىن مەھەلىسدە چالغۇ ياسغۇچىلار، چاڭلۇ مەھەلىسدە هاراق ياساپ ساتقۇچىلار، بوجىن، چىڭشۇ، مەھەللىرى بىلەن پۇنىڭ مەھەلىسدە زەردەشت (ئاتەشپەرەسلىك) دىنى ئەهكاملىرنى بىلىدىغان ساۋپاۋ راهىپلىرى ياشىغان. خوتەنلىكلەر تۆلاراق لى چۇەن، چاڭشۇ، يۇڭپىڭ مەھەلىردە ياشىغان.... ئۇيغۇرلار ياشىغان مەھەلىلەر ناھايتى ئاۋات ئىدى ....هاراق دۇكانلىرى ،مال سارايلىرى، دەڭلەر بولغان.بۇ مەھەللە ـ گۇزەلەردە ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسۇللىرى تىياتىرلىرى (胡戏 قۇيۇلۇپ تۇراتتى.» 21 مانا بۇلار تاڭ دەۋردىكى چاغئەندە كۆك تۇرك خانلىقى تەۋەسدىن بارغان تۇرك ـ ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايتى كۆپلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئاش ـ تاماق، هاراق ـ شاراپ، شورپا، دۇكانلىرى ئاچقانلىقى، تۇرك مال ـ سارايلىرنى قۇرغاندىن تاشقىرى، تۇرك ـ ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ئاتلىق دەغنەك توپ ئويناش ماھارىتىنى626 ـ يىلى ئەمدىلا تەختكە چىققان تاڭ خانلىقى پادىشاسى تاڭ تەي زۇڭغا كۆرسىتۇپ تۇرك ـ ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربى ماھارىتىنى كۆرەك قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

تارىخى ماتېرىياللارنىڭ ئاشكارىلىشىغا قارىغاندا، شەرقى تۇرك خانلىقىغا قاراقاغان ـ ئېل قاغان (621 ـ 630)قاغان بولغان، تاڭ خانلىقىغا لى شىمىن ـ تاڭ تەيزۇڭ (627 ـ 650)قاغان بولغان، بۇ ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدا مۇنداق ئىشمۇ يۈز بەرگەن.

مىلادى 626 ـ يىلى تاڭ خاندانلىقىغا لى شىمىن ـ تاڭ تەيزۇڭ ئەمدىلا تەختكە چىقىپ تۇرىشىغا، تۇركلەرنىڭ ئېلى قاغانى 400مىڭ كىشلىك تاللانغان ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ چاڭئەنگە40 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان شەھەر سىرتىدىكى ۋېيشۇي دەرياسىغا سېلىنغان كىچىك كۆۋرۈككە قىستاپ كىلىدۇ. ۋەزىيەت ناھايىتى خەتەرلىك ئەھۋالدا، لى شىمىن ئىلاجىسىز قوشۇننى باشلاپ كۆۋرۈكنىڭ جەنۇبىدا سەپ تارتىپ تۇرىدۇ. لىكىن، ئەينى ۋاقىتتا، تاڭ خانلىقى يېڭىدىن قۇرۇلغان كۇچى كۇچلۇك بولمىغاچقا، سۇلھى تۈزۈپ، ئالتۇن ـ كۆمۈش، تاۋار ـ دۇردۇن بىرىش ھىسابىغا چاغئەننى ساقلاپ قالىدۇ. ئۇلار كىچىك كۆۋرۈك بويىدا ئىتتىپاق تۈزىدۇ. ئېل قاغان ئۆزىنىڭ ھەربى كۇچىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ ئات تۇپى ئويۇنى ئويناپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ئات ئۇستىدە، يەردىكى پىرقىراپ كىتىۋاتقان توپنى

قوغلايدۇ. مانا بۇ ۋەقە تارىختا «كىچىك كۆۋرۈك يېنىدا ئىتتىپاق تۈزۈش » دەپ نام ئالدۇ. سوۋغا سۇلالىسىدىكى لىياۋ بەگلىكىنىڭ رەسسامى چىلىڭ جىزى ، ئاشۇ تارىخى پاكىتقا ئاساسەن «كىچىك كۆۋرۈك يېنىدا ئىتتىپاق تۈزۈش» دېگەن ئاشۇ تارىخى رەسىمنى سىزىپ چىققان.رەسىمنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ جاڭ بىر چى ئالتە سۇڭ سەككىز فۇڭ بولۇپ رەسىمدە ئات توپى ئويناۋاتقان ئىككى نەپەر ماھىرنىڭ ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، يەردىكى پىرقىراپ كىتىۋاتقان ئات توپىنى قوغلاپ كېتىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. شۇنداقلا يەنە ئاشۇ رەسىمدە ئات ئۈستىدە ئۇسۇل ئويناش ، ساز چېلىش ۋە سېرىك ئويۇنى قاتارلىق ھەرىكەتلەر سۈرەتلەنگەن 22مانا بۇلار كۆك تۈرك خانلىقىدىكى ئادەتتىكى پۇقرالاردىن تارتىپ دۆلەت باشلىقلىرىغىچە ھەتتا ئاتلىق قوشۇنلارغىچە دەغىنەك توپ ئويناشنى بىلىدىغانلىقى، ئاتلىق دەغىنەك توپ ئويناش ئەسكەرلەرنىڭ كۈچ ھەيۋىتىنى كۆرسىتىدىغان، ماھارىتىنى سىنايدىغان كۆرەك پائالىيىتى شۇنداقلا ئۇرۇش تەييارلىقى - مانىۋېر ئىكەنلىكىنى، دەغىنەك توپ مۇسابىقىسىدە ئۇتۇپ چىققۇچىلار شۇ زاماندا ئەڭ باتۇر، داڭدار كىشلەردىن سانىلىپ، ئەل ھۆرمەت قىلىدىغان كىشىلەرگە ئايلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بىرىدۇ. دىمەك شۇ زاماندا ئاتلىق قوشۇن دۆلەتنىڭ تۆۋرىكى ھىساپلانغان بولسا، ئات توپى ۋە ئوغلاق تارتىشىش مۇسابىقىسى ۋە ئوۋ ئوۋلاش دۆلەتنىڭ ھەربى كۈچى، ئەسكەرلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆلچەيدىغان، مەشق مەيدانى، ئاتلىق قوشۇنلارنىڭ ھەربى ئۇرۇش مانىۋېرى بولغان.

كۆك تۈرك خانلىقىدا ، دەغىنەك توپ مۇسابىقىسىدىن باشقا تۇرلۇك ئات ئۈستى تەنھەركەت پائالىيىتىمۇ ئۆتكۈزۈلگەن. سورۇن ئەھلى كەيپىياتىنى شاد -خورام قىلىش ئۈچۈن ناغرا - سۇناي قاتارلىق تۈرلۈك چالغۇئەسۋابلار تەڭكەش قىلىنغان ناخشا -ئۇسۇل كۈيلىرىنى ياڭراتقان.

## 6. ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا چەۋگەن توپ ھەرىكىتى ئويۇنى

مىلادى627 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ياغلاقار قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان بۇساد تېكىن توققۇز ئۇيغۇر ئۇرۇقلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، شەرقى تۈرك قاغانى -ئېلىك قاغانىنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرەيدۇ.ئېلىك قاغان ئوغلى يۇقۇق شاتىنىڭ قوماندانلىقىدا 100مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ئۇيغۇرلارغا قارىشى ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇساد تېكىن بولسا 5000 ئاتلىك ئەسكەر بىلەن مالىيېشىدىن (يايلى تاغ)دىگەن تاغدا ئاز كۈچ بىلەن نۇرغۇن قوشۇن

ئۈستىدىن غالىپ كىلىدۇ. شەرقى تۈركلەرنى مۇنقەرز قىلىدۇ. ئۇيغۇرلانىڭ ھەيۋىسى شىمالنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدۇ. بۇساد تېكىن ئۆزىنى «ئالىپ ئېلتەبىر»دەپ ئاتاپ ، تۇغلا دەرياسى(تۇرا دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ ـ ئا)بويىدا تۇغلا ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرىدۇ. 23

بۇساد تېكىن ھەققىدە تارىخى ماتېرىياللاردا مۇنداق دېيىلگەن:«بۇساد جاسارەتلىك، تەدبىر كۆرسىتىشكە ماھىر، ئوق ئېتىشقا ئۇستا مەرگەن ئىدى. ھەر قېتىمقى ئۇرۇشتا، قوشۇنىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، باشلامچىلىق بىلەن جەڭگە ئاتلىناتتى. ئاز ئەسكەر بىلەن كۆپ دۈشمەننى يېڭەتتى. ھۇجۇم قىلغاندا يەڭمەي قالمايتى، يېڭىلگەنلىرنى بويسۇندۇرماي قالمايتى. ئۇ ھەممىشە ئۇرۇش مەشىقى قىلاتتى ۋە شىكارغا چىقاتتى» .24

بۇ يەردىكى «تەدبىر كۆرسىتىشكە ماھىر، ئوق ئېتىشقا ئۇستا مەرگەن ئىدى. ھەممىشە ئۇرۇش مەشىقى قىلاتتى ۋە شىكارغا چىقاتتى»دىگەن تارىخى پاكىتلاردىن، بۇساد تېكىن باشچىلىقىدىكى توققۇز ئۇيغۇر ئۇرۇقلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇرۇش مەشىقى ـ ھەربى ئۇرۇش مانىۋىرى، ئات ئۈستى تۈرلۈك تەنتەربىيە پائالىيىتى ـ ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسى، ئوغلاق تارتىشىش، ئوۋ ئوۋلاش،دەغنەك توپ ئويناش، سالما تاشلاش، قىلچۋازلىق، Sشەكىللىك قورشاۋ ھاسىل قىلىش، قىز قوۋۇار، ئات ئۈستىدە كۈچ سىنىشىش، ئات بەيگىسى، ئات ئۈستىدە يۈگرەپ كېتىۋېتىپ يەردىكى نەسىنى ئات ئۈستىگە ئېلىپ قېچىش قاتارلىق ھەربى ئۇرۇش تۈسىنى ئالغان ھەر تۈرلۈك ئات ئۈستى تەنتەربىيە پائالىيىتى (جۇملىدىن دەغنەك توپ ئويناش)مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەنلىكى ئېنىق. چۈنكى ،تۈرك ـ ئۇيغۇر قوۋملىرى ھەر يىلى يېڭى يىل بايرىمى (كۆكلەم بايرىمى نورۇز بايرىمى) مىلادىيە 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ، كۆكلەم بايرىمى (باھار بايرىمى)مىلادىيە 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ياز بايرىمى، مىلادىيە 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ؛كۈز بايرىمى مىلادىيە 9 ـ ئاينىڭ29 ـ كۈنلىرىدە بىر جايغا جەم بولۇشۇپ، مال ـ چارۋا، ئات ئۇلاقلىرىنى قۇربانلىق قىلىپ ئەجدادلىرىنى ئەسلىشەتتى. ھەر خىل يىغىن ـ كېڭەشلەرنى ئۆتكۈزۈپ ئادەم ۋە مال ـ چارۋىلارنىڭ سانىنى ئالاتتى. يېڭى يىللىق ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇراتتى. تۈرلۈك مۇزىكا سادالىرى ئىچىدە تۈرلۈك ـ تۈمەن ئات ئۈستى ۋە ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزەتتى. ئوقيا ئېتىشقا كۈچى يېتىدىغان، قۇرامىغا يەتكەن ياش يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى ئاتلىق قوشۇن بولۇپ ئۇيۇشاتتى. ھەر قايسى قەبىلە باشلىقلىرى ئۆز قەبىلىسىدىكى ئاتلىق قوشۇنلارغا باشچىلىق قىلاتتى.

ئۇيغۇرلار بۇساد قاغان دەۋرىدە (مىلادى627 ـ يىلىدىن646 ـ يىلىغىچە) كۆچۈيۈشكە باشلىغان بولۇپ «يېڭى تاگنامە» ،«كونا تاگنامە» ،«قانۇنلار قامۇسى»دىكى ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا ئائىت بايانلارغا ئاساسلانغاندا ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرى سانى جەمئىي100مىڭدىن ئارتۇق

بولغان. بايان قاغان مىلادى651 ـ يىلى 50مىڭ ئاتلىق ئەسكەر چىقىرىپ غەربىي تۈركلەر قاغانى ئاشىنا قۇلىغا قارشى، بېشبالىق جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە ئىلى دەريا ۋادىسىدا ئۇرۇش قىلغان. تاڭ سۇلالىسى بۇ ئۇرۇشقا ئۇرۇش مىۋىلىرىگە تەڭ شىرىك بولۇش ئۈچۈن ئەسكەر چىقارغان. بايان قاغان ئاشىنا قۇلنى قوغلاپ تاشكەنتكە بارغاندا 657 ـ يىلى تاشكەنت بېگى ئۇيغۇر ئىنسال تارقان ئاشىنا قۇلنى بايان قاغانغا تەقدىم قىلغان. بايان قاغان يەنە 50 مىڭ ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنلىرىنى باشلاپ، ئورخۇندىن شەرقتە تاڭ خاندانلىقىنىڭ كورىيىگە قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ تاكى پىيوڭياڭغىچە بارغان.

دىمەكچىمىزكى، شۇنچە نۇرغۇن ئاتلىق قوشۇنغا ئىگە ئۇيغۇرلار ئۆز ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ ھەربىي قۇدرىتىنى ئاشۇرماق ھەم كۆڭۈل ئاچماق ئۈچۈن ئات ئۈستى ھەر خىل ھەربىي مەشىق پائالىيەتلىرى (جۈملىدىن دەغنەك توپ پائالىيەتلىرىنى )ئېلىپ بارغان.

ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادى605 ـ 846)بىلەن تاڭ خاندانلىقى ئوتتۇرىسىدا تۈرك ـ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. تاڭ خاندانلىقىنىڭ كەييۈەن يىللىرى (713 ـ 742)، تىيەنباۋ يىللىرى(742 ـ 756)دا چاڭئەن، لوياڭلاردا بىر مەھەل «ئۇيغۇرلىشىش» ئەۋج ئالغان25 ئۇيغۇر مۇزىكىسىغا ھەۋەس قىلىش، ئۇيغۇرچە ياسىنىش (ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيىش)، ئۇيغۇر ئاتلىرىنى مىنىش، زىبۇ ـ زىننەت تاقاش، ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش 50 يىلدىن ئارتۇق دەۋران سۈرگەن. 26 ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قوشۇنلىرى ئۆگلۈك ـ سۆيگۈن تۇپىلىڭىنى باستۇرۇپ، چاڭئەن ۋە لوياڭلارنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ھەۋەس قىلىش تېخىمۇ ئەۋج ئالغان. ئۇرخۇندىن، خوتەندىن كەلگەنلەر دىنىي ئېتىقادىنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر مەدەنىيەت ھالىتى ـ نەغمە ئويۇنلار بىردەك بولغان، بىرسى ـ بىرسىنى چەتكە قاققانلىق ھەققىدە تارىخى ماتىرىياللاردا قىلچىمۇ ئۇچۇر يوق.

ئارخىئولوگىيىلىك قىدىرىشلاردىن تېپىلغان تاڭ دەۋرىگە ئائىت رەڭلىك ـ رەڭسىز ساپال قاچىلارنىڭ كۆپىنچىسى غەربىي رايونلۇقلارنىڭ ئوبرازى بولۇپ قاڭشارلىق، بادام قاپاق (ئۇرا كۆز) ، كۆكۈش كۆز،ئات ياكى تۆگە مىنگەن ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن تاڭ گاۋزوڭ (649 ـ يىلى تەختتكە چىققان)نىڭ ئوغلى لى شيەننىڭ قەبرە تېشىدا، غەربىي رايونلۇقلارنىڭ رەسىمى، قىزىقارلىقى، غەربىي رايوندىن كەلگەنلەرنىڭ دەغنەك( چۆگەن) توپ ئويناۋاتقانلىقىنىغا دائىر رەسىملەر بار. 27 بەزى تارىخى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، غەربىي تۈركلەرنىڭ ئوك قانات بەش ساداق ئېركىنلىرى ئىچىدە، قۇشۇ كۆلى ۋە قۇشۇ چۇباندىن ئىبارەت ئىككى سانغۇن شۇنداقلا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاتاقلىق سانغۇنلىرىدىن بىرى بولغان، غەربىي تۈرك خانلىقى

تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلاردىن كىلىپ چىققان قۇشۇخان قاتارلىقلار ناخشى كۇيلەرگە ئۇستا بولغاندىن تاشقىرى، قوللىرىغا دەغىنەك ئېلىپ توپ ئويناپدىغان داڭلىق دەغنەكۋاز، قېلىچۋاز، جانبازلاردىن بولغان.

### 7. گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا چەۋگەن توپ ھەرىكىتى ئۇيۇنى

كۆك تۈركلەردىن كېيىن بارلىق تۈركى قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، كەڭ مۇڭغۇل دالاسىدا ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان ئۇيغۇرلار 840 ـ يىلى دىپلوماتىيە جەھەتتىكى سەۋەنلىك، تەبىئي ئاپەت،مال ـ چارۋىلارنىڭ كۆپلەپ ئۆلۈشى، ۋابا كىسەللىنىڭ تارقىلىشى، ئىچكى ئاپەت ـ ئوردىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرى ،تاشقى ئاپەت قىرغىزلارنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا باستۇرۇپ كىلىشى قاتارلىق سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىنىڭ سىياسى سالاھىيتىنى يوقۇتۇپ قويغانلىقتىن، قېرىنداش ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىر مەركەزگە ئۇيۇشقان، بىر ھاكىمىيەت بۇلۇپ شەكىللەنمەستىن بەلكى، شەرىققە ۋە غەرىپكە قاراپ كۆچۈپ (قەدىمقى ئۇيغۇر زىمىنلىرىغا) مۇستەقىل ئۈچ ئۇيغۇر خانلىقى ھالىتىدە ياشاشقا باشلىغان؛«شەرقتە ھازىرقى نىڭشىيادىكى لىڭۋۇدىن تارتىپ، غەرپتە دۇنخۇاڭ، يۈمىن ئەنشىگىچە» 28«شىمالدا گوبى چۆللىگىچە» جەنۇپتا كۆكنۇر (چىڭخەي)گىچە سوزۇلغان تەخمىنەن 540مىڭ كۋادىرات كىلومىتىر زىمىن ئۈستىدە ، شەرىقكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ قۇرغان گەنجۇ (خېشى) ئۇيغۇرخانلىقى (847 ـ يىلىدىن1036 ـ يىلىغىچە200 يىلغا يېقىن مەۋجۇت بولغان) (29) «شەرقتە قۇمۇلدىن غەرپتە ئاقسۇنىڭ مۇزئارت داۋىنىغىچە، شىمالدا ئىلى دەرياسىدىن جەنۇپتا چەرچەنگىچە» بولغان تەخمىنەن500 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر دائىرىدە 850 ـ يىلى قۇرۇلۇپ 1369 ـ يىلىغىچە 500يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان قۇچۇ ئىدىقۇت (ئۇيغۇرىيە ـ ئۇيغۇرىستان ۋە ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى دىگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان ـ ئا) ئۇيغۇر خانلىقى،«شىمالدا بالقاشتىن جەنۇپتا كەشمىرگىچە، شەرىقتە كۇچاردىن غەرىپتە خارەزىمگىچە» بولغان 3مىلىيون كۋادىرات كىلومىتىربولغان زىمىن ئۈستىدە قەشقەر ۋە بالاساغۇننى قوش پايتەخت قىلغان قاراخانىيلار خانلىقى 850 ـيىلىدىن 1212 ـيىلىغىچە 362يىل مەۋجۇت بولغان 30 بۇلۇپ، بۇ دەۋرلەردە دەغنەك (چەۋگەن)توپ ئويناش داۋاملىق ئەۋىج ئالغان.

يازما ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا دەغنەك توپ ئويناش پائالىيىتى

مەخسۇس خانلىق ئوردىسى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن توپ ئويىنىغۇچىلار ئۈچۈن مەخسۇس كىيىم كىچەك، ئالاھىدە تائام، زىياپەت ھازىرلانغان، توپ ئويىنىغۇچىلار ۋە كۆرگۈچىلەر ئۈچۈن مەخسۇس قائىدە ـ تۈزۈم ئېلان قىلىنىپ خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا تىگىشلىك جازا ياكى جەرىمانە قويۇلىدىغانلىقىنى، دەغنەك توپ مەيدانى ئالدىغا ھەممە ئاۋام خەلقنىڭ يىغىلىپ توپ مۇسابىقىسىدىكى تۆرلۈك ماھارەتلەرنى كۆرىشى، توپ ئويناش ئىقتىدارى بار كىشلەرنىڭ توپ ئويناشقا قاتنىششى كېرەكلىكىنى، كەلمىگۈچىلەر گە ئوردا تەرەپىدىن ئېغىر جەرىمانە قويۇلىدىغانلىقىنى جاكارلانغان. توپ مۇسابىقىسى باشلىنىشتىن بۇرۇن «ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن ناخشا ـ ئۇسۇلچىلار بىلەن مۇزىكىچىلارنىڭ دەغنەك (چەۋگەن) توپ مەيدانىغا كېلىپ، ئۇيۇن كۆرستىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن» 31

بۇ ھەقتە يەنە تاڭ گېڭيۇ قاتارلىقلار تۈزگەن «دۇنخۇاڭنىڭ ئىجتىمائىي ،ئىقتىسادىغا دائىر يازما ھۆججەتلەرگە ئىزاھات» نامىلىق كىتاپقا دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان P2842 ـ نۇمۇرلۇق بىر يازما ھۆججەتكە «دەغنەك توپ ئۇيۇنىغا دائىر مۇنداق مەزمۇن كىرگۈزۈلگەن:

...يىل...29 ـ كۈنى دەغنەك توپ ئۇيۇنى نەغمىچىلىرىگە قۇشۇمچە ياردەم پۇلى باغاقچىسى ،...29 ـ كۈنى...ئۇرۇش ـ جىدەل، چىقىرىشقا بولمايدۇ... بۇ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ھەممە ئاۋام دەغنەك توپ مەيدانى ئالدىغا يىغىلىدۇ. كەلمىگۈچىلەرگە ئوردا ئېغىر جەرىمانە قويىدۇ...ئۇلارنىڭ ياردەم پۇلى يەتكۈزۈلۈپ بىرىلمەيدۇ، ناۋادا خىلاپلىق قىلىنسا، دەل ۋاقتىدا جەرىمانە تۆلىتىۋېلىنىدۇ...» ھۆججەتنىڭ ئاخىرىغا يەنە 12 دەغنەك توپ ماھىرىنىڭ ئىسمى يېزىلغان.

تاڭ گىڭيۇ، لوخۇگجى قاتارلىق ئالىملار بۇ ھۆججەتنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ دۇنخۇاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق زور كۆلەملىك دەغنەك توپ پائالىيىتى ئىكەنلىكىنى، دەغنەك توپ ئويناشقا 12 ماھىر قاتنىشىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ 6 سى توققۇز چاۋۇپ ئۇيغۇرلىرى، بىرى كۇچالىق ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى، توپچىلارغا ۋە سازەندىلەرگە ئوردا مەخسۇس قۇشۇمچى ياردەم پۇلى بىرىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان، مىلادى 980 ـ يىلى پۈتۈلگەن S 1366 ـ نۇمۇرلۇق «بەيئەتچىلەر قوشۇنى مەھكىمىسىنىڭ ئۇن، ياغ ھىسابات ھۆججىتى »دە:

«......ـ كۈنى ،كونا 10 ـ يېزىدىن دەغنەك توپ مەيدانىدىكى 42 ئادەمگە ئۇيغۇر تۇقۇچى ئېلىندى» دەپ پۈتۈلگەن بولسا، P3945 ـ نۇمۇرلۇق «بەيئەتچىلەر قوشۇنى ھىراۋۇل مەھكىمىسىدىكى ئەمەلدارلار قوي باقتۇرغان ھىسابات ھۆججىتى »دە :

«مەھكىمە 2 ئېرىك قويىنى 7 ـ ئاي ئىچىدە دەغنەك توپ ئۇيۇنىدىكى زىياپەت ئۈچۈن

ئىشلەتتى، ھىساپ دەپتىرىگە كىرگۈزۈلمەيدۇ»دەپ يېزىلغان.

مانا بۇ يازما ھۆججەتلەر گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا دېھقانچىلىق، ئىقتىسادىي كىرىم، ئىچكى ۋە تاشقى سودا قاتارلىق ساھەلەردە ئىشلىتىلگەن، بۇ خانلىقنىڭ خانلىق تۈزۈمى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تەركىبى ۋە ئۇنىڭ باشقىرىشىدىكى رايونلارنىڭ قانداق ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاشتا ئىنتايىن مۇھىم ماتېرىياللاردىن ھېسابلىنىدۇ.

مانا بۇ يازما ھۆججەتلەر گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا دېغىنەك توپ ئويناشنىڭ خانلىق ئوردىسى تەرىپىدىن تەشكىللەپ ، باشقۇرۇلغانلىقى بۇنىڭ كەڭ خەلقچىل تۈسكە ئىگە خاندانلىق تەۋەسىدىكى ئەڭ چوڭ كاتتا دېغىنەك توپ مۇسابىقە پائالىيىتى بولۇپ ، بارلىق چىقىم خانلىق ئوردىسى تەرىپىدىن بېرىلىپ ، داڭلىق دېغىنەك توپچىلارغا ۋە سازەندىلەرگە ئوردا خەزىنىسىدىن مۇكاپات بۇيۇملىرى تارقىتىلىپ بېرىلگەنلىكى ، خاندانلىقنىڭ بۇ ئىشقا پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا دۇنخۇاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق زور كۆلەملىك دېغىنەك توپ پائالىيىتىگە توققۇز چاۋۇش ئۇيغۇرلىرى، بىر نەپەر كۇچالىق ئۇيغۇر (بۇلار ئۆز يۇرتلىرىدا داڭدار دېغىنەك توپ ماھىرلىرى بولسا كېرەك ـئا) قاتناشقانلىقىدىن قارىغاندا شۇ چاغدا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۇنخۇاڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن بۇ مۇسابىقە پائالىيىتىگە توققۇزچاۋۇپ ئۇيغۇرلىرى ـ سەمەرقەنت، بۇخارا ، تاشكەنت ئۇيغۇرلىرى(بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىلا گەنجۇ، دۇنخۇاڭ شەھىرى ئەتىراپلىرىغا كىلىپ ماكانلاشقان)، كۇچا ئۇيغۇرلىرىدىن باشقا، قۇچۇ(تۇرپان)ئىدىقۇت خانلىقى تەۋەسىدىن ۋە قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەسىدىن كەلگەن ئۇيغۇرلارمۇ كۆپ بولسا كېرەك. چۈنكى، گەنجۇدىن خارەزىمگىچە بولغان بىپايان زىمىندا ، قۇرۇلغان ئۈچ ئۇيغۇر دۆلىتى(گەنجۇ، قۇچۇ، قاراخانىيلار)دەۋرىدە يىپەك يولى راۋانلىشىپ، يېڭى گۈللىنىش مەنزىرىسى شەكىللەنگەن. بۇ ھال ئۇيغۇر جەمىيىتىنىڭ مۇقىم راۋجلىنىشى، ئۇيغۇر تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرىلىشى، ئۇيغۇر مەدەنىي ھاياتى ۋە سەنئەت مۇھىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئېلىپ كەلگەن. گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئىدىقۇت (قۇچۇ)ئۇيغۇرىستان ـ ئۇيغۇرىيە خانلىقى ۋە خوتەن بۇددىستلىرى ئارىسىدا ئىقتىسادىي ، مەدەنىي ۋە دىنىي ئالاقە بولغاندىن تاشقىرى، قاراخانىيلار خانلىقى بىلەنمۇ تۇرلۇك ئالاقىلەردە بۇلۇپ كەلگەن. بۇنى مىلادى11 ـئەسىردە ئۆتكەن ئەرەپ ساياھەتچىسى مەرۋىزى قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرىسىدا قەشقەردىن يەكەنگە، يەكەندىن خوتەنگە، خوتەندىن كېرىيەگە، كېرىيىدىن گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربى سودا ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغان شاجۇ شەھىرىگە قاتنايدىغان چوڭ بىر سودا ـقاتناش يولى بار ئىدى... 32 دىگەن بايانلىرىدىن تېخىمۇ ئېنىق ئۇچۇقلارشتۇرىۋېلىشقا بۇلىدۇ.

8 . قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى چەۋگەن توپ ھەرىكىتى ئويۇنى

قاراخانىيلار دەۋرىدە دەغنەك توپ ئويناش يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئوردا ئەھلىدىن تارتىپ جەڭچى، پۇقرالارغىچە بۇ پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئەۋج ئالغان.

بۇ ھەقتە 11 ـ ئەسىردە قاراخانىيلار دۆلىتىدە ياشىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى ، پەيلاسوپ شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىيلار دۆلىتىگە ئەلچى ۋە ھەربى ئەمەلدار بولىدىغان كىشى ئوقۇمۇشلۇق بولۇش بىلەن بىر قاتاردا دامكا ـ شاھمات،چەۋگەن توپ ئويۇنى ...قاتارلىقلارنى بىلىشى كېرەك دىگەن. ئۇ «قۇتادغۇ بىلىك»داستانىدا:

«يا چەۋگەن، يا ئوۋ، يا يۈرت ئەل كۆرگەلى

ئاتلانسا گەر بەگ سەپەر قىلغىلى» 549 ـ بەت

«يەنە دامكا ـ شاھماتنى ئۇ بىلسۇن خوپ،

ئويۇنغا چۈشكۈچىنى ئالسۇن ئۇتۇپ،

ئۇ بىلسۇن چەۋگەننى، ئاتار بولسۇن ئوق،

يەنە قۇشچى ۋە ئوۋدا تەڭدىشى يوق» 516 ـ بەت

دەپ يازغان. يەنە «چەۋگەن ـ ئاتلىق ئويىنىلىدىغان توپ ئويۇنى »(1364 ـ بەت)دەپ كۆرسەتكەن.

11 ـ ئەسىردە قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرى (مىلادى 850 ـ 1212) دە ئۆتكەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى، تۈركى خەلقلەرنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى، دۇنيا تۈركىلوگىيە ئىلمى، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاتىسى مەھمۇدكاشغەريي«تۈركى تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە چەۋگەن ھەققىدە توختىلىدۇ:

ئۇ «تالاس، چەۋگەن ئويۇنىدا مەيداننىڭ چىكىگە تارتىلغان ئارغامچا»(1 ـ توم، 474 ـ بەت) دەپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىن بىلىشكە بولىدۇكى «تالاس» سۆزى ـ دائىرىنى ئايرىش ـ كۆرسىتىش سىزىقى ، چېگرا، پاسىل دىگەن مەنىلەرنى بىلدۇرگەن. تارىخى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندادەغنەك توپ مەيدان پاسىلى ـ تالاس سىرتىدا ئىككى كىشى قىزىل بايراقچە تۇتۇپ، ئوڭ سول مەيداندىكىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە نازارەتچى، بۇيرۇقچى ۋە رىغبەتلەندۈرگۈچى بولغان. مەيداننىڭ شەرق ۋە غەرب تەرىپىگە كۆن ۋە ئاي شەكىللىك بايراقچىلار قادالغان، ناخشا ، ناغرا سۇناي مۇزىكا سادالىرى ئىچىدە دەغنەك توپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەن.

«تۈركى تىللار دىۋانى»دا يەنە« ئۇ ماڭا چەۋگەن ئىگىپ بەردى»(1 ـ توم 252 ـ

بەت)دەپ يېزىلغان. بۇ يەردىكى چەۋگەن ـ توپ ئويناشتا ، توپنى ئۇرۇش، ياكى توختىتىۋېلىش ئۇچۇن ئىشلىتىدىغان ئۇچى ئەگرى تاياق ،بەزى مەنبەلەردە چەۋگەن دىگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىدىكى چەۋىقگەن سۆزىدىن كەلگەن ،چىۋىق ـ چەۋىق سۆزىگە گەن سۆزى قوشۇلۇپ چەۋىقگەن بولغان ،كېيىن بۇ سۆز چەۋگەن سۆزىگە ئايلانغان بولسا كېرەك.«تۈركى تىللار دىۋانى»دا يەنە:« تۆپۈق ـ چەۋگەن بىلەن ئۇرۇپ ئوينىلىدىغان توپ»(1 ـ توم 492 ـ بەت)دەپ يېزىلغان.

مىلادى 1003 ـ يىلى شەمسۇل مانى غەرىپ ھەققىدە يازغان « قابۇسنامە» نىڭ 18 ـ بابىدا«ئاتقا مىنمەك ، شىكار قىلماق ۋە چەۋگەن ئوينىماق پادىشاھ ۋە ئەھلى ھۆكۈمەت ئىشىدۇر» دەپ يازسا ،19 ـ بابىدا «چەۋگەن ئويناشتا ھەممە كىشى بىراقلا ئاتلانماسلىقى كېرەك، مەيدانغا سەككىزدىن ئارتۇق كىشى چۈشمىسۇن، بىر ئادەم مەيداننىڭ يان تەرىپىدە تۇرسۇن، يەنە بىر ئادەم مەيداننىڭ ئايىقىدا تۇرسۇن، ئالتە كىشى مەيدانغا چۈشۈپ توپ سوقسۇن »دەپ يازغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدە دەغنەك توپ ئويناش پائالىيىتى ناھايىتى قىزغىن ئەۋج ئالغان . ھەممە كىشى دەغنەك توپ ئويناشقا ھەۋەس قىلىدىغان بولۇپ قالغان. خانلىق ئوردىسىدا مەخسۇس دەغنەك كوماندىسى، مۇزىكانتلار ئۆمىكى ئات باقارلار تەشكىل قىلىنىپ بەلگىلەنگەن مۇددەتتە خانلىك ئوردىسى تەرەپىدىن قەرەرلىك دەغنەك توپ مۇسابىقە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرۇلغان.ئۇتۇپ چىققۇچىلار مۇكاپاتلانغان. دەغنەك توپ ئويۇنىدا يېڭىپ چىققان كىشى ئۆز دەۋرىنىڭ ھەر جەھەتتىن يېتىشكەن كىشىسى ھىسابلىناتتى. دەغنەك توپ ئويناشقا قاتنىشىدىغان كىشىلەر يىگىتلەر، قىز جۇۋانلار ئاتلىرىنى پەرۋىش قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىرەتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ خاس قۇشۇنلىرى ، خانىدان ئەزالىرى بىلەن ۋالىيلارنىڭ ۋە باشقا دۆلەت ئەرباپلىرىنىڭ ، چىگىل، قارلۇق، ئوغراق ۋە باشقا قەبىلە تەشكىلاتلارگە تەۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئاساسەن ئاتلىق قۇشۇندىن تەركىپ تاپقانلىقى مەلۇم. تارىختا ، تۈركى قۇۋملار ئاتنىڭ كۈچىدىن ھەرخىل شەكىلدە پايدىلانغاندىن تاشقىرى، گۆشىدىن، سۈتىدىن ۋە تېرىسىدىنمۇ پايدىلىناتتى. كەڭ كۆلەمدە ھەرىكەتچانلىقنى ۋە تېزلىكنى تەلەپ قىلىدىغان ، كۆچمەنلىك ھاياتىدا مىنىدىغان ، ۋە يۈك تۇشۇيدىغان ۋاستە خىزمىتىنى ئۆتىگەن ئات، غالىپ ئەسكەرلەرنىڭمۇ ئەڭ يارامىلق ۋاستىسى بولغان ئىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن ، ئات ئۇلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە «ئېل»لەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. بۇنى كۆزدە تۇتقان ئالىمىمىز مەخمۇد كاشغەرى«ئات تۈركى خەلقلەرنىڭ

قانىتىدۇر» دەپ تەبىر بېرىپ ئاتلىق قوشۇنىنىڭ قاراخانىيلار دۆلىتىدىكى ئورنىغا ،يۇكسەك توغرا باھا بەرگەن، ھەمدە تارىختىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ جەڭ غەلبىسىنىڭ سىرىنىڭ ئەنە شۇ ئاتلىق قوشۇنىنىڭ بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىغان. پۈتۈن مىللەت ئاتلىق قوشۇن بولۇپ ئۇيۇشۇشتىن ئىبارەت بۇ خۇسۇسىيەتنى ئۇيغۇر- تۈركىي قەبىلىلەر پۈتكۈل تارىخدا قەدىمدىن باشلاپ داۋام قىلدۇرۇپ كەلگەن . مەسىلەن،ھۇنلار-ئونگۇرلار باتۇر تەڭرىقۇت دەۋرىدە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 209-مىلادىدىن بۇرۇنقى 176-يىللىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) 400 مىڭ ئاتلىق ئوقياچى قوشۇن بىلەن لىيۇباڭ باشچىلىقىدىكى 320 مىڭ كىشىلىك خەن قوشۇنىنى داتۇڭ (قۇرى بالىق)دا 7كېچە-كۈندۈز قورشاۋغا ئالغان، مىلادىدىن بۇرۇنقى 62-يىلى ھۇن ئىمپېراتورلىقىدا ئىلىپ بېرىلغان ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش پائالىيىتىگە 100ئاتلىق ئەسكەر قاتناشتۇرۇلغان،بۇ پائالىيەت 350كىلومېتىر دائىرىدە قانات يايدۇرۇلغان.

كۆك تۈرك خانلىقىدا، مىلادى 626-يىلى تۈركلەرنىڭ ئېل قاغانى قاراخان 400مىڭ كىشىلىك خىللانغان ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ چاڭئەنگە 40نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان شەھەر سىرتىدىكى ۋېي شۈي دەرياسىغا سېلىنغان كىچىك كۆۋرۈككە قىستاپ كېلىدۇ، تاڭ گاۋزۇڭ-لى شىمىن(627-650)سۈلھى تۈزىدۇ.

ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرى پۈتۈن شەرقى ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايۇننى زىل-زىلىگە كەلتۈرگەن ئىدى. كۆيدۈرگۈچ قوراللار پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى ئاتلىق ئەسكەرلەر باشقا ئەسكىرى تۈرلەرگە قارىغاندا، تەڭ كەلگىلى بولمايدىغان ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى.«جۇڭگو(تاڭ خاندانلىقى)نىڭ ئاتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتلىرىدەك ياخشى ئەمەس»33 ئىدى. شۇڭلاشقا ، ۋەقە يۈز بەرسىلا تاڭ ئوردىسى ھەر دائىم ئۇرخۇن-ئۇيغۇر خانلىقىدىن ھەربى ئاتلىق قوشۇننى ياردەم بېرىشكە تەلەپ قىلاتتى.

ياڭ شېڭمىن ئەپەندى «قەدىمكى ئۇيغۇرلار »ناملىق كىتاۋىدا ئۇرخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى ئاتلىق قوشۇنلىرىنى «پەقەت ئون ئۇيغۇر قەبىلىسى بىلەن توققۇز ئوغۇز قەبىلىسىدىن تەشكىللەنگەن 100 مىڭ ئەتىراپىدائاتلىق ئەسكەرلىرى بار ئىدى»34 دەپ يازىدۇ، ئەمما ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا مۇيۇنچۇر ۋە ئۇنىڭ ئوغلى بۆكۈخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە ئۇيغۇر خانلىغى تازا گۈللەنگەن دەۋر بولۇپ (747-780-يىللار) ساياھەتكە كەلگەن ئەرەپ جۇغراپىيەشۇناسى-تەمىم ئىبنى بەھرۇل مۇتەۋۋى ئۆزىنىڭ «ساياھەتنامە» ناملىق ئەسىرىدە ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا، ھۆكۈمداردىن باشقا،17 ئاتامان(تۇمەن بېشى) ھەربىرىنىڭ قولىدا 13 مىڭ ئاتلىق ئەركەكتىن تۈزۈلگەن 221مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بار ئىكەن35 دەپ مەلۇمات بېرىدۇ.. گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە

ئىدىقۇت(تۇرپان)ئۇيغۇر خانلىقىدا خېلى كۆپ ساندىكى ئاتلىق قۇشۇنلار بار بولسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ ھەققى سانىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس. بەزىبىر پارچە پۇرات ماتىرىياللاردا كۆرسۈتۈلىشىچە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا 15 مىڭ ئەتراپىدا ئاتلىق ئەسكىرى بولغان

قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئارمىيىسىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئېنىق بىر سانلىق مەلۇمات يوق. لېكىن مەھمۇد كاشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»دا :«1041 ـ 1042 ـ يىللاردا ياباقۇلار ۋە باشقا ئىتتىپاقداشلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان غەيرى مۇسۇلمان تۈركى خەلقلەرگە قارشى بەكەچ ئارسلان تېكىنىنىڭ قوماندانلىقىدا ئەۋەتىلگەن قاراخانىيلار ئارمىيىسىنىڭ 40مىڭ كىشىلىك ئىكەنلىكى» نى يازىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىگ»دە 4000 ئەسكەرنىڭ بىر قۇشۇن، 12مىڭ كىشىلىك ئارمىيىنىڭ بولسا چوڭ قۇشۇن ئىكەنلىكى »نى يازىدۇ. 36

دىمەك بۇنچە كۆپ ھەربى قۇشۇن بار ئەلدە ئەسكەرلەرنى مەشىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئوغلاق تارتىشىش، ئوۋ ئوۋلاشتىن تاشقىرى دەغنەك توپ مۇسابىقە پائالىيىتى ئېلىپ بارماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. بۇنى مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسەرلىرىدىكى يۇقىرىقى بايانلاردىن بىلىۋېلىش تەس ئەمەس. قاراخانىيلار خاندانلىقىدا دەغنەك توپ ئويناش ھۆكۈمەت ئەرباپلىرى ـ ئەمەلدارلىرى،خاس ئاتلىق قۇشۇنلار ئىچىدە قانات يېيىپ قالماستىن بەلكى ، بەزى فېئۇدال ئەمەلدارلار، بەگزادىلەر، ئىقتىسادى بار بايلار ھويلىسىدىمۇ دەغنەك توپ كوماندىلىرى، مەخسۇس ئاتخانا، ئات باقارلار تەشكىل قىلىنغان. دەغنەك توپ مۇسابىقىسى ئوغۇللار، قۇرامىغا يەتكەن يىگىتلەر ، ئاياللار، قىز جۇۋانلارنىڭ قاتنىشىشىدا ئۆتكۈزۈلگەن بەزى بايلار ئوتتۇرىغا پۇل، مال ـ مۈلۈكلەرنى تىكىپ قۇيۇپ دەغنەك توپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق باشقىلارنى ئۇتۇپ بايلىق توپلاش ئۈچۈنمۇ ئويناشقان.

مەھمۇد كاشغەرىي بۇ ھەقتە <<ئۆملەشۋ>>دىگەن سۆزلىرىگە ئىزاھات بېرىپ : <<ئۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئىشتان تىكىپ چەۋگەن ئوينىدى >> دەپ يازىدۇ1 ـ bet ـ 242 tom) ) بۇ ئويۇنىنىڭ كەڭ تارقالغانلىقىنى ، بۇ ئويۇن تاماشىبىنلار بەسلەشكۈدەك، دو چىققۇدەك كەڭ كۆلەملىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

9. چەۋگەن توپ تەنھەركىتىنىڭ قوشنا ئەللەرگە تارقىلىشى

كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە دەغنەك(چاۋگەن)توپ ئويناش گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قۇچۇ(تۇرپان) ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خانلىقىدىن ھالقىپ ئەتىراپتىكى قوشنا ئەل خەلقلىرىگىمۇ، ئۇيغۇر ـ تۈركى خەلقلەر ئارقىلىق تارقالغان. بۇلۇپمۇ سۇڭ سۇلالىسى، سامانىيلار خانلىقى، سالجۇقىيلار خانلىقى، غەزنەۋىلەر خانلىقى ،مۇڭغۇل يۈەن سۇلالىسى، چاغاتاي خانلىقى ۋە يەركەن سەئىدىيە خانلىقىدىمۇ دەغنەك توپ ئوينۇلۇپ كىلىنگەن.

بۇ ھەقتە، مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئاتايى، ئەلشىر نەۋايى، لۇتفى، سەككاكى، بابۇر شەمسۇل مائانى، «سىياسەتنامە»، روداكى، ئىبىن سىنا، ئۆمەر ھەييام، ئابدۇراخمان جامى، ئارىپ ھىراۋى، ۋە باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرى «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»، «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى»، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى ماتېرىياللىرى»دە، كۆپلىگەن نەقىللەر بار.

14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇر شائىرى ئاتايىنىڭ شېئىرلىرىدا «چەۋگەن»(دەغنەك)كۆپ قېتىم مىسالغا ئېلىنغان. مەسىلەن ئۇ بىر غەزىلىدە:

گويەدەك بولدى ئەتائى ھەر تەرەپ سەركەشتە ھەل،

ئول سەنەملەر شەھسۇۋارى ئەزىم چەۋگەن قىلغالى 37 (ئۇ گۈزەللەر چەۋەندازنىڭ چەۋگەن ئويىنىشى ئۈچۈن ئەتائى توپقا ئوخشاش ھەر تەرەپكە ئايلىنىپ يۈرىدىغان بولدى)دەپ يازغان.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ياراتقان ئۇلۇغ شائىر، پەيلاسوپ ئەلشىر نەۋايى (1441 ـ 1504)«چاھار دىۋان»، « خەمسە»قاتارلىق ئەسەرلىرىدە «چەۋگەن» توپ ئويۇننى ناھايىتى كۆپ تىلغا ئالىدۇ،ئۇ «سەبئەئى سەييار» داستانىدا چىن مەلىكىسىنىڭ چەۋگەن توپ ئويۇنى ئۆتكۈزۈۋاتقان مەيدانغا ئاتلىنىۋاتقانلىقىنى يازىدۇ. 15 ـ ئەسىردىن 16 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئەلشىر نەۋايى ئەسەرلىرىگە ئىشلەنگەن قىستۇرما سۈرەتلەردىن« چەۋگەن» ئويناۋاتقانلارنىڭ سۈرەتلىرى خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.1982 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشىر قىلىنغان «ئەلشىر نەۋايى ئەسەرلىرىگە ئىشلەنگەن رەسىملەر »ناملىق قىستۇرما سۈرەتلەر توپلىمىدا «چەۋگەن» (دەغنەك)توپ ئويۇنى تەسۋىرلەنگەن، 15 ـ ،16 ـ ئەسىرلەردە سىزىلغان رەسىملەردىن 5 پارچە رەسىم بېرىلگەن .

يۇقارقىلاردىن باشقا قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامانغا مەنسۇپ ئۇيغۇر ئەدىپلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ دەغنەك(چۆگەن)توپ ئويناشقا دائىر نەقىللەر بار. مانا بۇلاردىن ئۆزدەۋرىدە

دەغنەك توپ ئۇيۇنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان ھەركەت ئىكەنلىكىنى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى ۋە ئاددى خەلقىنىڭ ئۆزبالىلىرىنى دەغنەك تـوپ ئۆگۈتۈشـكە ئالاھىـدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

قەدىمكى دەۋىردە دەغنەك (چەۋگەن ) توپ ئويناش شۇنچە كەڭ تارقالغان بولسىمۇ ، كېيىنكى دەۋىردىكى ئىجتمائىي ئۆزگۈرۈشلەر، خەلقىمىز ئۈستىگە چۈشكەن تۈرلۈك ئازاپ ـ كـۈلپەتلەر، ۋەيـرانچىلىقلار نەتىجىسـىدە، بۇزغۇنچىلىققـا ئۇچۇرىغـان تـالاي مەدەنىـي مىراسلىرىمىز، ئېسىل مىللى ئەنئەنىلىرىمىز بىـلەن بىـر قاتـاردا دەغـنەك تـوپ ئوينـاش ھەركىتىمۇ چوڭ شەھەرلەردە ئوينالماي ئاستا ـ ئاستا چەت، ياقا جـايلاردا ئانـدا ـ سـاندا ئوينىلىپ يوقۇلۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ،تۈرلۈك سەۋەپلەرگە كۆرە،ئاتتىن ئايرىلغـان كىشىلەرنىڭ روھى كەيپىياتى سۇسلىشىپ، زور ئاتلىق پائالىيەت ئېلىپ بېرىلمايدىغان بولۇپ قالغـان.خەلقىمىـز ئەمـدى ئـات بەيگىسـى،ئوغلاق تـارتىش ئويـۇنلىرىنى داۋاملاشـتۇرۇپ كـېلەلىگەن، دەغـنەك تـوپ ئوينـاش ئۇچتۇرپـان ناھىسـىنىڭ ئاچىتـاغ يېزىسـىدىكى جايتـاغ(جايتـاش) كەنتىـدىكى نورۇزلۇقتـا 1910 ـ يىللارغىـچە ئوينىلـۇپ كېلىـنگەن. 38 ھىندىستاندا بۇ دەغنەك توپ ئويۇنىنى ئويناش بابۇرنىڭ ئوغلى ھۇمايۇن (1530 ـ 1556) دەۋرىدە كەڭ تار قالغان.كېيىنكى ۋاقىتلار غا كەلگەندە ئېنگىلىزلار ھىندىستاندا بۇ ئويۇننى كۆرۈپ ،ئۆگۈنۈپ ياۋرۇپاغا ئاپىرىپ ئويناشقان .شۇنىڭ بىلەن ئات ئۈستىدە تۇرۇپ توپ سۈرۈش ياۋرۇپادا «konno polo» نامى بىلەن ئاتىلىپ دۇنياغا تونۇلغان. دېمەك دەغنەك توپ ئويۇنى تارىخى ھوججەتلەردىن،ئارخىئولوگىيىلىك پاكىتلاردىن قارىغاندا ئۇيغۇر ـ تۈركى خەلىقلەرنىڭ ياشاش شارائىتلىرى ،شۇغۇللانغان ھەرىكەتلىرى بىلەن زىچ ماسلاشقان ئات ئۈستى تەن ھەركەت پائالىيىتى بولۇپ(بەزى ھاللاردا يېزا ـقىشلاقلاردا ئات مىنمەي ئوينۇلاتتى. ھازىر مۇز ئۈستىدە ئوينۇلىدىغان تۈرىمۇ بارلىققا كەلدى ـئاپتوردىن ) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ قەدىمقى تەنتەربىيە ھەركىتى ئۇيغۇرلاردا ئۇنتۇلغان بىلەن دۇنيادا ،دۇنياۋى تەنھەركەت تۈرلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە ھەر قايسى ئەل سەھنىلىرىدە ئوينۇلۇپ بۇخىل مەدەنىيەتنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى ھەيران قالدۇرماقتا! گەرچە 1959 ـ يىلى 10 ـ سىنتەبىر كۈنى كۆكخوت شەھرىدە ئۆتكۈزىلگەن جۇڭگو مەملىەتلىك1 ـ نۆۋەتلىك تەنھەركەت يىغىنىنىڭ دەغنەك توپ ئويناش مۇسابىقىسىدە ،ئۇيغۇر ئاپتونوم رايۇنىمىزنىڭ ئۇيغۇر ،قازاق قاتارلىق مىللەتلىرىدىن تەركىپ تاپقان دەغنەك توپ كوماندىسى مۇسابىقىغە قاتنىشىپ ،مەملىكەت بويىنچە3 ـ لىككە ئېرىشىپ دەغنەك توپ ئويناش ھەركىتىنى ئەسلىگە

كەلتۈرگەن بولسىمۇ،ئەپسۇسكى شۇندىن كېيىنكى تۈرلۈك سىياسى بوران - چاپقۇن، ئۇر - چاپ ۋە كىشىلەر ئىدىيىسى (روھىيىتىنىڭ)چېچىلىشى قاتارلىق سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن جانلىنالماي يەنە ئۈزۈلۈپ قالدى .... نۆۋەتتە،دەغنەك توپ ھەركىتى خەلقئارا تەنتەربىيە مۇنبىرىدە ئاتلىق تەنتەربىيە تۈرى بولغاچقا، ئەجداتلىرىمىز ياراتقان، شۆھرەتىمىزنى تاراتقان، مىللي روھنى ئۇرغۇتقان، دەغنەك توپنى ئويناىلى!

# ئۇيغۇرخەلقىنىڭ قەدىمقى چەۋگەن توپ تەنھەركىتىنىڭ شەرىقە ۋە غەرىپكە تارقىلىشى

خوجا نىياز يوللۇغ تېكىن

维吾尔族古代的体育运动马球（击球）运动传入西方、东方

优路特肯.胡加尼亚孜

قىسقىچە مەزمۇنى:چەۋگەن توپ تەنھەركىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتى ۋە ھەربىي ئىشلار ساھەسىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان كۈچلۈك بىر مەدەنىيەت ، ئۇيغۇر ـ قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ،ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ ئوينالغان،قەدىمىي تەنھەركەت ئويۇن تۈرىنىڭ بىرسى، كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە، چەۋگەن توپ تەنتەربىيە ھەرىكىتى ، شەرىققە كۆك تۈرك قاغانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرى (مىلادى552ـ840) دە سۈي، تاڭ خاندانلىقى ( جۇڭگو ) غا تارقالغانلىقى ، گەنجۇ ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرى (848ـ1036) ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى (848ـ1369 )دە قىتان ،سوڭ، جىن، موڭغۇل ـ يۈەن،مىڭ سۇلالىسىغىمۇ تارقالغانلىقى؛ ئۇيغۇر قاراخانىيلار دەۋرىدە (مىلادى 850 ـ 1212)، چاغاتاي خانلىقى دەۋرى، ئېلخانىيلار، تۆمۈرىيلەر، بابۇرخانلىقى، ياركەند سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە چەتئەللەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش شەكلىدە، غەرىپكە تارقالغانلىقى، تۈرلۈك تارىخىي پاكىتلار ئاساسىدا ئىخچام ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئاچقۇچلۇق سۆز : ئات ئۇيغۇرلار چەۋگەن توپ تەنھەركىتى ،شەرىق غەرىپكە تارقىلىشى

تەنتەربىيە ھەركىتى تارىخى ـ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ بىر مۇھىم تەركىبى قىسمى. تۈركىي خەلقلەردە تەنتەربىيە قەھرىمانلىق، جەڭگىۋارلىق ئەنئەنىلىرى بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. تۈركىي خەلقلەر تەبىئەت بىلەن بولغان كۈرەشتە ھەم دۈشمەنلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا تەنتەربىيىنىڭ رولىدىن ناھايىتى

ياخشى پايدىلانغان. بالىلارنى كۆچلۈك ،قورقماس، تەدبىرلىك قىلىپ يېتىشتۈرۈشتە تەنتەربىيىگە پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەت بەرگەن. تەنتەربىيە ھۈنلار، كۆكتۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتى ۋە ھەربىي ئىشلار ساھەسىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان.

چەۋگەن ئۇيغۇر ـ قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ ئوينالغان ،قەدىمىي تەنھەركەت ئويۇن تۈرىنىڭ بىرسى .چەۋگەن توپ تەنھەركىتى ئات ئۈستىدىكى تۈرلۈك ماھارەتلەرنى ئاشۇرىدىغان بىر خىل ئەسكەرلىك تەربىيىسى بولۇپ ،ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەردە تەنتەربىيە ھەركىتى تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن .

ئۇ قارىمۇ ـ قارشى ئىككى سەپ ئوتتۇرىسىدا ،ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ،يەردىكى توپنى،چەۋگەن تاياق ياردىمىدە قارشى تەرەپ يۆلۈنىشىگە قوغلاپ ـ سۈرۈپ ،رەقىپ دەرۋازىسىغا (تۆشۈكۈگە) كىرگۈزۈدىغان لەرىبرخىل ئات ئۈستى(بەزى شارائىتلاردا ئات مىنمەيمۇ ئوينۇلىدۇ) تەنتەربىيە ھەركىتىدۇر.

تارىخىي يازمىلارغا ئاساسلانغاندا، چەۋگەن ـ ـ پولو ئوتتۇرا ئەسىردە ۋىزانتىيىلىكلەردىمۇ بولغان. بۇ دەۋردىكى چەۋگەن ئالما چوڭلىقىدىكى بىر توپ بولۇپ، پالاق شەكلىدىكى تاياق ئارقىلىق ئوينىلاتتى. لېكىن بۇ ئويۇن ۋىزانتىيىگە ئىران ۋە ئانادولۇ ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن.

ئىران خەلقىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى، تارىخچى،گىئوگراپ ، ھەربىي ئالىم ،ئۇبۇل قاسىم بىننى ئىسھاق فىردەۋسى (مىلادى934 ـ 1024 )ئۆزىنىڭ25 يىل (989 ـ 1014 ) ۋاقىت سەرىپ قىلىپ يېزىپ چىققان 120 مىڭ قۇرلۇق «شاھنامە» داستانىدا قەدىمكى تۇران خەلقىنىڭ پادىشاھى ـئافراسىياپ (ئالىپ ئەرتۇڭا) بىلەن ئىران پادىشاھى ـ سىياھۇشلارنىڭ چۆگەن ئويىنغانلىغىنى ھىكايە قىلىدۇ.

قاراخانىيلارخانلىقى (مىلادى850 ـ 1212) دا ئۆتكەن ئۇلۇق تىلشۇناس ، ئالىم بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي « دىۋانى لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە «تۈرك ـ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ خاقانى ئافراسىياپ(ئالىپ ئەرتۇڭا) دەپ ئاتىلاتتى. بۇ قاپلانغا ئوخشاش كۈچلۈك، باتۇر ئادەم، دىمەكتۇر »2 >>كاشىغەر ـ ئوردۇكەنت دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ خان تۇرىدىغان شەھەر ـ مەركەز دىگەن بولىدۇ، ئۇنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغىنى ئۈچۈن ئافراسىياپ شۇيەردە تۇرغان»3 دەپ كۆرسىتىدۇ. دىمەك، پاكىتقا قارىغاندا،چەۋگەن ـ توپتەنھەركىتى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 10 ـ ئەسىردىن ـ 7 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارلىقتا تۇران خاقانى ئالىپ ئەر تۇڭا دەۋرىلىردىمۇ ئوينۇلۇپ

كېلىنگەن.شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئۆيۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي قەۋملەر ئارىسىدا نەۋرۇز ( كۆك بايرىمى -يېڭى يىل، باھار )بايرىمى، ھەر تۈرلۈك بايراملاردا، ھەرتۈرلۈك كۆڭۈل ئېچىش پالىيەتلىردە، شۇنداقلا ھەربىي مەشىق سۆپىتدە ھەربىي لاگىرلاردىكى قوشۇنلار ئارىسىدا،خان ئوردىسىدا ،كەڭ خەلق ئارىسىدىمۇ ئەسىرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن.

بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلادا چەۋگەن توپ ئويناش تارىخى يازما خاتىرلەردە تىلغا ئېلىنغاندىن باشلاپ ھېسابلىساق 3000 ـ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە .ئەمدى تارىخقا يېزىلمىغان دەۋىرلەردەچۇ؟ بۇنىڭدىن قارىغاندا چەۋگەن توپ تەنتەربىيە ھەرىكىتى تارىخى ناھايتى قەدىمكى زامانلاردىن باشلانغان. تەخمىنەن مىلادىدىن 2000 يىل بۇرۇن ( بۇنىڭدىن 4000 يىل ئىلگىرى) ئاسىيا ياپلاقلىرىدا، ئەڭ دەسلەپ چارۋىچىلارنىڭ ئىككى سەپ ئاتلىق قوشۇن بولۇپ، قارمۇ ـ قارشى يۈلۈنۈشتە توپ تالىشىپ ئويىنىشىدىن تەرەققىي قىلىپ بارا ـ بارا ھەربىي قوشۇنلاردا ھەربىي تەنھەرىكەت تۈرى ـ شەكلىنى ئالغان.

ھونلار، كۆكتۈركلەر، ئۇيغۇرلاردا بۇ تەنھەرىكەت تۈرى مىلادىدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا ئوينۇلۇپ كېلىنگەن («بۇ ھەقتە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمقى چەۋگەن توپ تەنھەركىتى» ناملىق ماقالەمدە تەپسىلى توختىلىپ ئۆتكەن،شۇڭا بۇ يەردە تەكرارلاپ ئولتۇرماي، دوستلارنىڭ كوڭۇل ئارامىنى ئويلاپ، تەپسىلاتىنى يازمىدىم ـ ئاپتۇردىن).

1979 ـ يىلى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەۋرىستانلىقىدىن مىلادى 5 ـ ئەسىردىن 7 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ بولغان چەۋگەن توپچىنىڭ لايدىن ياسالغان رەڭلىك ھەيكىلى تاپقان.

بۇ چەۋگەن توپچىنىڭ لايدىن ياسالغان رەڭلىك ھەيكىلىنىڭ ئۇزۇنلىقى 37سانتېمىتىر بولۇپ، بىر دەغنەك ـ چەۋگەن توپچىنىڭ ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ توپ قوغلاۋاتقان، ھەيۋەتلىك قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن. ئۇ بېشىغا دوپپا، ئۈستىگە تامبال ۋە تون، پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەن، يارىشىملىق بۇرۇت قويغان ،ئىككى كۆ زى يەردىكى توپقا تىكىلىپ، ئوڭ قولىدا توپ كالتىكى كۆتۈرۈپ ئاق ئاتقا مىنىپ ناھايىتى چاققان ، تەڭداشسىز قەيسەرلىك بىلەن، ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان ھالىتى كۆرسىتىلگەن. ( ( «شىنجاڭمىللىيەتتەربىيەسى» ) ـ1985 » يىلشىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ،ئۇيغۇرچە نەشرى 67 ـ بەتكەقاراڭ).



مانا بۇلار قاڭقىل خانلىقى ياكى تۆرك خانلىقى دەۋرىدە تۇرپان رايونىدا ئۇيغۇرلار ياكى تۆركلەرنىڭ دەغنەك توپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان دەلىللەردۇر.





چەۋگەن كۈنىمىزدە <<پولو>> دېگەن نام بىلەن تونۇلغان ۋە ئاتلىق ئويناىدىغان بىر تەنتەربىيە تۈرى بولۇپ، بۇ تارىختا ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەشھۇر ئويۇنى ئىدى. چەۋگەن تىبەتچە <<پولۇ>> سۆزى << توپ >> دېگەن مەنىدە كەلسە، تۈركىي تىلدا توپ <<تەپۈك>> دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ئويۇننىڭ بۈگۈنكى ئاتىلىشى، تىبەت تىلىدىكى توپ مەنىسىدە كەلگەن پۇلۇ(pulu) سۆزىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئاتلىق توپ ئويناش «Polo» دېيىلگەن.1 ئۇ<< پولو >> دىگەن ئاتاق ـ نام بىلەن ئېنگىلىزلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن دۇنياغا

تارقالغان.

چەۋگەن توپ تەنتەربىيە ھەرىكىتى ـ غەرىپكە بولسا، تۈرك قاغانلىقى ۋە ئۇيغۇر قاغانلىقى، قاراخانىيلار قاغانلىقى ئارقىلىق ، تۈرك ـ موغۇل،



چاغاتاي خانلىقى، ئىلخانىيلار ، تۆمرىيلەر، بابۇرىيلەر، ياركەند سەئىدىيە خانلىقى قارا قويۇنلۇق ، ئاق قويۇنلۇقلار ، كۆلەمەنلەر، سەلچۇقىيلار ۋە ئوسمانىيلار دەۋرىدە كەڭرى تارقىلىپ ئوينالغان.

ھىندىستاندا بۇ دەغنەك توپ ئۇيۇننى ئويناش بابۇرنىڭ ئوغلى ھۇمايۇن (1530 ـ 1556)دەۋرىدە كەڭ تار قالغان.



بابۇرشاھ ھىندىستاندا قۇرغان يېڭى دۆلىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىن يالغۇز تۇغقانلىرى بىلەن مۇھىم ئادەملىرىنى ئېلىپ بېرىش بىلەنلا چەكلەنگەن ئەمەس. ئۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەنئەنە ۋە تۆرە- قانۇن ۋە تەنتەربىيىسىنىمۇ ئېلىپ بارغان. پاكىستاندا ھېلىھەم ناھايىتى ياخشى كۆرۈلىدىغان <<پولو>> ئويۇنى بابۇرشاھنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئېلىپ بارغان تەنتەربىيە تۈرلىرىدىن بىرى ئىدى .

كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە ئېنگلىزلار ھىندىستاننى ئىشغال قىلغان مەزگىلدە(1764) ھىندىستاندا بابۇر تۈرك دۆلىتى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ۋاقىت بولۇپ ،بۇ ۋاقىتتا 1860 - يىلى ھىندىستاندا بۇ ئويۇننى كۆرۈشكە باشلايدۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئېنگلىزلار تۈركلەردىن چۆگەن ئويۇننى ئۆگىنىۋېلىپ،بۇ ئويۇننى 1871 - يىلى ئۆز دۆلىتى ئەنگلىيەگە ئاپىرىپ تارقىتىدۇ ، 1872 - يىلى ئىنگلىز قوشۇنىدىكى ئەسكەرلەر تەرىپىدىن ئوينالغان. ئېسىلزادىلەر ئارىسىدا تارقالغان بۇ ئويۇن كېيىن ئەنگلىيە ،ئامرىكىلارغا تارقىلىپ ،ئولىمپىك تەنتەربىيە ئويۇنى تۈرى سېپىگە قوشۇلىدۇ. 4



يەنى، 1876 ـ يىلى ئاربىلىق مەشھۇر تەۋەككۇلچى ـ جامىس گوردون بېننېت (James Gordon Bennet)، كېيىن كىشىلەر تەرپىدىن ئامرىكا چەۋگەن توپ پىشۋاسى دەپ ئاتالغان) چەۋگەن توپ تەنھەركىتى مەستانىلىرىنى باشلاپ، نيوركقا قايتىپ، ئامرىكا چەۋگەن توپ جەمىيىتىنى قۇرغان، شۇنىڭ بىلەن قىسقىغىنا 10 يىل ئىچىدە چەۋگەن توپ تەنھەركىتى پۈتۈن ئامرىكىغا كەڭرى تارقالغان تەنتەربىيە ھەركىتى تۈرىنىڭ بىرسى بولۇپ قالغان.




شۇنىڭ بىلەن ئات ئۈستىدە تۇرۇپ، يەردىكى توپنى سۇرۇپ قارشى تەرەپ ،دەرۋازىسىغا كىرگۈزۈش ياۋرۇپادا« konno polo »نامى بىلەن ئاتىلىپ دۇنياغا تونۇلدى.

شەرىققە بولسا ،چەۋگەن توپ تەنتەربىيە ھەرىكىتى ـ كۆك تۈرك قاغانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرى (مىلادى552 ـ 840) دە سۈي، تاڭ خاندانلىقى ( جۇڭگو ) غا تارقالغان، گەنجۇ ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرى (848 ـ 1036)ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى (848 ـ 1369 )دە چەتئەللەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش شەكلىدە شەرىقتە، قىتان،سوڭ، جىن، موڭغۇل ـ يۈەن،مىڭ سۇلالىسىغىمۇ تارقالغان.

جەنۇبىي سوڭ سۇلالىسى دەۋرىدە دەغنەك توپ ئويناشتىن ئىبارەت بۇ تەنتەربىيە ھەرىكىتى ھەربىي قوشۇنلاردا ھەربىي ئىشلار تەنتەربىيە ھەرىكىتى تۈرى قاتارىدا، مەشىق شەكلىدە قانات يايدۇرۇلغان .

بۇھەقتە سوڭ سۇلالىسىدە ئۆتكەن مەشھۇر شائىر ليۇكېجۋاڭ ( 刘克庄）نىڭ «نەي ئاۋازىنى ئاڭلاش» (闻笛)شېئىرىدا چەۋگەن توپ ئويناۋاتقان كۆرۈنۈش تەسۋىرلەنگەن.



يەنە جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىدە ئۆتكەن شائىر چېن يۈەن پۇ(陈元普) يازغان«توپ ئويناش چاقىرىقى ۋە توپ ئويناشنى تىزگىنلەش» (击口号戏陈统制) دېگەن شېئىرىدا، دەل ھەربىي لاگېردا دەغىنەك توپ ئويناش ھەرىكىتى تەسۋىرلەنگەن. 5 چېن يۈەن پۇ 1211-يىلى ئۆتكەن بولۇپ بۇنىڭدىن قارىغاندا ھەربىي گازارمىلاردا دەغىنەك توپ ئويناش ھەرىكىتى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىغىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن.

يۈەن سۇلالىسىدىكى نەزىرىيىچىسى لى سۈن (李存)قەبرە تېشىغا يازغان «ئۆمۈر بايانىنامىسى» دا جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىدىكى ئاق سۆڭەك ۋۇتىيەنچىڭ (吴天成) نى «كىچىكىدىن ئەركىن چوڭ بولغان، ئات مىنىپ چەۋگەن-دەغىنەك توپ ئويناشقا ماھىر» دەپ تەسۋىرلىگەن.6

ۋۇتىيەنچىڭ 1254-يىلى توغۇلغان بولۇپ، 20 نەچچە ياشقا كىرگەندە جەنۇبى سوڭ سۇلالىسى يوقالغان. ئونىڭ كىچىك ۋاقتى دەل جەنۇبى سوڭ سولالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى بولۇپ، بۇنۇڭدىن قارىغاندا، شۇنداق دىيىشكە بولۇدىكى، جەنۇبى سوڭ يوقالغىچە ئات تۇپى ھەرىكىتى ھەربىي لاگىرلاردا مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەمەلدارلار، خەلق ئارىسىغىمۇ كەڭ تارقالغان.

مۇڭغۇللار دەۋردە چەۋگەن توپ تەنھەرىكىتى موڭغۇللار ۋە ئوتتۇرا جۇڭگۇ خەلقلىرى ئارىسىغا تېخىمۇ كەڭ تارقالغان،ھەممە كىشى ھەۋەس قىلىدىغان تەنھەرىكەتكە ئايلانغان.

جەنۇبى سوڭ لىزوڭ جادىڭ 14-يىلى (مىلادى 1221-يىلى) جەنۇبىي سوڭ سۇلالىسى ۋەزىر جياۋگۇڭ (赵 珙) نى خېبېيدىكى مۇڭغۇل قوشۇنى تۇرۇشلۇق جايغا (شىمالغا)سۆھبەتلىششكە ئەۋەتكەن. ئۇ جەنۇپقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەشھۇر ئەسەر ‹ ‹موڭغۇل -تاتار خاتىرسى› › (蒙鞑备录 )نى يازغان، ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى ئەڭ دەسلەپتىكى مۇڭغۇل تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى يۇقىرى قىمەتكە ئىگە ئەسەر بۇلۇپ، ئۇنۇڭدا كۆرسىتىلىشچە : مۇڭغۇلار 24 ئادەم دەسلەپتە دەغنەك-چەۋگەن توپ ئويۇنى ئوينىغان. بۇنىڭغاجاۋگۇڭ كەلمىگەن . توپ ئويناپ بولغاندىن كېيىن ئادەم ئەۋەتىپ جاۋگۇڭنى چاقىرتقان.« بۈگۈن توپ ئويناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەندە سىز نىمە ئۈچۈن كەلمىدىڭىز؟ جاۋگوڭ جاۋابىدا : ئالىيلىرنىڭ يول يۇرۇقى بولمىغانچا كەلمىدۇق دېگەن. پادشاھ يەنە«سىز بىزنىڭ

دۆلىتىمىزگە كەلگەن ئىكەنسىز،بىز بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرى ئەمەسمۇ؟ بىز ئاۋال يىغىلىپ توپ ئوينىساق ،ئوۋغا چىقساق، كەلسىڭىز بولىۋېردۇ. چاقىرتىش ھاجەتسىز .....،دەپ ئېيتقان› › .

بۇ يەردە دېيىلگەن دۆلەت باشى ـ پادشاھ چىڭگىزخان بولماستىن، بەلكى مۇڭغۇل قوشۇنى سەركەردىسى ـمۇقالى(木华黎 Muqali) ئىدى. مۇڭغۇللار زىياپەت بىلەن ئوۋ قىلىشنى تۇرمۇشتىكى ئەڭ چوڭ شەرەپلىك ئىش دەپ بىلەتتى. مۇقالى سەركەردە دەغنەك توپ ئويناش بىلەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرسىدىكى رىقابەتنى ئىلگىرى سۈرگىلى بۇلىدۇ دەپ قارايتى . بۇنۇڭدىن قارىغاندا ,چەۋگەن توپ تەنھەركىتى موڭغۇل خەلقى ئارىسىدا كەڭ كۆلەمدە تارقالغان. يەنە جەنۇبى سوڭ سولالىسى ئەلچىسى جاۋگوڭ دەغنەك توپ ئويناشنى ياخشى بىلىدىغان كىشى بۇلۇپ ئۇ،«ئات ئىشلىتىشنى بىلمىگەن ئادەم ،ئويۇنغىمۇ قىزىقمايدىغان ئادەم؟» دىگەن . ‹ ‹موڭغۇل ـتاتار خاتىرسى› › (《蒙鞑备录》13)ـئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىشلار خاتىرلەنگەن. ئۇنۇڭدىن كېيىن قوبلاي دەۋرىدە ئىشلار قانداق بولغان؟ يۈەن سولالىسنىڭ ئاخىرقى مەزگىلدە يېزىلغان. يەنە يۈەن سولالىسىدىكى خان ئوردىسىدىكى كىشىلەر تەسۋىلەنگەن يەرلىك تەزكىرە 《析津志》) › › شىجىن تەزكىرسى › › )دە كۆرسۈتۈلىشىچە: خان ئوردىسىدا دەغنەك توپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپلا قالماستىن ،چەت جايلارغا بۇلۇنگەن مۇڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى مۇھىم بايرام كۈنلەردە چەۋگەن توپ تەنھەركىتى بەسلىشىش ئويۇنى ئوينايتتى. ئۇلار،5ـئاينىڭ 5ـكۈنى،9ـئاينىڭ 9ـكۈنى شىشخۇامىن (西华门) دىكى ھەرقايسى جايلاردا ،تۈمەن،مىڭ ئائىلە ئولتۇراقلاشقان كوچا ـبازارلاردا، مەھەللىلەردە چەۋگەن توپ تەنھەركىتى مۇسابىقىسى كەڭرى ئەۋج ئالغان. كىشىلەر ئات ,چەۋگەن ـدەغنەك، ئات توپ قاتارلىق كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلاپ، چەۋگەن توپ مەيدانىغا چۈشۈشكە تەييارلانغان، ئەتراپ ئادەملەر بىلەن لىق تولغان.....يەنە، يۈەن سۇلالىسى، لىياۋ، جىن دەۋرلىرىگە ئوخشاش، چوڭ ھېيتلاردا ئادەملەر مەھەللىلەردە بايرىمى بىلەن تاۋۇز چاغىنىدا چەۋگەن توپ مۇسابىقىسى ھەممە جايلاردا ئۆتكۈزۈلگەن. 7

مىڭ سۇلالىسنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە جۇيۇەنجاڭ (朱元璋) نىڭ نەۋرىسى جوشىيەن ۋاڭ(朱　宪　王) توغرۇلۇق<< يۈەن ئوردۇسىدىكى 100 سۆز>> （《元官词百首》）ناملىق خاتىرەنىڭ « يۈەن ئوردىسىدىكى ئەمەلىي ئىشلار» («元官中实事») بۆلىكىدە جوشىيەن ۋاڭ نىڭ ئوردىدا دەغنەك توپ

ئوينىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

لىياۋ،جىن سۇلالىسىدىمۇ ئات توپ مۇسابىقىسى ھەركىتى ئۆتكۈزۈلگەن. «جىن تارىخى» دا يېزىلىشىچە،ئوردا ئەمەلدارلىرى، موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ۋە خەنزۇ ئەمەلدارلارمۇ ئاتلىق چەۋگەن توپ ئويناش مۇسابىقىسى پائالىيىتىگە قىزىقىپ قاتناشقان . 8

يەنە ئوقىيا ئېتىش قاتارلىقلار پائالىيەتلەرمۇ بولغان. يەنە بىر قاتار شېئىر، ئەسەرلەردىمۇ مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىمۇ دەغنەك توپ مۇسابىقە پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلغانلىقى يېزىلغان.

دىمەك، تۈرك قاغانلىقى، ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى، دەۋرىدە ئات توپى ( دەغنەك-چەۋگەن) توپ تەنتەربىيە ھەرىكىتى چەتئەللەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش شەكلىدە تاڭ خاندانلىقىغا تارقالغان. كېيىن گەنجۇ ئۇيغۇر قاغانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىدە داۋاملىق قىتان، سوڭ، جىن ، موڭغۇل-يۈەن، مىڭ سۇلالىسىغىمۇ تارقالغان.

## ئىزاھاتلار:

http://www.zakkum.net/genel_kultur1

2مەھمۇد كاشىغەرى:<<دىۋانى لۇغەتىت تۈرك>> 3-توم،1984 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 502-بەتكە قاراڭ.

3 مەھمۇد كاشىغەرى:<<دىۋانى لۇغەتىت تۈرك>> 1-توم،1981 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى،447-بەتكە قاراڭ.

http://www.superbilgiler.com/polo_nedir4

5 » 渔墅类稿卷八«

《吴君才甫墓铭》 卷二十四《俟庵集》6

(«راھىپ چى خاتىرسى»24 - جىلىد «ۋۇجۈن سەي قەۋرە تېشى»)

7 بېيجىڭ كىتاپ كۆرگەزمە خانىسى« قايتىدىن رەتلەپ، تۈزەپ چىققان شىجۈن تەزكىرسى>> (析津志 佚辑») بېيجىڭ نەشرىياتى نەشر قىلغان.203 - 204،-بەتلەر.

8 «جىن تارىخى»315-جىلىد (سەككىز ئەخلاق تەزكىرسى)

«礼志八» 卷三十五金史

ئاپتۇر ئاقسۇ مائارىپ ئىنىستىتوتى تارىخ ئوقۇتقۇچىسى،دوتسېنت

مەزكۇر ماقالە "ئاقسۇ مائارىپ ئىنىستىتوتى ئىلمىي ژورنىلى" 2012 ـ يىللىق 12 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان.

# نەۋرۇزنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇيغۇرلاردا نەۋرۇز ئەنئەنىلىرى

خوجا نىياز (ئاقسۇ مائارىپ ئىنستىتوتى دوتسېنتى)

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە نەۋرۇز-يېڭى يىل بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دائىر تارىخىي پاكىتلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، نەۋرۇز-يېڭى يىل بايرىمىنىڭ ئەسلىدىن هۇن (ئۇنغۇر)، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مىللىي بايرىمى ئىكەنلىكى، تۈركىي قەۋملەر ئارقىلىق ياۋرۇ-ئاسىياغا تارقالغانلىقى، نەۋرۇز- يېڭى يىلبايرىمىنىڭ ئۇيغۇر-تۈركمەدەنىيىتىدىكى ئەنئەنىلىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇپ، نەۋرۇز-يېڭى يىل بايرىمىنى ئۆتكۈزۈشنىڭ ئەهمىيەتلىك تەرەپلىرى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆز: ئۇيغۇر-تۈركلەر، نەۋرۇز- يېڭى يىل بايرىمى، ئەنئەنە

## 1. نەرۇزنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تارقىلىشى

مىللەتلەرنىى مىللەت قىلىپ تۇتۇپ تۇرغان مەنىۋى ئامىللار، ئادەت-ئەنەنىلىرى، مىراسلىرى ۋە باشقا مەدەنىيەت ئامىللىرىدۇر، بىر مىللەتنى تۇتۇپ تۇرغان، ئۇنى ياشناتقان، داۋاملاشتۇرۇشقا مۇمكىن قىلغان تۈرك مەدەنىيەت ئۆلگۈلىرىدىن بىرسى نەۋرۇز (يېڭى يىل) بايرىمىدۇر. تۈرك خەلقلىرى تارىختىن بۈگۈنكى كۈنىمىزگە قەدەر ئىجتىمائىي ۋە دىنىي هاياتتىكى بەزى ئۇنۇملۇك ۋاقىتۇەقەلەرنى بايرام دەپ قۇتلۇقلاپ كەلگەن.بۇلارنىڭ بىرى-نەۋرۇز (يېڭى يىل) بايرام كۈنىدۇر.

‹‹نەۋرۇز " ئەسلىدە پارسچە سۆز بولۇپ، نەۋ يېڭى، رۇز كۈن يەنى يېڭى كۈن، " " تۇنجى باهار كۈنى " ، " يېڭى يىل كۈنى" دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا نەۋرۇز بايرىمى باشقا تۈركىي خەلقلەرگە ئوخشاش ھەريىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى قۇتلۇقلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا بۇبايرام يېڭى يىل بايرىمى دەپ قۇتلۇقلىنىدۇ. نەۋرۇز مىلادىيە كالىندارى بۇيىنچە كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تەڭلىشىدىغان مارت ئېيىنىڭ 21 ـ كۈنىدىن23 ـ كۈنىگىچەبولىدۇ.

نەۋرۇز ـ يېڭى يىل بايرىمى 2009 ـ يىلى دۇنيا مەدەنىيتى مىراسىغا كىرگۈزۈلگەن بولسا، 2010 ـ يىلىدىن باشلاپ خەلقئارا نەۋرۇز بايرىنى قىلىپ بەلگىلەندى.

نەۋرۇز پائالىيىتى ھەرقايسى دۆلەت ۋە رايۇنلاردا،مىللەتلەردە ھەرخىل ئىسىم ـ ئاتاشلار بىلەن قۇتلۇقلانغان. تۈركىي خەلقلەردە بۇ دىنىي بايرام بولۇشتىن كۆپراق، بىر تەبىئەت بايرىمى، بىر قۇتۇلۇش بايرىمى، باھار بايرىمى بولۇپ داۋاملىشىپ كەلگەن.

ئەڭ قەدىمقى تۈركىي خەلق بايرامى بولغان نەۋرۇز تۈركىي خەلقلەردە ئەڭ دەسلەپ بارلىققا كەلگەن.

نەۋرۇز بىر قانچە مىڭ يىللاردىن بېرى تۈرك قەۋملىرى ئارىسىدا قۇتلۇقلىنىپ كەلگەن. بۇ بايرام مىلادىدىن بۇرۇنقى 8 ـ ئەسىردە ھۇنلار(ئۇنغۇر) تەرەپىدىنمۇ قۇتلۇقلانغان، شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا پۈتۈن تۈرك قەۋملىرى تەرىپىدىن ئەڭ بۈيۈك بايرام دەپ ئالقىشلىنىپ كەلگەن.

(تۈرك بايرامى نەۋرۇز http://www.turksolu.com.tr/78/adiguzel78.htm)

تارىخچىلارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا ،نەۋرۇز نامى بىلەن قۇتلۇقلىنىپ كەلگەن بۇ بايرام،يەنىسەي (ئاناساي)،ئورخۇن ئەتراپلىرىدىن ئالتاي تاغلىرى ئەتراپلىرىدىن ھۇن (ئۇنغۇر) لارنىڭ ياۋرۇپاغا يۈرۈش قىلىشى بىلەن ماجارىستان (ۋېنگىرىيە ـ ھۇنگىرىيە)، بالقانغا، ۋە ياۋرۇ ـ ئاسىياغا تارقالغان. مىلادى 8 ـ ئەسىردىن باشلاپ ھازارلارنىڭ جەنۇبىدىن ئانادولۇغا ۋە مىسسىپوتامىيەگە تارقالغان . مىسىر نەۋرۇزنى يىلباشى دەپ مۇقىملاشتۇرغان .تۈركلەرنىڭ بۇ يېڭى يىل بايرىمى ،ئىرانلىقلارتەرىپىدىن تۈركلەردىن قوبۇل قىلىپ نەۋرۇز دەپ تەرجىمە قىلىپ قوللۇنىلغان.ئىران ئارقىلىق ئەرەپلەرگىمۇ تارقالغان. ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئاbباسلار دەۋرىدە نەۋرۇز بايرىمى دەپ قۇتلۇقلاش داۋام قىلغان ،سالجۇقلاردا ، ئوسمانىي (ئوسمانتۈركلىرى) بۇ ئەنئەنە داۋاملاشتۇرۇلغان .ھەرقايسى جايلاردا نەۋرۇزنى قۇتلۇقلاش پەرىقلىق بولسىمۇ لېكىن ،كۆپلىگەن ئورتاق تەرەپلەرمۇ بولماقتا.ئورتاق تەرەپلەرنىڭ بىرسى نەۋرۇز ئوتىدۇر، قەدىمقى

تۈركلەردە ئوت بەخت دەپقارىلىدۇ .

تۈركى خەلقلەرنىڭ مىللىي بايرىمى بولغان نەۋرۇز ئاتالىرىمىز بولغان هونلاردىن باشلىنىپ ، كۆكتۈرك ،ئۇيغۇر ، تۈركمەن ،قىرغىز، تاتار،ئۆزبەگ ،قازاق قاتارلىق تۈرك قەۋملەرئارىسىدا تارىخ بوْيىنچە يېڭى يىلنىڭ باشلانغىنى بۇلۇپ قۇتلۇقلانغان . بۈگۈنگىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە .

جوڭگۇنىڭ قەدىمقى تارىخى ماتىرىياللىرى بولغان ‹ ‹تارىخىي خاتىرلەر› › ۋە ‹ ‹خەننامە.هونلار تەزكىرسى› › دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ، هونلاردا مىلادىدىن بۇرنقى3 ـئەسىردە مودۇن (مەتە ـ باتۇر) تەڭرىقۇت زامانىسىدىن بېرى تۈركلەردە باھاربايرىمى ئۆتكۈزۈلگەن . هۇنلار 21 ـمارتتا تۈرلۈك يىمەكلەرنى هازىرلاپ ، يايلاقلاردايىغىلىپ ،ئاتا ـئەجداتلىرىنى ئەسلىشىپ، مال ـچارۋىلىرى ،نۆپۇس سانلىرى ئېنىقلاپ،تەبىئەت،زىمىنغا ،تەڭرىگە ئاتاپ مال چارۋىلارنى سۇيۇپ ،داش قازانلارنى ئېسىپ،مۇزىكا سادالىرى ئىچىدە نەغمە ناۋا،تۈرلىك كۆڭۈل ئېچىش، تەنھەركەت پائالىيەتلىرىنىئۆتكۈزگەن. ‹ ‹ نەۋرۇز ئوتى› › يېقىلىپ ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئاتلاپ ئۆتكەن، سۇدىنئاتلاپ ئۆتكەن،چۈنكى تۈرك مەدەنىيىتىدە ‹ ‹ئوت› › ۋە ‹ ‹سۇ› › دامولھۇسۇل ـ بەرىكەت،هاياتلىق، تىرىلىش جەم بۇلىدۇ دەپ قارالغان. ئىسلامىيەتتىنئىلگىرى ‹ ‹يېڭى كۈن› › نىڭ باشلىنىشىغا باغلىنىشلىق ئىشلار هازىرمۇ ئۇچرايدۇ.

1) تۈركلەرنىڭ ئېرگىنىكۈن دىن چىقىش كۈنى 3 ـئاينىڭ 21 ـكۈنى بۇلۇپ ،تۈرك خەلقلەرى بۇ كۈننى ‹ ‹قۇتۇلۇش بايرىمى› › دەپ قۇتلۇقلاپ كەلمەكتە.

2) ئون ئىككى هايۋانلىق قەدىمقى تۈرك تەقۋىمى (كالىندارى)دا كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تەڭلەشكەن كۈنى دەل 3 ـئاينىڭ 21 ـكۈنى بۇلۇپ، ‹ ‹يىلباشى› › دەپ ئېتراپ قىلىنماقتا، بۇ كۈندە يېڭىيىل قۇتلۇقلاش ئېلىپ بېرىلماقتا.

3) قىش مەۋسۇمىنىڭ ئاخىرلىشىپ، باھارنىڭباشلانغانلىغى،تەبىئەتنىڭ جانلانغانلىقى 21 ـ مارتتا بۇلۇپ، تۈركىي خەلقلەرقىشلاقلاردىن يايلاقلارغا كۆچۈشكە باشلايدۇ ،بۇ كۈن ‹ ‹باھار بايرىمى › › بۇلۇپ چوڭ ۋە كەڭ كۆلەمدە قۇتلۇقلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ .

بۇ بايرام قەدىمدىن باشلاپ شەمسىيە (كۈن) كالىندارى بويىچە قىش ئاخىرلىشىپ ، باھارنىڭباشلىنىش كۈنى ( هەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ) يەنى كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكەن باش باھارنىڭ بىرىنچى كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ .

" ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ‹ ‹نەۋرۇز › › بايرىمىنىڭ قاچاندىن باشلانغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر پاكىت بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ بايرامنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامدىن بۇرۇنلا تەبرىكلەپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان مەنبەلەر خېلى كۆپ." ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ‹ ‹نەۋرۇز › › بايرىمىنىڭ قاچاندىن باشلانغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق.

" ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ‹ ‹نەۋرۇز › › بايرىمىنىڭ قاچاندىن باشلانغانلىقى ھەققىدە ئىشەنچلىك ماتېرىياللارغا ئىگە ئەمەسمىز . لېكىن'نەۋرۇز' بايرىمى ھەققىدىكى كۆپلىگەن گۈزەل ئەپسانە - رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، 'نەۋرۇز' بايرىمىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇنقى كۆك تەڭرىگە چوقۇنغان دەۋرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك " ( <ئۇيغۇرئۆرپ - ئادەتلىرى > ناملىق كىتابتىن ) بولۇپ، بەزى تەتقىقاتچىلار تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ " نەۋرۇزنىڭ كېلىپ چىققىنىغا 4000 يىلدىن ئاشقان " (ئابدىشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ " نەۋرۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى توغرىسىدا " ناملىق ماقالىسى ) دېگەننى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ .

" نەۋرۇز - - - نوقۇل تەبىئەت بايرىمىلا ئەمەس ، ئۇ خېلى ئۇزاق بىر زامان قۇياشقا ، ئوتقا ۋە يورۇقلۇققا بولغان دىنىي ئېتىقاد تۈسىنىمۇ ئېلىپ كەلدى . بۇ زارا ئاسىرىزمدىن ئىلگىرى قۇياشقا چوقۇنۇش ، تەبىئەت ئىلاھچىلىقى شەكلىدە ۋە زارائاستىرىزمدىن كېيىنكى ئاخرۇمازداغا سېغىنىش ، دىنىي ئىلاھىيەتچىلىك شەكلىدە ئىككى باسقۇچنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى " (ئابدىشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن " نەۋرۇزبايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى توغرىسىدا " ماقالىسى ) . نەۋرۇزنىڭ قايسى كۈنى باشلىنىدىغانلىقى ھەققىدە كۆپلىگەن ئاسترونۇملار ، جۈملىدىن ئەبۇر رەيھانبىرونى ، ئۆمەر ھەييام .... قاتارلىقلار "قوزى" (ھەمەل) بۇرجىدا باشلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . " ھەتتا زارا ئاسترىزىمنىڭ مۇقەددەس كىتابى ‹ ‹ ئاۋېتسا › › دىمۇ نەۋرۇزنى قوزى بۇرجى بىلەن باشلىنىدۇ " دەپ يېزىلغان. زارا ئاسترىزىمنىڭ مۇقەددەس كىتابى ‹ ‹ ئاۋېتسا › › مىلادىدىن بۇرۇنقى10 -ئەسىردە يېزىلغان.

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن كۆك تەڭرىگە تېۋىنغان ئۇيغۇرلار ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا ئىسىم قويۇپ ‹ ‹ئاق قۇزا› ،ئاتلىق يۇلتۇزغا ئىنسانلارغا قۇت - بەخت بەرگۈچى ئىلاھ دەپ تېۋىنغان ۋە ‹ ‹ئاق قوزا› › ئاينىنىڭ تۇنجى كۈنىنى يېڭى كۈن (نەۋرۇز ) دەپ قۇتلۇقلاشقان،بۇ(ھازىرقى مىلادىيەكالىندارى بويىنچە 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدۇر).

ھازىرغا قەدەر تۈركىي خەلقلەردە بۇخىل ئادەت -ئەنئەنە ،قائىدە ئوتتا ئاسىيادىن بالقانغا ھەتتاكى ئامرىكىدىكى قىزىل دەرلىلەرئارىسىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتمەكتە.ھەر يىلى يەنە 3 -ئاينىڭ21 - كۈنىدىن 23 -كۈنگىچە بۇ كۈن قۇتلۇقلىنىدۇ.بۇ كۈنىدە ‹ ‹كۆجۈ› › دېگەن ئالاھىدە تاماق

تەييارلىنىدۇ.مازارلىق زىياپىتى ئېلىپ بېرىلىدۇ ،زىياپەتتە ،ھالۋا ،پولو ۋە تۈرلى تاماق تارتىلىدۇ،ناغرا ،سۇرنايچېلىنىپ، تۈرلى تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرى،ئەل نەغمە ئويۇنلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

بۈگۈنگە قەدەر ،تۈرك قەۋملىرى ئارىسىدا،خىرىستىيان بولغان چۇۋاشلار، بۇددىس بولغان تۇۋالار ۋە مۇسۇلمان بولغان قىرغىز ،ئازەربەيجانلارمۇ بۇ بايرامنى قۇتلۇقلايدۇ . ئەگەر ئۇ شىئە-ئالەۋى بايرىمى بولسا ئىدى،خىرىستىيان دىنىغا ئېتقات قىلىدىغان تۈرك قەۋملىرى قۇتلۇقلىماس ئىدى، بۇددىس تۈركلەرنىڭ بۇ بايرامنى بىللە قۇتلۇقلىغىنى بۇ بايرامنىڭ دىنىي سەۋەپتىن بولمىغانلىقىنى ئۇچۇقلاشتۇرىدۇ.

تۈرك دۇنياسىدا ئىسلامدىن ئىلگىرى 12 ھايۋان نامىدىكى مۆچەل تەقۋىمنى قوللىناتتى، تۈركلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ،بۇ دىن ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن ،ھىجرىيە تەقۋىمنى(كالىندارىنى) قوللىنىشقا باشلىغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، نەۋرۇز-يېڭى يىل بايرىمى، بەزى ئېتنىك گۇرۇپپىلار تەرىپىدىن سىياسى ئۆلچەم، سىناق قىلىپ قوللۇنىشنى ئىستىمەكتە . بۇنىڭ ئۈچۈن نەۋرۇزنىڭ كېلىپ چىقىشىنى كۆپلىگەن گۇزەل ئەپسانە -رىۋايەتلەرگە ، مەسىلىلەرگە باغلاشتۇرۇپ تەتقىق قىلىنماقتا .

نەۋرۇز -يېڭى يىل(باھار) بايرىمنى قۇتلۇقلاش ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردا ، نەۋرۇز -يېڭى يىل بايرىمىنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئىشلار بىلەن باغلىنىشلىق بولغانلىقى كۆرۈلمەكتە ، مەسىلەن:

- نەۋرۇز- يېڭى يىل بايرىمى- - - تۈركلەرنىڭ ئەرگەنەكۇن دىن چىققان كۈنىدۇر.
- نەۋرۇز- يېڭى يىل بايرىمى—ھەزرىتى ئەلىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدۇر .
- نەۋرۇز- يېڭى يىل بايرىمى—ئاتەشپەرەسلەردىن قالغان بىر بايرامدۇر .
- نەۋرۇز-يېڭى يىل بايرىمى— تەڭرىنىڭ دۇنيانى ياراتقان كۈنىدۇر( كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭتەڭلەشكەن ۋاقتىدا ).
- نەۋرۇز-يېڭى يىل بايرىمى—ئىنسان نەۋرۇز كۈنى(كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تەڭلەشكەن ۋاقتىدا )يارىتىلغان.
- نەۋرۇز-يېڭى يىل بايرىمى— قۇتلۇق خەلقنىڭ بايرام كۈنىدۇر .
- نەۋرۇز-يېڭى يىل بايرىمى— تۈركلەردە باھار بايرىمى كۈنىدۇر.
- نەۋرۇز- يېڭى يىل بايرىمى— ئىران ۋەئافغانىستان تەقۋىمگە كۆرە

رەسمىي يىل باشىدۇر .
- نەۋرۇز- يېڭى يىل بايرىمى— تۈركلەردە تۆمۈر تاۋلاش بايرام كۈنىدۇر .
- نەۋرۇز-يېڭى يىل بايرىمى—نۇھ پەيغەمبەر ،نۇھ تۇفان بالاسىدىن كېيىن يەنە نەۋرۇز كۈنى يەرگە قەدەم باسقان .
- نەۋرۇز-يېڭى يىل بايرىمى— ئەركىنلىكنى ،مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش بايرام كۈنىدۇر.
- نەۋرۇز-يېڭى يىل بايرىمى— باھارنىڭ باشلانغان كۈنىدۇر .
-نەۋرۇز- يېڭى يىل بايرىمى— پەيغەمبەرمۇھەممەدنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان كۈنىدۇر.
-نەۋرۇز-يېڭى يىل بايرىمى— ھەزرىتى ئەلى بىلەن پاتىمەنىڭ توي قىلغان كۈنىدۇر .
-نەۋرۇز-يېڭى يىل بايرىمى— ياھۇت ھەزرەتنىڭ نۆھنىڭ كېمىسىنى زىيارەت قىلغان كۈنىدۇر.
بۇنىڭدىن شۇنى چۈشۈنۈۋېلىشقا بولىدىكى ، نەۋرۇز- يېڭى يىل بايرىمى— تۈرك قەۋملىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن، قۇتلۇقلاپ كەلگەن،مىللىي تىرىلىش ، دۆلەتقۇرغان كۈنىدۇر .
(www .IGDirli.com تۈركلەردە يېڭى يىل:)
ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ بۇخىل ئەنئەنە داۋاملاشقان. 11 -ئەسىردە ئۇيغۇر قارا خانىيلار قاغانلىقى (مىلادى 850 - 1212)دائۆتكەن ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرى : « «دىۋانى لوغەتىت تۈرك» » ناملىق ئەسىرىدە : « « يېڭى كۈندىن كېيىنكى تۇنجى باھار ئاينى ئوغلاق ئاي دەيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايئۇلۇغ ئوغلاق ئاي دىيىلىدۇ.چۈنكى بۇئايدا ئوغلاقلار چوڭىيىدۇ .ئىنسانلار ۋەجانلىقلار نەۋرۇز بىلەن جانلىنىدۇ .نەۋرۇز-جاھان بەخت-سائادىتىنىڭ ئانىسى،بەرىكەت ۋە خوشاللىقنىڭ مەنبەسىدۇر . بۇ سەۋەپتىن كىشلەر بىر بىرىگە كۆڭۈللىرىنى ئىپادىلەپ سېخىلارچە خوشاللىقنى نامايەن قىلىدۇ » » .(مەھمۇد كاشغەرى : « «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ،ئۇيغۇرچە،1-توم 452-بەت)
ئۇيغۇرلارداقاچاندىن بىرى « «نەۋرۇز » » سۆزىنىڭ « «دىۋانى لوغەتىت تۈرك» » تە خاتىرلەنگەن « «يېڭى كۈن » » سۆزىنىڭ ئورنىغا قوللىنىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس.قەدىمكى ئەنئەنىلەردىن قارىغاندا ، بۇبايرامنىڭ ۋاختى ئىككى ھەپتە

يەنــى ئونبەشــكۈن قىلىــپ بەلگىلەنــگەن. هــازىر 7كۈنــدىن 3كــۈنگىچە قىلىــپ خاتىرلىنىدۇ.

يۈسۈپ خاس هاجىپ " قۇتادغۇ بىلىك"داستانىدا نەرۇزنىڭ باشلىنىش كـۈنى ھەققىدە :

قۇياش ياندى بولغاي يەنە ئورنىغا ،
بېلىق قۇيرىغىدىن قوزى بۇرنىغا .

دېگەن بېيىت ئارقىلىق يىل ئاخىرلىشىپ ، يەنــى 12 ـ مۆچەل (بېلىـق) ئۆتـۈپ ، 1 ـ مۆچەل(قوزى بۇرنى) نىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ، زېمىستان قىش ئۆتۈپ كېتىپ ، ئىللىـق باھارپەسـلىنىڭ ئـۆز جىلۋىسـىنى كۆرسـەتكەنلىكىنى (نورۇزنىـڭ يېتىـپ كەلگەنلىكىنى ) بايان قىلغان. "نەۋرۇز" زېمىستان قىش تۈگەپ ، پۈتۈن تەبىئەت ئويغانغان ، قار ـ مۇز ۋەتوگلار ئېرىپ ، ئەگىزلەر ۋە ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىشقا باشلىغان، دەل ـ دەرەخ ، گۈل ـ گىياھلارغا سـۇ يۈگـۈرۈپ ، كۆكىرىپ چېچەكلەشكە يۈز تۇتقان ،دېھقانلار ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا كىرىشىدىغان گۈزەل باھار پەسلىنىڭ يېتىپكەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ . بـۇ ھـال " قۇتـادغۇ بىلىك " داستانىدا ،ناھايىتى روشەن ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن.

2. ئۇيغــۇرلاردا نەۋرۇز ئەنئەنســى پائــالىيىتى تۆۋەندىكــدەك ئېلىــپ بېرىلىدۇ.

نەۋرۇز بايرىمى توققۇزرەسمىيەت بۇيىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

1)كونـا يىلنــى ئۇزۇتـۇپ ،يېڭــى يىلنــى قۇتلـۇقلاش.بۇنىڭئۈچـۈن نەۋرۇز ناغرىسى، نـاغرا سـۇنايلار چېلىنىـپ، يـۇرۇپ-يۇرۇتلارغا نەۋرۇزبايرىمنىـڭ يېڭــى باھارنىــڭ يىتىــپ كەلگەنلىكــى جاكارلىنىــدۇ. نەۋرۇزنىــڭ باشــلانغانلىقى ئــېلان قىلىنىــدۇ. ئۆيمــۇ ـئۆيئــارىلاپ ‹ ‹نەۋرۇز ئەشــرەپ، نەۋرۇز بەگ ،نەۋرۇز ســالام، نەۋرۇز كەل› › قاتارلىقئويۇنلار كۆرستىلىدۇ.

2) نەۋرۇز-يېڭى يىل تازىلقى قىلىش. نەۋرۇز ناغرسى ئاڭلىغان جامائەت كونا يىلنى ئۇزۇتۇت، يېڭى يىلنى، يېڭى باھارنى كۈتىۋلىش يۈزسىدىن بارلىق بۇلـۇڭ-پۇشـقاقلار ئـالا قويمـاي تازىلىنىـدۇ، يەرلەرگە سۈپسۈزۈك باھارسـۇلىرى ئـۆيلەردىكى ئىدىشلار باھار سۈيىگە لىق تۇلدۇرۇلىدۇ.

3) سوغوق قوغلاش. بۇ ئاساسەن بايرامنىڭبىرىنچى كۈنى كەچتە ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەت بولۇپ، ياشلار سوغوقنى ھەجۋىي قىلىپ،ئوت يېقىپ ،قاپاق كۆيدۈرۈپ، جۇتنى قوغلاپ،باھارنى كۈتىۋالىدۇ،كېچىچە ئوخلىماييۈرۈت-يۈرۈت مەھەللەردە قوشاق قېتىپ،سوغوقنى قوغلاش پائالىيتى ئېلىپ بارىدۇ .،يولبۇيىدا سوغوق تاماق يېيىلىدۇ.

4) ‹ ‹نەۋرۇزغا چىقىش› › ‹ ‹نەۋرۇزئېشى يېيىش ۋە ‹ ‹نەۋرۇز دۇئاسى › › قىلىش. ھەر مەھەللىنىڭ مەركىزىدە چوڭقازانلار ئېسىلىپ ‹ ‹كۆجە› › تاماق پىشۇرىلىدۇ . ھەممە كىشى بۇتاماقتىن ئېغىزلىنىدۇ، ئىبادەتكە قاتنىشىدۇ، ئاندىنقول سىقىشىپ كۆرۈشۈپۆپ بىربىرى بىلەن مۇبارەك بولسۇن دېيىشىپ قىزغىن ئالقىشلىشىدۇ.بۇ بىرلىكتە يەپ ئىچمەك، دۇئا قىلماق، بولۇپ بىرلىك، باراۋەرلىكنى ئىپادىلەيدۇ. ئۆتۈپ كەتكەن يىلدىكى ئىشلاردىن ئۈستىدىن يەكۈن چىقىرىلىپ، يېڭى يىل ئىشلىرى پىلانى تۈزۈلىدۇ ،نەۋرۇز پائالىيىتىدە قىلىنىدىغان ئىشلار ئېلان قىلىنىپ ،تۇرلۇك تەييارلىقلارنى ھازىرلاش ئۇختۇرىلىدۇ. نەۋرۇز ئېشى يېيىش. بۇ ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ھەر كىشى قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ، مەھەللىدىكى بۇ پائالىيەتكە ئاتاپ،ئۇن،ياغ،شەكەر ،قۇرۇق يېمىش،نان ۋە باشقا خىلمۇ-خىل يېمەكلىكلەرنى كەلتۈرىدۇ. جامائەت بىر يەرگە جەم بولۇپ، تاپقان-تەرگىنىنى بۇيىچە،چوڭ داشقازاندا يەتتە خىل دان ياكى توققۇز خىل يېمەكلىكتىن نەۋرۇز ئېشى تەييارلىنىدۇ،بۇپائالىيەتكە قاتناشقان چوڭ-كىچىك قىرى ياش ھەممىسى ئېغىز تېگىشىدۇ. ‹ ‹نەۋرۇز دۇئاسى › › كىشىلەر پاكىز،يارىشىملىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ ،مازار-تۇپراق بېشىنى يوقلاپ ،ئۆلۈپكەتكەنلەرنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ ،دۇئا قىلىشىدۇ.بۇ ‹ ‹نەۋرۇز دۇئاسى › › دېيىلىدۇ.

5) كىشىلەر بىر بىرىنى يوقلىشىدۇ، ياردەمگە مۇھتاجلارغا ياردەم قىلىشىدۇ، كېسەللەرنى، ئاجىز، مېيىپلارنى يوقلايدۇ. يامان ئىش-ھەرىكەتتە بولغانلارغا نەسىھەت قىلىدۇ. ئارا ئازلىشىپ قالغانلار، قۇلۇم قوشنىلار ياراشتۇرىلىدۇ. ئۆيلىنىشىپىشىغا توشقانلارغا ھەر خىل تەشەببۇسلار قىلىنىدۇ.

6)نەۋرۇزسەيلىسى-بۇ پائالىيەت ساپ ھاۋالىق چىچەك بىلەن پۈركەنگەن باغدا سۇنىنىڭ بويلىرىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ، ھەر يەردە ئاتسەيلىسى، بەزمە سەيلىسى، تاغ سەيلىسى، يۇرت سەيلىسى، كۆك سەيلىسىگە ئوخشاش تۈرلىكسەيلە پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرىلىدۇ. بۇ جايدا ھۈنەر-كاسىپلار، مەدداھلار، ناخشىچىلار، ئۇسسۇلچىلار، ئەلىنەغمىچىلەر، يازغۇچى، شائىرلار نەزمە ئوقۇشۇپ ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ

ھەمـدە جامائەت ئـۆز پەرزەنتلىرىنـى ھەر خىـل ئۇسـتازلارغا شـاگىرتلىققا بېرشـىدۇ. ھىكايە، داستان ئېيتىش، جەڭ قىسسەلىرىنى، مەشھۇر زاتلارنى تۇنۇشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەددالار داستان ۋە قىسسەلەرنى ئېيتىشىدۇ. ئەل نەغمىچىـلەر ‹‹نىـۋرۇز نامە›› ئۇقۇشىدۇ.مەسىلەن:

كەلدى نەۋرۇز ـ يىل باشى، كەتتى كۆڭۈلنىڭچىرىكىنى،
نەۋرۇز دىبانكەلۇرلەر خاتۇنلارنىڭ تۈركىنى،
گۈللەر قىسىۇرقىز ئوغۇل، ئەگرى قويار بۆكىنى،
مەجلىس قىلىپئويناشۇر، ئاچار كۆڭۈل مۈلكىنى،
قايغۇ مېھنەتلەر كېتىپ، يايرىشار كۈندۇربۈگۈن .

7)نەۋرۇز يارشـى ـ بـۇ پائـالىيەت مۇسـابىقە تۈرنىئالغـان بۇلـۇپ، تۈرلـۈك شەكىلدىكىخەلق تەنتەربىيە پائالىيىتى، ئەل نەغمە، نەۋرۇز مۇقام مەشرەپلىرى، ساما ئۇيىنلىرى،مەددالىق،سـەرۋازلىق ،دارۋازلىـق، ئـاتلىق تەنتەربىـيە پائـالىيىتى ، ئوغلاقتارتىش،چېلىشـىش، ئـات چـاپتۇرۇش، چەۋگەن تـوپ تەنھەيكىتـى ،بۇقـا سوقاشـتۇرۇش (خەتـىرى كـۆپ بولغاچقـا ئېلىپبېرىلمايـدىغان بولـدى) ،تۇخـا سۇقاشـتۇرۇش، تۈرلـۈك قىـزىقچىلىقلار ،چـاقپىلەك ،گۈلەڭگەئۇيـۇنلىرى قاتـارلىقلار ئۆتكۈزۈلىدۇ، كەچتە ئوغلاق ئالغان كىشى يۇرۇت ئىچىدەمەشرەپ ئۇيۇشتۇرىدۇ..

8)نەۋرۇزمەشرىپى ـ بۇ مەشرەپكە يىگىت بېشى(يۇرۇت ئاقساقلى يـاكى ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەربولغان كىشلەرنىڭ ئىتىراپ قىلىشىغا ئىرىشكەن كىشى) سايلىنىدۇ, پاششاپ،مىرشاپلارسايلىنىپ مەشرەپ تەرتىپنى قۇغدايدۇ،ئۇتتۇز ئوغۇل،توققۇز قىز مەشرەپكە باشبۇلۇپ،پۇتا ئويناش بېيـت ئېيتـتىش،ھەر خىـل جـازا تـۈرلىرى(يەنـى كىشلەرنى ئەدەپ ـ ئەخلاقئۇنىدەيدىغان) بىرلىپ مەشرەپ ئەۋجىگە كۆتىرلىدۇ.

9)نەۋرۇزلۇق تىلەك. بايرامنىڭ 3 ـ كۈننى يۇرۇتىكى ھەر بىر ئائىلە تاپىقنى بۇيىچە قازان ئېسىپ بۇ يىـل تىـنچ ـ ئامـانلىق بۇلۇشـى،زىرائەتلەرنىڭبالا ـ ئـاپەتتىن ساق ـ سالامەت ئۇتۇشـى،قىلغان ئىشـلىرىغا بەرىـكەت، جـان ـ جانىۋارلارغا كۆپىتـۈلە ئېلىشـنى مەقسـەت قىلـىپ، نەزىـر بىرىدۇ،يولـدىن ئـۆتىكەن ـ كەچكەنـلەر ھەم بارلىقيۇرۇت ئەھلى ھەر ـ بىر كىشنىڭ تاماققا ئېغىـز تىگىپ،دۇئـا بىرىدۇ،ئاخىرىـدا جامائەت،يېقىنئۇرۇق ـ تۇققانلار، دوستلار ئـۆز ـ ئـارا بىـر ـ بىـرگە ئامـان ـ ئىسـەنلىك ياخشى تىلەك تىلشىپ بايرام ئاخىرلشىدۇ.

قسقىسى نەۋرۇز-يېڭى يىل بايرىمى ، پائالىيەتئارقىلىق قىش زىمىستانىنى قوغلاش، ئاسايىشلىق يېڭى باھارنى كۈتىۋېلىش ، يېڭى يىلنىڭيېڭىچە خوشاللىق ئەكىلىشىنى تىلەش، يېشىللىققا پۈركەنگەن تەبىئەتنى كۈيلەش ،كىشىلەرنى ئىلىم مەرىپەتكە ئۈندەش، ئىتتىپاقلىق ۋە ئىناقلىقنى تەشەببۇس قىلىش ،ساخاۋەتلىك ۋە دىيانەتلىك بولۇش قاتارلىق ئىلغار ئىجتىمائىي مەزمۇنلار ئەلىسئەتتۇرىلىدۇ. شۇڭا ئۇ، تەبىئەت بايرىمى، مولھۇسۇل بايرىمى، ئەمگەك بايرىمى،ئىناقلىق-ئۇيۇشۇش بايرىمى، ھۈنەر كەسىپ بايرىمى، تەنتەربىيە بايرىمى،شاتلىقبايرىمى ،كۆرەك قىلىش بايرىمى، ئەدەبىيات -سەنئەت بايرىمى ،مىللىي-خاسلىقنىكۆرسىتىش بايرامى، قىسقىسى ئەلنىڭ تۈرلۈك ھۈنەر-كەسىپ،تېخنىكىلىرىنى نامايىش قىلىدىغان، ئۆگۈتىدىغان، ھەرتەرەپلىمە ئىقتىدارىيېتىلدۈرىدىغان ،ئېچىۋېتىلگەن ،خەلق مەكتىۋىدۇر.

ئىزاھاتلار:

1) ئېرگېنېكۈن دىن چىقىش كۈنى- تۈركلەرنىڭ ئېرگېنېكۈن دىن قوزغۇلۇپ چىققان كۈنى باھارنىڭ كەلگەن كۈنى بولۇپ، بۇ كۈننى قۇتلۇلۇش كۈنى دەپ ، ھەريىلى يىلباشىدا چوڭ كۆلەمدىكى قۇتلۇقلاش،خاتىرلەش پائالىيىتى ئېلىپ بارىدۇ. ئۇيغۇر ئېلىدىن بالقانغا قەدەر پۈتۈن تۈرك قەۋملىرى ۋە قەبىلىلىرى تەرىپىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 8-ئەسىردىن بۈگۈنگە قەدەر ھەر يىلى 3-ئاينىڭ 21- كۈنى قۇتلۇقلاش ئېلىپ بارىدۇ .

ئەپسانىلەرگەكۆرە، تۈركلەرنىڭ پۈتۈن قەۋملىرىبىرلىشىپ ، تۈركلەردىن ئۈچ ئالماقچى بولغان تەرەپكە ئاتلانغان ۋە 10كۈن ئۇرۇش قىلغان،ئۇرۇشتا تۈركلەرنى يېڭىشقا كۆزى يەتمىگەنقارشى تەرەپ ، ھىلە ئىشلىتىپ تۈركلەرنى يەڭگەن. تۈركلەرنىڭ پۈتۈن چاتىرلىرىنى،ماللىرىنى ئېغىر زىيانغائۇچراتقاندىن كېيىن ،تۈركلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىچلاپ ئۆلتۈرگەن. كىچىكلىرىنى قۇلقىلىپ ئېلىپ كەتكەن. كۆك تۈرك خانى ئېلخاننىڭ كىچىك ئوغلى قىيىن بىلەن يېقىنتوكۇز خوتۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە ئاسارەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قېچىشتىن باشقا يولى قالمىغاچقا ، قېچىپ بىر يەرگە كېلىپ قالغان . ئۇلاربۇيەرگە ئەرگەنەكون دەپ ئاتىغان. بۇيەربەك مۇنبەت بولغاچقا ئۇلار بۇيەردە 400يىلتۇرغان. ئۇلار كۆپىيىپ ،بۇيەرگە سىغمىغان، كىشىلەر ئەرگەنەكوندىن چىقىشكېرەكلىكىنى دېيىشىپ ،

ئـۇلار  بـۇ تـاغنىتۇمۇر بىـلەن تىشـىپ  ،تاشـقىرغا چىققـان.دۈشـمەنلىرىنى يېڭـىپ ،ئۆچىنى ئالغان. بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ  باشلىقى (ھۆكۆمرانى)بـۆرتەچىنە=  بوزقـۇرت ئىدى،بۇ كۈن يېڭى يىلنىڭ  باشلانغان كۈنى بولۇپ، كۆك تۈركلەردە  بايرام دەپ قۇتلۇقلاشقا باشلىغان. (http://blog. Millet. Com. tr/ )

2) 12ھـايۋانلىق تۈركتەقۋىمىــدە ـ بىــر كــۈن 12 بۆلـۈمگە ئايرىلغــان  ،ھەر بۆلىمىگە ۋاقىت ـ چاغ ئاتىبېرىلگەن.بىر چاغ ئىككى سائەت، بىر كـۈن 24 سـائەتكە ئايرىلغـان، يىـل باشـى كـېچە بىـلەن كۈنـدۈز تەڭلەشـكەن 3 ـ ئاينىـڭ 21 ـ كـۈنى بولۇپ، نەۋرۇز كۈنى بولۇپ  قۇتلۇقلىنىـدۇ. بـۇ يېڭـى يىـل باشـلانغان كـۈن دەپ ئاتىلىدۇ.

# شىنجاڭنىڭ ئىپتىدائى جەمئىيەت تارىخى قاچان باشلانغان؟

خوجا نىياز

شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا ، ئىچكى ، تاشقى مۇڭغۇلىيە ، بايقال كۆلى ، غەربى - جەنۇبى سىبىرىيە ۋادىلىرى، شەنشىنىڭ شىمالى ، نىڭشىيا ، گەنسۇ رايونلىرى سىلشتۇرما تارىخ تەتقىقاتى، ئارخولوگىيىلىك كۆرسەتمىلەردە، يۇقىرى دەرىجىدىكى ئەڭ يىرىك مەدەنىيەت مەنبەلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرماقتا .

1. ئۇمۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا شىنجاڭنىڭ ئىپتىدائىي جەمىيەت تارىخى شىنجاڭنىڭ يىراق قەدىمكى زامان جەمىيەت تارىخى بولۇپ ، ئۇ بۈنىڭدىن 50 مىڭ يىللار ئىلگىرى باشلىنىپ مىلادىدىن بۇرۇنقى5 ئەسىرگىچە داۋاملاشقان.

بۇ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى بىلەن ئوخشاش، ئىچكى مۇڭغۇلدىكى كونا تاش قورال مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىلى بولغان خېتاۋ ئادىمى (بۈنىڭدىن 50 مىڭ يىللار ئىلگىرى ياشىغان) بولۇپ، بۇنىڭغا ئائىت قەدىمكى مەدەنىيەت مۇڭغۇلىيەنىڭ جەنۇبى ، شەنشىنىڭ شىمالى، نىڭشىيا، گەنسۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار كۆپ قىتىم بايقالدى . شىنجاڭدا تېپىلغان كونا تاش قورال دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەتمۇ ئىچكى مۇڭغۇلىيىدىكى كونا تاش قورال مەدنىيتى بىلەن چوڭ جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ ، بۇ شىنجاڭدا بۈنىڭدىن 50 مىڭ يىلار ئىلگىرى ئىپتىدائى ئىنسانلار ياشىغانلىقىنى كۆرسۈتۈپ بېرىدۇ(1)

شىنجاڭنىڭ ئىپتىدائىي جەمىيتى ئىككى دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بىرىنچىسى ؛ بۇ بۈنىڭدىن 50 يىللار ئىلگىرى باشلىنىپ ، بۈنىڭدىن 10 يىللار ئىلگىرى ئاخىرلاشقان . بۇ دەۋر شىنجاڭنىڭ كونا تاش قورال دەۋرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . شىنجاڭدا كونا تاش قورال دەۋرىگە ئائىت بولغان ئىزلار تۆۋەندىكىچە :

(1) 1979 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئاغۇ كەنتى ئەتراپى دىكى بۇغاز دەرياسىنىڭ شەرقى قىرغىقىدىكى ئۈچ پەلەمپەيلىك ئىگىزلىكتىن تاشقا ئايلانغان ئادەم بىشى تېپىلغان . ئارخولگلار ئۇنىڭ تاشقا ئايلىنىش دەرىجىسى ، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئالامەتلەر ۋە يەر قاتلىمى قاتارلىق جەھەتلەردە تەھلىل يۈرگۈزۈپ ئۇنى ئۇنىڭدىن 10 مىڭ يىللاردىن 30 مىڭ يىللار بۇرۇنقى 18 ياشلىق ئەرنىڭ باش سۆڭىكى دەپ قارىغان .

(2) تاشقورغان تاجىك ئاپتونۇم ناھىيىسى تېزناپ ناھىيىسىنىڭ جىرغال كەنتىدىكى تاغنىڭ چۇڭقۇر قاتلاملىردىن ( يارنىڭ چۇڭقۇر قاتلاملىرىدىن) قەدىمكى ئىنسانلار ئوت ياققان ، كۆيدۈرگەن نەرسىلەرنىڭ كۈلى ، كۆيۈك توپا ، چالا كۆيگەن ياغاچ ، سۆڭەكلەر تېپىلغان .ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى توپا قاتلاملىرىنى قايتا ئاختۇرغاندا يەنە ھايۋان سۆڭەكلىرىنىڭ پارچىلىرى ، يەنە قەدىمكى ئىنسانلار ياسىغان بىسلىق ، ئۇچلۇق ، تاش ئەسۋابلار ،تاش ياپىراقلار تېپىلغان . تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇنىڭ كۋارتس تاشلاردىن ياسالغان كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان . (2)

(3) 1987 ـ 1990 ـ يىللىرى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ، شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە ئامېرىكا ئارىزونا ئونىۋېرستىتىنىڭ قۇرغاق رايون تەبىئى بايلىقلىرىنى ئېچىش ، پايدىلىنىش گۇرۇپپىسى بىرلىكتە تاشقورال دەۋر ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان چوقۇش سايمانلىرى ۋە تاش ياپراقلارنى يىغۋالغان . ئۇنىڭدىن سىرت ، شىنجاڭ ئارخولوگىيە تەتقىقات ئورنى كىرىيە ناھىيىسىنىڭ مەركىزىگە 77 كىلو مېتىر كېلىدىغان جايىدىكى كېرىيە دەرياسىنىڭ باش كەڭسۇلاق دېگەن قىرغىقىدىن سىپتا تاش قورال قالدۇقلىرىنى بايقىغان ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇرۇش، چوقۇش قورالرى 2000. 2500 كۋادىرات مېتر ئەتراپىدا چېچىلىپ ياتقان. ئارخولوگلار بۇنى بۇنىڭدىن10 مىڭ يىللار بۇرۇنقى ئوتتۇرا تاش قۇرال دەۋرىنىڭ ئىزى دەپ قارىغان .(3)

ئۇنىڭدىن باشقا كونا تاش قۇرال دەۋرىگە ئائىت بولغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قۇمۇلدىكى يەتتە قۇدۇق ،ئۇرۇمچىدىكى سەيپۇ ، ئۇلانباي ، تۇرپاندىكى ئاستانە ، يارغۇل ، پىچاندىكى چىقتىم ، لوپنۇر ، كىرىيە ، نىرىيە ، مۇرى ، توققۇزاق ، چەرچەن ، خوتەن ، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان .

ئىككىنچى ؛ ئۇرۇقداشلىق دەۋرى : بۇنىڭدىن10 مىڭ يىللار ئىلگىرى باشلىنىپ مىلاددىن بۇرۇنقى5 ـ ئەسىردە ئاخىرلاشقان .

بۇ دەۋر شىنجاڭنىڭ ئىنچىكە تاش قورال ، يېڭى تاش قورال ، مىس قورال دەۋرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ دەۋردە قەدىمقى ئىنسانلار ئىلگىرى كېيىن بۇلۇپ شىنجاڭدا پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان . مىلادىدىن ئىلگىرىكى 21 ـ ئەسىردىن باشلاپ ساك قاتارلىق ھەر خىل تىل گۇرۇپپىسدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر شىنجاڭدا پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان .

2. ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى دەۋردە شىنجاڭنىڭ ئىشلەچىقىرىش كۈچلىرى

تەرەققىياتىنىڭ باسقۇچلىرى

(1)ئىنىچكە تاش قۇرال دەۋرى . بۇ بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىللار ئىلگىرى باشلىنىپ ، 7000 يىللار ئىلگىرى ئاخىرلاشقان . شىنجاڭدا بايقالغان كۆپ مىقداردىكى ئىنىچكە تاش قۇرال مەدەنىيەت ئەمىلىيىتى شۇنى كۆرستدۇكى ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كونا تاش قورال دەۋرگە تەۋە، يەنە بەزىلىرى يىڭى تاش قۇرال دەۋرگە تەۋە ، بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىللار ئىلگىرى كىيىن شىنجاڭدىكى ئىپتىدائىي ئىنسانلار كۆپ مىقداردىكى ئىنچكە تاش قۇراللارنى ئىشلىتىشكەن ئۆتكەن. شىنجاڭدىن تېپىلغان ئىنچكە بىلىق، تاش قورال دەۋرگە ئائىت مەدەنىيەت خارابىلىرىدىن ئاساسەن ؛ قۇمۇلدىكى يەتتە قۇدۇق، تارانچى، تۇرپاندىكى ئاستانە ، يارغۇل، سىڭىر، ئۇرۇمچى ناھىيسىدىكى سەيپۇ، تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالى ئېتىدىكى مورى، گۇچىڭ، جىمىسار، ئارا تۇرۇك، بارىكۆل، ئىلى ۋادىسى ، تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ئېتىدىكى قارا شەھەر، باغراش كۆلىنىڭ ئەتراپىلىرى ، كۇچا ، ئاقسۇ ، كەلپىن ، مارالبىشى ، چەرچەن، نىيە، كىرىيە ، گۇما ، خوتەن قاتارلىق بوستانلىق جايلارغا ، ئالتاي ، قارا قۇرۇم تاغلىرى ، لوپنۇر ۋادىلىرى قاتارلىق جايلارغا تارقالغان .

تېپىلغان بۇيۇملار ؛ ئىنىچكە ئۇزۇن پىچاق شەكىلك تاش ياپراقلار ، تاش باشاق ، تاش نەيزە ، ساقا ، يونۇش ، قىرىش ، قۇراللىرى تاش چوت قاتارلىقلار بار . ئۇلار ئاسيانىڭ شمالى قىسمى بايقالدىن بالقاشقىچە ،شەرقى قىسمى شىمالى قىسمى ۋە غەربى قىسمىدىكى كىشلەرنىڭ سىلىق تاش قوراللىرى ئوخشاش بىر سېستىمىغا كىرىدۇ . قۇمۇلدىكى يەتتە قۇدۇق خارابىسىدىن تېپىلغان تاش قۇراللار ئىچىدە ئۇرۇپ - سۇقۇپ ياسالغان تاش قۇراللار ، تاش پالتا بىلەن قىرلىق تاش ، ساقا قاتارلىقلار بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل ئىلگىرىكى ئىنىچكە تاش قۇرال مەدەنىيىتىنىڭ تىپىك ئۈلگىسىدۇر . بۇ خىل تاش ساقا شەرقى شىمال ، ئىچكى مۇڭغۇل قاتارلىق جايلاردىنمۇ تېپىلغان .

قۇمۇلنىڭ تارانچى خارابىسىدىن تېپلغان چوڭ تىپتىكى كۋارتس تاشلاردىن ياسالغان يۇنۇس ، سوقۇش تاش قۇراللىرى ، ئىچكى مۇڭغۇلىيىدىكى لىنشىدىمۇ تېپلغان . لوپنۇر ئەتىراپى بىلەن تۇرپاندىكى سىڭىردىن بىر خىل يۇپۇرماق شەكىلىك ئۇچلۇق تاش قۇرال تېپىلغان ، بۇ خىل تاش قۇرال ئىچكى مۇڭغۇلىيەدىكى چىفىڭ دىنمۇ تېپلغان . دىمەك ؛ شىنجاڭ ، گەنسۇ ، چىڭخەي ، ئىچكى ، تاشقى ، مۇڭغۇلىيە ، نىڭشىيا ، شەرقى شىمال قاتارلىق يايلاقلاردىكى تېپلغان ئىنىچكە تاش قۇرال بىر خىل تىپقا كىردۇ .

(2) يىڭى تاش قۇرال دەۋرى ؛ بۇنىڭدىن7000 مىڭ يىللار ئىلگىرى باشلىنىپ ، مىلاددىن بۇرۇنقى 21 - ئەسىردە ئاخىرلاشقان. 7000 مىڭ يىل ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ

لوپنۇرنىڭ غەربى كىروورەن ( چاقىلىق ) رايۇنىدىكى ئىپتىدائى كىشىلەر ، تاش پىچاق ، تاش پالتا ، تاش ئوقيا ، تاش ئورغاق ، تاش يارغۇنچاق ، قاتارلىق ئەسۋاپلارنى ياساپ ، ئىپتىدائى دېھقانچىلىق ، ئوۋچىلىق ، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان . يەنە قاشتېشىدىن قاش تېشى پالتا ، قاش تېشى بۇيۇملىرىنى ياسىغان ، ئات ، ئېشەك ، ئىت ، قوي ، تۆگە ، كالا ، قاتارلىقلارنى باققان . ئۇنىڭدىن باشقا خوتەن سامپۇللار زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان بۇيۇملار بۇ تۆرگە كىردۇ .

سۈركەپ ياسالغان چوڭ تاش قوراللارنى ئاساسى بەلگە قىلغان يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت ئىزلىرى ، ئاساسەن قەشقەر كونا شەھەر ناھيىسىدىكى ئاقدالا ، ئۆكگۈلەك ، قۇرۇقدالا ، دۆۋىلەك ، ئاقسۇدىكى قارا يۇلغۇن قاتارلىق جايلاردا بولغان ، تاش قۇراللاردىن تاش پالتا ، تاش سوقماق ، تاش يارغۇنچاق ، يىپ ئېگىرىدىغان تاش چاق ، تاش ساقا ، تاش پىچاق ، تاش ئورغاق قاتارلىقلار بار ، تاش ئورغاق ئەگمەچ بۇلۇپ ئىچكى تەرەپىگە بىسىپ چىقىرىلغان ، بۇ ئەنىياگىدىكى يىن خارابىسىدىن تېپىلغان ئورغاققا ئوخشايدۇ ، تاش قوراللار بىلەن بىرگە كۆپىلىگەن ساقال قاچىلار ، كومزەك ، ھىجىر ، ساپال كاساك ، ئىدىش ، جام ، چۆگۈن قاتارلىقلار چىققان . يەنە ئاز ساندا قۇم ئارىلاش ساپالنى ئاساس قىلغان ، سىغىزدىن ياسالغان كۈلرەڭ ساپاللارمۇ بۇلۇپ ، ھەممىسى قولدا ياسىلىپ سۇس ئوتتا پىشۇرۇلغان ، سىزىقلىرىمۇ ئاز ، بۇ كىشلەرنىڭ دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغانلىقىنى كۆرستىدۇ .

(3) مىس قورال دەۋرى ، بۇ مىلاددىن بۇرۇنقى 21 ـ ئەسىردىن باشلىنىپ ، مىلاددىن بۇرۇنقى 15 ـ ئەسىردە ئاخىرلاشقان ، بۇنىڭ ئىچىدە مىلادىدىن بۇرۇنقى 14 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى مىس تاش قۇراللارنى بىرگە ئىشلىتىش دەۋرى بولغان، مىلاددىن بۇرۇنقى 14 ـ ئەسىردىن كىينكىسى مىس قۇراللار دەۋرى بولغان.

3. شىنجاڭنىڭ ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى تەرەققىياتى باسچۇچلىرى

ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى بولسا ، كونا تاش قۇرال دەۋرىنىڭ ئاخىرى ، يېڭى تاش قۇرال دەۋرىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرى ۋە قەدىمقى ئادەم تەرەققيات باسقۇچىنىڭ يېڭى ئادەم تەرەققيات باسقۇچىغا كىرگەن دەۋرىگە توغرا كىلىدۇ . يەنى تەخمىنەن بۇنىڭدىن100 مىڭ يىلدىن 10 مىڭ يىلىغىچە بولغان ناھايىتى ئۇزاق مۇساپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل ئىلگىرى باشلىنىپ مىلاددىن بۇرۇنقى 14 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . يىڭى تاش قۇرال مەدەنىيتىنىڭ ئىجتىمائى ئاساسى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائەسىدىن ئىبارەت . ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائەسىدىن

ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىگە ئائىت ھەر خىل يىگى ئادەم ئىزلىرى . رايۇنىمىز شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىنمۇ كۆپلەپ تېپىلدى . بۇلۇپمۇ بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىلىدىن 30 مىڭ يىللار ئىلگىرى ياشىغان « ئاتۇش ئادىمى » 18 ياشلىق ئەر كىشىنىڭ تاشقا ئايلانغان سۆڭىكىنىڭ تېپىلىشى بۇنىڭدىن 50 مىڭ يىل ئىلگىرى ياشىغان ئىچكى مۇڭغۇل « خېتاۋ ئادىمى » سچۇەن « زىياڭ ئادىمى » بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل ئىلگىرى ياشىغان بېيجىڭ جوكودىيەن « تاغ چوقا ئۈڭكۈر ئادىمى » بىلەن زامانداش بولۇپ ، ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە شىنجاڭدا ياشىغان ئىنسانلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .
ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە ئانىلار ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلەيدۇ . شىنجاڭدىن قېزىۋېلىنغان تاش قۇراللار ، ساپال قۇراللارنىڭ بەزىلىرى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ كونا تاش قۇرال دەۋرىگە ئائىت بولسا ، بەزىلىرى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى تەرەققى قىلىپ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن يېڭى تاش قۇرال دەسلەپكى چاغلىرىغا مەنسۇپ . بۇ قۇراللار ئىچىدە تاش قۇراللاردىن باشقا يەنە ئەينەك ، سۆڭەك يىڭنە ، مىس پىچاق ، مىس بىگىز ، مىس يىڭنە ، مىس ھالقا ، تور نوسخىلىك ، رومبا شەكىللىك ، شوتا شەكىللىك بولۇپ نۇسخىلىك رەڭلىك ساپال بۇيۇملار . ئالتاي ، تەگرى ، كوئىنلۇن ( قارا قۇم ) تاغلىرىدىن تېپىلغان ھەر خىل مەزمۇنىدىكى شىپا تاش رەسىملىرى ( ئوۋ ئوۋلاش ، ئوقيا ئېتىش ، ئات ، كالا ، قوي قاتارلىقلارنى سېتىش ، يەر ھەيدەش ، ئۇسۇل ، جىنسىي تىۋۇنىش ، كۆن ئايلارغا مەدھىيە ئوقۇش، ئۇۋۇچىلىق، تەلپەك كىيىش ،ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىپ بەلنى باغلاش ) ھەم ئۇرۇق بەلگىلىرى ، ئوقيا قاتارلىقلارنىڭ تېپىلىشى ، ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە شىنجاڭ رايۇنىدىكى ئىنسانلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ سۇ ۋە ئوت قوغلۇشۇپ ، كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىگى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ، بەزىلىرىنىڭ دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىپ چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە ، نىسپى ئولتۇراق تۇرمۇش تەرەققىيات باسقۇچىغا ئۆتكەنلىكى يەنە بەزىلىرىنىڭ بولسا ئۈچ خىل ئىش تەخسماتى بۇيىچە مەھسۇلات ئالماشتۇرۇش بارلىققا كىلىپ ھەر قايسى جايلار بىلەن جۇملىدىن ئىچكىرىكى جايلار بىلەنمۇ مۇناسىۋەت قىلغانلىقىنى كۆرستىپ بىرىدۇ .

4. شىنجاڭ ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى

جۇڭگۇ ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى يىگى تاش قۇرال دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى باسقۇچى دەۋرىگە ( بۇنىڭدىن 5 ـ 10 مىڭ يىللار بۇرۇنقى دەۋىر ) توغىرا كىلىدۇ . بۇنىڭغا ئائىت بولغان ئىزلار : بۇنىڭدىن 5 ـ 7 مىڭ يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە تەئەللۇق بولغان خېنەن ياڭشاۋ مەدەنىيىتى سەنئىتى ئۆلكىسى پەنچۇ يېزىسىدىن تېپىلغان

بۇنىڭدىن3 ـ 4 يىل بۇرۇنقى دەۋرىگە تەئەللۇق بولغان گەنسۇ چىجىيا مەدەنىيىتى ماجاياۋ مەدەنىيىتى شۇنداقلا جۇڭگونىڭ شەرقى شىمالىدىن غەربى شىمالغا سوزۇلغان ، سىلىق تاش قۇرال دەۋرىگە ئائىت « يايلاق مەدەنىيىتى » كىرىدۇ .

ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگەللىگەن ، ئۇرۇق جامائەلىرى ۋە قانداشلىق بۇغۇنلىرى ئەمدى ئانىلارنى ئەمەس ئاتىلارنى ئاساس قىلىدىغان بولغان. بۇ دەۋر دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ مۇرەككەپ تۈرلىرىدىن بولغان تۆمۈرچىلىك، مىسكەرچىلىك، كان مەدەنىيەتلەرنى قېزىپ ئېرتىش ، خۇمدانچىلىق ، ياغاچىلىق ، تامچىلىق قاتارلىق ئېغىر ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى ئاساسەن ئەرلەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن . يىقىنقى 10 نەچچە يىلدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن بۇنىڭغا ئائىت مەدەنىيەت بۇيۇملىرى كۆپلەپ تېپىلدى .

جەنۇپتا خوتەن، ئەڭ غەربتە بولسا قەشقەر ۋە تاشقورغانئەتراپلىرى بۇ تىپقا ياتىدۇ. 1983 ـ يىلى 1984 ـ يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادىمىيىسى ئارخېئولوگىيە ئىنستىتوتى ئۈرۈمچى شەھىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇلانباي ، سۇ ئامبىرى مەيدانىدىكى قەدىمقى قەۋىستانلىقتا ساقلىنىۋاتقان 50 تىن ئارتۇق قەۋرىنى ئىلگىرى ئاخىرى بولۇپ قېزىپ تەكشۈردى ، بۇ قەبرىلەرنىڭ بەزىلىرىدە بىر ئەر بىلەن بىر ئايال بىللە كۆمۈلگەن . لىكىن ئۇلارنىڭ دەپنە قىلىش شەكلىدە يەنە بەزى پەرىقلەر بار ئىدى . مەسىلەن : « ئەر جەمەت ھامان ئوڭدا ياتقۇزۇلۇپ پۇت قوللىرى تۈز سوزۇلۇپ قويۇلغان ئايال جەمەت ھامان ئەر جەمەئىتىگە تارتىلىپ يېنىچە ياتقۇزۇپ قويۇلغان ياكى ئايال جەمەتىنىڭ مەلۇم بىر قىسمى ئەر جەمەئىتىگە باستۇرۇلۇپ قويۇلغان » مانا بۇ ئاتىلىق ھوقۇقىنىڭ ئۈستۈنلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى بۇلىدۇرىدۇ ، بۇ قەدىمقى قەبرىستانلىقتىن مىس ئەينەك ، مىس بەكە ، مىس بىگىز ، مىستىن ياسالغان ئۇششاق ئىگەر جابدۇقلىرى ، ئالتۇن ھالقا ، تاش ھاۋاپىخا ، تاش ئۇرچۇق ، ساپال قازان ، بىر قۇلاقلىق ۋە ئىككى قۇلاقلىق ساپال خۇمىرا ، ساپال ئېۋرىق ، ساپال جاۋۇر قاتارلىق ھەر خىل مېتال جابدۇق ، ساپال قاچا ۋە تاش قۇراللار قېزىۋېلىندى ، بەزى قەبرىلەردىن يەنە ئات ، قويلارنىڭ باش سۆڭەكلىرى ۋە بەزىلىرىدىن پۈتۈن ئات ئىسكىلىتى تېپىلدى . بۇ پاكىتلار بىلەن يازما تارىخى خاتىرلەردىكى قەدىمقى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالنى سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلغىنىمىزدا بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرى ئۈرۈمچى ئەتراپىدا « قاڭقىل »لار دەپ ئاتالغان <<ئۇيغۇر>>لارنىڭ ياشىغانلىقىنى كۆرستىپ بېرىدۇ .

5. بۇنىڭدىن3 ـ4 مىڭ يىللار بۇرۇنقى قەدىمقى شىنجاڭ ئاھاللارنىڭ تۇرمۇش

مەدەنىيىتى

شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتورا ئاسىيا ، ئىچكى ، تاشقى ، مۇڭغۇلىيە ، بايقال كۆلى ، غەربى -جەنۇبى سىبىرىيە ۋادىلىرى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، سېلىشتۇرما تارىخ تەتقىقاتى ، ئارخولوگىيىلىك كۆرسەتمىلەر ئەڭ يىرىك مەدەنىيەت مەنبەلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرماقتا .

بۇنىڭدىن 4 مىڭ يىل بۇرۇن ياشىغان شىنجاڭ ئاھالىرى ، بۇلۇپمۇ لوپنۇر كۆنچى دەرياسى ساھىلىرىدا ياشىغۇچىلار قۇڭۇر چاچلىق قاڭشارلىق كىشىلەر بولۇپ بېشىغا كىگىز قالپاق( ئاياللار قۇش پەيلىرىنى قادىغان ) پۇتلىرىغا كۆنىدىن تىكىلگەن ئۆتۈك ئۇچىسىغا يۇڭ توقۇلما چەكمەن كىيەتتى ، بېلىگە بەلباغ باغلايتى ، پۇتۇن بېغىشلىرىغا ، بەللىرىگە سۆڭەك ياكى تاشلاردىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقايتى ، ئىقلىم قۇرغاق بولسىمۇ، لېكىن ھەر قايسى جايلاردا ئېقىن سۇلار ، دەريا ـ كۆللەر بار بولغاچقا بەزى كىشلەر دەريا ـ كۆللەردە كىمىلەردە سانچىغۇچ بىلەن بېلىق تۇتاتتى ، يەنە بەزلەر تاغ ـ دالا ، يايلاقلاردا بۇغا ـ ئارقار قاتارلىق ھايۋانلار ۋە ئۇچار ـ قۇشلارنى ئوۋلايتى ، ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن كۆنىدىن ئۆتۈك ، ئاشلانغان تېرىدىن ئىشتان تىكىپ كىيەتتى ( مەسىلەن :قۇمۇل قارا دۆۋە ۋە كۆنچى ئودەكلىك قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ، بۇنىڭدىن4 مىڭ يىل بۇرۇنقى دەۋرىگە مەنسۇپ قەدىمكى تېپىلمىلار) گۆشلىرىنى يۇلغۇن شاخلىرىغا ئۆتكۈزۈپ كاۋاپ ( ئۆكىلمە ئوت ) قىلىپ يەيتى ( چەرچەن زاغۇنلۇق ، بۇنىڭدىن 3 مىڭ يىل بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ ) يۇڭلىرىنى پالاز ( گىلەم ) توقۇيتى . كىگىز قۇۋاتتى ( بۇ كىگىز ئاسىيا بويىچە بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى كىگىز ئەۋرىشكىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ) ھەر خىل رەڭلىك گۈل نۇسخىلىرى چىقىرىلغان يۇڭ توقۇلمىلارنى توقۇيتى .

بۇنىڭدىن3 مىڭ يىل بۇرۇن شىنجاڭدا شەكلى ھەر خىل ، تۈرلۈك رەڭلىك ساپال قاچ ـ ئەسۋاپلار بارلىققا كەلگەن . كىشلەر مەدەنچىلىك تېخنىكىسىنى بىلگەن بولۇپ مىس پىچاق ئەسۋاپلارنى ياسايتى ، قاش تېشىدىن تۈرلۈك بۇيۇملارنى ياسايتى جۇڭگو ، بابىل ماللىرىغا ئالماش تۇراتتى . مەسىلەن ، شاڭ سۇلالىسى خانى ۋۇدى نىڭ خۇتۇنىنىڭ قەۋرىسىدىن شىنجاڭنىڭ 756 دانە قاشتېشى بۇيىمى تېپىلغان .

قەدىمكى شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشمۇ خېلى تەرەققى تاپقان بولۇپ ، لوپنۇردىكى كۆنچى دەرياسى ئۆدەكلىك قەۋرىستانلىقىدىن بۇنىڭدىن 3800 ـ 6470 يىللىق تارىخقا ئىگە ئەڭ قەدىمكى بۇغداي ئەۋرىشكىسى چىققان .

قۇمۇلدىكى قارا دۆۋە قەبرىستانلىقىدىن بۇنىڭدىن3 مىڭ يىل بۇرۇنقى دەۋرگە

مەنسۇپ بىر دانە تىرىق قاتىلىمىسى ( نان ) بايقالغان .

بۇغداي ، ئارپا ، تىرىق ، ( سۆك ) ، قۇنـاق ، پۇرچـاقىلارنى يۇمشـۇتۇش ئۇچـۇن شىنجاڭ تەۋەسدە ، يىگى تاش قۇرال دەۋرىدە يارغۇنچاق ، دان ئايىرىش يانچىش قۇراللىرى ( تۈگمەن ) ئىشلىتىلگەن.

زىرائەتىلەردىن ، بىدە ، دادۇر ، كۆكپۇرچاق ( نۇقۇت ) زىغىر ، كۇنجۇت ، زاراڭزا ، زەپەر ، كىۋز ، ( خوتەن نىيە ۋە قۇمۇل قەۋرستانلىقدىن تېپىلغان ) كۆكتاتلاردىن پىياز ، سامساق ، يۇمغاقسۇت ، تەرخەمەك ، سەۋزە ، پالەك ، تۇرۇپ ، لوبۇ ، پەمىدۇر ، كەرەپشە ، قاپاق كاۋا ، يەل يىمىشلەردىن ، ئۈزۈم ، شاپتۇل ، نەشپۈت ، ياڭاق ، ئانار ، بادام ، ئالما ، قوغۇن ، تاۋۇز ، شۇنداقلا ئاغىچە يۇغۇچ قاتارلىقلارنىمۇ ئۆستۇرگەن .

دىمەك ،باشقا جايلارغا سېلىشتۇرغاندا، يىمەك - ئىچمەك كىيىم -كېچەك ، ماددى مەھسۇلاتلىرى،تېخنىكىلىرى جەھەتتە خېلىلا يۇقۇرى سەۋىيە باسقۇچىدا ئىدى .

ئىزاھاتلار :

1. فاڭ يىڭجي: << شىنجاڭ بوزيەر ئۆزلەش تارىخى>>(بىڭتۇەن مائارىپ ئىنىستىتوتى دەرىسلىكى) 1992 ـ يىلى،شىنقاڭ ياش ـئۆسمۈرلەرنەشرىياتى خەنچە نەشرى)

2. « ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى » دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتىتى تۈزگەن ، 1987 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 3 ـ بەت.

3. لى يىنىپىڭ : « بۇددا ئېلى خوتەن » 1981 ـ يىلى شىنىجاڭ خەلق نەشرىياتى 28 ـ،29 ـ، 32 ـ بەتلەر )

پايدىلانغان ماتىريالار:

1. فاڭ يىڭجي: << شىنجاڭ بوزيەر ئۆزلەش تارىخى>>(بىڭتۇەن مائارىپ ئىنىستىتوتى دەرىسلىكى) 1992 ـ يىلى،شىنقاڭ ياش ـئۆسمۈرلەرنەشرىياتى خەنچە نەشرى)

2. «شىنجاڭ يەرلىك تارىخى » 1992 ـ يىلى شىنجاڭ ئونۋېرسىتىتى نەشرىياتى.

3. « ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى » دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتىتى تۈزگەن ، 1987 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

4. لى يىنىپىڭ : « بۇددا ئېلى خوتەن » 1981 ـ يىلى شىنىجاڭ خەلق نەشرىياتى.

5. ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق : «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»

6. چىئەن بوچۈەن: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» .

# «ئۈچ» يەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى

خوجا نىياز يوللۇغ تېكىن

(ئاقسۇ مائارىپ ئىنستىتوتى دوتسېنتى)

ئۈچتۇرپان تارىختا ئۇنسۇ(بەزى ماتېرىياللاردا شەھرىبەر ـ بەر)، ئۈچ ۋە ئۈچتۇرپان دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ كېلىنگەن . ئىلگىرىكى ئەسەرلىرىمدە بۇ ھەقتە مەخسۇس توختالغانلىقىم ،ئىلمىي ژورناللاردا ۋە تور بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن بۇيەردە توختالمايمەن (ئاقسۇ ئەدەبىياتى» 2003 ـ يىللىق 4 ـ ساندا «ئۇنسۇ ـ ئۈچ، ئۈچتۇرپان ۋە قۇم ـ ئاقسۇ يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى» ، «ئۈچ دېگەن يەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»ئىلمىي ژورنىلى 2004 ـ يىللىق 4 ـ سانغا قاراڭ. «ئۈچتۇرپان دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ ياشلىرى» ،1998 ـ يىللىق 2 ـ سانغا قاراڭ) .

« ئۈچ » يەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى دېگەن بۇ ئىلمىي تەتقىقات ماقالام كېيىن 2005يىلى قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن «مەھمۇد كاشغەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000يىللىقىنى تەبرىكلەش مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ‹ ‹مەھمۇد كاشغەرى ۋە «ئۈچ » نامى» دېگەن نامدا ئوقۇلغان.

«ئۈچ» ـ قەدىمكى يۇرتلارنىڭ بىرى. بۇ توغرىدا «تاڭنامە .جۇغراپىيە تەزكىرسى» دە، تىلشۇناس، ئالىم، مەھمۇدكاشغەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»دا ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ « قۇتاتقۇ بىلىك» داستانىدا مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخىي رەشىدى» ، مەھمۇد جورراسنىڭ«تارىخى رەشىدى ـ زەيلى» ، موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ھەمىدى» ۋە باشقا تارىخى ئەسەر، ساياھەتچى خاتىرلىرىدە كۆپلىگەن مەلۇ ماتلار قالدۇرۇلغان.

ھازىرقى ئۈچتۇرپان، ئاقچى ناھىيىسى ۋە ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسى (ئۇنسۇ)نىڭ غەربىي شىمالىدىكى جايلار) ئارال،تۇمشۇق ،چاغراق ئەتراپىدىكى جايلار 1958 ـ يىلى6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگە قەدەر) «ئۈچ» دەپ ئاتىلاتتى . بۇجايلارنىڭ قەدىمدە «ئۈچ»دەپ ئاتالغانلىقى توغرىسىدا ، 11 ـ ئەسىردە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇر

خەلقىنىڭ مەشھۇر ئالىمى ، جاھان تۈركۈشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە توۋەندىكى مەلۇماتلارنى ئۇچراتىمىز :

«ئۇچ ـ Uch ـ مەشھۇر بىر شەھەرنىڭ نامى »(1 ـ توم ، 49 ـ بەتكە قاراڭ )،

«توشقان دەرياسى ـ ئۇچ شەھەرىگە ئاقىدىغان بىر دەريانىڭ نامى »(1 ـ توم666 ـ بەتكە ،قاراڭ )،

«چاغلا ـ ئۇچ شەھەرىنىڭ چېتىدىكى يايلاقنىڭ ئېتى»( 1 ـ توم،561 ـ بەتكە قاراڭ)،

«بەدەلئارت ـ ئۇچ بىلەن بارسغان ئوتتۇرىسىدىكى بىر داۋان »(1 ـ توم 510 ـ بەتكە قاراڭ ) ،

« باي ـ باي يىغاچ ، ئۇچ بىلەن كۇچا ئارىسىدىكى ئۇچقا يېقىن بىر جاينىڭ ئېتى »(3 ـ توم ،216 ـ بەتكە قاراڭ )، «ئايكۆل ـ ئۇچقا يېقىن بىر جاينىڭ ئېتى » (3 ـ توم ، 186 ـ بەتكە قاراڭ ).

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادقۇ بىلىك» داستانىنىڭ 1594 ـ غەزىلىدە :«نە دەيدۇ ئۇچ ئوردۇ بېگى ئاڭلىغىل، بىلىپ سۆزلىمىش سۆز، ئىشلىتىپ ئەقىل »دەپ يېزىلغان بولسا ،3815 ـ غەزىلىدە :« نىمە دەر ئىشىتكىن ئۇچ ئوردۇ خانى ، ئۇنىڭ ئەلگە دۇرۇس مەشھۇر سۆزىنى »1○ دەپ بايان قىلىنغان . بۇنىڭدىن قارىغاندا ، ھازىرقى ئۇچتۇرپان 10 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى «ئۇچ» ، «ئۇچ ئوردۇ» دەپ ئاتالغان ، ھەتتا «ئۇچ ئوردۇ»دا «ئۇچ ئوردۇ بېگى» ، «ئۇچ ئوردۇ خانى» تۇرغان . مەھمۇد كاشغەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىنىڭ تارىخى قىممىتى شۇ يەردىكى، ئۇچتۇرپان بۇندىن 1400 ـ يىل ئىلگىرىلا يەنى كۆك تۈرك خانلىقى دەۋرى (مىلادىيە 552 ـ 745 ـ يىللار ) ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى (مىلادىيە 605 ـ846 ـ يىللىرا)دا «ئۇچ»دەپ ئاتالغان. بولمىسا مەھمۇد كاشغەرى دەۋرىدە ئۇنى «ئۇچ»مەشھۇر بىر شەھەرنىڭ نامى دەپ ئاتىمىغان بولار ئىدى .دەلىل شۇكى ، تاڭ قوشۇنلىرى مىلادىيە 630 ـ يىلى شەرقى تۈرۈك خانلىقىنى يۇقاتقاندىن كېيىن ، ئارقىدىنلا غەربىي تۈرۈك خانلىقىنى يوقۇتۇشقا كىرىشىپ ،648 ـ يىلىغا كەلگەندە غەربىي تۈرۈك خانلىقىنىڭ يۇلتۇز ۋادىسىدىكى ئوردىسىنى گۇمران قىلدى ، كۇچا تاڭ قوشۇنلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى . «ئارقىدىنلا تاڭ قوشۇنلىرى ئۇچ تەۋەسىگە يېتىپ كېلىپ، ئونسۇ ئايىمىقى ( ) نى تەسىس قىلدى . ئۇنسۇ ئايىمقى تۈرۈشلۈق ئورۇن چوڭ تاشبالىق دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇ (ئۇچ) ئىدى »2○. بۇ مەلۇماتقا قارىغاندا ، ئۇچتۇرپان مىلادىيە 600 ـ يىللىرى ئەتراپىدا «ئۇچ»دەپ ئاتالغان . شۇنىڭدىن باشلاپ مەھمۇد كاشغەرى ،يۈسۈپ خاس ھاجىپلار دەۋرى (مىلادىيە 1000 ـ يىللا ) گىچە بولغان ئارلىقتا تەرەققى قىلىپ

«ئۈچ» مەشھۇر بىر شەھەرگە ئايلانغان . «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا «ئۈچ ئوردۇ بېگى » ، «ئۈچ ئوردۇ خانى » دېگەن سۆزنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىغا قارغاندا ، قارخانىيلار خانلىقى دەۋرى (مىلادىيە 850 ـ يىلىدىن 1212 ـ يىلغىچە )دە ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇيغۇر بەگلىرى ، ئۇيغۇر خانلىرە تۇرىدىغان ياكى مەركىزى خانلىقتا ۋاكالىتەن كىچىك خانلىردىن بىرى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغان شەھەر بولغان. .

ھازىرقى ئاقچى ناھىيىسىدىكى بىر يېزىلىق ھۆكۇمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىمۇ «ئۈچ»دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ«ئۈچ» ھازىرقى ئاقچى ناھىيە تەۋەسىدە بولسمۇ ، لېكىن ئۇ قەدىمكى چاغلاردا « ئۈچ ئوردۇ خانلىقى تەۋەسىدىكى زېمىن ئىدى (ھازىر بۇ جايدا قەدىمكى شەھەر ۋە تۇر خارابە ئىزى بار). ئىلگىرى ئاقچى ئۈچتۇرپان ناھىسىگە تەۋە جاي بۇلۇپ ،1944 ـ يىلى ئايرىم ناھىيە بۇلۇپ قۇرۇلغان .ئەمما تۇرلۇك سەۋەپلەرگە كۆرە 1950 ـيىلدىن كېيىنمۇ ئاقچى ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى.

«توشقان دەرياسى » ـ ـ ھازىرمۇ ئۈچتۇرپانىڭ ئوتتۇرسىدىن ئېقىپ (شەھەر يېنى بىلەن) ئۆتۈپ ئاقسۇ دەرياسىغا قۇيۇلدۇ . لېكىن قارخانىيلار دەۋرىدىكى شەھەر ئورنى ھازىرقىدەك تۇشقان دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا بولماستىن ، بەلكى ئۇنىڭ شىمالىدا ئىدى.

«چاغلا» ـ ھازىر«چاغراق » دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار ھازىر ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسى(1998 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئونسۇ دەپ ئۆگەرتىۋېتىلدى) گە تەۋە بولسىمۇ 1958 ـ يىلى6 ـئاينىڭ 10 ـكۈنىگە قەدەر ئارال، چاغراق، تۇمشۇق، ئەتراپىدىكى جايلار ئۈچقا تەۋە زىمىن ئىدى.ئاقسۇدىن ئۈچقا ماڭغان كىشىلەرئارال، چاغراق، تۇمشۇق،يوللىرى ئارقىلىق مەھەللە ئارىلاپ مېڭىپ ئۈچقا يېتىپ باراتتى. ئۈچ شەھەرى ئەينى ۋاقىتتا ھازىرقى ئۈچتۇرپان ناھىيىسى يېڭىئاۋات يېزىسىدىن 30 كىلومېتىر غەرىپتىكى غوگرات مەھەللىسىدىكى توشقان دەرياسى بۇيىغا جايلاشقان بۇلۇپ،ئورنى ھازىرقى ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە ئۇدۇل كېلەتتى. ھازىر بۇقەدىمكى شەھەرنىڭ سەلتەنەتلىك بىناكارلىق قۇرلۇشلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان بۇلۇپ، ئايلانمىسى تەخمىنەن ئككى كىلومېتىر كېلىدىغان كونا قورۇق تام بىلەن قورشالغان شەھەر خارابىسى ۋە مازارلىق(مازاردىكى قەبرىلەرنى بەزىلەر، ئىسلام دىنى تۇسىدە دىسە،يەنە بەزىلەر ،بۇئىسلام دىنى تۇسىدىكى قەبرىلەرگە ئوخشمايدۇ.بۇ تورپان تۇيۇقتىكى يارداڭلىق لېۋىدىكى بۇددا قۇببە ـگۇمبەزلىرى شەكلىگە ئوخشايدۇ دەپ قارايدۇ ـئاپتۇردىن) قالغان بولسمۇ،ئۇنىڭ نامى ھازىرغىچە «قەدىمكى شەھەر» دەپ ئاتىلىپ كىشلەرنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىپ كەلمەكتە (ئۇگوۋۋيۇەن تەرىپىدىن ئاپتۇنوم رايون نوقتۇلۇق قوغدايدۇ دەپ تىزىمغا ئېلىنغان 3 ـدەرىجىلىك شەھەر خارابىسىنىڭ

بىرسى.

«بەدەلئارت» ـ ھازىرمۇ«بەدەلئارت» دېگەن نامى بىلەن مەشھۇر، ئۇئەينى ۋاقىتتا ئۇچ شەھەرىدىن بارسغان (ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقى جەنۇبىي بويىغا جايلاشقان ، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ چوڭ شەھەرلىردىن بىرى بولۇپ ، يەتتىسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئىقتىسادىي مەركىزى ئىدى )غا ۋە بالاساغۇنغا بېرىشتىكى يول ئۇستىدىكى بىر داۋان ئىدى . قېدىمدىن بۇيان ئۇچ (ئۇچتۇرپان )خەلقى جۇمىلىدىن جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە قىسمەن شىمالىي شىنجاڭ خەلقى ئوتتورا ئاسىيا خەلقلىرى بىلەن 1950 ـ يىللارغا قەدەر مۇشۇ «بەدەلئارت »يولى بىلەن سودا ـ قاتناش ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرى قىلىپ كەلگەن.

«باي ـ باي يىغاچ » بۇ سۆزدىكى« يىغاچ» سۆزى يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۇنتۇلغان بولسىمۇ ، لېكىن باي ناھىيىسى ھازىرغىچە «باي »دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

«ئايكۆل » ـ ھازىرمۇ «ئايكۆل» نامى بىلەن ئۇچتۇرپانىڭ شەرقى جەنۇبىي قىسمىدا ، ئاقسۇ شەھەرىگە قاراشلىق بىر يېزا نامى بىلەن مەۋجۇت. دېمەك ،ئالىمىمىز مەھمۇد كاشغەرى «ئۇچ» ھەققىدە ناھايىتى پاكىتلىق مەلۇماتلارنى ئوتتۇرغا قويغان ھەم «ئۇچ»نىڭ دائىرسى ، قوشنىلىرىنىمۇ بىر ـ بىرلەپ كۆرسەتكەن ، شۇنداقلا «ئۇچ» شەھەرىنىڭ قارخانىيلار خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ھەم قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دەۋرلەردە تۇتقان ئورنىنى ناھايىتى يۇقىرى باھالىغان .

ئۇنىڭدىن باشقا ، مەھمۇد كاشغەرى «ئۇچ» خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى ، «ئۇچ تىلى » توغرىسىدىمۇ ناھايىتى قىممەتلىك مەلۇماتلارنى قالدۇرغان:

«ئىلرۇك ـ قۇۋا ،سۇزاپ، ئۇچ تىلىدا» 5○ ، «ساسىق ـ تەشتەك، ساپال قاچا . ئۇچ ۋە ئۇنىڭ نېرىقى تەرىپىدە تۇرىدىغانلارنىڭ تىلىدا» 6○ «كەستەر ـ تەشتەك .ئۇچ تىلىدا 7○ « شاپ ـ ئۆشلەڭگە ئوخشايدىغان بىرخىل ئوت، ئۇچتا ئۇنىڭ بىلەن كىيىم يۇيۇلىدۇ.بۇ ئۆسۈملۈكتىن شاخار ئېلىنىدۇ 8○ «تانا .تانەكچە ـ دانەكچە. يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى ،ئۇچ ۋە ئارغۇ تىللىرىدا» 9○ «يېزىخ ـ يېزىغۇت ئادىراسمان،كاشغەر تىلىدا ،ئۇچ ۋە بارسغان تىلىدا ئەلدۇرۇك دېيىلىدۇ» 10○ .

ئۇنداق بولسا «ئۇچ» دېگەن بۇ نام قانداق بارلىققا كەلگەن؟ئۇنىڭ نېمە مەنىسى بار؟ بۇ ھەقتە خېلى كۆپ سۈرۈشتۈردۇم،ئەل ئارىسىدا ھەرخىل چۈشەنچە ـ تەبىرلەر بار ئىكەن، مۇناسىۋەتلىك تارىخى ئەسەرلەرنىمۇ خېلىلا ۋاراقداپ چىقتىم . ئەينى ۋاقىتتىكى تۈرك ئۆلكىلىرى ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەردىن يەنە «ھۇدۇدۇل ئالەم» ، بىرونىنىڭ « ئەلقانۇن مەسئۇدى» ، ئەل ئىدرىسىنىڭ «نۇزھەت ئەل مۇشتاك» (مىلادى 1154 ـ يىلى يېزىلغان)

قاتارلىق ئەسەرلەرنى11○ كۆرۈپ چىقتىم. بۇئەسەرلەردە «ئۈچ»قا دائىر مەلۇماتلار بېرىلگەن بولسىمۇ،ئەمما «ئۈچ» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئۈچۈقلىما بېرىلمىگەن. پەقەت ئۇلۇغ ئالىمىمىز مەھمۇد كاشغەرىلا 11 ـ ئەسىردە تۈركى تىللىق قوۋملەر ياشىغان تۈرك يۇرتلىرىنى ئارىلاپ تەكشۇرۇپ ئۇلار توغرىسىدا ئىشەنچىلىك مەلۇمات قالدۇرغان بولغاچقا ،ئۇنىڭ« تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى «ئۈچ» ھەققىدە بېرىلگەن بايانلىرى «ئۈچ» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى بىردىن ـ بىر ئاساس بۇلالايدۇ دەپ قارايمەن.مەسىلەن، 1 ـتوم 49 ـ بەتتىكى تۆۋەندىكى سۆزلەرگە قاراڭ:

1) اج üch ئۈچ ئۇچ يارماق (ساناق سان).

2 ) اج Uch ئۈچ ـ ئۈچ مەشھۇر بىر شەھەرنىڭ نامى ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلگەن 3 ) اج och ئوچ تاغدا ئۆسۇدىغان بىرخىل دەرەخ.تۈركلەر قەلەمنى شۇنىڭدىن ياسايدۇ ،ئۇنىڭدىن يەنە يېلك ،ھاسا قاتارلىق نەرسىلەرنى ياسايدۇ. يەنە 2 ـتوم 62 ـ بەتتىكى تۆۋەندىكى قۇرلارغا قاراڭ: 1) ا وج uch ئۇچ نەرسىنىڭ ئۇچى، پۇتاق، شاق ئۇچى. 2) اوج uch ئۇچ چېگرا، چېگرادىكى ئەل . 3) ا وج uch ئۇچ بىرەر نەرسىنىڭ تۈگەپ كېتىشى. يەنە تۆۋەندىكى بايانلارغا قاراڭ : بۇ مەزمۇنلار پۇتۇنلەي مىسرنىم مۇنبىرىدىن كۆچۈرۈلگەن 6@ y2 K$ R+ q: F# E "@

(1) ا وج Uch ئۈچ ـ ئۈچ مەشھۇر بىر شەھەرنىڭ نامى (1 ـتوم 49 ـ بەتكە قاراڭ)

(2) « بەدەلئارت ـاج Uch ئۈچ بىلەن بارسغان ئوتتۇرسىدىكى بىر داۋان » 1 ـتوم 51 ـبەتكە قاراڭ )

(3) «چاغلا ـ اج Uch ئۈچ شەھەرىنىڭ چېتىدىكى يايلاقنىڭ ئېتى»( 1 ـتوم،561 ـ بەتكە قاراڭ) بۇ مەزمۇنلار پۇتۇنلەي مىسرنىم مۇنبىرىدىن كۆچۈرۈلگەن @" M+ O# A+ n3 _ *k4 X

(4) «توشقان دەرياسى ـاج Uch ئۈچ شەھەرىگە ئاقىدىغان بىر دەريانىڭ نامى »(1 ـ توم666 ـ بەتكە قاراڭ )،

(5)«ئايكۆل ـاج Uch ئۈچقا يېقىن بىر جاينىڭ ئېتى » (3 ـتوم ، 186 ـبەتكە قاراڭ .(

(6)« باي ـباي يىغاچ ، اج Uch ئۈچ بىلەن كۇچا ئارىسىدىكى ئۈچقا يېقىن بىر جاينىڭ ئېتى »(3 ـتوم ،216 ـ بەتكە قاراڭ )،

يۇقارقى پاكىتلارغا قارىغاندا ، ئۈچتۇرپاننىڭ قەدىمكى نامى بولغان«ئۈچ» دېگەن بۇ نام : بىرىنچىدىن، يۇرتنىڭ ئۇچى ،چېتى، چېگرا،چېگراغا جايلاشقان ئەل مەنىسىدىكى

«ئۈچ» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان . ئىككىنچىدىن،تاغدا ئۆسىدىغان «ئۈچ» دېگەن دەرەخ نامىدىن كېلىپ چىققان بولىدۇ.

لېكىن بىزمەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دا كۆرسىتىلگەن «ئۈچ»قا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنىڭ ئۇرۇنلاشتۇرلىشى ،يېزىلىشى،ئىملاسىغا زەڭ قويۇپ قارايدىغان بولساق، بالىق(شەھەر) نامىنى كۆرسىتىدىغان«ئۈچ» نىڭ ئىملاسى « اچ » دەپ، «چېگرا،چېگرادىكى ئەل» دېگەندىكى«ئۈچ »نىڭ ئىملاسى« اوج» دەپ پەرىقلەندۈرۈلۈپ يېزىلغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ پاكىتقا قارىغاندا،«ئۈچ»دېگەن بۇ يەر نامىنى «يۇرتنىڭ ئۈچى ـ چېتى ، چېگرا، چېگراغا يېقىن ئەل »دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «ئۈچ»(اوج) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراشنى چۈشەندۈرمەك تەستەك قىلىدۇ . شۇڭا، مەن«ئۈچ»دېگەن بۇ يەر نامىنى تاغدا ئۆسىدىغان ئۈچ (اچ) دېگەن دەرەخ نامىدىن كېلىپ چىققان دەپ قارايمەن . بۇ ، خۇددى «ئاتۇش» دېگەن يەرنامى «ئارتۈچ» دېگەن دەرەخ نامىدىن كېلىپ چىققىنىغا ئوخشاش.يەنى«ئارت» (تاغ، داۋان، ئېگىزلىك ) دېگەن مەنىدىكى سۆز بىلەن تاغ ،ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان«ئۈچ»دېگەن دەرەخ نامىنىڭ قوشۇلۇشىدىن كېلىپ چىققىنىغا ئوخشاش 12○ مەھمۇد كاشغەرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا (1ـتوم ،49ـ بەتتە): ( 1) ج üch ـ ئۈچ ئۈچ يارماق (ساناق سان) ( 2 (اج Uch ـ مەشھۇر بىر شەھەرنىڭ نامى ( ئىزاھاتتا ئۈچتۇرپاننىڭ قەدىمكى نامى ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلگەن ) (3 (اج Och ئوچ ـ تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ . تۈركلەر قەلەمنى شۇنىڭدىن ياسايدۇ . ئۇنىڭدىن يەنە يىڭ،ھاسا قاتارلىق نەرسىلەرنى ياسايدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن. «ھۇدۇدۇل ئالەم»دېگەن ئەسەردە بولسا «ئۈچ »تاغ ئۆستىدە 13○دېيىلگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا ، «ئۈچ»نىڭ تاغدا ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ ئىكەنلىكى ناھايتى ئېنىق،« اج »خېتى Uch ئۈچ ھەم ئوچ Och دەپمۇ ئوقۇلىدۇ.ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈچتۇرپاندا «كۆكلەم ئۈچ »دەيدىغان بىر قەدىمى جاي بار .ئۈچتۇرپان تاغلىرىدا «ئۈچ»دەپ ئاتىلىدىغان بىرخىل قەدىمى دەرەخ بار . خەلقىمىز 1980 ـ يىللارغا قەدەر ئۇنىڭدىن ھاسا ، چوت دەستىسى (ساپ)، پاختا ئىگىرىدىغان يىڭ ، پاختا ئىگىرىدىغان چىگىت ئايرىيدىغان چىغىرىق ئوقى،چىۋىق قاتارلىق ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساپ بازارلاردا ساتاتتى ياكى ئائىلىلەردە ئىشلىتەتتى . شۇڭا مەن ، «ئۈچ» نامىنى ئالىم مەھمۇد كاشغەرى «تۈركى تىللار دىۋانى » ئەسىردە كۆرسۈتۈپ ئۆتكۈنىدەك تاغدا ئۆسىدىغان «ئۈچ»دېگەن دەرەخ نامىدىن كېلىپ چىققان دەپ قارايمەن .

# ئىزاھاتلار:

1○ يۈسۈپ خاس ھاجىپ:«قۇتاتقۇ بىلىك» داستانى، 1984 ـ يىلى، مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە ،364 ـ، 788 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

2○ «يېڭى تاڭنامە .جۇغراپىيە تەزكىرىسى » ،2 ـ كىتاپ ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى خەنچە نەشرى ،1149 ـ بەتكە ۋە«جۇڭگو ئىسلام تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، نىڭشا خەلق نەشرياتى 1982 ـ يىلى خەنچە نەشرى، 4 ـ بەتكە قاراڭ .

3○ 2002 ـ يىل كۈزدە ئاقسۇ ۋىلايىتتى ۋەكىللىرى بىلەن قىرغىزىستان تەرەپ ۋەكىلىرى «بەدەل ئارت » يولىنى ،ياكى ئۈنىڭ شىمالىدىكى زىندان دەرياسىنى بويلاپ ماڭىدىغان زىندان تاغ ئېغىزىنى ئېچىش توغرىسدا سۆھبەتلەشكەنىدى.

5○6○7○ مەھمۇد كاشغەرى:«تۈركى تىللار دىۋانى» 1 ـتوم 1981 ـ يىلى شىنجاڭ خەلىق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە ،142 ـ 495 ـ، 597 ـ بەتكە قاراڭ.

8○ 9○10○مەھمۇد كاشغەرى:«تۈركى تىللار دىۋانى» 3 ـتوم 1984 ـ يىلى شىنجاڭ خەلىق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە ، 212ـ324 ، 14 ـ بەتكە قاراڭ.

11○ ○ 13 رامازان شېشىن (تۈركىيە ) :«ئەرەب ـ ئىسلام جۇغراپىيىلىرنىڭ تۈركلەر ۋە تۈرك ئۆلكىلىرى ھەققىدە ئېيتقانلىرى » ،1985 ـ يىل تۈرۈكچە نەشرىگە قاراڭ ○ 12 بۇھەقتە ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار بار . ئىمىن تۇرسۇن« تارىمدىن تامچە »(ئىلمي ماقالىلەر توپلىمى )،1990 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 136 ـ137 ـ بەتلەر . قۇربانجان ئابلىمىت نۇرۇزى ،پالتاخۇن ئەۋلاخۇن:« شىنجاڭ يەر ناملىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى 0200 ـ يىل نەشرى 2 ـ بەتكە قاراڭ .

# ئۇچتۇرپان دېگەن يەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا

خوجا نىياز

ئۇچتۇرپان قەدىمدە خەنچە ۋېنسۇ بەگلىكى(ئونسۇ) دەپ ئاتالغان○0. ئۇنىڭ زادى قاچان؟ بىنا قىلىنغانلىقى توغرىسىدا هازىرغىچە ئېنىق بىر تارىخىي كۆز قاراشنى ئوتتۇرغا قويالمايمىز. چۈنكى بۇ ھەقتە قولىمىزدا ئىشەنچىلىك بولغان تارىخىي ماتېرىيال تەزكىرلەرنىڭ كەمچىل بولغانلىقى ، قەدىمكى دەۋىردە ئىجتىمائىي ھاياتنى ئەكىس ئەتتۇرۇپ بېرىدىغان مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ ئاز ساقلىنىپ قېلىشى ،ئارخىلوگىيىلىك پاكىتلارنىڭ يېتەرسىزلىكى قاتارلىق سەۋەپلەر قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ بېرىۋاتىدۇ. شۇنداق بولسمۇ ئىزلەنگەن،كۆرگەن ماتېرىيالار ئاساسىدا بۇ ھەقتە تۇختۇلۇش يۈرت تارىخىنى يۇرۇتۇشقا مۇھىم دەپ قارايمەن.

«تارىخىي خاتىرلەر،ھۇنلار تەزكىرسى»دە هون تەڭرىقۇتى باتۇر (مىلادىدىن بۇرۇنقى 209 ـ يىلىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 174 ـ يىلغىچە هونلار تەختىدە ئولتۇرغان )نىڭ مىلادىدىن بورۇنقى 176 ـ يىلى خەن پادىشاھى خەنىمنىدىغا يازغان مەكتۇپى خاتىرلەنگەن . ئۇنىڭدا: «...تەڭرىنىڭ قوللىشى، سىپاھ بەگلەرنىڭ ئىستىبدتلىقى ۋە ئاتلارنىڭ قاۋۇللىقى بىلەن توخرىلار( ھازىرقى گەنسۇدا) تارمار قىلىندى. ئۇلار قىرىلىپ تەسلىم بولدى. لولەن (كىرورەن)،(ئۇسۇن)،ئۇغۇز (ئۇيغۇر)ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 ـ بەگلىكنىڭ ھەممىسى ھونلارغا تەۋە بولدى. ئوقىا تۇتقان خەلىق بىر ئائىلە بۇلۇپ ئۇيۇشتى .شىمالدىكى يەرلەرمۇ تىنجىتىلدى»(24)دەپ كۆرسۇتۇلگەن . بۇ مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا بۇيۇك ھون ئېمپۇراتۇرلىقىنىڭ تەركىۋىگە كىرگەن غەربىي يۇرتتىكى 26 بەگلىك(ئەمەلىيەتتە36بەگلىك) ئىچىدە قەدىمكى ۋېنسۇ بەگلىكىنىڭ بارلىقىدا شەك يوق. بۇلمىسلا مىلادىدىن بۇرۇنقى 138 ـ يىلى جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا كەلگەندە ۋېنسۇ («ئونسۇ بەگلىكى»)نى تىلغا ئالماس ئىدى.دېمەك، يۇقارقى پاكىتلاردىن قارىغاندا ئۇچتۇرپانىنىڭ 2500 ـ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى قىياس قىلالايمىز.

ئۇچتۇرپان مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ4 ـ ئەسىردە ۋېنسۇ (ئونسۇ )دەپ ئاتالغان . شۇنىڭدىن باشلاپ كۆك تۈرك خانلىقى (مىلادى 552 ـ 745 ـ يىلغىچە)ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى(605 ـ846 ـ يىلغىچە) دە خەنچە ئونسۇ ئايمىقى (温肃州)،ئونسۇ ئايمىقى

ئورۇن چوڭ تاشبالىق(大石城) ياكى ئۇچ(于祝)دەپمۇ ئاتالغان.يەنى مىلادە 648 ـيىلى تاڭ قوشۇنلىرى تەرپىدىن غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ يۇلتۇز ۋادىسىدىكى باش كەنتى (ئوردۇسى) ئىشغال قىلىنغان كۈچا تاڭ قوشۇنلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەن،ئارقىدىنلا هازىرقى ئۇچتۇرپان تەۋەسىگە يېتىپ كېلىپ ئۇنسۇ ئايمىقىنى تەسسىس قىلغان.ئۇنسۇ ئايمىقى تۇرۇشلۇق ئورۇن چوڭ تاشبالىق (大石城)،ئۇچ(于祝)دەپمۇ ئاتالغان (25) .

دېمەك،كۆك تۈرك خانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى(552 ـ846) ئۇچتۇرپان «ئۇچ»دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان.قاراخانىيلار دەۋرىدە (850 ـ1212)مەشهۇر بىر شەهەرگە ئايلانغان.پەقەت جۇڭغار خانلىقىغا سىۋان ئاراپچان هۆكۈمرانلىقى قىلۋاتقان مەزگىلدە (1698 ـ1727 ـيىلغىچە) ئاندىن «ئۇچتۇرپان»دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان.

لېكىن نۆۋەتتە يەنە بىر هەۋەسكارلىرىمىز تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاپ، رەتلاپ ،ئەستايىدىللىراق توپلاپ باقماي،ئىلگىركىلەر ۋە باشقىلار نېمە دەپ يازغان بولسا ئۆلۈك هالدا ئۇنىڭ تارىخىي كېلىپ چىقىشىنى شۇ پېتى ئوتتۇرغا قايتا كۆتۈرۈپ چىقتى .ئۇلار ئۇچتۇرپان دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشىنى مۇنداق ئىزاهلىدى:«1765 ـيىلى 2 ـئاينىڭ 14 ـكۈنى ئۇچ خەلقى چىڭ خاندانلىقى ۋە يەرلىك فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يەرلىك زۇلۇمىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتەردى.قوزغىلاڭ باستۇرۇلۇپ ،چىڭ كۆكۈمىتى پەرمانى بويىچە،ئۇچ ئاهالىسىنىڭ بىر قىسمى ئىلىغا مەجبۇرى كۆچۈرۈلدى.ئورنىغا تۇرپاندىن بىر تۈركۈم ئاهالە كۆچۈرلۈپ كېلىندى.شۇنىڭ بىلەن بۇ جاينىڭ نامى «ئۇچ»قا تۇرپان سۆزى بىلەن بىرىكىپ ئۇچتۇرپان دەپ ئاتالدى » دەپ يازدى (26) . يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قاراشلىرى خېلى نۇرغۇن گېزىت،ژورنال چوڭ كىتاپلارغىمۇ ھەتتا بەرى تارىخىي رومانلارغىمۇ شۇنداق پۈتۈلۈپ كەڭ ئاممىغا تۇنۇشتۇرۇلدى.

مەن بۇنداق تارىخىي پاكىتلىرى كام،قىياسەن يېزىلغان،ۋاقىت دەۋرى تۇلۇق بولمىغان كۆز قاراشقا قارىتا«ئۇچتۇرپان »دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى)1997 ـيىللىق 3 ـسان53 ـبەتتە ۋە «شىنجاڭ ياشلىرى ژورنىلى » 1998 ـيىللىق 2 ـسان 49 ـبەتتە)دېگەن ماقالەمدە پاكىت ئاساسلىرىنى كۆرسىتىپ رەت قىلغان بولسامۇ ،لېكىن بەزىلەر يەنە بۇ كونا قىياسى كۆز قاراشلارنى 2001 ـيىلدىن باشلاپ كۆتۈرۈپ چىقىشقا باشلىدى.يەنە دەيمەنكى بۇ خىل قاراشلار توغرا ئەمەس،تارىخىي پاكىت ئاساسلىرى كەمچىل . چۈنكى 1765 ـيىلدىن ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاشتىن ئىلگىرى ئۇچتا«ئۇچتۇرپان» دېگەن نام مەۋجۇت بولغان، تۇرپاندىكى بىر قىسىم يەر ناملىرىمۇ ئاللا قاچان ئۇچتا قوللۇنىلغان.

جۇڭغار خانلىقىغا سىۋان ئاراپتان ھۆكۈمرانلىقى قىلغۋاتقان مەزگىلدە (1698 ـ 1727)چىڭ سۇلالىسى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تۇنجى قېتىم تۇرپانغا كىرىپ جۇڭغارلار بىلەن ئۇيغۇرلار رايونىنى تالىشىپ ئۇرۇش قىلغان. بۇ چاغدا تۇرپاندىكى يەرلىكى ئاقسۆكەك بولغان ئېزىز خوجا جۇڭغارلار تەرەپكە، ئىمىن خوجا ئىككى ئاكىسى بىلەن لۈكچىن شەھرىدە چىڭ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن.سىۋان ئارپىدان تۇرپاننىڭ لۈكچىن دېگەن يېرىدە تۇرۇشلۇق ئېزىز خوجا باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەجبۇريي قارا شەھەرگە كۆچۈرگەن. ئارقىدىنلا يەنە بىر قانچە مىڭ كىشىنى باشلاپ غەربىيتىكى ئۈچقا بېرىپ ئولتۇراقلىشىشقا مەجبۇرلىغان (27) .

«بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى 1713 ـ يىللىرى ئەتراپىدا سىۋان ئارپدان ئىلى تەۋەسىدە يەر تېرىش ئۈچۈن ئۈچ،قارا شەھەر،ئاقسۇ،يەركەن قاتارلىق يەرلەردىن نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنى ئېلىغا كۆچۈرگەن، ئۈچلۈق ئۇيغۇرلارنى ئېلىغا كۆچۈرگەندىن كېيىن،ئۇنىڭ ئورنىغا جۇڭغارلار تۇرپانلىق ئۇيغۇرلارنى ئۈچقا كۆچۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئۈچنى ئۈچتۇرپان دەپ ئاتىغان» (28).«ئۇلار تۇرپاندىكى يۇرت كەنتلىرى بويىچە ئۈچنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ماكانلاشتۇرۇلغان.

مەسلەن،قاراخوجا،سىڭگىم،لۈكچۈن،يارباغ،لەمجىن،پىچان،يانقىر، ئويتۇر، تۇيۇق، بۇغان،توقسۇن قاتارلىقلاردىن ئىبارەت» .(29)

شۇنداق قىلىپ ،«ئېزىز خوجا ئۈچقا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغاندا، ئېزىز خوجا ئۈچنى «ئۈچتۇرپان »دەپ ئاتىغان.شۇنىڭدىن باشلاپ ئۈچتۇرپان دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان(30).

ئۇنداقتا بۇنداق ئاتىلىشنىڭ كونكرېت يىل دەۋرى قاچان بولغان؟بۇ ھەقتە ياپونىيىلىك تارىخچى - سۇگۇجى تۇرۇ:«شىنجاڭنىڭ18 ـ 19 ئەسىردىكى جەمئىيەت تەرەققىياتى توغرىسىدا تەتقىقات» دېگەن ئەسىرىدە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئەنقەرە ئىنسانشۇناسلىق تارىخ مۇزىيىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە (MSNR13135)نۇمۇرلۇق بىر پارچە ھۆججەتنى پاكىت كەلتۈرۈدۇ،ئۇنىڭدا 1720 ـ يىللىردىكى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىچكى ئەھۋالى خاتىرلەنگەن.

بۇ ھۆججەتنى تۈركىيىلىك ئالىم ئەھمەت تۆمۈر ئەپەندىنىڭ يېشىپ چۈشەندۈرىشىچە: «تۇرپاندا 10مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە بولغان .ئات يىلى يەنى (ھىجىرىيەنىڭ1135 ـ يىلى مىلادى 1722 ـ 1723 ـ يىللىرى ) تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلار جۇڭغارلارنىڭ بېسىمى بىلەن غەربىي جەنۇپ تەرەپتىكى قارا شەھەرگە (ئېزىز خوجا باشچىلىقىدا )كۆچكەن»(31)، ئارقىدىنلا

ئۇچقا كۆچۈپ بارغان. مانا بۇ ئۇيغۇرچە پاكىتقا ئاساسلانغاندا ،«ئۇچتۇرپان» دېگەن نام ـ ئاتاقنى نوقۇللا 1765 ـ يىلىدىكى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىدىن كېيىن تۇرپاندىن ئۇچقا ئاھالە كۆچۈرۈش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان دەپ قاراش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. ئەمەلىيەتتە«ئۇچتۇرپان »دېگەن نام 1722 ـ1723 ـ يىللىرى ئارلىقتا كېلىپ چىققان.شۇڭا تارىخي ماتېرىياللارنى ۋاراقلاپ كۆرسەك ئەھۋال ئوچۇق بولاتتى.چۈنكى، تارىخ ھەقىقىي ئەھۋالنىڭ ئاشكارىلىغۇچىدۇر.

«ئۇيغۇرلار رايۇنى ئومۇمىي تەزكىرىسى»دە كۆرسىتىلىشىچە:«ئۇچتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ئەڭ كۆپ ئىدى.1765 ـ يىلى ئۇلار ئۇلار توپىلاڭ كۆتەرگەچكە قىرىپ تاشلاندى. چىيەنلۇڭنىڭ31 ـ 32يىللىرى (مىلادى1766 ـ 1767 ـ يىللىرى) ئاقسۇ، يەركەن،قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن ئۇچقا 708ئۆيلۈك ئۇيغۇرلار ئارقا ـ ئارقىدىن كۆچۈرلۈپ كېلىنىدى. چىيەنلۇڭنىڭ 41 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئۆي ـ ئوچاقلىق بولىشى بىلەن 110ئائىلە كۆپەيگەنلىكى ئېنىقلاندى (32) .

مانا بۇ پاكىتلاردىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بۇلىدۇكى، 1765 ـ يىلىدىكى ئۇچتۇرپان خەلق قوزغىلىڭى چىڭ قۇشۇنلىرى تەرپىدىن باستۇرۇلغاندا ئاز ساندىكى ئاھالىسى باشقا جايغا كۆچۈپ كېتىپ، قىرغىنچىلىقتىن ئېشىپ قالغان بىر قىسىم ئاھالىسى (10مىڭدىن كۆپ ئادەم) ئىلى ۋادىسىغا مەجبۇرى 2 ـ قېتىم كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا كەلگەنلەر قانداقتۇر تۇرپانلىقلار بولماستىن بەلكى ئاقسۇ، يەركەن، قەشقەر،خوتەن قاتارلىق جايلاردىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن ئاھالىلەر ئىدى.شۇڭلاشقا، ئۇچتۇرپان دېگەن نامۇ چىڭ(مانجۇ) خانلىقى دەۋرىدە بارلىققا كەلمەستىن ،بەلكى جۇڭغار خانلىقى دەۋرىدە سىۋان ئارپىدان ۋاقتىدا 1722 ـ يىللىرى بارلىققا كەلگەن.

## ئىزاھاتلار:

○0بۇ ھەققتە « تارىختىكى ۋېنسۇ(ئونسۇ) بەگلىگى ۋە ئونسۇ نامى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىغا قاراڭ.

(24) سىماچيەن :«تارىخي خاتىرىلەر»110جىلد «هونلار تەزكىرىسى » 1989 ـيىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 407 ـ بەتكە قاراڭ.

(25) «يېڭى تاڭنامە .جۇغراپىيە تەزكىرىسى »جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى نەشرى خەنچە 2 ـكىتاپ. 1149 ـ بەتكە قاراڭ. يەنە « جۇڭگو ئىسلام تارىخقا دائىر ساقلانغان ماتېرىياللار

» نىڭشىيا خەلىق نەشرىياتى (يىڭچۈەن)1982 ـ يىلى خەنچە 4 ـ بەتكە قاراڭ.

(26)« شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستوتى ئىلمىي ژورنىلى» ، 2001 ـيىللىق 1 ـسان 109 ـبەتكە قاراڭ. يەنە «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا دائىم ئۇچرايدىغان ئاتالغۇلارغا ئىزاھات »2 ـ كىتاپ ئۈچ، ئۇچتۇرپان ئاتالغۇسىغا قاراڭ. (2002 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى )،يەنە نىياز كېرىمى،زىۋىدە ساتتار:«دىيارىمىزدىكى بىرقىسىم يەر نامىلىرى توغرىسىدا» 2006 ـيىلى مىللەتلەر نەشرىياتى، «ئۇچتۇرپان» نامىغا قاراڭ.بۇلار كونا خاماننى يەنە سورۇشقا باشلىدى، يېڭى ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسىنى كۆرمەمدىغاندۇ؟ ....

(27) سۇگۇجى تۇرۇ (ياپونىيەلىك تارىخچى):«شىنجاڭنىڭ 18 ـ 19 ـ ئەسىردىكى جەمئىيەت تارىخي ئۇستىدە تەتقىقات» 1984 ـ يىلى شىنجاڭ خەلىق نەشرىياتى خەنچە، 20 ـ 21 ـ 23 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

(28)« شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخي »1 ـ كىتاپ. 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 374 ـ بەتكە قاراڭ.

(29)«غەربىي يۇرت خەرىتىلىك تەزكىرسى »48 ـ توم، 5 ـ بەت. سۇگۇجى تۇرۇ (ياپونىيەلىك تارىخچى):«شىنجاڭنىڭ 18 ـ 19 ـ ئەسىردىكى جەمئىيەت تارىخي ئۇستىدە تەتقىقات» 21 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىلگە قاراڭ.

(30)،(31) بۇ ھەقتە (27) ـئىزاھقا قاراڭ.

(32) خېنىڭ :«ئۇيغۇرلار رايونى ئومۇمىي تەزكىرسى»9 ـ جىلىدكە قاراڭ.

ئاپتۇر:ئاقسۇ مائارىپ ئىنىستوتى دوتسېنتى.

# تارىختىكى «ئونسۇ بەگلىكى» (ئۈچ) ۋە «قۇم» (ئاقسۇ) دېگەن يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى

خوجا نىياز

تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا ،ھازىر بىز ئۈچتۈرپان دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقان بۇ يۇرت، چىن ۋە خەن سۇلالىسى دەۋرى(مىلادىدىن بۇرۇنقى 221-يىلدىن مىلادى 220-يىلغىچە )ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە غەربىي يۇرتتىكى 36بەگلىكنىڭ بىرى بولغان ئونسۇ بەگلىكى(温宿国) نىڭ تۇرۇشلۇق زېمىنى بولۇپ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقى شۇ زامانغا يارىشا خېلى تەرەققىي قىلغان قولدارلىق تۈزۈمدە كېتىۋاتقان قەدىمكى «يىپەك يولى» نىڭ شىمالىي يول بەلبېغا، تارىم بوستانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان«شەھەر دۆلەتلىرى »نىڭ بىرى ئىدى .

بۇ ھەقتە «خەننامە، غەربىي يۇرت، تەركىزىسى»دە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن. «ئونسۇ بەگلىكى مەركىزى ئونسۇ شەھىرى بۇ يەردىن چاڭئەنگە 8350چاقىرىم كېلىدۇ،ئاھالىسى 2200تۈتۈن،نوپۇسى 8400 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارايدىغىنى 1500نەپەر...غەربتىن سەپەر باي( 尉头国 ) غا 300چاقىرىم، شىمالدىن ئاسىيۇلار باشكەنتى (ئوردىسى )قىزىل قورغانغا 610 چاقىرىم كېلىدۇ .يېرى ۋە مەھسۇلاتلىرى پىشامشان(كىروورەن)بەگلىكىگە ئوخشاش،شەرىقتىن قۇم بەگلىكى(يەنى قەدىمكى ئاقسۇ)غا بېرىش ئۈچۈن 270چاقىرىم يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ» .(1)مانا بۇ ئۈچۈقلىمىغا، ئاساسلانغاندا، قەدىمكى « ئونسۇ بەگلىكى»ئۈچ تەۋەسىدە بولۇپ ،بۇنىڭدىن شەرىققە قاراپ قۇم بەگلىكى (قەدىمكى ئاقسۇ)گە بېرىش ئۈچۈن 270چاقىرىم يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى.قەدىمكى «قۇم بەگلىكى » بۈگۈنكى ئاقسۇ كونا شەھەر ۋە يېڭى شەھەر نىڭ شەرق ۋە غەربىي تەۋەسىدە بولۇپ، ئۇلار ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئەل-بەگلىكى (خاندانلىق ) ئىدى .

ئونسۇ بەگلىكىنىڭ مەركىزى ئوردىسى ئۈچ (ئۈچتۈرپان)دا(ئۈچتۈرپان يېڭىئاۋات يېزىسىدىن 30 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى گۈلباغ مەھەللىسى ئاتۈز باغ تاغرىغا جايلاشقان، بۇ دەل ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا ئۇدۇل كېلەتتى)ئىدى .

قەدىمكى «قۇم بەگلىكى» (ئاقسۇ)ھەققىدە «خەننامە غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە مۇنداق دېيىلگەن:«قۇم بەگلىكى(姑国墨)نىڭ بەشكەنت ـ مەركىزى جەنۇبىي شەھەر، بۇ يەردىن چاڭئەنگە 8150چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 3500تۈتۈن، نۇپۇسى 24مىڭ 500نەپەر، ياراملىق ئەسكىرى 4500،جەنۇپتىن خوتەنگە ئاتلىق15كۈنلۈك يول،شىمالىي ئۇيسۇن(乌孙)لار بىلەن تۇتىشىدۇ. ئاقسۇدىن مىس ، تۆمۈر، سېرىق بەرگىمۇش چىقىدۇ. شەرقىتىن كۇسەن(كۇچا )غىچە 670چاقىرىم كېلىدۇ». (2) مانا بۇ پاكىت ئاقسۇ كونا شەھەرنىڭ قەدىمدە «ئۇنسۇ»دەپ ئاتالماستىن بەلكى «قۇم» دەپ ئاتالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

«خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دىكى ئۇنسۇ بەگلىكىنىڭ يەر ـ زېمىنى، مەھسۇلاتلىرى، قۇرال ـ سايمانلىرى پىشامىشان(كىرورەن)بەگلىكىگە ئوخشاش دېگەن ئۇچۇرقلىمىغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى ئۇنسۇ بەگلىكىنىڭ يېرى قۇم ، شورلۇق، تېرىلغۇ يەرلىرى ئاز، ئوت ـ چۆپ يايلاقلىرى كۆپ،تاغ ـ دەريا ۋادىلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، خەلق چارۋىچىلىقنى ئاساس، دېھقانچىلىقنى قوشۇمچە قىلغان .ئات ـ ئېشەك ، تۆگە، قوي قاتارلىق مال ـ چارۋىلىرىنى كۆپلەپ باققان. تېرىلغۇ يەرلىرى ئاز بولسىمۇ، ئاشلىق تېرىپ ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن. ھەتتا قوشنا ئەللەرنىڭ يېرىنىڭ ئىجارىگە ئېلىپ ئاشلىق تېرىغان. بەزى ھاللاردا قوشنا ئەللەردىن ئاشلىق سېتىپ ئالغان.

ھەربىي قورال ـ ياراق جەھەتتە، قوشۇنلىرى ئوقيا، نەيزە، قىلىچ ،خەنجەر تۇتۇپ ، ئىشمەك (دۇبۇلغا) ساۋۇت كىيگەن. ئوڭ،سول سەركەردىلىرى،ئوڭ ، سول كاھىبەگلىرى، ئوڭ،سول ئاتلىق قۇشۇن بەگلىرى، ئىككى نەپەر تىلماچ بېگى قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بولغان. تاغلىرىدىن ئالتۇن، قاشتېشى قاتارلىق مەھسۇلاتلىرى چىققان.

ئۇچتۇرپاننىڭ قەدىمدە خەنچە ۋېنسۇ温宿 («ئۇنسۇ»)دەپ ئاتالغانلىقىغا دائىر يەنە «غەربىي يۇرتە يەر ناملىرى » لوغىتىدە مۇنداق ئۇچۇقلىمىنى ئۇچىرتىمىز : «ئۇنسۇ بەگلىكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ بىرى ئۇ ئۇچ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايۇنى ئۇچتۇرپان ناھىيە تەۋەسىدە » (3) دەپ كۆرسەتكەن. بۇ ھەقتە تۈركىيىلىك تارىخچى ئالىم ، پىرافىسور باھائىدىن ئۆگەل ئۆزىنىڭ «بۈيۈك ھون ئىمپىراتۇرلۇقى تارىخى » ناملىق ئەسىرىدە توبا خانلىقىنىڭ تارىخي ئۈستىدە توختىلىۋېلىپ كۇچا بەگلىكىگە باغلىق بولغان بەگلىكلەرنى كۆرسىتىدۇ. «ئۇچتۇرپان (ۋېنسۇ温宿) بولۇپ ، ۋېنسۇ ؟ئاتلىق كەنتتۇر . بۇ ئاقسۇ (قۇم) بەگلىكىنىڭ شىمال غەربىگە توغرا كېلىدۇ .بۇ كۇچا بەگلىكىگى باغلىقتۇر». (4) قۇم بەگلىكى ھەققىدە يەنە تۆۋەندىكىدەك پاكىتلارغا ئىگە بولىمىز :«قۇم بەگلىكى غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى بەگلىك ،

ئورنى بۆگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇرئاپتونوم رايۇنى ئاقسۇ كونا شەھەر،ئاقسۇ شەھەرى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ، خەلىق دېھقانچىلىقنى ئاساس ،چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە قىلاتتى» (5) «قۇم بەگلىكىنىڭ ھازىرقى ئورنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايۇنى ئاقسۇ ناھىيىسى ۋە ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسىدە ». (6) مانا بۇ تارىخىي پاكىتلار تارىختىكى ئونسۇ(温宿国) بەگلىكنىڭ قانداقتۇر ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسى ئەمەسلىكىنى بەلكى ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ، ئاقسۇنىڭ قەدىمدە «قۇم بەگلىكى»(姑墨国) دەپ ئاتالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ چۈنكى،«قەدىمكى قۇم بەگلىكى » (姑墨国) يەنى «ئاقسۇ» بوستانلىقىنىڭ ئەتراپلىرىنى قۇملۇق، چۆللەر قورشاپ تۇرغاچقا، بۇجاينىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ئاساسەن «قۇم»دەپ ئاتالغان .

مەھمۇت كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى »دا قەدىمكى قۇم بەگلىكى (ئاقسۇ كونا شەھىرى) نىڭ قەدىمدە «بارمان »دەپ ئاتالغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ : «يۇگئۇ - بارمان شەھەرچىسىگە ئاقىدىغان بىر دەريانىڭ نامى، بۇ شەھەرنى ئەفراسىياپ (ئالىپ ئورتۇڭا )نىڭ ئوغلى شۇ دەريانىڭ بويىغ قۇرغان. قۇرغۇچىنىڭ ئىسمى (بارمان )بولۇپ، شەھەر ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان». (7) بىز بۇيەردە ئۇلۇغ ئالىمىمىز مەھمۇد كاشغەرى « دىۋانى لوغەتىت تۈرك»ناملىق ئەسىرىدە تىلغا ئالغان «يۇگئۇ - بارمان شەھەرچىسىگە ئاقىدىغان بىر دەريانىڭ نامى، بۇ شەھەرنى ئەفراسىياپ (ئالىپ ئورتۇڭا )نىڭ ئوغلى شۇ دەريانىڭ بويىغا قۇرغان. قۇرغۇچىنىڭ ئىسمى (بارمان )بولۇپ، شەھەر ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان» دېگەن مەلۇماتقا ئاساسەن ، بۇ يەردىكى «يۇگئۇ - بارمان شەھەرچىسىگە ئاقىدىغان بىر دەريانىڭ نامى» دېگەن سۆزگە زەڭ سېلىپ قارايدىغان بولساق ، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا ھەرقانداق ئاق نەرسە« يۈرۈڭ »ياكى «ئۇرۇڭ »دەپ ئاتالغان. بۇ يەردىكى ،«يۇگئۇ » -سۆزى ئەسلى «يۈرۈڭ سۇ » ، «ياكى ئۇرۇڭ سۇ » دەپ ئاتالغان بولۇپ ،قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىسىگە ئاساسلانغاندا ، بۇ يەردىكى «يۈرۈڭ سۇ » ، «يۇگئۇ »سۆزىگە قىسقىراپ كەتكەن، دېمەك قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «يۈرۈڭ سۇ » («يۇگئۇ ») دەل ھازىرقى «ئاقسۇ» دۇر .بۇنىڭدىن قارىغاندا قەدىمكى قۇم بەگلىكىنىڭ باش كەنتى جەنۇبىي شەھەر مىلادىدىن 6 ـ7 ئەسىر بۇرۇن تۇران خاقانى ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ ئوغلى «بارمان»نىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بولىدۇ؟ ھازىر ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى قىزىل يېزىسىغا 15كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا «پامان» دېگەن مەھەللە بار. قاراڭ، «پامان»،«بارمان»دېگەن سۆزگە؟ بۇ قەدىمكى قۇم (ئاقسۇ كونا شەھەر) بەگلىكىنىڭ باشكەنتى- «بارمان»نىڭ ھازىرقى «پامان»ئەتراپىغا جايلاشقانمۇ

قانداق؟دېگەن ئۇچۇر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.قەدىمكى قۇم بەگلىكىنىڭ شىمالىي شەھىرى هازىرقى قارا يۇلغۇن قەدىمى شەھەر خارابىسى ئورنىدا بولۇپ بۇ جايدىن ئېپتىدائىي جەمئىيەت تۇرمۇشىغا ئائىت نۇرغۇن بۇيۇملار تېپىلدى.(8)

قۇم ھەققىدە مەھمۇت كاشغەرى«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا:« قۇم شەھىرىمۇ چىگرا ھېساپلىنىدۇ.قۇم تۈركچە سۆزدۇر.ئافراسىياپنىڭ قىزى بۇ يەردە دائىم ئوۋ قىلاتتى» .(9)دەپ كۆرسىتىدۇ.بۇ يەردىكى قۇم بەگلىكى دەل ئاقسۇ قارا يۇلغۇن قەدىمى شەھەر خارابىسى ئورنىنى كۆرسەتسە كېرەك؟ «چۈنكى قارا يۇلغۇننىڭ شەرقىدىكى بىپايان قۇملۇق تارىختىن بېرى كۇچا بىلەن ئاقسۇ ، باي بىلەن ئاقسۇنىڭ چېگىرىسى ئىدى» .(10)شۇنداقلا قاراخانىيلار خانلىقى (850 ـ 1212)بىلەن بۇددىس «ئىدىقۇت (قۇچۇ)ئۇيغۇر خانلىقى (848 ـ 1369)نىمۇ تەبىي چېگرا پاسىلى ئەنە شۇ قۇملۇق ئىدى. تىلشۇناس ئالىمىمىز مەھمۇد قەشقىرىنىڭ (قۇم شەھىرى )چېگرا ھېساپلىنىدۇ» دېگىنى ئەنە شۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتقىنى بولسا كېرەك .

راھىپ شۇەنجۇاڭ«غەرپكە ساياھەت خاتىرىسى»دە: قەدىمكى قۇم ـ قۇمبالىق دېگەن تۈركچە سۆزنى، سانسكىرىتچە «ۋالۇكا» دەپ يازغان.بۇ قۇم،قۇمبالىق دىگەن سۆزنىڭ سانسكىرىتچە ئىپادە قىلىنىشى ئىكەن (يۇۋېيچىڭ:«شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشى يەر ناملىرى تەتقىقاتى»1986 ـ يىلى خەنزۇچە 60 ـ بەتكە قاراڭ).دىمەك،يۇقارقى پاكىتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، ئاقسۇ كونا شەھەر ۋە يېڭى شەھەر تەۋەسى قەدىمدىن تارتىپ مىلادى 1300 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقلاردا «قۇم»«قۇمبالىق» دىگەن نام بىلەن ئاتالغان.

ئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن ئۈچ (ئۇچتۇرپان ) قەدىمدە ئونسۇ دەپ ئاتالغان؟

قەدىمكى چاغدا ئۈچ زىمىندا تەگرى تاغلىرىدىن ئېقىپ چۈشكەن ئون چوڭ ئېقىن (ئون سۇ ) بار بولۇپ ئۇلار بارا ـ بارا قوشۇلۇپ ئېقىپ توشقان دەرياسىنى ھاسىل قىلاتتى. قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىر قىسمى ئەنە شۇ ئون ئېقىن ـ ئونسۇ ياكى توشقان دەرياسى ۋادىلىرىدىكى تاغ باغرى تۈزلەڭلىكلەردە ھاياتلىق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى..ئۈچ (ئۇچتۇرپان) شۇ چاغدا ئونسۇ (ئون دەريا ۋادىسى ) ياكى توشقان دەرياسىنىڭ بۇيىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن بۇ يۇرت خەلقى يۇرتىنىڭ نامىنى «ئونسۇ»دەپ ئاتالغان. خېلى ۋاقىت ئۆتتۈپ خەن سۇلالىسىگە دەۋرىگە كەلگەندە، مىلادىدىن بۇرۇنقى 138 ـ يىلدىن 126 ـ يىلغىچە 1 ـ قېتىم ۋە مىلادىدىن بۇرۇنقى 119 ـ يىلدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 115 ـ يىلغىچە 2 ـ قېتىم خەن سۇلالىسىدىن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كەلگەن مەلۇماتچى جاڭ چيەن ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى غەربىي يۇرت خەلقى ۋە غەربىي يۇرتتىكى

بەگلىكلەرنىڭ تەبىئىي مۇھىتى، ئۆرۈپ ـ ئادىتى، ئىجتىمائىي ئىگىلىكى، سىياسىي، ئىقتىسادى تۈزۈمى، قاتناش يوللىرى،ھەربىي، مەدەنىيەت ئەھۋاللىرى توغرىسىدا ئۇچۇرقىلىمىغا ئىگە بولغان.(11)ئۇلار ئۇچىنىڭ قەدىمكى نامى «ئونسۇنى» ـ ئۇيغۇرچە تەلەپپۇز قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن «ئونسۇ»دېگەن نامنى خەنچە «ۋېنسۇ»دەپ تەلەپپۇز قىلىپ يازغان. ھازىرمۇ ئۇچتۇرپان تەۋەسىدە ئون نەچچە دەريا ـئېقىن بار، ئۇلار: توشقان دەرياسى، بەدەل دەرياسى،كۆكۈرۈم دەرياسى، گۈگۈتلۈك سۇ، قايچا دەرياسى، يېڭىئارىت دەرياسى،زىندان دەرياسى، چوڭتاش دەرياسى،ئۈزەتقۇش دەرياسى،قۇمئېرىق دەرياسى قاتارلىقلار.ھازىرمۇ ھەم توشقان دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان ئاقچى ناھىيىسى تەۋەسىدىكى بىر تارماق دەريا «ئورۇن ئونسۇ» دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ، مانا بۇ ھازىرغىچە ئۆزگەرمەي ساقلانغان يەر ناملىرى ئۇچىنىڭ قەدىمدە«ئونسۇ»دەپ ئاتالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . چۈنكى تارىخى يازما ماتىرىياللارغا ئاساسلانغاندا، شۇ چاغدىكى ئونسۇ بەگلىكى، ھازىرقى ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنى ئاساس قىلىپ، شەرقى شىمال تەرەپتە ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ شىمالىي جايلىرىنى، يەنى قىرمىش ئاتا مازىرى، يېڭىئارىت، تېرىم، ئارى،ئويبۇلاق،قاتارلىق جايلارنى، قۇم ئېرىق دەرياسىنىڭ شەرقى جەنۇپ ۋادىلىرى تۇمشۇق، ئويىتېتىر،ئارال، چاغراق قاتارلىق جايلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى . غەربىي جەنۇپ تەرەپتە ھازىرقى ئاقچى ناھىيىسىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

ئۇنداق بولمىسا نېمە ئۈچۈن 1980 ـ يىللارغىچە بولغان ئارلىقتا ئۇيغۇرچە تارىخي كىتاپلاردىن «ئونسۇ» دېگەن سۆزنى ئۇچىراتقىلى بولمايدۇ؟ «ئونسۇ»سۆزى خەنزۇچە (ۋېنسۇ)دېگەن سۆز ئاساسىدا ياساپ چىقىلغانمۇ ـ قانداق؟ دېگە سۇئال تۇغۇلىدۇ.

1980 ـ يىللارغىچە بولغان ئۇيغۇرچە تارىخي كىتاپلاردا «ئونسۇ»دېگەن سۆزنىڭ كۆرۈلمەسلىكىدىكى سەۋەپ، ئۇيغۇرلار تارىختا كۆپ قېتىم دىنىي ئېتىقات، يېزىق ئالماشتۇرغان. بەزى ۋاقىتلاردا ئۆزىنىڭ تارىخىنى باشقا چاتئەل تىلىدا يازغان.شۇ سەۋەپتىن قەدىمكى زامان تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمەي ئۈزۈكچىلىك پەيدا قىلغان. بەزى دەۋرلەردە ئەجداتلىرىمىز بىرخىل يېزىقتىن باشقا ھەرخىل يېزىق قوللانغان. مەسلەن:«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخي (北史)،«جۇ پادىشاھلىقى تارىخى» (周书)قاتارلىق تانخي ئەسەرلەردە كۆرسۈتۈلىشچە تۇرپان رايۇنىدا ياشىغان ئەجداتلىرىمىز« يېزىلىشى خۇاشاچە( خەنچە)، ئوقۇلۇشى خورچە (ئۇيغۇرچە )» يەنى (خەنزۇچە يېزىپ ئۇيغۇرچە تىلدا ئوقۇيدىغان) خەت ئالاقە ئىشلىرىنى شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى(مىلادى439 ـ580)دىن باشلاپ ئېلىپ بارغان.

11 ـ ئەسىردە ياشىغان تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد كاشغەرى«تۈركىي تىللاردىۋانى »دا : « قۇچۇ (تۇرپان) ئۇيغۇرلىرىنىڭ چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنەبىر خىل يېزىقى بار،رەسمىي ھۆججەت،خەت ـ چەكلىرىنى شۇ يېزىقتا يازىدۇ.ئۇ يېزىقنى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلاردىن باشقىلار ئوقۇيالمايدۇ»(13)دەپ ئېنىق ئىزاھات بېرىپ ئۆتكەن. بۇ خاتىرىلەر ئارخىولوگىيە پاكىتلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلىنىپ ئەمەلىي پاكىتلار دەل مۇشۇنداق بولۇپ چىقتى . مىلادى 3ئەسىردىن 10ئەسىرگە ئائىت ھۆججەتلەر، ئەسەرلەرمۇ كۆپ تېپىلدى .تاڭ شۈەنزاڭ (مىلادى 602 ـ 664) مۇ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋردىكى غەرپكە ساياھەت خاتىرىسى» دە «قەشقەر ،خوتەن ، كۇچالىقلار ھىندى يېزىقى ئىشلىتىدۇ ، ئەمما ئۇلارنىڭ تىلى ھىندى تىلى ئەمەس». (14)دەپ ناھايىتى ئېنىق يازغان .دېمەك، تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار بولسا بۇدداددىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋىرلەردە يېزىلىشى ھىندىچە ،ئوقۇلىشى ئۇيغۇرچە بولغان خەت ئالاقە ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان . ئەمما خەنلەر بولسا باشتىن ـئاخىر قەدىمدىن ھازىرغىچە يېزىق ئۆزگەرتمىگەن (زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاز ـ تولا ئىسلاھ قىلىغان بولسىمۇ) ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي ۋە قوشنا خەلقلەرنىڭ تارىخىنى جۇملىدىن تۈركى تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ تارىخى ئەھۋالىنى قەدىمكى چاغدا قانداق ئاتالغان بولسا ، شۇ ناملارنى خەنچە ھەرىپ بىلەن ئەسلى تەلەپپۇز بويىچە ياكى سۆزلەرنى قىسقارتىپ ياكى مەنىسىنى خەنچىغا تەرجىمە قىلىپ ئۆز ئەسەرلىرىگە(24تارىخقا )پۈتۈن ماڭغان . مەسلەن :«خەننامە ھونلار تەزكىرىسى » دە: ئالتاي تاغلىرى ئەتراپىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ـ ئوغۇزلارنى ۋۇجېي(乌揭) ياكى خۇجېي (呼揭)دەپ يازغان .تەڭرى تاغ دېگەن ھونچە سۆزنى تيەن شەن (天山) دەپ يازغان .تۈركچە «ئاق تاغ » دېگەن سۆزنى بەيشەن (白山)دەپ يازغان. تۇرپان ۋە ئۈرۈمچى ئەتراپىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان «قۇش »لارنى «كىۋۋشى » (车师) ياكى گۇشى (师故) دەپ يازغان . ئۇيسۇن ـ ئاسىيولارنى«ۋۇسۇن» (乌孙) دەپ يازغان، ئىلى دەريا ۋادىسىدىكى ئىلى بەگلىكى نى «يىلېگو » (伊列国) دەپ يازغان .ئالتۇن تاغ دېگەن سۆزنى جىن شەن (金山)دەپ يازغان . ساكلارنى بولسا «سەيجوڭ »دەپ يازغان . قەدىمكى قەشقەرنى ئۇيغۇلارنىڭ «سۇ ئېلى »دەپ ئاتايدىغانلىقىغا ئاساسەن «سۇلى »دەپ يازغان .قەدىمكى «ئاقسۇ بەگلىكى » نى ئۇيغۇرلارنىڭ «قۇم »دەپ ئاتايدىغانلىقىغا ئاساسەن خەنچە «گۇمۇ 故墨国» دەپ تەلەپپۇز قىلىپ يازغان.ئۇچتۇرپاننى قەدىمدە ئۇيغۇلارنىڭ «ئونسۇ »يەنى(ئون دەريا )ۋادىسىغا جايلاشقان بەگلىك دەپ ئاتىغانلىقتىن خەنلەر بۇنى «ۋېنسۇ » دەپ تەلەپپۇز قىلىپ يازغان. «24تارىخ » تىن «تارىخي خاتىرىلەر »، «خەننامە » ۋە «كېيىنكى خەننامە»

لەردىكى «ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىيالار توپلىمى »نى تاللاپ تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسىدىكى پىشقەدەم تەتقىقاتچى ، ئالىملار ناھايىتى زور مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن «ئۇيغۇرچە تەرجىمىدە مۇمكىن قەدەر سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ قەدىمكى ئوقۇلىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ھەمدە شۇ ئاساستا سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بېكىتىپ چىققان» (15) . «ئونسۇ» مۇشۇنىڭ ئىچىدە .ئۇلار خەنچە ۋېنسۇ(ئونسۇ )نى ـ ئۇچبەگلىگى دەپ ناھايىتى توغرا دەلىللەپ ئالغان.«ئونسۇ »دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر قاغانلىقىدا قوللۇنۇلغان . ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانى بايانچۇرنىڭ خاتىرىسگە قويۇلغان مەڭگۈ تاش ( بۇ تاش مىلادى 757 ـ يىللىرى ئورنۇتىلغان ) تا :«ئورخۇن ۋە سېلىنگا دەرياسى . . . بويلىرىدا ياشاۋاتقان خەلق ئون ئۇيغۇر ۋە توققۇز ئۇيغۇرلارنى 100 يىلدىن ئارتۇقراق بىز ئىدارە قىلدۇق »دەپ يېزىلغان (16) . بۇ ھەقتە مۇڭغۇل ئېلخانىلار دۆلىتىنىڭ مەشھۇر تارىخچىسى فەزلۇللا رەشىدىدىن بىننى ئۇبۇل خەيىر ھەمەدانى (1247 ـ 1318) «جامىئۇتتاۋارىخ » ناملىق ئەسىرىدە بايانچۇر قاغان ( بىلگە قاغان ) مەڭگۈ تېشىدا دېيىلگەنلەرگە ئوخشۇشۇپ كېتىدىغان مەلۇماتنى بېرىدۇ : «. . بۇرۇنقى زاماندا ئۇيغۇرىستان ۋىلايىتىدە ئىككى چوڭ تاغ بولۇپ،ئۇنىڭ بىرىنى «بۇقراتۇبۇزلۇق » ،يەنەبىرىنى«ئاشقۇنلۇق تەڭرى » دەپ ئاتىغان . بۇئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا «قارا قورۇم »دېگەن بىر تاغ بار، ئۆكتاي خانىنىڭ ئوردىسى ئەنە شۇ تاغنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان . يۇقىردىكى ئىككى تاغنىڭ يېنىدا يەنە «قۇتتاغ » دېگەن بىر تاغ بار ،بۇ تاغنىڭ بىر يېرىدىن ئون دەريا (ئون سۇ ) ، يەنە بىر يېرىدىن توققۇز دەريا (توققۇز سۇ ) ئېقىپ چۈشىدىكەن . قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئەنە شۇ دەريا ۋادىلىرىدىكى تاغ ۋە تۈزلەڭلىكلەردە ياشايدىكەن . ئون دەريا ۋادىسىنى بويلاپ ئولتۇراقلاشقانلار ئون ئۇيغۇر ، توققۇز دەريا ۋادىسىنى بويلاپ ئولتۇراقلاشقانلار توققۇز ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان ئىكەن » (17) .يەنە ئوخشاشلا خۇراسانلىق جۇۋەينى 1250 ـ يىلى يازغان «تارىخي جاھان گۇشاي » (جاھاننى ئىستىلا قىلغۇچىلار تارىخى )، 17 ـ ئەسىردە ياشىغان خارەزىم شاھى ئەبۇلغازى مۇھەممەد باھادۇرخان بىننى ئەرەپشاھ مۇھەممەدخان (1606 ـ 1663) تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخي شەجەرەئى تۈركى »ناملىق ئەسەردىمۇ يۇقىردىكىگە ئوخشاشلا مەلۇمات قالدۇرۇلغان . قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە دەريا، ھەربىي قۇشۇنلارنى «سۇ»دەپ ئاتايدىغان ئادەت بولغان . بۇنىڭدىن قارىغاندا ،بىز ئۆزىمىزنىڭ يىراق قەدىمدە ياشىغان جايلىرىمىز بىلەن ئەڭ دەسلەپكى تارىخىمىزنى ئۇنتۇلۇپ كەتكەچكە كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ «ئونسۇ»دېگەن نام ئاز ئۇچرايدىغان بولۇپ قالغان،قەدىمقى جانلىق ،شەھەر نامى بولغان«ئونسۇ» تارىخىنىڭ ئۆزۈن ،ھەرخىل قىسماتلىرىنى باشتىن

كەچۈرۈپ،دەريا ئورنىنىڭ (سۇ ئېقىن ئورنىنىڭ) ئۆزگۈرۈشى،شەھەر ئورنىنىڭ يوتكىلىشى بىلەن ھازىر ئۇچتۇرپان ۋە ئاقچى ناھىيىلىرىدە كىچىك بىر يەر جاي، دەريا ـئېقىن نامىنى بولدۇرۇدىغان بولۇپ قالغان . لېكىن ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر خەلقى ياشىغان جايلاردا «سۇ»سۆزى بىلەن بىرىكىپ ياسالغان ئۇيغۇر يەر ناملىرى خېلىلا بار. مەسلەن : ئاقسۇ، يامانسۇ، قاقسۇ، لايسۇ، كۆكسۇ، يانسۇ، قوشسۇ،غولسۇ، گۈگۈتلۈك سۇ، قىزىلسۇ، قاراسۇ، ئالتە سۇ، يەتتە سۇ دېگەندەك. يەتتە سۇ ھەققىدە ياڭ شېڭمىن :« قەدىمكى ئۇيغۇرلار » ناملىق تارىخي ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇرچە 40 بېتىدە :«يەتتە سۇ » بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى جەنۇبىي قىسمى ۋە بۇ بۆلەككە ئېقىپ كىرىدىغان يەتتە دەريانى كۆزدە تۇتىدۇ دەپ كۆرسىتىدۇ.دېمەك،«ئون سۇ» دېگەن سۆزمۇ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك ،توشقان دەرياسىغا ئېقىپ كىلىدىغان «ئون دەريا »دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان . ئۇچ (ئۇچتۇرپان) شۇ چاغدا ئونسۇ (ئون دەريا ۋادىسى ) بۇيىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن بۇ يۇرت خەلقى يۇرتىنىڭ نامىنى «ئونسۇ»دەپ ئاتالغان. بۇ ھەقتە ئاتاقلىق ئالىم ، پىرافسور ئابدۇشكۈر مۇھەممەدئىمىن «قەدىمكى مەركىزى ئاسىيا » ناملىق ئەسىرىدە :«بىر قەدەر ئۇمۇملاشقان كۆز قاراشتا ئونسۇ ئۇچتۇرپان دەپ قارالماقتا »(18)دەپ كۆرسىتىدۇ.

ئۇنداق بولسا ،ھازىر نېمە ئۈچۈن تارىختىكى «ئونسۇ»(ئۇچتۇرپاننىڭ قەدىمكى نامى ) ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ ئىسمى بولۇپ قالدى ؟

ئۇيغۇر خەلقى تەخمىنەن 1300 ـ يىللاردىن باشلاپ ئازاتلىققا قەدەر ھەتتا 1998 ـ يىلى 10 ـ ئايغا قەدەر ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسىنى «ئاقسۇ»دەپ ھازىرقى ئاقسۇ شەھەرىنى«ئاسۇق بازىرى»دەپ ئاتاپ كەلگەن (2001 ـ يىلىدىن باشلاپ «ئاسۇق بازىرى» نامى بۇ جايدا قۇرلۇش ھۆددىگە ئالغۇچى خېنەنلىك ۋېنجۇلۇقلار تەرىپىدىن «ۋېنجۇ كوچىسى» دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى).چىڭ (مانجۇ) خاندانلىقى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن 1884 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى «شىنجاڭ ئۆلكىسى»نى تەسىس قىلدى . شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كونا شەھەرنى تاشلاپ (ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن )يېڭىدىن شەھەر بىنا قىلىپ شۇ يەردە ئىش بىجىرگەن. شىنجاڭدىكى مەنچىڭ ئەمەلدارلىرى ئۆز تەلەپپۇزى بويىچە ئۇيغۇرچە يەر ناملىرىنى بۇزۇپ ئاتاپ يەرلىك خەلق نىمە دەپ ئاتىشىدىن قەتئىنەزەر،ئۆز خائىشى،مۇددىئاسى بويىچە نام قويغان . بەزى جايلارغا «خەننامە» ۋە «تاڭ نامە»لەردىكى يەر نامى ـ ئاتاقلىرىنى ئۇزۇپ ئېلىپ، يەرلىك ئاتالغۇلارنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەن.شۇنىڭ بىلەن يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئاتىشى بىر خىل، خەنچە ئاتىلىش بىر خىل ئاتاق مەيدانغا

كەلگەن. ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسىنى ئۇيغۇرلار ئەك دەسلەپ «قۇم» «ئاقسۇ »دەپ ئاتاپ كەلگەن بولسا ،1882 ـ يىلى چىڭ ئەمەلدارلىرى ، قەدىمكى ئونسۇ بەگلىكى (ئۇچ)نىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىنى قەدىمكى قۇم بەگلىكى ئورنىدا بولسا كېرەك دەپ ،خاتا مۆلچەرلەپ ئاقسۇ كونا شەھىرىگە 1882 ـ يىلى 11 ـ ئايدا «ۋېنسۇ »( 温宿 )دەپ ئات قويغان . مەسلەن :«1882 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئەسلىدىكى ئاقسۇ شەھىرىنى ۋېنسۇغا بىۋاستە قارشلىق ئايماق دەپ ئاتىغان. 1883 ـ يىلى ئاقسۇ يېڭى شەھىرىنى ياسىتىپ،(بۇ شەھەر ئەسلىدىكى ئاسۇق كوچىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا ياسالغان سېپىلنىڭ ئىچىدە ئىدى.بۇ يەردىكى ئاسۇق كوچىسى بازىرى ئەسلىدە شەھەر سېپىلى ياسالماستىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئاقسۇ كونا شەھەرگە كىرىدىغان يول ئېغىزىدىكى لەنگەر ـ قاراۋۇلخانا ،ئېغىزى ئىدى.1950 ـيىللارغا قەدەر بارلىق قاتناش مۇشۇ جاي ئارقىلىق بولاتتى ) ئاقسۇ دوتەيلىكى تۇرۇشلۇق ئورۇن دەپ ئاتالغان .ئەسلىدە ئاقسۇ شەھىرى بۇگۇڭنكى ۋېنسۇ ناھىيە بازىرىنى چارلامچى مەھكىمىسى قىلغان»(19).دېمەك ،ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسى 1882 ـ يىلى 11 ـ ئايدا شىنجاڭغا كەلگەن چىڭ ـمانجۇ ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن «ۋېنسۇ»دىگەن ھەدىيە نامغا ئېرىشكەن.

ئەمما ئۇيغۇر خەلقى ھازىرغىچە ناھايىتى توغرا قىلىپ «ئاقسۇ»كونا شەھىرى دەپ قوللۇنۇپ كەلگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ «ۋېنسۇ»دەپ ئاتىلىشى تارىخي پاكىتلارغا خىلاپ ئىدى.بۇ چىڭ (مانجۇ) ئەمەلدارلىرىنىڭ يەر ناملىرىنى ئالماشتۇرىۋېتىش سەۋەنلىكىدىن كېلىپ چىققان يەر ناملىرىنى 1 ـ قېتىم ئۆزگەرتىۋېتىش خاتالىقى ئىدى. ئەپسۇس،1997 ـ يىلغا كەلگەندە بەزى يولداشلىرىمىز تارىخي ماتېرىياللارنى سېلىشتۇرۇش ،تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانمايلا ناھايىتى يىڭگىللىك بىلەن مەنچىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە شىنجاڭدا ئۆتكەن بەزى ئەمەلدارلارنىڭ خاتا كۆز قاراشلىرىغا يانداشىپ «شىنجاڭ تەزكىرچىلىگى»ژورنىلى 1997 ـ يىللىق 2 ـ سان 57 ـ بەتتە ھېسسياتنى تارىخي پاكىتلار ئۈستىگە دەسسەتكەن «تارىختىكى ئونسۇ» ناملىق ماقالىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئاقسۇ كونا شەھىرىنى «ئونسۇ»دىگەن نامغا ئالماشتۇرۋېتىشنى تەلەپ قىلغان . ماقالىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونۇمى رايۇنى 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 ـ يىغىنىغا ۋە ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 ـ يىغىنىغا ۋە ناھىيىلىك 8 ـنۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 ـ يىغىنىغا تەكلىپ بېرىلگەنلىگىنى يازغان».

مەن بۇ ماقالىنى كۆرۈپ چىقىپ 2ئاي تەييارلىق قىلىپ ناھايىتى جىددى ئىشلەپ «تارىخرىكى ئونسۇ بەگلىگى ـ ھازىرقى ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسى ئەمەس»دېگەن رەت قىلىش ماقالىسىنى يېزىپ 1997 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىگى»

ژۇرنىلىغا ئەۋەتكەن بولساممۇ بۇ ماقالە بەزى بىر مۇناسىۋەت، سەۋەپلەر تۈپەيلى ئېلان قىلىنمىدى.مەن بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، قولۇمدىكى يەنە بىر نۇسخىسنى ئۇرۇمچىدە كۆپەيتىپ ئۇرغۇزۇپ ئىلىم ئادەملىرى كۆرۈپ چىقسىكەن دېگەن مەقسەتتە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە ئەكىرىپ تاپشۇردۇم. تەھرىرلەر ئۇقۇپ كۆرۈپ پاكىتلىرى تولۇق ،ياخشى يېزىلغان ماقالىكەن دېيىشىپ، مۇشۇ 3 ـسانىدا ئېلان قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىشتى، ئەپسۇس ،كېيىن قارسام بۇيەردىمۇ بىر سان كېچىكتۈرلۈپ 1998 ـيىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىندى . ئاڭغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايۇنى خەلق ھۆكۈمىتىگە «تارىختىكى ئونسۇ بەگلىگى ـ ھازىرقى ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسى ئەمەس» «ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسى تارىختا «قۇم»(خەنچە «گۇمۇ 故墨国 »)،دەپ 1300 ـيىللار ئەتراپىدا «ئاقسۇ» دەپ ئاتىلىپ كېلىنگەن، 1883 ـيىلى چىڭ ـمانجۇ ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن يەرلىك ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئاقسۇ» دېگەن نامنى ئىشلەتكۈسى (دىگۈسى) كەلمەي، خەنچە ۋېنسۇ(温宿)دەپ خاتا ئاتىۋالغان.خەنچە ۋېنسۇ() دېگەن بۇ ئاتاق قەدىمدە ئۈچ (ئۇچتۇرپان) دېگەن يۇرتنى كۆرسىتەتتى. شۇڭلاشقا، ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسنى 1883 ـيىلى خەنچە خاتا قويۇلغان «ۋېنسۇ» دىگەن ئاتاققا ئاساسەن «ئونسۇ» دەپ ئەمەس،بەلكى ئۆزىنىڭ تارىخى نامى بولغان«قۇم»ياكى «ئاقسۇ كونا شەھەر» دىگەن تارىخى نامى بىلەن ئاتايلى ! دېگەن بۇ ماقالە يېتىپ بارمىغاچقا (1998)44 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت چۈشۈرلۈپ ،«ئونسۇ»دېگەن نامنى ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ نامى قىلىپ ئىشلىتىشنى تەستىقلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسى 1998 ـيىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ «ئاقسۇ كونا شەھەر » دېگەن قەدىمي، شانۇ شۆۋكەتلىك،ئەل قەلبى تۆرىدىن ئورۇن ئالغان تارىخي نامنى تاشلاپ ،ئايرىم كىشلەرنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن«ئونسۇ»دەپ ئاتىلىدىغان بولدى....؟

دىمەك، ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ قەدىمكى نامى «قۇم»ياكى«ئاقسۇ» بەگلىگىنىڭ تارىخى ئورنى ۋە نامىنى ئىنكار قىلىغان بولدۇق ،شۇنداقلا قەدىمكى ئۈچ ـ ئونسۇ(ۋېنسۇ) بەگلىگىنىڭ تارىخى ۋە نامىنى خاتا ھالدا ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ نامى قىلىپ ئىلىمگە ئۇششۇغلۇق قىلىپ ،يۇرت تارىخى ۋە نامىنى2 ـقېتىم قايمىققانلاشتۇرۋەتتۇق. شۇنداق ئىكەن قەدىمكى ۋېنسۇ(ئونسۇ) ـئۈچنىڭ تارىخنى قايسى يۇرتنىڭ تارىخى دەپ قارايمىز؟ قەدىمكى قۇم بەگلىگى ـ كونا ئاقسۇ نىڭ تارىخنى ئىنكار قىلىمىزما.... ؟باشقا يۇرتنىڭ دوپپىسىنى كىيىۋېلىپ، يۇرت تارىخنى قالايمىققان قىلمايلى!ئۆزىنىڭ تارىخى ئاتىلىشى بويىنچە ئاتالسۇن! ئەۋلاتلارنى يۇرت تارىخى ھەققدە

تىنىتىپ قويمايلى!؟. ـ2009) يىلى

# ئىزاھاتلار

(1)،(2) بەنگۇ:«خەننامە» 96 ـ جىلد 1994 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى916 ـبەتكە قاراڭ.
(3)،(6)«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»خەنچە 100 ـ 102 ـ بەتكە قاراڭ.
(4)باھائىددىن ئۆگەل:«بۈيۈك ھون ئىمپۇراتۇلۇقى تارىخى» 2 ـكىتاپ، 1918 ـ يىلى ئەنقەردە تۈرۈكچە نەشرى،42 ـ بەتكە قاراڭ.
(5)بىر توملۇق «سىخەي» خەنچە 1100 ـ بەتكە قاراڭ.
(7) مەھمۇد كاشغەرى :«تۈركىي تىللار دىۋانى »1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 3 ـ توم، 503 ـ بەتكە قاراڭ.
(8)«شىنجاڭ ئارخىلوگىيىسىنىڭ 30يىلى » خەنچە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ئارخىولوگىيە ئورنى تۈزگەن.»
(9) مەھمۇد كاشغەرى :«تۈركىي تىللار دىۋانى »1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 3 ـتوم 204 ـ بەتكە قاراڭ.
(10)«كۇسەن دۆلىتى تارىخى »خەنچە 1992 ـ يىلى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتىتى نەشرىياتى »16 ـ بەتكە قاراڭ.
(11) «شىنجاڭ يەرلىك تارىخى» 2001 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتىتى نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە 37 ـ 39 بەتكە قاراڭ.
(12)«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ، غەربىي يۇرت تەزكىرىسىگە قاراڭ.يەنە «شىنجاڭ يەرلىك تارىخى» 2001 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 111 ـ بەتكە قاراڭ.
(13) مەھمۇد كاشغەرى :«تۈركىي تىللار دىۋانى » ئۇيغۇرچە. بەتكە قاراڭ.
(14) شۇەنجۇاڭ :«ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەرپكە ساياھەت خاتىرسى» خەنچە12جىلد 294 ـ 296 ـ بەتلەرگە قاراڭ.
(15) سىماچيەن:«تارىخي خاتىرىلەر»1989 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى ، كىرىش قىسمى 12 ـ بەتكەقاراڭ.
(16) ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ،ئىسراپىل يۈسۈپ:«قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تالانما» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـيىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 114 ـ

بەتكە ۋە چىيەن بوچۋەن:«شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخي »1999 ـيىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 196 ـ بەتكە قاراڭ.

(17) ئەنۋەر بايتۇر،خەيرىنسا سىدىق : «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخي » 1991 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى450 ـ 451 ـ بەت. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»(دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى باشچىلىقىدا تۈزگەن). 1990 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 56 ـ بەتكە كەلتۈرۈلگەن نەقىل «جامئۇل تاۋارىخ»خەنچە نەشرى 1 ـتوم 1 ـ كىتاپ، 239 ـ 241، ـ بەت. يەنە قاراڭ، ياڭ شېڭمىن «قەدىمكى ئۇيغۇرلار » 1998 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 45 ـ 46 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

(18) ئابدۇشكۇر مۇھەممەدئىمىن :«قەدىمكى مەركىزى ئاسىيا »2002 ـيىللى ئۇيغۇرچە نەشرى 262 ـ بەتكە قاراڭ.

(19) ئىمىن توختى :«ئاقسۇ شەھىرىنىڭ 100يىلدىن بۇيانقى مەمۇرىي رايۇنلار بويىچە ئۆزگۈرۈشى» ،«ئاقسۇ گېزىتى»نىڭ 1990 ـ يىل 6 ـئاينىڭ 28 ـكۈنىدىكى سانى ۋە «شىنجاڭ تارىخ لوغىتى »(جى داچۈن باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن) 1993 ـ خەنچە نەشرى332 ـ بېتىگە قاراڭ.

# ئۆزبېكلەر ئەسلى راستلا ئۇيغۇرلارمۇ؟

خوجا نىياز يوللۇغ تېكىن

ئۆزبېك دېگەن نام ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ خانى ئۆزبەگ خان (1312 ـ 1342) نىڭ نامىدىن كەلگەن. يەنى 1312 ـ يىلى مەنگۇ تۆمۇرنىڭ نەۋرىسى(توغرۇلچە خاننىڭ ئوغلى)ئۆزبېكخان تەختكە چىقىپ، ئىسلام دىنىنى كۈچەپ تەرغىپ قىلىپ،نامىنى مۇھەممەد ئۆزبېكخان دەپ ئۆزگەرتكەن. ئۇ بوۋىسى مەنگۇ تۆمۇرگە ئوخشاشلا ئاق ئوردا تەرەپكە كۆپرەك كۆڭۈل بولگەن.ئاق ئوردا رايونىدىكى تۈركىي قەبىلىلەر ۋەتۈركلەشكەن موڭغۇللار،جۇملىدىن ۋولگا دەرياسى ۋادىسىدا ياشايدىغان مانغىتلار(نوغايلار) دىن كۈچلۈك قوشۇن تەشكىللەپ،ئۆز قارمىغىدىكى مۇھىم رايون ۋە شەھەرلەرگە ئىۋەتكەن .ئەينى زاماندا بۇقوشۇن «ئۆزبېك قوشۇنى»دەپ ئاتالغان.كېيىنچە بۇ قوشۇنلار چىققان قەبىلىلەرمۇ «ئۆزبېك» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.

تارىخقا نەزەر سالساق، ئۇيغۇر قاراخانىيلار خانلىقى(مىلادى850 ـ1212) زېمىن تەۋەسى بولغان ماۋرا ئۇننەھىر گە دەشتى قىپچاقتىن يۆتكۈلۈپ كەلگەن كۆچمەن مۇھەممەد شايبانىخان—(ئۆزبېكخان ) قوشۇنلىرىنىڭ 1500 ـ يىللىرى باستۇرۇپ كىرىشى بىلەن ئۇزاق زامانلاردىن بۇ جايلاردا ياشىغان مۇسۇلمان ئۇيغۇر ـتۈركىي خەلقلەر ئۇستىدە ئۆز هۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزگەن. )

ئەسلىدە قاراخانىيلار خانلىقى توققۇز ئوغۇز ـئۇيغۇر،ياغما( قارلۇق)قاتارلىق قەبىلىلەردىن تەشكىللەنگەن بولسىمۇ،ئۇ «تۈرك ئۆلكىسى» ،«خاقانىيە ئۆلكىسى» ،«ئىند دۆلىتى ئەپراسىياپ» ئىبارىسى بىلەن ئاتالغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى، ئەھمەد يۈكنەكى قاتارلىقلار ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىل <<قەشقەر تىلى>> ـ <<خاقانىيە (دۆلەت)تىلى>> ـئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىنى ئىزچىل تەكىتلەيدۇ.گەرچە چىڭگىزخان ماۋرە ئۇننەھرىگە موڭغۇل قوشۇنلىرىدىن كۆپرەك ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانى ـ بارچۇق ئارتتېكىن ۋە كۈچلۈك خان قول ئاستىدىكى نەچچەتۈمەن ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى شەھەرلەرنى تارتىپ ئېلىش جەڭلىرىگە سېلىشى،قاراخانىيلار ئەۋلادى تۈركان خاتۇننىڭ كۈچلۈك تەسىرى، چىڭگىزخاننىڭ خارەزىمنى بويسۇندۇرۇش جەڭلىرى

،تۆمۈرلەڭنىڭ ئالتۇن ئوردۇسىنى ھەلەك قىلىش ئۇرۇشلىرى نەتىجىسىدە خارەزمدە << ئۇيغۇرىزىم ھادىسىسى>> تېخىمۇ كۈچەيگەن.چاغاتاي دەۋرى بۇ ئۇيۇشۇش جەريانىغا سالماقلىق بىلەن تەسىر كۆرسەتتى،موگغۇل ئاھالىرىنىڭ تۈركلىشىشى ۋە ئىسلامىيەتكە ئۆتىشى چاغاتاي زامانىنىڭ ئېتنولوگىيىلىك ئاقىۋېتى بولۇپ تاماملانغان ئىدى. بىر پۈتۈن چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا يېڭى مىللىي تەركىپلەرنىڭ پەيدا بولىشى بىلەن ئېتنونومدا يېڭى ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى.

يەنى ئاكادېمىك بارتولدىنىڭ نۇپۇزى بىلەن، قاراخانىيلار خانلىقى-تۆمۈرىيلەر ھاكىمىيتىدىن كېيىن قايتا باش كۆتەرگەن ئىككىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا-خۇراسان مۇسۇلمان تۈركىي خەلىقلەر ھاكىمىيتى ئاياقلىشىپ، مۇھەممەد شايبانىخاندىن باشلانغان يېڭى ئېتنىك قايتا شەكىللىنىش جەريانىدا يېڭى مەنىدىكى ئېتنىك گەۋدە--<ئۆزبېك > خەلقى دەپ نام ئۆزگەرتىشتىن بۇرۇنقى ماۋرەئۇننەھىر ئۇيغۇر -تۈركىي تۈركمىنى <<كونا(ئېسكى)ئۆزبېك>> دەپ ئاتىشى ،ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى تارىخىدا زادىلىلا مۇمكىن بولمىغان،تارىخ،ئېتنىك ۋە ئىلمىيلىككە يات ئېغىر ئىدلوگىيىلىك قالايماققانچىلىقنى پەيدا قىلدى. نەتىجىدە 1920 -يىلى ئالدىدا ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيتى قۇرلۇش سانىغا توشمىغانلىقى ئۈچۈن «ئاتالمىش ئۆزبەگ مىللىتى» روھى خېتىگە تىزىملىتىش ھەرقايسى جايلاردا بىرلا ۋاقىتتا ،قاتتىق كۈچەپ تەرغىپ قىلىندى ۋە مەجبۇرى مىللەت نامى «ئۆزبەگ » دەپ ئۆزگەرتىلدى،ئۆزبەگ بولمىغانلار بۇ زېمىندىن كۆچۈپ كېتىش تەرغىپ قىلىندى ،نەتىجىدە 1920-يىللاردىن باشلاپ ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى نەچچە مىڭ يىللاردىن ئىلگىرى ساقلاپ كەلگەن ئۇيغۇر نامىنى 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رۇسلارنىڭ پارچىلاش سىياستى بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ئىستىمال قىلىنمىغان،تارىخىي مىللەت نامى بولمىغان، يېڭى مىللەت ئاتىلىشى—«ئۆزبەگ» نامى بىلەن مەجبۇرى ناملاندى،«ئۆزبەگ » ئىبارىسى خارەزم، بۇخارا، سەمەرقەنت، تاشكەنت، پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر- تۈركى خەلىقلىرىنىڭ مىللىي ئاتىلىشى بولۇپ كۈچەپ تەشۋىق قىلىندى . 1937-يىلدىكى چوڭ تازلاپ زەربە بېرىشتە< ئۇيغۇر > دېگەن مىللەت نامى ستالىننىڭ يوقۇتۇش ئوبىكتىغا ئايلاندى.نەتىجىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركلەشكەن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مىللەت نامىنى،قەستەن، مەجبۇرى ئۆزبېك دېگەن نام ئاستىدا ئۆزبېك روھى خېتىگە تىزىملاتتى. بۇنداق ئەھۋال 1924- يىلدىن باشلاپ تاكى 1963-يىللارغىچە داۋاملاشتى. ئۆزبېكچىلىك ناھايتى قاتتىق كۈچەپ تەرغىپ قىلىندى.ھەتتا1962-يىلى شىنجاڭدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ چىققان نەچچە يۈز مىڭلىغان ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزبېكچىلىك بېسىمى (مىللەت نامىنى ئۆزبېك دەپ ئۆزگەرتمىسە

ھىچقانداق ئىش بەرمەسلىك،يەكلەش) نەتىجىدە ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى قەستەن ئۆزبېك دەپ ئاتاپ، ئۇيغۇر دېيىشكە جۈرئەت قىلالماي كەلدى.ئۆزبېكىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنمۇ بۇخىل ئەھۋال يەنە داۋاملاشتى، دۆلەت باشلىقى ـئىسلام كېرىموپنىڭ «كىمىكى ئەلشىر ناۋائىنى ئۇيغۇر دەيدىكەن شۇ ئۆزبېكىستان تۇپرىقىدىن يوقالسۇن!»دىگەن سۆزى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. دىمەك، ئۇجايلادا ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتاپ، يۇرۇشىنىڭ ئۆزبېك مىللەتچىلىكى ئالدىدا نە قەدەر تەس كۈن ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ؟ ئەسلىدىكى ئۆزبېكىستاندىكى يەرلىك ئۇيغۇرلار خارەزىم، بۇخارا، سەمەرقەنت، تاشكەنت، پەرغانە قاتارلىق جايلاردا شۇنچە كۆپ بولغان.سەمەرقەندتە چىقىدىغان«ئوقۇتقۇچى» دېگەن بىر ژۇرنالدا 1924 ـ يىلى سەمەرقەندتە 500مىڭ ئۇيغۇرنىڭ بارلىقى كۆرسىتىلگەن.خارەزىمدىمۇ ئۇيغۇرلار كۆپ ياشىغان.ئەنجاندا تېخىمۇ شۇنداق. 1990 ـ يىلدىن باشلاپ ئاندىن ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دەيدىغانلار(دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا) كۆپىيىشكە باشلىدى.

دىمەك، <<كونا ئۆزبېك>> ئىبارىسى ئەسلىدە ماۋرا ئۇننەھىر گە باستۇرۇپ كىرگەن ۋە ئۆزنامىنى يەرلىك ئۇيغۇر تۈركىي ئاھالىسىغا سىڭدۈرۈپ،ئۆزى يەرلىك ئاھالىغا سىڭىپ كەتكەن،يەرلىك ئاھالىدىن سان جەھەتتەتۆلىمۇ ئاز ،مەدەنىيەت جەھەتتە تۆۋەن تۇرغۇچى، دەشتى قىپچاق كۆچمەن موڭغۇل ئۆزبېكلىرىگە خاس ئىبارىدۇر.

شۇڭلاشقا ماۋرا ئۇننەھىر يەرلىك ئۇيغۇر ـ تۈركىي ئاھالىلار قانداقتۇ ، دەشتى قىپچاق كۆچمەن موڭغۇل ئۆزبېكلىرى نامى بىلەن «ئۆزبېك» دەپ ئاتالمىستىن ،بەلكى ئۇيغۇر تۈركى ئاھالىلەر دەپ ئاتىلىشى كېرەك ،شۇنداق ئاتالسا توغرا بۇلاتتى .چۈنكى،كەلگىندى ،دەشتى قىپچاق كۆچمەن موڭغۇل ئۆزبېكلىرى(قىپچاق تۈركلىرى)، يەرلىك ماۋرا ئۇننەھىر ئۇيغۇر تۈركىي خەلقىدىن باشقا بۇلۇپ، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي نامى بىلەن <قىپچاق ئۆزبېكلىرى> دەپ ئاتالسا، توغرا بۇلاتتى. چۈنكى 1500 ـ يىللاردىن بۇرۇن ماۋرا ئۇننەھىر تۇپرىقىدا ئۆزىنى ئۆزبېك دەپ ئاتايدىغان مىللەت ياكى خەلىق توپىمۇ يوق ئىدى. بەلكى يەرلىك ئۇيغۇر تۈركىي ئاھالىلەر بار بۇلۇپ، ئۇلارنى ئۆزبېك خان نامى بىلەن <<ئۆزبېك>> دەپ ئاتىلىشى،تارىخىي مەنتىقىگە خىلاپ،ناباپ ئاتاق ئىدى.

يەنى ئوبۇلخەيرىخان(ئاق ئوردا خانلىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان)نىڭ نەۋرىسى شايبانى 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قۇشۇن باشلاپ،جەنۇپقا يۈرۈش قىلىپ ،غەربىي چاغاتاي خانلىقىدىكى تۆمۈرنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ،بۇخارا،سەمەرقەند، ئۆزكەند،تاشكاند،بەلىخ ھەتتا ئىراندىكى خۇراساننىمۇ ئىشغال قىلىپ،ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلانغان. «بەزىلەر بۇنى ھەممىسى بىرلىشىپ <ئۆزبېك ئۇلۇسى> دېگەن

ئومۇمىي نام بىلەن ئاتالغان» دەپ، كېيىنچە قەستەن سىياسى قۇراشتۇرۇلما مىللەت ياساپ چىقىشتى.

تارىخقا نەزەر سالساق، بۇ ئويدۇرمىلارنىڭ يالغان، ساقتا ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. بىز «بابۇرنامە»دىن تۆمۈرىلەر ئاھالىسىنىڭ شايبانى ئۆزبېكلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان قانلىق مىللىي كۈرەش تەسۋىرلىرىنى كۆرەلەيمىز.يەنى<<يۈز قىرقىق يىلدىن بېرى سەمەرقەند پايتەختى بىزنىڭ خانە ۋادىمىز ئىدى.يات ياغى ئۆزبېك كېلىپ تەسەررۇپ قىلدى»(«بابۇرنامە»1998 ـ يىل ئۆزبېكچە نەشرى،76 ـ بەت) .

ئۆزبېكىستان ئالىمى، پروفېسسور مەمەجان راخمانوۋ «ئۆزبېك تىياتىرى» ناملىق كىتاۋىدىمۇ بۇ تارىخىي ھەقىقەتنى كۆرىمىز:«سىبىر ئۆزبېكلىرى تەرىپىدىن ماۋرا ئۇننەھىر ۋە خۇراساننىڭ ئىستېلا قىلىنىشى بۇ ئۆلكىنى كاتتا زەربىگە ئۇچراتتى. كۆچمەنچى ئۆزبېكلەر ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ۋە سەنئەتنىڭ قەدرىگە يەتمىدى»(ئۆزبېك تىياتىرى>>1 ـ كىتاپ،1979 ـ يىلى ئۆزبېكچە نەشرى،255 ـ بەت)،دەپ پاكىت كورسىتىدۇ. دەر ھەقىقەت مىرزا ھەيدەرنىڭ«تارىخىي رەشىدى» ، بابۇرنىڭ «بابۇرنامە» ۋە باشقا ئەسەرلەردە ئەلشىر ناۋائىي، بابۇر، لۇتپى،سەككاكى قارلىقلار باشقىلار ياكى ئۆزى تەرىپىدىن <<ئۆزبېك>> دەپ ئاتالمىغان،بەلكى ئۇيغۇري دەپ ئاتالغانلىقى كۆرسۈتىلگەن.

شۇنداق ئىكەن ئىلىم ـ پەن دۇنياسىدا ئۆزبېك مەدەنىيەت تارىخىنى ياراتقۇچى مەشھۇر كىشىلەر: ئەلشىر ناۋائىي، بابۇر، لۇتپى،سەككاكى قارلىقلار... دەپ بىر ئەسىردىن بۇيان <ئۆزبېك> دەپ جار سېلىنغان بولسىمۇ (بارتولىد <<تارىخىي رەشىدى >>نىڭ مەۋجۇت ئالتە خىل نۇسخىسى ئىچىدە تولۇقسىز نۇسخىسى ھىساپلانغان لوندون نۇسخىسىنى كۆرۈپلا مۇھاكىمە باشلاپ قويغان ﴿ تارىخي ھەقىقەتتە، ئۇلار كىلاسسىك تارىخىي ئەسەرلەردە ئۇيغۇر دەپ كۆرسىتىلگىنى ئىلىم دۇنياسىغا ئاشكارا بولۇپ ، ئۆزبېك مىللىتى دەپ ئاتالغىنى ساقتا بولۇپ ،ئۇلار ئەسلىدىن ئۇيغۇر بولۇپ چىقتى، دېمەك ئۆبېك دەپ نام ئېلىۋالغانلار ئەمەلىيەتتە تارىخىي نوقتىدىن ئالغاندا ئۇيغۇرلاردۇر.

# مولداۋادىكى خرىستىيان دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان تۈركىي خەلق – گاگائۇزلار

摩尔达维亚的崇拜基督教的突厥语民族 –嘎嘎乌孜人

**خوجا نىياز (ئاقسۇمائارىپ ئىنستىتوتى دوتسېنتى)**

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە مىللەتشۇناسلىق نوقتىسىدىن، گاگائۇز مىللىتىنىڭ كىملىگى، تارىخىي كېلىپ چىقىشى، ئولتۇراقلاشقان جايلىرى، نۇپۇسى، دىنىي ئېتىقادى، قىسقىچە مەدەنىيەت ئەھۋالى، سىياسىي ئورنى، تىل-يېزىغى، قاتارلىق مەسىلىلەر يورۇتۇپ بېرىلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆز** : مولداۋىيە گاگائۇز مىللىتى ھازىرقى ئەھۋالى

گاگائۇزلار قەدىمكى چاغدىكى ئۇيغۇر - ئوغۇزلارنىڭ نەسلى نەسەبىدىن بولۇپ، مىلادى 5-ئەسىرلەردە ئالتاي تاغلىرى ئەتراپى، موڭغۇلىيە ئەتراپلىرىدىن غەرپكە سۈرۈلۈپ، ئورال ۋە ئېتىل (ۋولگا) ئارقىلىق بىر قىسمى شەرقى ياۋروپاغا، يەنە بىر قىسمى قارا دېڭىز ئەتراپلىرىغا كۆچكەن. مىلادى 1000 - يىللاردا «دوبروجا» ○1دېگەن يەرگە ئولتۇراقلاشقان. 1224 - يىلى موڭغۇللار رۇسلارنى يەڭگەندىن كىيىن، گاگائۇزلار تونا دەرياسىدىن ئىككىنچى قېتىم ئۆتۈپ، سىلىستىرې ۋە ۋامادېگەن يەرگە جايلاشقان. يەنە بىر قىسىم گاگائۇزلار بولسا بالقان يولى بىلەن ئادالارا، ئانادولۇغا يەرلەشكەن. گاگائۇزلار تۈركىي تىلى(ئوغۇز تىللىرى گۇرۇپپىسىنىڭ ئوغۇز - بولغار تارماق گۇرۇپپىسى) دا سۆزلىشىدىغان ، خىرىستىيان دىنىنىڭ پىراۋوسلاۋىيە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىغان بىر خەلقتۇر .«گاگائۇز»دېگەن بۇ نام ئاتاق ھەققىدە بەزىلەر« گاگائۇز » ئەسلى «ئوغۇز» دېگەن سۆزنىڭ يەنەبىر خىل ۋارىيانتى دىسە يەنە بەزىلەر، ئۇ « كۆك ئوغۇز » دېگەن سۆزدىن كىلىپچىققان. چۈنكى گاگاۋۇز مىللىتىنىڭ چېچى سېرىق، كۆزى كۆك بولغاچقا « كۆك ئوغۇز » دەپمۇئاتالغان دەيدۇ.

گاگائۇزلار 11 - ئەسىردە بىزانىس دىنچىلىرىنىڭزورى بىلەن خرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان، 13 - ئەسىردە شىمال ۋە شەرقىتىكىبالقاندا (يۇگوسلاۋىيە، ئالبانىيە،

بۇلغارىيە، رۇمانىيە، گىرىتسىيە ۋە تۈركىيەقاتارلىق جايلاردا) ئولتۇراقلىشىپ قالغان. 13 ـ ئەسىردە تۈنجى قېتىم يەنى 1263 ـ يىلىدىن1383 ـ يىلىغىچە120 يىل مەۋجۇت بولغان مۇستەقىل گاگائۇز دۆلىتى قۇرغان، ئۇلارنىڭ بايرىقىغىزىل رەڭلىك يەرشارىنىڭ ئۈستىگە ئاق رەڭلىك بىر خۇرازنىڭ سۈرتى چۈشۈرۈلگەن بايراقبولغان.دوبرۇجادائوسمان تۈرۈك ئىمپىرىيىسى ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقىتلاردا گاگائۇزلار ئۆزىنىڭ تۈركى مىللەتبولۇشىغا قارىماي، خىرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن ئوسمان تۈرۈك ئىمپىرىيىسى ئىسلام دىنىغىلا ئەھمىيەت بېرىپ، تۈركى مىللەت بولغان گاگائوزلارغا ئەھمىيەت بەرمىگەن. 1770 ـ يىلى مولداۋىيەدە تۈنجى قېتىم چېدىر، ئورغاق دېگەن ئىككى يېزىنى قۇرۇپ چىققان. 1768 ـ يىلىدىن 1774 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تۈرك، رۇس ئۇرۇشلىرىدىن كېيىن «بۇخارىست» كېلىشىمىگە ئاساسەن تاتار مۇسۇلمانلىرى رۇسلار تەرىپىدىن بوجاك ناھىيىسىدىن قوغلانغاندىن كېيىن، پىراۋۇسلاۋىيە مەزھىپىدە بولغان گاگائۇزلار رۇسلارنىڭ تەشۋىقاتى بىلەن تاتارلار ئىلاجىسىز تاشلاپ كەتكەن بېسارابىيىگە (ئوكرائىنانىڭ بۇرۇنقى ئىسمى) 1806 ـ يىلدىن 1812 ـ يىلىغىچە كۆچۈپ كەلگەن. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دوبرۇجادىن بېسارابىيىگە، يەنە ئوكرائىنىيەگە كۆچۈپ بارغان گاگائۇزلارنىڭ سانى 200 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. 1818 ـ يىلىغا كەلگەندە چېدىرلىق گاگائۇزلار«چاتىر»، ئورغانلىق گاگائۇزلار بولسا «ئاۋدارما» دېگەن يېزىلارنى قۇرۇپ چىققان.گاگائۇزلارنىڭ بىر بۆلىكى 1990 ـ، 1910 ـ يىللىرى تۇرمۇشىنىڭ قاتتىقچىلىقىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ كېلىپ، تورغاي رايونىغا، 1925 ـ يىللىرى تاشكەنىت تەۋەسىگەجايلىشىپ قالغان. ھازىر گاگائۇزلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مولداۋىيەدىكى گاگائۇز جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە ياشايدۇ.

گاگاۋزلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 1979 ـ يىلى 193 مىڭ بولغانبولسا، ھازىر250 مىڭدىن ـ 300 مىڭغىچە ئىكەنلىكى تەخمىن قىلىنماقتا. بۇنىڭدىن باشقا ئوكرائىنىيە (قىرىمدا )، رومانىيەدە، بۇلغارىيە، گېرىتسىيە، تۈركىيە، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ۋە رۇسىيە فېدىراتسىيەدىكى قاباردىاي ـ بالقار جۇمھۇرىىتى، داغىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە 300 مىڭدىنكۆپ ساندا ياشايدۇ. 2 يەنە 1930 ـ يىلى ئىقتىسادى بۆھراندىن قېچىپ بىر بۆلەك گاگائۇزلار ئەرجاندىن بىرازىلىيەۋە كاناداغا كۆچۈپ يەرلەشكەن.ھازىر مولداۋا جۇمھۇرىيىتىدە تۈركى تىلدا گەپلىشىدىغانلار 550 مىڭ كىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 350 مىڭى تاتارچە،200 مىڭ كىشى گاگائۇزچە گەپلىشىدۇ. بۇلار «بېسارابىيە گاگا ئۇزلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ،رومانىيەدە 320 مىڭ كىشى تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان بولۇپ، ئۇلار دوبرۇجادا

ياشايدۇ، بۇنىڭ 20 مىڭى گاگائۇزچە گەپلىشىدۇ. 3○ ئوكرائىنىيەدە 500 مىڭ كىشى تۈركى تىلدا گەپلىشىدىغان بولۇپ،بۇلار ئىسمايىل ۋىلايىتىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، بۇلاردىن 460 مىڭ كىشى تاتارچە،40 مىڭ كىشى گاگائۇزچە گەپلىشىدۇ. 4 گاگائۇز ئوكرائىنىيەدىكى ئودىسا ،زاپوروجيە ياشايدۇ .بۇلغارىيەدە تۈرك (تۈركىيە تۈركلىرى) ۋە گاگائۇزلاربولۇپ 1 مىليۇن 72 مىڭ كىشى (1984 - يىلى) تۈركى تىلدا گەپلىشىدۇ5○ ـ2004 يىلىدىكى مەلۇماتقا 1 مىليۇن 200 مىڭ كىشى تۈركى تىلدا گەپلىشىدۇ دېيىلگەن 6○ باشقا مەنبەلەردە هازىر بۇلغارىيەدە 3 مىليۇندىن ئارتۇق تۈركى خەلقلەر ياشايدۇ. بۇ بۇلغارىيە نوپۇسىنىڭ 30% تىنى تەشكىل قىلىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن . 7○ گىرېتسىيەدە تۈركىيە تۈركلىرى ۋە گاگائۇزلار تۈرۈكلىرىدىن بولۇپ تەخمىنەن 800 مىڭ كىشى (1984 ـ يىلى ) تۈركى تىلدا گەپلىشىدۇ 8○.گاگائۇزلار تارىختا شانلىق ئىزلارنى قالدۇرغان مىللەت ۔ بۇ هەقتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتاقلىق تارىخ تەتقىقاتچى ئالىمى گومۇلىيۇ «كۆك تۈركلەر» ناملىق ئەسىرىنىڭ «كۆك ئوغۇز» قىسمىدا مەخسۇس توختالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل خانلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ كۈرەش تارىخى بايان قىلىپ كۆرسىتىلگەن. كېيىنكى تەرەققىيات جەريانىدا، گاگائۇزلار تۈرلۈك سەۋەپلەرگە كۆرەبىر دۆلەت بولۇپ ئۇيۇشالماي سىياسىي هەم تېررىتورىيە (تۇپراق) جەهەتتىن بىر قانچەگۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئوسمان تۈرك ئىمپىرىيىسى دەۋرىدە مولداۋىيە ئوسمان تۈرك ئىمپىرىيىسى تەۋەلىكىدە بولۇپ كەلگەن. 1912 - يىلى تۈركىيە تەۋەلىكىدىكى مولداۋىيەرۇسىيە تەرىپىدىن بېسىپ ئېلىنغان. 1919 - يىلى رومانىيەگە بۆلۈپ بېرىلگەن، 1940 ـيىلى 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى رومانىيەدىن ئېلىۋېلىنىپ، 1940 - يىلى 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنمولداۋا سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمهۇرىيىتى بولۇپ قۇرۇلغان.

1980 ـ يىللىرىدىكى دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىش «هەر مىللەت ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش، هەر مىللەت ئۆزلىرىگە ماس كېلىدىغان تەرەققىيات يولىنى ئۆزلىرى تاللاش» ئېقىمى ـ شۇئارى تۈرۈتكىسىدە مولداۋا جۇمهۇرىيىتىدىكى گاگائۇزلار ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ئۈچۈن هەركەتلىنىشكە باشلىغان. 1987 - يىلى «گاگائۇز خەلقى ئۇيۇشايلى» ئاتلىق خەلق هەرىكىتىنى باشلىغان. 1989 - يىلى 5 - ئايدا دەسلەپكى خەلق يىغىنى ئېچىلغان، يىغىندا: گاگائۇزخەلق هەرىكىتى جەنۇبى مولداۋىيەدىكى كومرات شەهرىنى ئۆزلىرىگە باش مەركىزىي شەهەر ـ باش كەنىت قىلىپ بەلگىلەش. مولداۋا جۇمهۇرىيىتى تۇپراق پۈتۈنلىكى ئىچىدە گاگائۇز ئاپتونوم سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمهۇرىيىتىنى قۇرۇش، ئاساسىي قانۇن تۈزغۈزۈش، مولداۋاغا قاراشلىق بىر رەهبەرلىك (باشقارما)ئورگىنى قۇرۇپ

چىقىش قاتارلىق مەسىلىلەر ماقۇللانغان.

گاگائۇزلار 1990 ـ يىلى 21 ـ ئاۋغۇست كۈنى چوڭ يىغىنىدا گاگائۇز ئاپتونوم سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى جەنۇبتىكى گاگائۇزلار ئەڭ كۆپ ياشايدىغان كومرات شەھرىدە ئېلان قىلغان. بۇ مولداۋائالىي سوۋېت تەرىپىدىن رەت قىلىنغان، 1990 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى گاگائۇز خەلقىئىتتىپاقى يەنە چوڭ يىغىن ئۆتكۈزۈپ گاگائۇز جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش چوڭ سايلىمىنى ئۆتكۈزگەن.بۇ مولداۋا مىللەتچىلىرى ۋە رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ قارشىلىقى ۋە قورشاۋىدا قالغان بولسىمۇ قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىپ، گاگائۇز خەلق قۇرۇلتىيىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان.1990 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى كومرات شەھرىدە يېڭى بىر گاگائۇز ئالىي سوۋېتقۇرۇپ چىقىلغان، سېتىپان توپال مىنىستىر قىلىپ سايلانغان. 1991 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ27 ـ كۈنى مولداۋىيە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل دۆلەت بولغانلىقىنى جاكارلىغان . شۇنىڭدىن كېيىن 1994 ـ يىلى 23 ـ دېكابىر مولداۋا جۇمھۇرىيىتى قارار ماقۇللاپ، گاگائۇز ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىرەسمىي ئېتىراپ قىلغان ھەمدە گاگائۇزىيە ـ گاگائۇزىستاننىڭ مەخسۇس ھوقۇقى، ھوقۇق دائىرىسى قاتارلىقلار قانۇن قىلىپ چىقىرىلغان. قانۇنغا كۆرە، گاگائۇزلارغا مولداۋا ئاساسىي قانۇنىغا تەسىر كۆرسەتمەسلىك شەرتى بىلەن تۇرلۇك شەھەرلەردە قانۇنچىقىرىش ھوقۇقى بېرىلگەن. ئۇنىڭدا : گاگائۇزىيە ـ گاگائۇزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالىي رەھبىرى باش مىنىستىرى بولىدۇ. گاگائۇزىيەنىڭ ھەممە باشلىقلىرى رەئىسكە (باش مىنىستىرگە) قاراشلىق بولىدۇ. گاگائۇزىيەنىڭ رەسمى تىلى گاگائۇز تىلى، مولداۋاتىلى، رۇس تىلى بولىدۇ دېيىلگەن. گاگائۇز خەلقى مەدەنىيەت، بىلىم، ئۇقۇل (ئوقۇتۇش ـمائارىپ)، ئىقتىساد (مال ـمۈلۈك)، پۇل ـمالىيە، ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇش، شەھەرلىك ھۆكۈمەتخىزمەتلىرى، سەھىيە، تەنتەربىيە، مۇھىت قاتارلىق ساھەلەردە مولداۋىيە ئانا قانۇنىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئاساسىدا قانۇن ـ پەرمان ئېلان قىلغان. 9○.

گاگائۇزىيەنىڭ يەر كۆلىمى831. 1 كوۋادىرات كىلومېتىر بولۇپ، 2000 ـ يىلىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا نوپۇسى200 مىڭدىن كۆپ. باش كەنتى ـ مەركىزىكومرات، قوشنىلىرى شىمالدا ئۇكرائىنا، غەرىپتە رومانىيە، جەنۇبىي غەربىدە بۇلغارىستانبىلەن چېگىرلىنىدۇ.

ئاساسلىق شەھەرلىرى: كومرات، چادىر، لونگا، ۋۇلكانشتىدۇر.

تىل يېزىق جەھەتتە: گاگائۇزلار ئۇزاقتارىخى شارائىتتا، تۇرلىك سەۋەپلەرگە كۆرە ئوسمان تۇركچىسى، ئەرەپچە، پارىسچە سۆزلەرنىئازراق، يۇنان، بۇلغار، رومان، مولداۋا ۋە

رۇسلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تىللىرىدىن كۆپرەك سۆز، ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغان. بۈگۈنكى گاگائۇز تۈركچىسى ئەدەبىي تىلدا كۆپ ساندا سلاۋيان ئەسلى سۆزلىرى بولماقتا.

گاگائۇزلار ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە ئوسمان تۈركچىسىدىكى ئېلىپبەنى، ئوسمان تۈركچىسىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن زامان رۇس ئېلىپبەسى بىلەن يېزىلغان كىتاپلارنى ئوقۇغان. ھەرقايسى شارائىتلاردا رۇمچە، بۇلغارچە،رۇسچە ۋە رومانچە ئۆگۈنۈش ۋە بۇ تىللارنىڭ ئېلىپبەلىرىنى قوللۇنۇشقا مەجبۇربولغان . 1918 ـ يىلىدىن 1932 ـ يىلىغا قەدەر رۇس ئېلىپبەسىنى، 1932 ـ يىلىدىن1957 ـ يىلىغا قەدەر لاتىن ئېلىپبەسىنى قوللانغان. 1957 ـ يىلىغا قەدەر گاگائۇزلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئېلىپبەسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، 1957 ـ يىلىدا مولداۋا سوۋېتسوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى ئالىي سوۋېتى قارار چىقىرىپ، رۇس ئېلىپبەسىدىكى بىر قانچە ھەرىپلەرنى ئاساسقىلىپ، رۇس گاگائۇز ئېلىپبەسىنى ياراتقان. 1957 ـ يىلىدىن 1996 ـ يىلىغا قەدەر تەكراررۇس ئېلىپبەسىنى، 1996 ـ يىلىدىن كېيىن لاتىن ئېلىپبەسىنى قوللۇنۇشقا باشلىغان. گاگائۇز تۈركچىسى مورفولوگىيە، فونتىكا ۋە سىنتاكسىس قاتارلىق تەرەپلەردەسىلاۋيان تەسىرىگە ئۇچرىغان. گاگائۇز تۈركلىرىنىڭ ئىككى دىيالىكتى بار، بىرسى مەركىزى دىيالىكتى ـ كومرات ۋە چادىر دىيالىكتى، يەنە بىرى جەنۇپ ـ ۋولكانىش دىيالىكتىدۇر.قانۇنلارغا كۆرە «گاگائۇز يېرى» (گاگائۇز ئاپتونۇم جۇمھۇرىيتى)نىڭ رەسمى تىلى «گاگائۇزچە، رۇسچە، رومانچە» دەپ بەلگىلەنگەن. ھەرھالدا گاگائۇزلار«ئاپتونۇم جۇمھۇرىيەت» نامىدا كېتىۋاتقاچقا، ئانا تىللىرىنى قوللىنىش ئىمكانىيتى تۇغۇلغان.گاگائۇزلار بىرقانچە دۆلەت ياكى رايونلاردا بۆلۈنۈپ ياشىغانلىقى ( بىر دۆلەت بولۇپ ئۇيۇشالمىغانلىقى) ئۈچۈن بىر ـ بىرىدىن پەرىقلىق ئېلىپبەلەر قوللىنىش زورلىقىدا (بىسىم ئاستىدا ) قالغان بولسىمۇ گاگائۇزلار ياشىغان دۆلەت ياكى رايون ئېلىپبەسى بويىچە گاگائۇز تۈركچىسىچە كىتاپلار نەشىر قىلغان. بېسارابىيىدە گاگائۇزلارنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى مىخائىل چاكىر گاگائۇزلار ھەققىدە نۇرغۇن كىتاپلار يازغان.گاگائۇز ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئۇ بۈيۈك رول ئوينىغان. چۈنكى مىخائىل چاكىرئەڭ دەسلەپ 1904 ـ يىلىدا گاگائۇز تۈركچىسى بىلەن ئىككى گېزىت چىقارغان ۋە بۇتىلنىڭ گاگائۇز ئەدەبى تىل ھالىغا كېلىش ئۈچۈن ئوت ياققان. 1934 ـ يىلىدا گاگائۇز تۈركچىسى بىلەن «بېسارابىيەلىك گاگائۇزلارنىڭ تارىخى» ئاتلىق كىتاپ چىقارغان،بۇكىتاپ بىر گاگائۇز تەرىپىدىن يېزىلغان دەسلەپكى «گاگائۇز تارىخى» دۇر. يەنە مىخائىلچاكىر 1939 ـ يىلىدا «گاگائۇزچە، رومانچە

سۆزلۈك» نى نەشر قىلدۇرغان ۋە «ئىنجىل» نى ئانا تىلى ـ گاگائۇزچىغا تەرجىمە قىلغان. 1957 ـ يىلىدىن كۈنىمىزگە قەدەر گاگائۇزتۇركچىسى بىلەن 25 ـ 30 پارچە ئەدەبى ئەسەر نەشر قىلدۇرغان○10. ئوقۇتۇش تەربىيە جەھەتتە:

1986 ـ يىلىدىن بۇرۇن بىپسىم ئىبغىر بولغاچقا گاگائۇزتىلى ۋە مەەنىيتىنى قوللايدىغانلار ئاز بولغان، گاگائۇزلار رۇسچە ئوقۇل (مەكتەپ)لاردا ئوقۇشقا زورلانغاچقا ئۇلار ئىككى تىللىق بولغــان. موســكىۋادا ياشــايدىغان مىللەتلەرئىچىــدە رۇســچىنى ئىككىنچــى تىــل قىلىــپ قوللىنىــدىغانلار ئارىســىدا ئەڭ يــۇقىرى ئورۇنــدا تۇرىــدىغانگورۇپ گاگــائۇزلار بولــۇپ، گاگائۇزلارنىڭ % 74 تى رۇسچە ئوقۇغان.1986 ـ يىلىدىن باشلاپ يېزىقلىرى (رۇس گاگائۇز ئېلىپپەسى)ئەسلىگە كەلتۇرۇپ، نەشرىيات ئورۇنلىرى قۇرۇلۇپ، كۈنىگە 15 مىنۇتلۇق رادىئو ئاڭلىتىشباشلانغان. 1991 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى مولداۋىيە مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن1994 ـ يىلــى گاگــائۇزلار «گاگــائۇز يېــرى» (جەنــۇبى شــەرقىي مولــداۋىيە) دە مولداۋئاساســي قانۇنىغــا ئاساســەن مولــداۋا تــۇپراق پۈتۈنلىكىــدە تــۇرۇش ئاساســىدا «گاگائۇزىستان» نى قۇرۇپ چىققان. ئوقۇللار(مەكتەپلەر) دە 1996 ـ يىللاردىن باشلاپ لاتىن ئېلىپپەسى قوللىنىشقا باشلاپ گاگائۇزچە گېزىتلاردىن«گاگائۇز ئاۋازى» ۋە «ئانا سۆزى»ناملىق گېزىتلەر چىقىرىلىشقا باشلىغان. يەنە« سابا يىلتىزى» ئــاتلىق ژورنــال (دەرگى) چىقىرىلىشقا باشلىغان. گېزىتلەرنىڭ سەرلەۋھەسىگە ئانا سۆزى بىلەن « ئوغۇزلار ياشىسۇن» دېگەن سۆزى يېزىلغان. ھازىر مولداۋادىكى گاگائۇزلاردىن تۆرلى ئىلىم ساھەسى بويىچە كۆپلىگەن ئالىملار يېتىشىپ چىققان. كومرات ئۇنىۋېرسىتىدا چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلارمۇ كېلىپ ئوقۇيدۇ، گاگــائۇز تىلىنــى ئۆگىنىــدۇ. باشــقۇرۇش جەھەتــتە: گاگــائۇز يېــرى ـ گاگائۇزىستاننىڭ ئەڭ يۇقىرى باشقۇرغۇچى رەھبىرى ـ باش مىنىستىر دەپ ئاتىلىدۇ.

گاگائۇزىيە قانۇنىنىڭ 6 ـ ماددىسىغا كۆرە پۈتۈن گاگائۇزىيە تەۋەسىدىكى يەر ئاستى ۋەيەر ئۈستى بايلىقلىرى ـ مۈلۈكلىرى گاگائۇزىيىگە تەۋە دەپ كۆرسىتىلگەن. گاگائۇزىيەنىڭ مولداۋا جۇمھۇرىيىتى بايرىقى يېنىدا بۆرى بېشى چۈشۈرۈلگەن كۆك بايرىقى لەپىلدەپ تۇرىدۇ.

ئۇلار تارىختىكى كۆك تۈرك ۋە ئورخۇن ئۇيغۇرخانلىقىنىڭ بايرىقىنى ئۆزىنىڭبايرىقى قىلىپ بېكىتكەن. سەۋەبى تارىختا تۈركى قەۋملەر بۆرىنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەسسىموۋلى دەپ قاراپ كەلگەن. «ئوغۇزنامە» داستانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمان خاقانىبولغان ئوغۇزخان «كۆك بۆرە بولسۇن بىزگە ئۇران» دېگەن. شۇڭا ھازىر گاگائۇزلار بۆرەبېشى چۈشۈرۈلگەن كۆك بايراقنى تۈرك قەۋملەرنىڭ مۇقەددەس سىموۋلى دەپ تونۇيدۇ.

ھېيىت ـ بايرام ئۆرۈپ ـ ئادەت جەھەتتە: گاگائۇزلار 1054 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقادقىلغان بولسىمۇ كېيىنچە خىرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلغان.

خىرىستىيان دىنى قائىدىسى بويىنچە مىيىتنى ئۇزۇتىدۇ، ئەمما يەنىلا ئۇيغۇر ،تاتار قاتارلىق تۈركى خەلقلەرگە ئوخشاش ئادەتلىرىنى ساقلاپ قالغان .1990 ـ يىللاردىن بۇيان ئۇلارباشقا تۈركى خەلىقلەر قاتارىدا تۇرۇش ئۇچۇن ئەسلىگە قايتىپ، ئاتا ـ بوۋىلىرى ئېتىقادقىلغان ئىسلام دىنىغا كىرگەنلەر كۆپىييىپ بارماقتا. گەرچە كۆپچىلىكى خىرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلسىمۇ لېكىن يەنىلا ھەج ـ تاۋاپ قىلىش، قۇربانلىق قىلىش ئۇلارنىڭ ئەن ـ ئەنىۋى ئادىتىدۇر.

گاگائۇزلار قارىماققا تىپىك مۇسۇلمانغا ئوخشايدۇ. ئاغزىدىن « ئاللاھ، پەيغەمبەر، جەننەت، جەھەننەم، گۇناھ» دېگەن سۆزلەر چۈشمەيدۇ. ئەمما ئۇلار مۇسۇلمان ئەمەس، بۇسۆزلەر ئۇلارغا ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن ئادەت قالغان ئىكەن. ئۇلار ھەر يىلى ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان ئادەت بويىچە تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ مۇقەددەس سىمووۋلى بولغان بۆرىنى خاتىرلەپ بۆرە بايرىمى ئۆتكۈزىدۇ.بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن كۆك بايراقنى تۈرك قەۋمىلىرىنىڭ مۇقەددەس سىموۋلى دەپ قاراپ،تۈرلۈك شەكىلدىك خاتىرلەش، تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ.

1994 ـ يىلى 8 ـ ئايدا مولداۋىيەدە 1 ـ قېتىملىق «خەلقئارا گاگائۇز تۈركلىرى مەدەنىيتى» ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن. يىغىن مەزگىلىدە يەنە « گاگائۇز تىلى بايرىمى» بولغان، «ئۈزۈمچىلىك» بىلەن نام چىقارغان گاگائۇزلار «ئۈزۈم» دېگەن مەيدان ئوتتۇرسىغا گاگائۇزلارنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى مېخائىل چاكىرنىڭ ھەيكىلى ئورنىتىلغان بولۇپ، ھەيكەلنىڭ ئاستىغا چاكىرنىڭ «ئۇمۇتۇۋار بول، گاگائۇز مەدەنىيتى تەرەققىي قىلدۇ» ، «ۋەتىنىم، ئانا تىلىم ـ ھاياتىم مېنىڭ » دېگەن سۆزلىرى يېزىلغان. ئۆرۈپ ـ ئادەتلىرى، ئۆي ياساشلىرى تۈركى خەلقلەرگە ئوخشايدۇ، ئۆي تۇتۇشلىرى، ئۆي بېزەكلىرى ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ، ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىگە كىرگەندەك ھېس قىلىسىز، سۇپۇنىڭ ئۈستىگە تاماق ئۈستىلى قويۇشلىرى، نان، قايماق، قېتىق،قاتلىمىلار بىلەن چاي ئىچىشلىرى خۇددى بىز ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ. بېشىغاياغلىق چىگىشلىرى، بويىنىغا مارجان ئېسىشلىرى، تاملىرىغا گېلەم ئېسىشلىرى، رىشلىيە پەردىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ئۇلار ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىزلاردەك ئاتنى بەك ياخشى كۆرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى بىلەن گاگائۇز تىلىنىڭ ئوخشاشلىقى جەھەتتە: گەرچە ئۇيغۇرلار بىلەن گاگائۇزلارنىڭ ئارىلىقى خېلىلايىراق، ئايرىلىپ تۇرغان ۋاقتى ناھايتى ئۇزۇن بولسىمۇ لېكىن

نەسلى، نەسەبىدىن قەدىمدەبىر خەلق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلى بىلەن گاگائۇز تىلىدا ئوخشاشلىقلا ئىگە سۆزلەرخېلى كۆپ. ئۇيغۇرلار تۈركىيە تۈركلىرىگە قارىغاندا گاگائۇز تۈركلىرى بىلەن بىمالالسۆزلىشەلەيدۇ. ئاي، كۈن ۋە دۆلەت ناملىرىنى بىز ئۇيغۇرلاردەك ئاتايدۇ، بەزى سۆزلىرىئۇيغۇرچە سۆز بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش. مەسىلەن: بوران، جۇۋاپ، مەخسۇس، كۆز، چەينەك،ئەجەل، هال (هالرەڭ)، هالۋا، دوست، مالاي، مايىل، نامىز، سىمىز (تۈركىيە تۈركلىرى بولسا سېمىز سوزىنى هايۋانلىرىغا ئىشلىتىدۇ)،توي،جانابىڭىز، ئۈزۈك، يىراق، زال،زىندان، زۇلۇم، قارا كۆز، قاراقاش، قىرقى نەزىر، قالاق، شان ـشەرەپ، تالانت، قىز، ئېشەك،بۇغداي، سۇ، ئۆلۈش، يىقىلىش، سۇپۇر، يېمەكلىك، بۆيۈك، سىير، ئالتۇن، كەتمەك قاتارلىقلار 110.

ئادەم ئىسىملىرىدا دىلبەر، ئابدۇللا، ئارۇپ، قەمبەر، قاسىم، نەزەر، ئوسمان،سالامەت، سۇلتان، ئايگۈل، ئايدىن، گۈلپاتىمە، زۇمرەت، هەيدەر قاتارلىق ئىسىملىرى بار بۇ جەھەتتىمۇ ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشاشلىقى بار. گاگائۇزلار ئاتاقلىق تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى (قەشقەرى)نى تۈرك مىللىتىدىن چىققان ئالىم ئۇ بىز گاگائۇزلارنىڭمۇ ئالىمى ۋە پەخرى دەپ قاراپ ناهايىتى يۇقىرى هۆرمەت بىلدۈرىدۇ. «تۈركى تىللار دىۋانى»نى بىزنىڭ قەدىمكى زامان تۈرك تىلىمىزنى ئۈرخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىن كېيىن ساقلاپ قالغان، تۈركى قەۋىم ۋە ئۇلارنىڭ هايات شان ـ شەرىپىنى يوروتۇپ تۇرىدىغان يېگانە ئەسەر دەپ بەكمۇ قەدىرلەيدۇ. ئۇلار مەھمۇد كاشغەرىگە بولغان هۆرمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن مولداۋىيەنىڭ كومرات شەهرىدىكى كومرات ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر زالىغا «مەھمۇد كاشغەرى» زالى دەپنام بېرىپ، ئۇلۇغ ئۇيغۇر تىلشۇناسى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ سۈرئىتىنى ئاسقان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۈرلۈك پائالىيەت يىغىلىشلىرىنى شۇ جايدا ئۆتكۈزىدۇ.

ئىقتىساد، تېرىم،چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك جەھەتتە: كىرىمنىڭ % 40تى دېگۈدەك سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن كېلىدۇ.گاگائۇزلار تېرىم (دېھقانچىلىق) باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، گىلەمچىلىكقاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شوغۇللىنىدۇ. يىلىغا 400 مىڭ توننا ئۈزۈم ئىشلەپ چىقىرىدۇ،12 ئۈزۈم پىششقلاش زاۋۇتى، بىر دانە گۆش پىششقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، ئىككى دانە ياغزاۋۇتى، بىر دانە تاماكا (تۈتۈن) زاۋۇتى، ئىككى دانە گېلەم توقۇش فابرىكىسى قاتارلىقلار بار. ئۈزۈم هارىقى ئىشلەپ چىقىرىشتا دۇنيادا داڭلىق بولغان گاگائۇزلار ئۈزۈم يېتىشتۈرۈشتىن باشقا يەنە دانلىق زىرائەت، پۇرچاق ۋە سەۋزە تېرىيدۇ، مېۋە ـ چىۋەيېتىشتۈرىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت جەھەتتە: ھەرخىل سەھنە ئەسەرلىرى،ناخشىلىرى، چۆچەكلىرى، رىۋايەتلىرى ۋە داڭلىق ھېكايىلىرى بار.

## ئىزاھاتلار:


○1«دوبرۇجا» ـدېگەن بۇ جاي قارا دېڭىز ئەتىراپىدىكى ئەكىرەنە ناھىيىسىدىن تونا دەرياسىنىڭ تورتۇكا ناھىيىسىگىچە بولغان ئارىلىق بىلەن تونا دەرياسىنىڭ قارا دېڭىز قويۇلىدىغان جايلار ئەتىراپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. « دوبرۇجا» دېگەن بۇ نام قارا دېڭىز ئەتىراپىداياشىغان ئوغۇز تۈركلىرى بېگىنىڭ نامىدىن كەلگەن. (2) ○7 «تۈركلەر ھەققىدە ئومۇمىي مەلۇمات» 2001 ـ يىلى ئەنقەرە تۈركچە نەشرى،482 ـ ۋە 506 ـ بەتكە قاراڭ.

○3○4○5 يېلىماز ئۆز تۇنا (تۈركيە): «دۆلەتلەر ۋە خانىدانلار» 4 ـ جىلت، ياۋرۇپا دۆلەتلىرى قىسمى، 1991 ـ يىلى ئەنقەرە تۈركچە نەشرى 72 ـ،230 ـ،37 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

○6 « بۇلغارىستاندا ياشاۋاتقان تۈركلەر»2004 ـ يىلى تۈركچە تۈر نۇسقىسى.

○8 « يۇنانىستاندا ياشاۋاتقان تۈركلەر»2004 ـ يىلى تۈركچە تور بېتى ۋە ○2ئىزاھات يۇقىرىقى ئەسەر 26 ـ بەتكە قاراڭ.

○9«گاگائۇز جۇمھۇرىيىتى» 2003 ـ يىلىتۈركچە تور بېتىگە قاراڭ.

○10 « گاگائۇز يېرى» 2004 ـ يىلى تۈركچە تور بېتىگە قاراڭ.

○11 « بۇلاق» ژورنىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،ئۇيغۇرچە، 2004 ـ يىللىق 2 ـ سان 112 ـ بەتكە ۋە.ن. ئا. باسكاكوۋ:«تۈركى تىللار » ،1986 ـ يىلى، بېيجىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى، 250 ـ، 251 ـ بەتلەرگە قاراڭ.


摩尔多瓦的崇拜基督教的突厥语民族　-嘎嘎乌孜人


阿克苏教育学院 胡加尼孜

新疆

# باي نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا

خوجا نىياز يوللۇق تېكىن

«باي» ـ ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى باي ناھىيىسىنىڭ نامى، شۇنداقلا قۇمۇلنىڭ ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدىمۇ «باي يېزىسى» دەپ ئاتىلىدىغان يەر بار.

باي ناھىيىسى ـ ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان، شەرق تەرىپى كۇچا ناھىيىسى بىلەن، شىمال تەرەپتە تەڭرى تېغى ئارقىلىق تېكەس، مۇڭغۇلكۈرە ناھىيىلىرى بىلەن، غەرپ تەرىپى مۇز ئارت دەرياسى ئارقىلىق ئونسۇ ناھىيىسى بىلەن، جەنۇپ تەرىپى چۆلتاغ ئارقىلىق توقسۇناھىيىسى بىلەن ،شەرىق شىمال تەرىپى خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ باينبۇلاق يايلىقى بىلەن چېگىرلىنىدۇ.

باي باھىيىسىنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 184كىلومېتىر ،جەنۇبتىن شىمالغا بولغان كەڭلىكى 105 كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر مەيدانى 19مىڭ كۋادرات كىلومېتىركېلىدۇ، 1995 ـ يىلدىكى نوپۇس تەكشۈرۈش ئوچۇقلىمىسىغا ئاساسلانغاندا ئومۇمىي نوپۇسى 179 مىڭ 905نەپەردىن ئارتۇق،بۇنىڭ ئىچىدەئازسانلىق مىللەتلەر 150مىڭ 200نەپەردىن كۆپرەك بولۇپ،ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %92ىنى ئىگىلەيدۇ.

باي ناھىيىسى قەدىمكى دەۋىردە غەربىي يۇرتتىكى 36بەگلىكنىڭ بىرى بولغان كۆسەن بەگلىكىنىڭ تەۋەسىدىكى زېمىن ئىدى. «تارىخىي خاتىرىلەر» ۋە «خەننامە» دىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا ،مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 176 ـ يىلى ھۇن تەڭرىقۇتى باتۇر(مودۇن)نىڭ خەن سۇلالىسى پادىشاھى خەن ۋېندىغا يازغان خېتىدە،ھونلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى 36بەگلىكىنى ھۆكۈمرانلىق ئاستىغا ئالغانلىقى خاتىرىلەنگەن.بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا،قەدىمكى باي تەۋەسى كۆسەن بەگلىكى تەركىبىدە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 176 ـ يىلى ھۇن تەڭرىقۇتلۇقى تەركىبىگە كىرگەن. [1] بۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن ھۇن قەبىلە،قوۋۇملىرى غەربىي يۇرتتا جۇملىدىن كۇچا،باي تەۋەسىدە يەرلىك كىشلەر بىلەن بىرگە پائالىيەت ئېلىپ بارغان .

كۇسەن بەگلىكى ھەققىدە،«خاننامە.غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە:«كۇسەن بەگلىكىنىڭ مەركىزىي شەھىرى ـ يام،ئاھالىسى 6970تۈتۈن ، جان سانى 81مىڭ 317كىشى، ئەسكەرلىككە يارايدىغىنى21 مىڭ 76 نەپەر،... مېتال قۇيمىچىلىقىنى بىلىدۇ، قوغۇشۇن

چىقىرىدۇ» [2]دېيىلگەن.«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخىي»دا :«كۇچانىڭ شىمالىدىكى تاغقا جايلاشقان، كۆمۈر كانلىرىدا ھەممىشە (كېچە ـكۈندۈز)ئوت چاقناپ يېنىپ تۇراتتى،خەلق شۇ كۆمۈر بىلەن پولات تاۋلاپ قورال سايمان ياسايتتى ۋە ھەر قايسى جايلارغا ئاپىرىپ ساتاتتى» [3] دېيىلگەن.شيانەيىنىڭ «جۇڭگودىن تېپىلغان ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىگە ئائىت كۈمۈش پۇللار ھەققىدە بايان»ناملىق ماقالىسىدە؛«كۇسەن بەگلىكىنىڭ سودا ـ سېتىقى شۇنداق تەرەققىي قىلىپ جانلانغانكى ،قوشنا ئەل خەلقلىرىمۇ بۇ يەرگە كېلىپ سودا ـ سېتىق قىلغان. تۇرپان، خوتەن، كۇچا، ئۇلۇغچات قاتارلىق جايلاردىن ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىگە مەنسۇپ نۇرغۇم كۈمۈش پۇللار،ۋىزانتىيىگە مەنسۇپ بىر قىسىم ئالتۇن پۇللار(تىللا) تېپىلدى،[4]دەپ يېزىلغان.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 176 ـ يىلدىن مىلادىيە583 ـ يىلغىچە بولغان ئارلىقتا غەربىي يۇرتتا ، جۈملىدىن كۇچا،باي تەۋەسىدە ھۇنلار،ھۇنلارنىڭ تارمىقى بولغان كۆەيخۇ، ياپبانلار، ئېفتالىت (ئاق ھۇن)ۋە توخرى(ياۋچىلار)،جۇرجان (ئاۋارلار) ،قاڭقىل(قەدىمكى ئۇيغۇرلار)...قەبىلە،قوۋۇملار پائالىيەت ئېلىپ بارغان.

مىلادىيە4 ـ ،5 ـئەسىرلەردە يەنە كۆپلىگەن تۈرك، ئۇيغۇر قەبىلە،قوۋۇملىرە غەربىي يۇرتتا پائالىيەت ئېلىپ بارغان.بۇھەقتە«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخي.تېلىلار ھەققىدە قىسسە»دە:«قۇمۇلنىڭ غەربىي،كىنگىت(قارا شەھەر)نىڭ شىمالىي ۋە ئاقتاغ(تەڭرىتاغ) ئېتەكلىرىدە چۆبە،بۇلاغ،دېسۇباناغ(بۇنام كېيىن - دولانگىت،تۆلەنغۇ دەپمۇ ئاتالغان)،ئوغۇز (ئۇيغۇر)،خاككاس،ئىكدىر، يۇنغۇ قاتارلىق قوۋملەربولۇپ،20مىڭ لەشكىرى بار؛ئالتاي تېغىنىڭ غەربىي جەنۇبىداسىر ـ تاردۇش، دېلىر،زاباندىر،داچى قاتارلىق قوۋۇملار بولۇپ،بىر تۈمەندىن ئارتۇق لەشكىرى بار»دېيىلگەن.

«ۋېينامە» دىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىيە 487 ـ يىلى 8 ـئايدا مۇڭغۇل چۆللۈكىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قاڭقىل دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلارنىڭ بورىكلى (副伏罗) قەبىلىسىنىڭ يول باشچىسى ئاي ئۇجرۇ (阿伏至罗) ئاۋارخانى تۇلۇنخانىڭ شىمالىي ۋېي (توبا) خانلىقى (مىلادىيە 386 ـ 534 ـ يىللىرى)غاھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىغا قاتنىششىنى خالىماي ئېسيان كۆتۈرۈپ ،بىر نەۋرە ئىنىسى چوگچى(كۈنچى)بىلەن بىرلىكتە مۇڭغۇل دالاسىدىكى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ 12 ئۇرۇقىدىن 100نەچچە مىڭ تۈتۈن500مىڭ كىشى (بەزىماتىرىياللاردا 12مىڭ تۈتۈن 600مىڭ كىشى دەپمۇ كۆرسىتىلگەن)نى باشلاپ، ماناس، ئۈرۈمچى،بېشبالىق،تەڭرىخان تاغ (بوغدا) ئەتراپلىرىغا ماكانلاشقان ۋە ئارقىدىن قوغلاپ كەلگەن ئاۋارخانى تۇلۇنخاننىڭ نۇرغۇن قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ ،ئۈرۈمچى

ئەتراپىدا«ئېگىز هارۋىلىقلار خانلىقى»( 高车王国 دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر خانلىقى)نى قۇرۇپ چىققان.بۇ خانلىق487-يىلىدىن 546-يىلىغىچە مەۋجۇت بولۇپ، ئاي ئۇجرۇ خانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىنى ساقلاشقا، ئىنىسى چوگچى قارا شەھەردە تۇرۇپ خانلىقنىڭ غەربىي جەنۇپ تەرىپىنى ساقلاشقا مەسئۇل بولغان.

تارىخي خاتىرىلەردە ئېفتالىتلار «قاڭقىلارنىڭ بىر تۈرى»دېيىلەن،دېمەك ئۇلارمۇ تۈركىي تىللىق مىللەت بولۇپ،ئەسلىدە(غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇن) ئالتايتاغلىرى ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.[5]

دېمەك،مىلادىيە 200-يىلىدىن 552-يىلىغىچەغەربىي يۇرتتىكى ئاساسىي يۈزلىنىش-مىللەتلەر ئارىسىدىكى بىر قېتىملىق تەبىئىي چوڭ قوشۇلۇشقا ۋە مەلۇم دەرىجىدىكى ئاسمىلاتسىيىلىنىشقا سەۋەپ بولدى. غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ بۇ مەزگىلدە قوشۇلۇشى ۋە ئاسمىلاتسىيىلىنىشى ئېنىق تىللىنىش(ئۇيغۇرلىشىش)تۈسىنى ئالغان.بۇدەۋردە تىلى (ئۇيغۇرلار)غا يېقىن كېلىدىغان قانداش،تىلداش ۋەئۆرۈپ-ئادەتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولغان مىللەتلەر ،مەسلەن:هۇن، جۇرجان،ياپبان، كۇەيخۇ، ئېفتالىتلار ئاساسىي جەھەتتىن تىلىلار (ئۇيغۇرلار)غاسىڭىپ(قوشۇلۇپ) كەتكەن.شۇنداقلا ،سوغدى،ئۇيسۇن، توخرى ۋە قىسمەن خەنزۇلارمۇ پەيدىنپەي تىلىلار (ئۇيغۇرلار)غا ئاسمىلاتسىيە بولۇپ كەتكەن.[6]

كۆك تۈرك خانلىقى دەۋرىدە (مىلادىيە552-745- يىللىرى)دە، كۇچانىڭ شىمالىدىكى يۇلتۇز ۋادىسى،غەربىي تۈركلەرنىڭ ئوردىسىئىدى.شۇ چاغدا غەربىي يۇرتتىكى كۇچا،باي ئەتراپلىرىدا غەربىي تۈركلەرنىڭ كۆپلىگەنقەبىلىلىرى پائالىيەت ئېلىپ بارغان.«كۆمۈر قېزىپ، پولات تاۋلاپ،هەر خىل ئەسۋاپ،ئۇرۇشقورالللىرىنى ياساش بىلەن داڭ چىقارغان تۈركلەر» ،غەربىي يۇرتنىڭ ئىجتىمائىيئىگىلىكىنىڭ گۈللىنىشى ۋە سودا-سانائىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن زور تۆهپىلەرنىقوشقان.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى(مىلادىيە 605-يىلىدىن 846-يىلىغىچە )دە ئادالەت قۇچقان قاغان(保义可汗) غەربىي يۇرتقا قاراتقان هۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بېشبالىق (جىمسار) دا 10مىڭ كىشىلىكئاتلىق قوشۇن،كۇچادا 10مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن ،بارسغان ۋە بالاساغۇندا 20مىڭكىشىلىك ئاتلىق قوشۇن تۇرغۇزغان. [7] بۇهال،شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپلەپ غەربىييۇرتتىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرى ئارىسغا كۆچۈپ كېلىپ، غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇرقېرىنداشلىرىنىڭ كۈچىيىشى ئۈچۈن ئاساس سالغان.

840-يىلى شەرقىي ئۇيغۇر خانلىقى (ئورخۇنئۇيغۇر خانلىقى )گۇمران بولۇپ، ئۇيغۇر

قەبىلىلىرى غەربىتىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىئارىسىغا كۆچۈپ كەلدى ۋە ناھايىتى تېز قەد كۆتۈرۈپ ،848 ـ يىلى پان تېكىنباشچىلىقىدىكى قوچۇ(ئىدىقۇت)ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادىيە 848 ـ 1335 ـ يىللىرى)نى قۇردى .866 ـ يىلغا كەلگەندە بۇقا تېكىنباشچىلىقىدىكى تىبەتلەرنى تارىم ۋادىسىدىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقاردى .شۇچاغدا،كۇچا،باي تەۋەسى قۇچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە زېمىن ئىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ،بۇ زېمىندائاساسلىقى ئۇيغۇرلاردىن باشقا يەنە، چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە (مىلادىيە1225 ـ1514 ـ يىللىرى )مۇڭغۇللار ،چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مانجۇ،خەنزۇ، خۇيزۇ،قىرغىزقاتارلىق مىللەتلەر شىنجاڭغا كۆچۈپ كېلىپ پائالىيەت ئېلىپ باردى.

1882 ـ يىلى باي ناھىيىسى تەسىس قىلىنىپ، ئۇنسۇبىۋاستە قاراشلىق ئايمىقى بولدى.شۇ چاغدا باي ناھىيىسىدە 8618تۈتۈن،47639نوپۇس بارئىدى.

ئۇنداق بولسا باي ناھىيىسى تارىختاقايسى مىللەت تىلىدا قانداق ناملار بىلەن ئاتالغان؟

ھازىرغىچە باي ناھىيىسىنىڭ قەدىمكىدەۋردە نېمە دەپ ئاتالغانلىقى توغرىسىدا قولىمىزدا ئېنىق ئىسپاتلىغۇدەك تارىخىي ماتېرىيال يوق.پەقەت تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن گۇدەن (مىلادىيە 785 ـ 805 ـ يىللار)نىڭ«ئەتراپتىكى يات قوۋۇملارنىڭ جۇڭگوغا كىرىش مۇساپىسى» دېگەن خاتىرىسىدە ؛«ئەنشى(كۇچا)دىن چىقىپ غەربكە ماڭغاندا ئاقئات دەرياسى (كۇچادىن 60 چاقىرىم يىراقلىقتا )دىن ئۆتىمىز، ئۇنىڭدىن غەربكە 180چاقىرىم ماڭغاندا جۈپىلوچى( ـ قىزىل؟)غا بارىمىز ، ئاندىن ئاچچىق قۇدۇقتىن ئۆتۈپ 120چاقىرىمماڭغاندا جۈپىلوچېك ( ـ سايرام؟)غا بارىمىز ،ئۇ يەردىن60 چاقىرىم يول ماڭغاندا ئاشىيەنچېك ( ـباي؟) غابارىمىز، ئۇ يەردىن، 600 چاقىرىم يول ماڭغاندا بارخانبالىق ( ـقەدىمكى قۇم ئاقسۇ بەگلىكى)غا بارىمىز. بۇ،ۋېيرۇڭ قەلئەسى دەپ ئاتىلىدۇ»[8]دەپ كۆرسىتىلگەن.

بۇ يەردە،«باي بازىرى»(بايبالىق ؟)دېگەن يەر نامى خەنزۇچە «ئاشىيەنچېك» () دەپ يېزىلغان. بۇ نام غەربىي تۈركلەرنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا ئولتۇراقلاشقان بەش نۇشۇبىي قەبىلىسى ـ ئاشقىل(ياكى، بەزىدە ئىسكىل ياكى ئاسكىل دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ) قەبىلىسىنىڭ نامى ياكىئاشىيان، ئىشيان() قەبىلىسىنىڭ نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

ئۇنداقتا، «باي»دېگەن يەر نامى قايسى ۋاقىتتىن باشلاپ قوللىنىلغان؟ئۇنىڭمەنىسى بىلدۈردۇ؟ بۇھەقتىكى قاراشلار ھەر خىل.

1. قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى بىلگەن پالتاخۇن ئەۋلاخۇن بىرلىكتە يازغان «شىنجاڭ يەر نامىلىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى» ناملىق كىتابىتا،«باي (باي)نامى ـ بۇلاق سۇلىرى مول،

يەرلىرى مۇنبەت دېگەن مەنىنى بىلدۈردۇ»دەپ قارالغان.[9]

2.يەنە بەزىلەر :«<باي>نامى موڭغۇل تىلىدىكى <بايان غول >،< بايىن خۇشۇت >، <بايىنبۇلاق> دېگەن سۆزگە يېقىن كېلىدۇ. شۇڭا<باي> دېگەن يەر نامى موڭغۇل تىلىدىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك »دەپ قارايدۇ.

بىزنىڭچە، بىرىنچى خىل قاراش ، يۈزەكى بولۇپ قالغان ، ئۇنداق ئىزاھلاش توغرا بولمىسا كېرەك.

ئۇيغۇرتىلىدا «باي »سۆزى _ «بۇلاق »، «سۇلىرى مول » ، «يەرلىرى مۇنبەت » دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ . ئىككىنچى قاراشتىكى «باي » نامى موڭغۇل تىلىدىن كېلىپ چىققان ،دېگەن قىياسى كۆز قاراشىنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسىي يوق. كېيىنكى ئىپتىمىزكى، «باي »نامى موڭغۇل تىلىدىكى «بايانغول»، «بايىنبۇلاق»، «بايىن خۇشۇت» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەردىن كېلىپ چىققان ئەمەس . چۈنكى ، تارىخىمىزغا نەزەر سالساق ، چىڭگىزخان باشچىلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى (تەركىبىدە ئۇيغۇر ،تۈرك،تاتار قاتارلىق قەبىلەرمۇ بارئىدى) 1216 ـ يىلى غەربكە قاراقىتان خانى كۈچلۈكنى يوقىتىش ئۈچۈن ئاتلانغاندا، دەسلەپكى موڭغۇللار ئاقسۇ تەۋەسىگە كەلگەن. 1225 ـ يىلىدىن 1514 ـ يىلىغىچە چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدەيەنە بىر قىسىم موڭغۇللار غەربىي يۇرت تەۋەسىگە كەلگەن . ئەمما ، چاغاتايخانلىقى دەۋرى ـموڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ـيېزىقى ، ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش دەۋرى ، شۇنداقلا دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ ئىسلام دىنىنى قوبۇلقىلىپ ئاستا ـ ئاستا ئۇيغۇرلىشىش دەۋرى بولغان . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ موڭغۇللار شۇچاغدا سان جەھەتتىن يەرلىك خەلق ئۇيغۇرلاردىن ئاز بولۇپ ، بىر قىسىم ئەمەلدارلارئاز ساندىكى لەشكەرلەرلا موڭغۇل ئىدى .

شۇڭلاشقا ،تارىخ نۇقتىسىدىن ئالغاندا،موڭغۇللار بۇ جەنۇبىي ئۇيغۇر زېمىنىغا يېتىپ كېلىشتىن خېلى بۇرۇنلا ، باي تەۋەلىكى_«باي يىغاچ »دېگەن نام بىلەن ئاتالغان .شۇڭا ئۆتمۈش تارىخىمىزنى ئوبدان ئۆگەنمەيتۇرۇپ ، يەكۈنلىك بىلەن «باي »نامى موڭغۇل تىلىدىن كېلىپ چىققان دېيىشىمىزنىڭئىلمىي ئاساسى يوق . چۈنكى ئۇيغۇر قاراخانىيلار سۇلالىسى (مىلادى 850 ـ يىلىدىن مىلادى1212 ـ يىلىغىچە) دەۋرىدە يەنى مىلادى 11 ـئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇرخەلقىنىڭ مەشھۇر ئالىمى ، تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»ناملىق ئەسىرىدەناھايىتى ئېنىق قىلىپ :«باي . باي يىغاچ _ كۈچا بىلەن ئۇچ(uch) ئارىسىدا، ئۇچقا يېقىن بىر يەرنىڭئېتى »[10]دەپ كۆرسەتكەن . دېمەك ، مەھمۇد كاشغەرى ياشىغان دەۋردە «باي »ياكى «بايىيغاچ »دېگەن يەر نامى ئاللىقاچان بارئىدى . كېيىنكى

ۋاقىتلارغا كەلگەندە ،«يىغاچ »(ياغاچ )سۆزى چۈشۈپ قېلىپ، «باي »دەپ ئاتىلىدىغان بولغان.

دېمەك، «باي»دېگەن يەر نامى ساپ ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ ،«بايلىقى كۆپ ، يەر بايلىقى مول، بايلىققا تولغان، باشايات زېمىن »دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

باي تارىخىغانەزەر سالساق، 2000يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، بۇ زېمىندىن كۆمۈر، تۆمۈر، ئالتۇن، مىس، قوغۇشۇن، تۇز، مانگان، كالىي چىرىمتالى، فىتور شپاتى، سۇرمە، هاك تېشى، ياقۇت، قاشتېشى، سىگىر تاش قاتارلىقلارچىققان. ئۇنىڭدىن باشقا، نېفىت زاپىسىمۇ خېلى مول، ياغلىق دان ۋە چارۋا ماللىرىمۇكۆپ. دېمەك، «باي »ھەقىقەتەن ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق بايلىققا تولغان زېمىندۇر.

## [ئىزاھاتلار]:

[1] «قەدىمكى كۇسەن بەگلىكى تارىخى» ،شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1992 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى،13 ـ بەت.

[2] بەنگۇ:«خەننامە،غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»96 ـ جىلد،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى،917 ـ بەت.

[3]«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»1 ـ قىسىم،ئۇيغۇرچە نەشرى،118 ـ بەت.

[4]شىيانەي:«جۇڭگودىن تېپىلغان ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىگە ئائىت كۈمۈش پۇللارھەققىدە بايان» ، «ئارخېئولوگىيە خەۋەرلىرى»ژورنىلى1947 ـ يىلللىق1 ـ سان .

[5]چېيەن بوچۈەن:«ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋەئەجداتلىرىنىڭ غەربكە كۆچۈشى» ،«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»ژورنىلى1996 ـيىلللىق4 ـسان 62 ـبەت.

[6] «شىنجاڭ يەرلىك تارىخى» .2001 ـ يىل ئۇيغۇرچەنەشرى،94 ـ بەت.

[7] چېيەن بوچۈەن «شىنجاڭ مىللەتلەر تارىخى» ،1989 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى،223 ـ بەت.

[8]«يېڭى تاڭنامە.جۇغراپىيە تەزكىرىسى» ،2 ـكىتاپ، جۇڭخۇا كىتاپچىلىق ئىدارىسى خەنزۇچەنەشرى، 1149 ـ بەت.«جۇڭگو ئىسلام تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» ،نىڭشيا خەلق نەشرىياتى 1982 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى،4 ـ بەت.

[9]قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى،پالتاخۇن ئەۋلاخۇن: «شىنجاڭ يەر ناملىرىنىڭ

ئېتنولوگىيىسى» ،شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001 ـ يىلى يىل ئۇيغۇرچە نەشرى،23 ـ بەت.
[10] مەھمۇد كاشغەرى:«تۈركى تىللار دىۋانى» ،3 ـ توم شىنجاڭخەلق نەشرىياتى1984 ـ يىلى يىل ئۇيغۇرچە نەشرى،216 ـ بەت.

ئاپتۇر:ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنىستىتوتى دوتسىنتى.

«باي دېگەن يەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى» ،«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئىلمىي ژورنىلى 2004 ـ يىللىق 1 ـ سانغا قاراڭ.

# يۈەن دەۋرىدىكى ئاتاغلىق ئۇيغۇر دېڭىز قوشۇنلىرى قوماندانى،دېڭىز قاتناش ئالىمى ۋە دىپلومات ـئەل يىغمىش

元代著名维吾尔族航海家,海事将军,外交家亦黑迷失

**ئاساسىي مەزمۇنى:** ئەل يىغمىش يۈەن سۇلالىسى دەۋرى(مىلادى 1271 ـ 1368) دە ياشىغان ئاتاغلىق ئۇيغۇر دېڭىز قاتناش ئالىمى. بۇ ئەسەردە ئەل يىغمىشنىڭ هايات پائالىيىتى تونۇشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ مىلادى 1272 ـ يىلىدىن باشلاپ قۇبلاينىڭ پەرمانىغا ئاساسەن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ كېمە ئەترىتىنى باشلاپ جەنۇبىي دېڭىزغا تۆنجى، تۆت قېتىم يىراق دېڭىز سەپەرى قىلغانلىقى: بىر مۇنچە دۆلەت ۋە رايۇنلارغا يەنى سىرىلانكا، ماۋرىيە ( ھىندىستاننىڭ شەرقىي جەنۇبىدا)، ھىندىچىنى، ھىندىنوزىيە ۋە ئەڭ ئاخىرىدا فىلىفىن تاقىم ئارىلىدىكى مالابار دۆلىتى قاتارلىقلارغا ئەلچىلىككە بارغانلىقى: ئۇ دۆلەت بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ،سودائالاقە ئورناتقانلىقى . دېڭىزسەپىرى، تاشقى ئالاقە، ھەربىي ئىشلار قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەردە بىلىمنى نامايەن قىلغان ئىقتىساس ئىگىسى، يىراق دېڭىز سەپىرى قىلىشتا، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ۋە دۇنيا دېڭىز قاتناش تارىخدا يېڭى بەت ئاچقۇچى، ئىكەنلىكىدەك تەرەپلەر يورۇتۇپ بېرىلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** يۈەن دەۋرى ئۇيغۇرلار ئەلىيغمىش دېڭىز قاتنىشى

موڭغۇل يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئىچىدىن نۇرغۇن مەشھۇر شەخسىلەر تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ ،ھەرقايسى ساھەلەر بويىنچە يۈەن سۇلالىسى هاكىميىتىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان، موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە تەرەپ ـ تەرەپكە ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى مۇسۇلمان دۆلەتلىرى، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي جۇڭگودىكى خانلىقلارنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرىغا قاتنىشىپ زور تۆھپە كۆرسەتكەن. يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار موڭغۇل يۈەن مەركىزى ھاكىمىيتى ئوردۇسىدا ئۇستاز ۋە تەدبىركار ۋەزىر بولغان. ئەنە شۇ قاتاردىكىلەرنىڭ بىرى يۈەن دەۋرىدىكى ئاتاغلىق ئۇيغۇر دېڭىز قوشۇنلىرى

قوماندانى، دېڭىز قاتناش ئالىمى ۋە دېپلومات ـ ئەلىيغەمشىدۇر .

كىشىلەر جۇڭگونىڭ قەدىمقى زامان دېڭىز قاتنىشى تارىخى ئۈستىدە توختالغاندا، ئالدى بىلەن مىڭ سۇلالىسى دەۋرى(1368 ـ 1644)دە ئۆتكەن غەربىي ئوكيانغا يەتتە قېتىم دېڭىزقاتنىش ئېلىپ بارغان(مىلادى 1405 ـ 1433)دېڭىزچى جېڭ خې*نى ئەسكە ئېلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، يۈەن سۇلالىسى دەۋرى(مىلادى 1271 ـ 1368)دە ياشىغان ئۇيغۇر دېڭىزچىسى ـ ئەلىيغەمىش ئۇنىڭدىن 130 نەچچە يىل بۇرۇن يەنى مىلادى 1272 ـ يىلىدىن باشلاپ ھىندى ئوكيانغا تۆت قېتىم سەپەر قىلىپ زور ئاتاق قازانغان①. ئەل يىغمىشنىڭ غەربىي ئوكيانغا دېڭىز سەپىرى ياۋرۇپالىق دىياسنىڭ يىراققا سەپىرىدىن 214 يىل بۇرۇن، پورتىگالىيىلىك داگاما دېڭىز سەپىرىدىن 225يىل بۇرۇن بولغان. دىياس پورتىگالىيەلىك بولۇپ، 1486 ـ يىلى ئافرىقىنىڭ غەربىي دېڭىز قىرغاقلىرىنى بويلاپ، جەنۇپتىكى ئۈمىت تۇمشۇقىغا كەلگەن. داگاما 1497 ـ يىلى ئافرىقىدىكى ئۈمىت تۇمشىقىنى ئايلىنىپ، شەرقىي ئافرىقا قىرغاقلىرى بىلەن ھىندى ئوكيانغا كەلگەن. ئەل يىغمىش ئۇلارغا قارىغاندا، دېڭىز سەپىرى، تاشقى ئالاقە، ھەربىي ئىشلارقاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەردە بىلىمنى نامايەن قىلغان ئىقتىساس ئىگىسى، يىراق دېڭىز سەپىرى قىلىشتا، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ۋە دۇنيا دېڭىز قاتناش تارىخىدا يېڭى بەت ئاچقۇچى.ئۇنداقتا ئەلىيغەمىش دېگەن كىم؟

## 1. ئەلىيغەمىشنىڭ كىملىكى

تارىخىي يازما مەلۇماتلار تاش ئابىدىلەر، ئالىملارنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەكشۈرۈش، تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانغاندا، يىغمىش ئەل ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولۇپ، قاچان تۇغۇلغانلىقى ھەم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كىملىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق، ئەمما ئۇنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلغان، كۆپنى كۆرگەن، كۆپ تىل بىلگەن ،ھەر تەرەپلىمە بىلىمگە ئىگە ئىقتىدارلىق كىشى ئىكەنلىكى ئۇچۇقلاشماقتا. ② ئۇ 1265 ـ يىلى قۇبلايخان ئوردىسىغا قوغدىغۇچى بولۇپ قۇبۇللانغان.كۆپ ئۆتمەي ئۇ ئۆزىنىڭ ھەر جەھەتتىكى بىلىم ـ ئىقتىدارى بىلەن ئوردۇدا تونۇلۇپ، قۇبلايخاننىڭ يېقىنى، ھەربىي، سىياسىي ئىشلاردىكى مەسلىھەتچىسى قاتارىغا ئۆتكەن.

## 2. ئەل يىغمىشنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا ئەلچى بولۇپ بېرىشى.

قۇبلايخان مىلادى 1272 ـ يىلدىن باشلاپ، شەرقىي جەنۇبىي ۋە جەنۇبىي ئاسىيا مەملىكەتلىرىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ سىياسى، ھەربىي، ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرىغا دائىر مەلۇماتلارنى توپلاشقا كىرىشىپ، ئۇلارنى بويسۇندۇرۇشقا تەييارلىق قىلغان③. قۇبلايخاننىڭ ئەل يىغمىشنى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا (ھىندىچىنىدىكى دۆلەتلەر ۋە ھىندىستان)، ھىندونېزىيەلەرگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىشتىكى مەخسىدى، شۇ دۆلەتلەر توغرىسىدا تەپسىلى مەلۇماتقا ئىگە بولۇش، پۇرسەت بولسا بويسۇندۇرۇش، ئاجايىپ ـ غارايىپ نەرسىلەرگە ئىگە بولۇشقا تەييارلىق قىلىش ئىدى. ئەنە شۇ مەخسەتتە 1272 ـ يىلى ئەل يىغمىش قۇبلاينىڭ پەرمانىغا ئاساسەن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ كېمە ئەترىتىنى باشلاپ جەنۇبىي دېڭىزغا تۇنجى قېتىم سەپەر قىلغان، ئۇ بۇ قېتىمقى دېڭىز سەپىرىدە جەنۇبىي دېڭىزدىكى بىر مۇنچە دۆلەت ۋە رايونلارغا يەنى سىرىلانكا، ماۋرىيە( ھىندىستاننىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) ، ھىندىچىنى، ھىندونېزىيە ۋە ئەڭ ئاخىرىدا فىلىپپىن تاقىم ئاراللىرىدىكى مالابار دۆلىتى ئارقىلىق ئىككى يىلدېڭىز سەپىرى قىلىپ چۈئەنجۇ پورتىغا قايتىپ كەلگەن. مىلادى 1275 ـ يىلى ئۇ كېمە ئەترىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، يەنە بىر قېتىم فىلىپپىن تاقىم ئاراللىرىدىكى مالابار دۆلىتى قاتارلىقلارغا ئەلچىلىككە بارغان. ئۇ دۆلەت بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتقان. قايتاشىدا ئۇ چەتئەل ئەلچىلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ داڭلىق دۇرا ـ دەرمەكلىرىنى ئېلىپ، يۈەن سۇلالىسىنى زىيارەت قىلىش، چۈشۈنۈش، ئالاقە باغلاش ئۈچۈن يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىغا كەلگەن.

قۇبلايخان1279 ـ يىلى جەنۇبىي سوڭ سۇلالىسىنى يوقاتقان ۋاقىتتا ،ئىران ئىگىزلىكىدە ھېلاكۇمۇ ئىككى دەريا ۋادىسى بىلەن پۈتكۈل ئىران ئىگىزلىكىنى بويسۇندۇرۇپ بولغان، ھىندىچىنى يېرىم ئارىلى بىلەن ھىندىستان يېرىم ئارىلىدىن باشقا، پۈتكۈل ئاسىيا قۇرۇغلۇقىنىڭ ھەممىسى چىڭگىزخان ئەۋلاتلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى زېمىنغا ئايلانغان ئىدى، شۇڭا جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى يوقاتقاندىن كېيىن، شەرقتە ـ ياپونىيەگە، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا ـ ھىندونېزىيە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىشنى پىلانغا ئالغان.

«قۇبلايخان ئەلىيغمىشنى ئىككى قېتىم دېڭىز كېزىپ چەتئەللەرگە بارغانلىقى، دېڭىز ئەللىرى توغرىسىدىكى بىلىمىنىڭ موللۇقىنى ئاساس قىلىپ، ئۇنى ھەربىي ئىشلار ۋازارىتىنىڭ ئوتتۇرانچى ۋازىرلىقىغا تەيىنلىگەن، شۇنىڭ بىلەن ئەل يىغمىش يۈەن ئوردىسىنىڭ باش ھەربىي ئورگىنىنىڭ رەھبەرلىك تەركىبىگە كىرگەن. تۆت يىلدىن كېيىن، ئۇ خۇبېي، خۇنەن، جەنچېڭ (بۈگۈنكى ۋېتنامنىڭ ئوتتۇرا قىسمى) مۇۋاققەت ۋەزىر مەھكىمىسىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلىنىپ جەنچېڭ رايونىدىكى ئىشلارغا مەسئۇل

قىلىنغان.» ④

مىلادى 1280 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا قۇبلايخان يۈەن سۇلالىسىنىڭ 165مىڭ كىشىدىن تەشكىللەنگەن سۇ قوشۇنىنى، چۈەنچۇ (فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ چۈەنجيۇ شەھرى ) دىن يولغا چىقىپ، كورىيە ئارقىلىق ياپونىيەگە يۈرۈش قىلغان. بىراق تەيفىڭ بورىنىغا ئۇچراپ تامامەن يوق بولغان.

1283 ـ يىلى قۇبلاي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، دېڭىز ـئوكيانغا يۈرۈش قىلغۇچى سۇ قوشۇنىنى بارلىققاكەلتۈرگەن. بۇ ساھەدە ئەل يىغمىش ئىقتىدارىنى نامايەن قىلىپ، ئەل ئىچىدە ئاتاغلاردىن بولۇپ قالغان.

3. ئەلىيغمىشنىڭ ھىندى ئوكيانغا سەپەر قىلىشى.

1284 ـ يىلى ئەل يىغمىش دىنىي ۋەزىپە نامىدا دېڭىز قوشۇنىنى باشلاپ، ھىندىچىنى يېرىم ئارىلىدىكى ھازىرقى ۋېتنام، كامبودژا، مالايشىيا، بىرما قاتارلىق ئەللەر ئارقىلىق ھىندى ئوكيانغا كىرىپ ،سىمخادىۋىرا (ھازىرقى سىرىلانكا) دۆلىتىگە يېتىپ بېرىپ، ساكيامۇنىڭ يالدامىلىرىغا سەجدە قىلغان. شۇ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ «باش مىرزا مەمۇرىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى» دېگەن ئۇنۋان بىلەن «جەنۇپنى تىنجىتقۇچى تۆرە مەھكىمىسىنىڭ ئىش باشقۇرغۇچىسى» بولۇپ تەيىنلەنگەن. ئۇ 5مىڭ دېڭىز مىلى (14مىڭ چاقىرىم ) يول مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەن.

4. يۈئەن سۇلالىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا ھەربىي يۈرۈشى ۋە ئەل يىغمىش.

1287 ـ يىلى يۈەن سۇلالىسى ئارمىيىسى جەنۇپنى تىنجىتقۇچى تۆرە توغان باش قوماندانلىقىدا دېڭىز ۋە قۇرۇغلۇق ئارقىلىق ۋېتنامنىڭ جەنۇبىدىكى كامپا شەھرىگە ھۇجۇم قىلىدۇ، ئەل يىغمىش دېڭىز ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلغان. دېڭىز ئارمىيىسى غەلبە قىلغان بولسىمۇ،قۇرۇغلۇق قوشۇنى جەڭدە مەغلۇپ بولغان. ئەلىيغمىشنىڭ پىلانلىشى بىلەن توغان ۋە ئۇنىڭ باش لاگىرى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇپ چىققان ⑤. بۇنىڭ بىلەن توغان ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، ئەل يىغمىش قۇبلاخاننىڭ بۇيرىغىغا ئاساسەن جازا ھېساۋىدا ھىندى يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ماراپپا (ھازىرقى ھىندىستاننىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمى) دۆلىتىگە ساكيامۇنىنىڭ يالدامىلىرىنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىلگەن. ئۇ كېمە توپىغا

قوماندانلىق قىلىپ، سەپەر جەريانىدا دەھشەتلىك بوران ـ چاپقۇنلارغا ئۇچراپ، كۆپ زىيارەت چەككەن بولسىمۇ، ئاخىر بىر يىل دېڭىز سەپىرى قىلىپ ئاخىرى مارابپا دۆلىتىگە يېتىپ بارغان. تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاپ، قىممەتلىك دۇرا ماتېرىياللىرى ۋە ياغاچ ماتېرىياللارنى ئېلىپ غەلىبىلىك قايتىپ كەلگەن.

ئەلىيغمىش ئون يىل داۋامىدا تۆت قېتىم يىراق دېڭىز سەپىرى قىلىپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئۆز تالانتىنى نامايەن قىلغانلىقى ئۈچۈن، قۇبلايخان ئۇنىڭغا مەرۋايىت كۆزلۈك كەمەر سوغات قىلىپ، ئەسلىدىكى ۋەزىپىسىگە قايتا تەيىنلەپ، «ئەخلاق تۆرىسى» ئۇنۋانى بىلەن جىياڭسۇ ـ ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ سول قول ئامبىلى، چۈەنجۇ ئامبىلى ۋەزىپىسىگە تەيىنلىگەن.

قۇبلاي شىمالدىكى موڭغۇل بەگلىرىنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتقان، سۇ قوشۇنلىرى تېخىمۇ مۇكەممەل قوراللانغان بىر ۋاقىتتا، ياۋا دۆلىتى ( ھىندىنوزىيە ياۋا ئارىلى ) دە 1292 ـ يىلى يۈەن ئەلچىسىنىڭ يۈزىگە خەت چېكىش، ھاقارەتلەش ۋەقەسى يۈز بەرگەن. بۇ قۇبلاينىڭ ھىندۇنېزىيە ئاراللىرىغا ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇبدان بانا بولغان. شۇ سەۋەپ بىلەن مىلادى 1293 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قۇبلاي يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى سۇ قوشۇنى تەشكىللەپ، مىڭ ھەربىي كېمە، 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇن، بىر يىل يەتكۈدەك ئۇزۇق تەييارلاپ، ئەل يىغمىش قوماندانلىقىدا، چۈەنجۇدىن يولغا چىقىپ، جەنچېڭ ئارقىلىق جەنۇبىي دېڭىزغا كىرىپ، ياۋا ئارىلى (ھىندىنوزىيە) غايۈرۈش قىلغان.

«1293 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، يۈەن قوشۇنى ياۋا ئارىلىغا چىقىپ ،ئىلگىرى ئاخىرى بۇلۇپ، نانئۇرى (سۇماترا ئارىلىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى)، سۇماترا، بۇدبۇرۇ ۋە بارا قاتارلىق ئارال دۆلەتلىرىنى بويسۇندۇرغان. لېكىن كېيىنكى كۈنلەردە يۈەن قوشۇنى يەرلىك ئاھالىلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپ، باش قۇماندان شى بى، پىيادە ئەسكەر قۇماندىسى گاۋشىڭ دەرھالچېكىنىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئەل يىغمىش بولسا قۇبلاينىڭ ماقۇللىغنى ئالغاندىن كېيىن چېكىنىش پىكرىدە چىڭ تۇرغان. ئاڭغىچە ئەھۋال قىيىنلاشقانلىقتىن قوشۇن ھىندۇنىزىيە ئاراللىرىدىن چېكىنىپ،دېڭىزدا 68 كۈن سەپەر قىلىپ،چۈەنجۇغا قايتىپ كەلگەن» ⑥

يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن گەرچە نۇرغۇنغەنىمەت ـ ئولجىلارنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن رۇخسەتسىز قايتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ باش قۇماندانى جازالىنىپ 17 دەررە ئۇرۇلغان. مۈلكىنىڭ بىر قىسمى مۇسادىر قىلىنغان، ئەل يىغمىشنىڭ بولسا مۈلكىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى مۇسادىرەقىلىنغان، دەررە ئۇرۇلمىغان.

كېيىنكى يىللاردا ئەل يىغمىش «ئىناۋەتلىك تۆرە» ،«مەمۇرىي ئىشلار مۇپەتتىشى» قاتارلىق ئۇنۋانلار بىلەن دانىشمەنلەر ھۇجرىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن. كېيىنكى ئۆمرىنى خانبالىقتا ئۆتكۈزگەن. 1312 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا «ۋۇ كىنەزلىكىنىڭ كىنىزى » دېگەن پەخرىي ئۇنۋان بېرىلگەن.

ئۇ تەخمىنەن مىلادى 1314 ـ يىلى (بەزى ماتېرىياللاردا 1320 ـ يىلى) ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئەلىيغمىشنىڭ ھايات مۇساپىسىدىن قارىغاندا، ئەل يىغمىش موڭغۇل يۈەن سۇلالىسىنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارى بولغان. «تۆت قېتىم يىراق دېڭىز سەپىرى قىلىپ، موڭغۇل يۈەن سۇلالىسىنىڭ تېنىچ ئوكيان، مالاي تاقىم ئاراللىرى، ھىندى ئوكيان رايۇنلىرىدىكى دۆلەتلەرگە ئەلچى بۇلۇپ بارغان، يۈەن سۇلالىسى بىلەن چەت ئەل دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنۇتۇش، مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەت كۆرسەتكەن.» ⑦

چەتئەللەر بىلەن سودا مۇناسىۋىتى ئورنۇتۇش، بېرىش ـ كېلىش ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرگەن. يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن ياۋا ـ ھىندونېزىيە قاتارلىق ئاراللارغا يۈرۈش قىلغاندا، سۇ قوشۇنى قوماندانى بۇلۇش سۈپىتى بىلەن، ئەمەلىي ھەركىتى ئارقىلىق (ياۋا ـ ھىندونېزىيە تىلىنى بىلەتتى) يۈەن سۇلالىسى ئۈچۈن زىمىن ئىستىللا قىلىش ئۇرۇشىدا قورالمۇ بولغان.

كېيىنكىلەر ئۈچۈن، دېڭىز سەپىرى قىلىشتا قىممەتلىك تەجرىبە توپلاپ بەرگەن. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن جېڭ خېنىڭ يىراق دېڭىز سەپىرى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەرگەن.ئۇ دېڭىز سەپىرى،تاشقى ئالاقە، ھەربىي ئىشلار قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەردە بىلىمىنى نامايەن قىلغان ئىقتىساس ئىگىسى، يىراق دېڭىز سەپىرى قىلىشتا، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ۋە دۇنيا دېڭىز قاتناش تارىخدا يېڭى بەت ئاچقۇچى.

## ئىزاھاتلار:

دېڭىزچىجېڭ خې ـ ئۇنىڭ 4 ـ ئەۋلات بوۋىسى سەمەرقەندلىك بۇلۇپ موڭغۇل ـ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدەسەمەرقەنددىن جۇڭگوغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. سەمەرقەند ۋە بۇخارا ئۇيغۇرقاراخانىيلار قاغانلىغى (مىلادى 870 ـ 1212 )نىڭ غەربىي پايتەختى بولغان شەھەر، موڭغۇل ـ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار خانبالىق (بېيجىڭ) غا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان، خىزمەت سەۋەبىدىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا خىزمەتكە

قۇيۇلغان،ئېھتىمال، جېڭ خې نىڭ ئەجدادلىرىمۇ ئۇيغۇر بولسا كېرەك؟ بۇ ھەقتە داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

王晓建;维吾尔族航海家亦黑迷失[J];中国民族;1986年09期①

② بۇ توغرىدا، لىنگەن، گاۋزىخۇ: «قەدىمقى ئۇيغۇرلار تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، ئۇيغۇرچە؛ چۈئەنجوۋ ‹ 100› مەشھۇر شېھر مەگگۇ تېشى» (《泉州《一百大寺看经碑) دا ، چوڭ چېڭ پەن ـ تېيىنكا ئىنىستىتوتى ئىلمىي ژورنىلى (ئىجتىمائىي پەن ) ،2008 ـ يىللىق 2 ـ سان , «قەشقەر پېداگوگىكا ئىلمىي ژورنىلى» ،2003 ـ يىللىق 5 ـ سانغا قاراڭ

③ ئەنۋەربايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى » ،مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى 11 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 795 ـ بەتكە قاراڭ.

④⑥ لۇ زىشياۋ: ‹ ‹ئۇيغۇر تارىخى» بىرىنچى قىسىم (1)، مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى،540 ـ بەتكە ۋە 542 ـ 543 ـ بەتكەقاراڭ

⑤«يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 131 ـ جىلد ،«ئەل يىغمىشنىڭ تەرجىمىھالى» غا قاراڭ .

⑦ لىنگەن ، گاۋزىخۇ:«قەدىمقى ئۇيغۇرلار تارىخى» ،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، ئۇيغۇرچە،409 ـ بەتكە قاراڭ.

بۇ ماقالا ‹ئاقسۇ مائارىپ ئىنىستىتوتى ئىلمىي ژورنىلى» 2015 ـ يىللىق 1 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان.

# يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر ھەربىي ئىشلار ئالىمى ـ ئارىق قايا

元朝的维吾尔人军事家阿里海牙

خوجا نىياز

(ئاقسۇ مائارىپ ئىنستىتۇتى دوتسېنتى)

胡加·尼亚孜

قىسقىچە مەزمۇنى: ئارىق قايا (Ariq Qaya) يۈەن سۇلالىسىنىڭ جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئوتتۇرا، جەنۇبىي جۇڭگو رايونلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇرۇشىدا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان ئاتاقلىق ئۇيغۇر ھەربىي ئىشلار ئالىمى. بۇ ماقالىدە ئارىق قايا باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھەربىي قوشۇننىڭ موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن بىرگە ئوتتۇرا، جەنۇبىي جۇڭگو رايونلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدىكى قەھرىمانلىق ئىش پائالىيەتلىرى، ئوينىغان رولى، تارىخىي تۆھپىلىرى يورۇتۇپ بېرىلىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆز: يۈەن سۇلالىسى، ئۇيغۇرلار، ئارىق قايا، جەنۇبىي جۇڭگو، بىرلىككە كەلتۈرۈش

摘要：阿里海牙打败了元朝的南宋朝，在祖国统一中南区大战中做出特大贡献的著名维吾尔族军事家。在这片文章中描述着阿里海牙领导的以维吾尔族为主体的军事部队与蒙古部队合作统一了中南区的英雄事迹，作用和历史贡献。

关键词：元朝、维吾尔、阿里海牙、中南部、统一

## 1. ئارىق قايانىڭ كىملىكى

موڭغـۇل يـۈەن سۇلالىسـى دەۋرىـدە ئۇيغـۇرلار ئىچىـدىن نۇرغـۇن مەشـھۇر شەخسلەر تـارىخ سەھنىسـىگە چىقىـپ، ھەرقايسـى ساھەلەر بـويىچە يـۈەن سۇلالىسـى ھـاكىمىيىتىگە ئـۆچمەس تـۆھپە قوشـقان، موڭغـۇل قوشـۇنلىرى بىـلەن بىـرلىكتە تەرەپ ـ تەرەپكە ھەربـي يـۈرۈش قىلىـپ، ئوتتـۇرا ۋە غەربـي ئاسـىيادىكى مۇسـۇلمان دۆلەتلىرى، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي جۇڭگودىكى خانلىقلارنى بويسـۇندۇرۇش ئۇرۇشـلىرىغا قاتنىشىپ زور تۆھپە كۆرسەتكەن. يەنە بىر قىسىم ئۇيغـۇرلار موڭغـۇل يـۈەن مەركىزىـي ھاكىمىيىتى ئورىدىسىدا ئۇسـتاز ۋە تەدبىركـار ۋەزىـر بولغـان. ئەنە شـۇ قاتاردىكىلەرنىـڭ بىرى ئاتاقلىق ھەربىي ئىشلار ئالىمى ـ ئارىق قايا (Ariq Qaya) دۇر.

ئـارىق قايـا (Ariq Qaya) مىـلادى 1227 ـ يىلىـدىن مىـلادى 1286 ـ يىلىغىـچە ياشىغان، يـۈەن سۇلالىسـىنىڭ جەنـۇبىي سـوڭ سۇلالىسـى (مىـلادى 1127 ـ 1279) نـى مەغلۇپ قىلىپ، ئوتتۇرا، جەنۇبىي جۇڭگو رايونلىرىنى بىـرلىككە كەلتـۈرۈش ئۇرۇشـىدا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان ئاتاغلىق ئۇيغۇر ھەربىي ئىشلار ئالىمى.

1206 ـ يىلـى پۈتـۈن موڭغـۇل قەبىلىلىرىنـى بىـرلىككە كەلتـۈرگەن چىڭگىزخـان موڭغۇللارنىڭ چوڭ قاغانى دەپ ئاتالغان. ئـۇ ئۆزىنىـڭ قېرىنداشـلىرى ۋە ئەۋلاتلىرىنـى يەر ـ زېمىنغا، بـايلىق مەرتىـۋىگە ئىـگە قىلىـش ئۈچـۈن، سىـرتقا قارىتـا كېڭەيمىچىلىـك قىلىپ، ئەتراپتىكى خوشنا ئەللەرگە قارىتا ئۇرۇش قوزغىغان①.

بۇ خىل ۋەزىيەتتە، 1209 ـ يىلى قۇچۇ ـ ئۇيغۇر قاغانلىقى (850 ـ 1369) ئىـدىقۇتى ـ بارچۇق ئارت تـېكىن ئـۆز خەلقىنـى ساقلاپ قېلىش، قـارا قىتانلارنىـڭ تەۋەلىكىـدىن قۇتۇلۇشـنى مەقسـەت قىلىـپ، ئەسـكەر تارتىـپ چىقىـپ، قـارا قىتانلارنىـڭ قۇچـۇدا تۇرۇشـلۇق نـازارەتچى ئەمەلـدارىنى ئۆلتـۈرۈپ، ۋەكىـل ئەۋەتىـپ چىڭگىزخانغـا تەۋە بولـىدىغانلىقىنى بىلـدۈرگەن. چىڭگىزخـان ئـۇرۇق بـويىچە ئاسـراندى ئوغـۇل قوبـۇل قىلىدىغان كونا قائىدە بويىچە ئۇنى «بەشىنچى ئوغـۇل» قاتارىـدا كـۆرۈپ، قىـزى ئىـل ئـالتۇن (El Altun) مەلىكىنـى بـارچۇق ئـارت تـېكىن (Barchuq Art tekin) گە خوتۇنلۇققا بەرگەن، ھەم «خان تېكىنلەر بىلەن قېرىنـداش بولـۇپ ئۆتۈشـكە بـۇيرۇپ، ئۇنىڭ ئىلىنى باشقا ئەللەردىن يۇقىرى كۆرگەن»②.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغـۇرلار ئىچىـدىكى نەچچە يـۈزلىگەن زىيالىيلار موڭغـۇل يـۇقىرى قـاتلام ئورۇنلىرىـدا ئالاھىـدە خىزمەتلەرنـى ئىشلىسـە، نەچـچە مىڭلىغـان يىگىتلەرمـۇ ئۇيغـۇر قومانـدانلار باشـچىلىقىدا، جۈملىـدىن بـارچۇق ئـارت تـېكىن

باشچىلىقىدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر لەشكەرلىرى موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن بىرگە، ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى ئەللەرنى، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي جۇڭگودىكى خانلىقلارنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرىغا قاتنىشىپ زور تۆھپە كۆرسەتكەن. چىڭگىزخان شەرقىقە قايتىپ 1227-يىلى تاڭغۇت خانلىقى ( 1038-1227) نى يوقىتىش ئۇرۇشىغا ئاتلانغان. ئۇ لەشكەر تارتىپ، لىيۇپەنشەن تاغلىق رايونىغا كەلگەندە، كېسەل بىلەن قازا قىلغان.

شۇ يىلى (1227-يىلى) ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى (850-1369) نىڭ يازلىق پايتەختى بولغان بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار) دا تېرىمچى ئۇيغۇر ھەسەن خوجا ئائىلىسىدە ئارىق قايا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ تۇغۇلغاندا قاپلىق تۇغۇلغان، بەدىنى تۈكلۈك بولغاچقا، بۇنى كۆرگەن دادىسى بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس دەپ قاراپ، ئۇنى دالاغا تاشلىۋەتمەكچى بولغان، بىراق ئاپىسى ئۇنى تاشلىۋېتىشكە قوشۇلمىغان. ئۇ كۆيۈمچان ئاپىسى دۇرجان قۇتلۇق، ئاتىسى ھەسەن خوجانىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلىشى بىلەن دەرۋەقە ناھايىتى زېرەك، ئەقىللىق، جاسارەتلىك چوڭ بولۇشقا باشلىغان③. (بۇ ھەقتە مەشھۇر تۈرك ئالىمى ب.ئۆگەلنىڭ 1967-يىلى تەييبىيدە يازغان ۋە 2002-يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان «چىڭگىزخاننىڭ تۈرك مەسلىھەتچىلىرى» دېگەن كىتابى، تۈركچە، 134-، 135-بەتلەردە، ئارىق قايا بېشبالىقتىكى ھەسەن خوجا بىلەن تۆگەن خانىمنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئائىلىسى ئىسلام دىنى ئېتىقادىغا مەنسۇپ ئىدى دەيدۇ.)



ئۇ باشلانغۇچ ساۋادىنى چىقارغاندىن باشلاپلا ئۇيغۇرچە كىتابلارنى ئوقۇشقا بەك ئامراق بولغان. ئاتىسىغا ئەگىشىپ تېرىمچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. «كېيىن، تېرىمچىلىقنى تاشلاپ، ئەر كىشى دېگەن ئاۋال ئوقۇپ، بىلىملىك بولۇشى، دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك، تېرىمچىلىق قىلىدىغانلار تېرىمچىلىق قىلسۇن، مەن ئوقۇيمەن دەپ يۇرتتىن چىقىپ كېتىپ»④، ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتى - بېشبالىقتا ئوقۇشقا چۈشكەن. ئۇ تۈرلۈك بىلىملەرنى ئىگىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شېئىرىيەت، مۇزىكا، رەسساملىق، تارىخ، تىل ۋە ھەربىي ئىشلارغا

ئائىت بىلىملەرنى ئۆگەنگەن. تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇ «بېشبالىقتا ئىلىم ئۆگىنىشكە بېرىپ، ئۇستازىنىڭ بىلىمىنى تېزلا ئۆگىنىپ بولغان. ئۇنىڭ تاغىسى شىرادەي تارخان ئەجەبلەنگەن ھالدا، ئائىلىمىزدىن مۇشۇلا چوڭ ئەمەلدار بولىدۇ دېگەن»⑤.

مۆڭكۈخان تەختتە ئولتۇرغان ئىككىنچى يىلى (1252-يىلى) ئۆگەدەيخان كىچىك خوتۇنىدىن بولغان چوڭ ئوغلى خادانىنى بېشبالىقنى ساقلاشقا ئەۋەتكەن. خادان بىلەن بىرگە كەلگەن موڭغۇل سەركەردىسى پولچىۋان ئارىق قايانىڭ خېلىلا بىلىملىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئوغلى-قوربۇقانى ئۇنىڭدىن خەت يېزىشنى، ئوقۇشنى ئۆگىنىشكە بۇيرىغان. ئەسلىدە يېزىقى بولمىغان موڭغۇللار ئۇيغۇرلاردىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ، ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئۆز باللىرىنى ساۋاتلىق قىلىشقا باشلىغان. بۇ ساھەدە ئارىق قايا ناھايىتى زور ئابروي قازانغان. كېيىنچە پولچىۋانىڭ مەنسىپى ئۆسۈپ «باش ئەمىر لەشكەر»لىككە تەيىنلىنىپ، پايتەخت (خانبالىق) قا ماڭىدىغان چاغدا ئارىق قايانمۇ بىللە ئېلىپ قايتقان ۋە قۇبلايخانغا تونۇشتۇرغان، بۇ چاغدا ئارىق قايا ئەمدىلا 30 ياشقا كىرگەن بولۇپ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئوردىدا خىزمەت قىلىشقا باشلىغان.

## 2. ھەربىي ئىشلاردىكى تالانتى ۋە ھەربىي ئىشلار سەنئىتى

1252-يىلى قۇبلاي ئۇرانغۇتاي قاتارلىق بىرقانچە قوماندانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە-ىكى زور قوشۇن بىلەن جەنۇبىي سوڭ سۇلالىسىنى قورشاپ يوقىتىش ئۇرۇشىغا ئاتلىنىپ، ھازىرقى سىچۇەن ئۆلكىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ دالى شەھەرى (ھازىرقى كۇنمىڭ) گە ھۇجۇم قىلغان. مىلادى 1254-يىلى شىزاڭغا باستۇرۇپ كىرىپ ئۇنى ئىگىلىگەن. مۆڭكۈ قاغان بۇ ئۇرۇشقا بەك كۆڭۈل بۆلگەن، (يەنى بۇ ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى، موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ پۈتۈن جۇڭگو زېمىنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى بۇ ئىمپېرىيەنىڭ ھايات ۋە ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى)، شۇڭلاشقا، بۇ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى كۈچلۈك قوماندان ۋە قوشۇنلارنى ئەۋەتكەن. بۇ قوماندانلارنىڭ ئىچىدە تۆلىشگەن (Tölishgen)، تىكەچى تامغا ئايغۇجى (Tikechi tamgha ayghuji) قاتارلىق مەشھۇر ئۇيغۇر قوماندانلىرىمۇ بار ئىدى⑥. بۇ قوماندانلارنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ھەر دائىم

ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇش قىلاتتى، تۇسالغۇلارنى تازىلايتتى. مىلادى 1258 ـ يىلى مۆڭكە قاغان جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىگە پۈتۈن سەپ بويىچە قوشۇننى ئۈچ يولغا بۆلۈپ ھۇجۇم باشلىدى. ئۆزى ۋە ئەدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىننىڭ ئوغلى مامۇل تېكىن (Mamul tekin) ھەم يۈگرۈنچ قايا (yügrunch qaya)، ئېسەن (Esen)، بارىسقۇت تامغا ئايغۇچى (Barisqut tamgha ayghuji) قاتارلىق ئۇيغۇر قوماندانلىرى يېتەكچىلىكىدىكى ئوڭ يول قوشۇن لىيۇپەنشەن (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى گۇيۈەن ناھىيەسى) رايونىنى كېسىپ ئۆتۈپ، خېچۇۋ قەلئەسى (ھازىرقى سىچۇەن ئۆلكىسى خېچۇەن ناھىيەسى) گە ھۇجۇم قىلغان؛ ئوتتۇرا يول قوشۇنلىرى، قۇبلايخان ۋە ئارىق قايا (Ariq qaya) قاتارلىق ئۇيغۇر قوماندانلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى ئېجوۋ (ھازىرقى خۇبېي ئۆلكىسى ۋۇچاڭ شەھىرى) غا ھۇجۇم قىلدى؛ سول يول قوشۇنلىرى ئۇرانغۇتاي قوماندانلىقىدا، چاڭجياڭ دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، بىۋاستە تەنجۇۋ (ھازىرقى خۇنەن ئۆلكىسى چاڭشا شەھىرى) گە ھۇجۇم قىلدى، بۇ قوشۇنلار ئىچىدىمۇ بىرمۇنچە ئۇيغۇر ئاتلىق سەرۋازلار بار ئىدى.

مىلادى 1259 ـ يىلى قۇبلاي چوڭ قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ خۇەيخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، داشېڭگۇەن (ھازىرقى خېنەننىڭ لۇشەنشەن ناھىيەسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى) نى ئىشغال قىلىپ، چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلماقچى بولۇپ تەييارلىق كۆرۈۋاتقاندا، مىلادى 1259 ـ يىلى مۆڭكە قاغاننىڭ جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى (1127 ـ 1279) قوشۇنلىرى بىلەن بولغان جەڭدە (سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ خېچۇۋدىكى دياۋيۈشەن تېغىدىكى بىر ئۇرۇشتا)، غايىپ ئوق تېگىپ قازا قىلغانلىق خەۋىرى كېلىدۇ، قۇبلاي ئالدىراپ جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى بىلەن سۈلھى تۈزۈپ ئۇرۇشنى ۋاقتىنچە توختىتىدۇ.

شۇ يىلى (1259 ـ يىلى) 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قۇبلايخان تاڭ ئېتىش بىلەنلا قوشۇننى دەريادىن ئۆتۈشكە بۇيرۇيدۇ، دەريادىن ئۆتۈش ئالدىدا قۇبلايخان بىر يولۋاسنى كۆرۈپ قېلىپ، ئوقيا بىلەن ئاتىدۇ، يارىلىنىپ ئەسەبىيلەشكەن يولۋاس قۇبلايخانغا قاراپ ئېتىلىپ كېلىدۇ، بۇ ھايات ـ ماماتلىق پەيتتە ئارىق قايا باتۇرلۇق بىلەن ئېتىلىپ كېلىپ، يولۋاس بىلەن ئېلىشىدۇ ۋە يولۋاسنى نەيزە بىلەن ئۆلتۈرۈپ، قۇبلايىنى يولۋاس ئاغزىدىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ.

قۇبلاي قوشۇنلىرى دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ مۇھىم شەھەرى بولغان ئېجوۋ (ھازىرقى خۇبېي ئۆلكىسى ۋۇخەن شەھىرىنىڭ ۋۇچاڭ ئايمىقى) نى قورشاۋغا ئالىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا ئارىق قايا قاتتىق قەھرىمانلىق

كۆرسىتىپ، قورشاۋ ئىچىگە باتۇرلۇق بىلەن باستۇرۇپ كىرىپ، لەشكەرلەرگە ئۈلگە بولىدۇ، ھەممە بىر نەپەر دۈشمەن سەركەردىسىنى ئەسىر ئالىدۇ، ئۇرۇش داۋامىدا، بىر تال ئوقنىڭ بوينىنى يېرىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بايقايدۇ. ئۇرۇش ئاياقلاشقاندا، قۇبلاي ئارىق قايانىڭ جەڭدە كۆرسەتكەن باتۇرلۇقى ئۈچۈن، قوشۇن ئالدىدا 50 سەر كۈمۈش بىلەن مۇكاپاتلاپ، جەڭدە كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقى، باتۇرلۇقى ئۈچۈن «سانغۇن»لۇققا تەيىنلەيدۇ.

### 3. ئارىق قاياغا بېرىلگەن مەنسەپ ـ ئۇنۋانلار



مۆڭكۈخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مىلادى 1260 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قۇبلايخان كەيپىڭدە خانلىق تەختتە ئولتۇرىدۇ. ئارىق قايا ئۇنىڭ يېنىدا ئوردا مەسلىھەتچىلىرى قاتارىدا ئورۇن ئالىدۇ. مىلادى 1262يىلى «دىۋان بېگى» بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. 1264 ـ يىلى مەھكىمە سىياسىتىنى بەلگىلەشكە يارلىق چۈشۈرۈش، ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ئوردىدىكى بارلىق ئەمەلدارلارنى نازارەت قىلىش مەنسىپىگە تەيىنلەيدۇ. 1265 ـ يىلى ئارىق قايا يەنە «خۇاڭ خىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنىڭ ۋاقىتلىق دىۋان بېگى» بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. 1266 ـ يىلى قۇبلايخان ئارىق قايانى «تەپتىش ئەمەلدارى» قىلىپ تەيىنلەپ، ئۆزى بىۋاسىتە ئەسكەر يۆتكەش ھوقۇقىنى بېرىدۇ ھەمدە قوشۇمچە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى ئالتە ئۆلكىنىڭ ھەربىي ئەمەلدار (قوماندان)لىققا تەيىنلەيدۇ. 1267 ـ يىلى دۆلەت پەرمانلىرىنى ئېلان قىلىشقا مەسئۇل جارچى بەگلىككە تەيىنلىنىدۇ.

### 4. ئارىق قايانىڭ جەنۇبىي جۇڭگو رايونلىرىنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىدىكى ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرلىرى

مىلادى 1268 ـ يىلى يۈەن سۇلالىسى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى يوقىتىش پىلانىنى تۈزىدۇ. لېكىن جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ مۇھىم شەھەرى ـ شياڭياڭنىڭ مۇداپىئەسى پۇختا، ئوزۇق ـ تۈلۈكى يېتەرلىك،

مەشھۇر سانغۇن لۇۋېنخۇەن باشچىلىقىدا خىل قوشۇن قوغداۋاتقان بولغاچقا، يۇەن قوشۇنى بەش يىل تىركەشكەن بولسىمۇ ئالالمىغان ئىدى. بۇنىداق ئەھۋالدا «قۇبلاي ئارىق قايا ۋە ئەمىر لەشكەر ليۇ جېڭدىن شياڭياڭنى قانداق ئېلىشنى سورىغاندا، ليۇ جېڭ ئاۋۋال شياڭياڭغا ھۇجۇم قىلىش، ئاندىن خەنشۈي دەرياسى ئارقىلىق چاڭ جياڭغا كىرىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا جەنۇبىي سوڭ سۇلالىسى زېمىنىنى ئىشغال قىلغىلى بولىدۇ» دېگەن پىلاننى كۆرسەتتى. «ئارىق قايا شياڭياڭ بىلەن خەنشۈي دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى فەنچېڭنىڭ مۇناسىۋىتى كالپۇك بىلەن چىشنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ، ئالدى بىلەن فەنچېڭغا ھۇجۇم قىلىش، ئىككى قەلئە ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە كۆۋرۈكىنى بۇزۇپ تاشلاش، شياڭياڭ قەلئەسىنى يېتىم قالدۇرۇش كېرەك، فەنچېڭ ئېلىنسا، شياڭياڭ ھۇجۇمسىز قولغا ئېلىنىدۇ» دەپ تەكلىپ بەرگەن⑦.

ئارىق قايا ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ئىستراتېگىيىلىك پىلان، قۇبلايخانغا بەك ياراپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ تەكلىپى قوبۇل قىلىنىپ، ئۇنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، باش ئەمىر لەشكەرلىككە تەيىنلەيدۇ، ئۇ 4 مىڭ كىشىنى تاللاپ خىل قوشۇن تۈزۈپ ئۇنىڭغا قوماندانلىق قىلىدۇ. 1272-يىلى 2-ئايدا شياڭياڭ ۋە فەنچېڭ شەھەرىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە، غەربىي يۇرتتىن «ئۇيغۇر زەمبىرىكى» (ئىسمايىل، ئەلبەرىدىن قاتارلىق ئۇيغۇر زەمبىرەكچىلىرى كەشىپ قىلغان) نى كىرگۈزۈپ، يەتتە دانە چوڭ زەمبىرەك ياسىتىپ، شياڭ ياڭ ۋىلايىتىگە ھۇجۇم قىلغان⑧. ئاۋۋال پىلان بويىچە، فەنچېڭ بىلەن شياڭياڭنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان زەنجىر كۆۋرۈكنى بۇزۇپ تاشلاپ، فەنچېڭنى ياردەمچىسىز قالدۇرۇپ، فەنچېڭ شەھەرىنى زەمبىرەك بىلەن توپقا تۇتۇپ، سېپىل قوۋۇقلىرىنى ۋەيران قىلىپ، ئاندىن شەھەرنى ئىشغال قىلغان. ئارقىدىنلا ئۇيغۇر زەمبىرىكى بىلەن شياڭ ياڭ شەھەرىنى توپقا تۇتۇپ سېپىل - قوۋۇقلىرىنى ۋەيران قىلغان، بەزىلەر بۇ چاغدا شەھەر ئاھالىسىنى قىرىپ تاشلاشنى تەشەببۇس قىلغان، ئارىق قايا بۇ تەشەببۇسنى رەت قىلىپ، «مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئۆزلۈكىدىن تەسلىم قىلدۇرۇش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغان ھەمدە شۇ يىلى 11-ئايدا ئارىق قايا شەخسەن ئۆزى شياڭياڭ قەلئەسىنىڭ قېشىغا ئاتلىق بېرىپ، شەھەرنى قوغداۋاتقان مەسئۇل قوماندان ليۇ ۋېنخۇەنگە قۇبلاينىڭ پەرمانىنى ئوقۇپ بېرىپ، ئەل بولۇش (تەسلىم بولۇش) قا دەۋەت قىلغان ھەمدە ئوقيانى سۇندۇرۇپ، شەھەردىكى ھەربىي ۋە خەلقلەرنىڭ ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن. ئاخىرى قوماندان لۇۋېنخۇەن پۈتۈن قەلئە بويىچە تەسلىم بولۇپ، بارلىق قورال-ياراق

ۋە ماددى بۇيۇملارنى ئارىق قاياغا تاپشۇرغان[9]. بۇ غەلىبىدىن شاتلانغان قۇبلايخان «جەنۇبىي جۇڭگو ئۇرۇش مەيدانى قوماندانى ئارىق قايانى 500 تىزىق پۇل بىلەن تارتۇقلاپ، ئۇنىڭغا يەنە مىسران قىلىچ، قىممەت باھالىق تېرە جۇۋا، ئۇنچە ـ مارۋايىت قاتارلىق بۇيۇملارنى ئىنئام قىلغان. شۇ قاتاردا يەنە ئۇيغۇر زەمبىرەكچىلىرىدىن ئىسمايىل، ئەلبەرىدىن قاتارلىقلارنىمۇ 500 تىزىقتىن پۇل ۋە باشقا ماددى بۇيۇملار بىلەن تارتۇقلاپ، ئۇلارنى يۇقىرى مەنسەپكە قويغان.

شياڭياڭ ـ فەنچېڭ ئۇرۇشىدىن كېيىن، قۇبلاي ئارىق قايانى زوراغالىق مەھكىمىسىنىڭ «جىڭ ـ خۇ يوللىرىنى باشقۇرۇش ئامبىلى» قىلىپ تەيىنلەپ، شياڭياڭنى قوغداشقا قويغان. ئارىق قايا مەركىزىي باش ئورگاننىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە خۇبېي ـ خۇنەننىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىنغان.

دەل شۇ ۋاقىتتا، ئوگۇتاي ئەۋلادى قايدۇ تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇپ ۋە شىمالىدا توپىلاڭ كۆتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن موڭغۇل دالاسىدىكى موڭغۇل ۋاڭلىرىنىڭ قايدۇ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغان. بۇنداق ئەھۋالدا قۇبلاي قاغان جەنۇبىي سوڭغا قىلىنغان ئۇرۇشنى توختىتىپ، شىمالغا قوشۇن تارتىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى رايونىنى قوغداش خىيالىدا بولغان. ئەگەر جەنۇبىي سوڭغا قىلىنغان ئۇرۇش توختىتىپ قويۇلسا، جۇڭگونىڭ جەنۇپ ۋە شىمال دەپ بۆلۈنۈشى يەنىلا داۋاملىشىپ، بىرلىككە كەلتۈرۈش كەينىگە سۈرۈلەتتى. قۇبلاي ۋە يۈەن ئوردىسى بۇ مەسىلىدە كەسكىن بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقان شارائىتتا، «ئارىق قايا قۇبلايغا مەكتۇپ سۇنۇپ، بەلگىلەنگەن پىلاندا چىڭ تۇرۇپ خەنشۈي دەرياسىنى بويلاپ جەنۇپقا يۈرۈش قىلىپ، ئېجۇۋنى ئىستىلا قىلىش بىلەن، سىچۈەننىڭ جەنۇبى، چاڭجياڭ رايونلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ لىنئەننى ئېلىشتىن ئىبارەت تەكلىپنى بەرگەن[10]. يەنى شياڭياڭنى قوغداش بىلەن بىر ۋاقىتتا چاڭجياڭنى بويلاپ شەرققە يۈرۈپ، جەنۇبىي سوڭ سۇلالىسىنى مەغلۇپ قىلىش پىلانىنى كۆرسەتكەن[11]. بۇ تەكلىپ بىرمۇنچە ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ قوۋۋەتلىشى بىلەن قۇبلاي تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ۋە مۇۋەققەت باش مىرزا ئوڭقۇل ۋەزىرى قىلىپ تەيىنلەنگەن.

پىلان بويىچە، مىلادى 1275 ـ يىلى يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى چاڭجياڭ دەرياسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ جەنۇبىي جۇڭگو رايونلىرىغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلىدۇ. موڭغۇل بايان قوماندانلىقىدىكى بىر يول قوشۇن ئېجۇۋدىن شەرقىي جەنۇبىي تەرەپكە قاراپ، جەنۇبىي سوڭ پايتەختى ـ لىن ئەن

(ھازىرقى جېجياڭ ئۆلكىسى خاڭجۇۋ شەھرى) گە قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ. ئوتتۇرا يول قوشۇن، ئارىق قايانىڭ قوماندانلىقىدا جەنۇپقا قاراپ ھازىرقى خۇنەن، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى ئۆلكىلىرىگە يۈرۈش قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئارىق قايانىڭ پىلانى بويىچە ئېجۇۋ قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىنغان. بۇ ئۇرۇشتا ئارىق قايا قوماندانلىقىدىكى قوشۇنلار ئالدى بىلەن ئېجۇۋ قەلئەسىنىڭ ئاساسىي ئۆتكىلى ۋە جەنۇبىي سوڭ سۇ قوشۇنلىرىنىڭ غول كۈچى جايلاشقان ۋۇجىبۇ دېگەن جايغا ھۇجۇم قىلىپ، بۇ ئۇرۇشنىڭ ئومۇمىي غەلىبىسى ئۈچۈن زور تۆھپە ياراتقان.

بۇ غەلىبىدىن كېيىن ئەسكىرىي ئىشلار باش ۋەزىرى بايان، ئارىق قايانى 4 تۈمەن ئەسكەر بىلەن چاڭ جياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم شەھەر ــ ئېجۇۋ (ۋۇچاڭ) نى قوغداشقا قويۇپ، ئۆزى جەنۇبىي سوڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى ــ لىنئەن (ھازىرقى جېجاڭ ئۆلكىسىنىڭ خاڭجۇۋ شەھرى) گە يۈرۈش قىلىدۇ. چۈنكى، ئېجۇۋ (ۋۇچاڭ) نى مۇستەھكەم قوغداپ تۇرۇش ــ تۇرالماسلىق، يۈەن قوشۇنىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىش ئىستراتېگىيىلىك پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈر ئالدىنقى شەرتى ئىدى، يەنى جەنۇبىي سوڭ قوشۇنىنىڭ يېڭىۋاشتىن توپلىنىپ ئېجۇۋغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش ۋە يۈەن قوشۇنىنىڭ شىمالغا چېكىنىش يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدى. بۇنداق شارائىتتا ئارىق قايانىڭ 4 تۈمەن لەشكەر بىلەن بۇنداق مۈشكۈل ۋەزىپىنى ئورۇنلىشى ئاسان ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئارىق قايا بىر تەرەپتىن ھۇجۇم ئارقىلىق مۇداپىئە كۆرۈپ ئېجۇۋنى پۇختا ساقلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن 1275-يىلى 3-ئايدا جەنۇبىي سوڭ قوشۇنى بىلەن جىڭجياڭ دەرياسى ئېغىزىدا ئۇرۇش قىلىدۇ، كېيىن ئۇرۇش دۇڭتىڭخۇ كۆلىگە يۆتكىلىدۇ، دۇڭتىڭخۇ كۆلىدە جەنۇبىي سوڭنىڭ بىرقانچە مىڭ ئۇرۇش كېمىسى سەپ تۈزۈپ ئۇرۇشقا تەييارلانغان بولۇپ، ئۇرۇش باشلانغان ھامان ئارىق قايا ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ غول قىسمىنى دۈشمەن سېپىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا، قالغان قىسىملىرىنى دۈشمەن سېپىنىڭ ئىككى قانىتىغا سېلىپ، جەنۇبىي سوڭ قوشۇنىنىڭ باش-ئايىغىنى ئۇلاشتۇرماي مەغلۇپ قىلىدۇ. ئارقىدىنلا يۆجۇۋ قەلئەسىنى، 4-ئايدا شاشى (ھازىرقى خۇبېي ئۆلكىسىدە) گە ئوت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلىدۇ، ھەمدە جياڭلىڭ (ھازىرقى خۇبېي ئۆلكىسىدە) شەھەرىگە ھۇجۇم قىلىدۇ، بىرنەچچە قېتىملىق قاتتىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق جياڭلىڭ شەھەرى قولغا ئېلىنىدۇ. شەھەردىكى جەنۇبىي سوڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئارىق قاياغا تەسلىم بولىدۇ. ئارىق

قايا بىر تەرەپتىن تەنجۇۋ (چاڭشا) قەلئەسىنى بېسىۋېلىپ، جەنۇبىي سوڭ سۇلالىسىنىڭ ھازىرقى خۇنەن ئۆلكىسى ئەتراپىدىكى كۈچلىرىنى تازىلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن چاقىرىقنامە چىقىرىپ پۈتۈن خۇنەن تاغلىق رايونىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باشلىقلىرىنى ئارقا ئارقىدىن ئەل قىلدۇرىدۇ. بۇ خەۋەر قۇبلايخانغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئىنتايىن خوشال بولۇپ، ئوردىدا 3 كېچە-كۈندۈز زىياپەت قىلىپ تەبرىكلەشكە يارلىق چۈشۈرىدۇ، ھەمدە ئۆز قولى بىلەن مۇكاپات يارلىقى يېزىپ، ئارىق قاياغا ئەجدىرھا گۈلى كەشتىلەنگەن ۋەزىر ئەزەم كىيىمى، ۋەزىرلىك قالپىقى، ئۈنچە-مەرۋايىت تىزىلغان كىيىم - كېچەك، قاش تېشى كەمەر، بۆلغۈن جۇۋا، لياۋدۇڭ بۈركۈتى ۋە بىردانە ئالتۇن جام ھەدىيە قىلىدۇ.

ئالدىنقى قېتىملىق غەلىبىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئارىق قايا باش قوماندانلىقىدىكى قوشۇن ناھايىتى تېزلىك بىلەن جىنجياڭ قەلئەسى (ھازىرقى گۇاڭشى ئۆلكىسى گۇيلىن شەھەرى) گە يۈرۈش قىلىدۇ. ئەمما جىنجياڭ قەلئەسىدىكى جەنۇبىي سوڭ قوشۇنى تەسلىم بولۇشنى رەت قىلىدۇ، ئارىق قايا نەچچە قېتىم خەت ۋە ئەلچى كىرگۈزگەن بولسىمۇ تەسلىم بولۇشنى رەت قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ 3 تۈمەن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن 1276-يىلى 11-ئايدا جىنجياڭ قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىپ، 1277-يىلى يىل بېشىدا جىنجياڭ قەلئەسىنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن جەنۇبىي سوڭ سۇلالىسىنىڭ تىز پۈكمىگەن كۈچلىرى، ھەرقايسى جايلاردا مەغلۇپ بولغان ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدار ۋە قوشۇنلىرىنى ھازىرقى خەينەنداۋ ئارىلىغا يىغىپ، يۈەن قوشۇنلىرى، بولۇپمۇ ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئارىق قايا قوماندانلىقىدىكى قوشۇنلارغا قايتارما ھۇجۇم قىلماقچى بولغان. بۇنداق ۋەزىيەتتە قۇبلايخان ئارىق قاياغا ئۇلارنى ئۇزۇل-كېسىل تارمار قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. ئارىق قايا مەسىلىنى تىنچ ھەل قىلىش، پۇقرانى زىيانغا ئۇچراتماسلىق قاتارلىق تەرەپلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاۋال ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا چاقىرغان. لېكىن ئۇلار قارشىلىشىش يولىنى داۋاملىق تۇتقانلىقتىن، قوشۇن باشلاپ دېڭىزدىن ئۆتۈپ خەينەن ئارىلىغا ھۇجۇم قىلىپ بۇ تىز پۈكمەس كۈچلەرنى يوقاتقان. جەنۇبىي سوڭ سۇلالىسىنىڭ جەنۇبىي جۇڭگو رايونىدىكى بارلىق زېمىنىنى يۈەن سۇلالىسىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزگەن. ئارىق قايا ئۆزىگە بېرىلگەن ھوقۇق بويىچە خەينەنداۋ ئايغاقچى مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، جەنۇبىتىكى ئەڭ چوڭ ئارال - خەينەنداۋنى ئېلىمىز جۇڭگونىڭ يۈەن سۇلالىسى زېمىنىغا قوشقان. ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي جۇڭگودىكى ئەللەرنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇ جايلارنى يۈەن سۇلالىسىنىڭ

تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرغان.

## 5. ئەلنىڭ قەلبىدىكى ئارىق قايا



ئارىق قايا موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ جەبە ۋە سۇبۇتاي قاتارلىق ئەڭ مەشھۇر قوماندانلىرىدىن قالسا، موڭغۇل تارىخىدا ئوتتۇرىغا چىققان قوماندانلار ئىچىدە ھەربىي بىلىم جەھەتتىن ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە ئىگە بۈيۈك قوماندان ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكا بىكتىشتىكە ماھىر بولۇپلا قالماي، كۆچ سېلىشتۇرمىسى ۋە جۇغراپىيەلىك مۇھىتىنىڭ ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى كۆزىتىشكىمۇ سەزگۈر ئىدى. ئۇرۇشتا ئۆزلىكىدىن تەسلىم قىلدۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىناتتى. پۇقرالارنىڭ ھاياتىغا كېپىللىك قىلاتتى. ئەسكەرلەرنىڭ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشىنى چەكلەيتتى. بۇ ھەقتە «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا ئارىق قاياغا مۇنداق باھا بېرىلگەن: «ئۇ ئۇرۇش قىلىپ، غەربىي خۇبېي، خۇنەن، غەربىي ئەنخۇي، جياڭشى، خېنەن، گۇاڭشى قاتارلىق جايلاردىكى 58 ئايماق ۋە سانسىز تاغ ئاھالىلىرىنى بويسۇندۇردى. بويسۇندۇرغاندا كۆپىنچە نەسىھەت بىلەن بويسۇندۇردى. قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارمىدى، خەلقنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللەتتى. شۇڭا خەلق ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىبادەتخانا ياساپ، ئۇنىڭ ھەيكىلىگە سەجدە قىلدى⑫، يەنە ئارىق قايا ئىچۇۋدىكى چېغىدا قول ئاستىدىكىلەرنىڭ پۇقرالارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ۋە ئۆلتۈرۈشىنى قەتئىي مەنئىي قىلغان. بۇنىڭ بىلەن «ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر قورقۇپ، پۇقرالاردىن بىر باغلام كۆكتات ئېلىشقىمۇ پېتىنالمىغان»، يەنە «چاڭشاغا ھۇجۇم باشلانغاندا، ئۇ سەپنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ جەڭگە قوماندانلىق قىلۋاتقاندا، يا ئوقى تېگىپ يارىدار بولغان، چاڭشا ئېلىنغاندىن كېيىن، قول ئاستىدىكىلەر بۇ قىساسنى ئېلىش ئۈچۈن، پۈتۈن شەھەر ئاھالىسىنى قىرىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلغان، ئارىق قايا بۇنى رەت قىلىپلا قالماي، ھۆكۈمەت ئامبارلىرىنى ئېچىپ، خەلققە قۇتقۇزۇش ئاشلىقى (نەپىقە) بەرگەن».

مىلادى 1286-يىلى يۈەن ئوردىسى ئارىق قايانى ھازىرقى ۋېيتنامنىڭ شىمالىي

تەرىپىدىكى ئەنئەن خانلىقى (بۇ خانلىق سوڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن قۇرۇلغان) غا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ قوماندانى قىلىپ تەيىنلىگەن ھەمدە «ئىناۋەتلىك تۆرە» دېگەن پەخرىي ئۇنۋان بىلەن خۇبېي-گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ سول قول ئامباللىقىغا ئۆستۈرگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ خۇبېي، خۇنەن، خېنەن، گۇيجۇ، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى قاتارلىق جايلارنى ئىدارە قىلىپ، ئۇ جايلارنىڭ ھەربىي مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنى ئۆزى بەلگىلەپ يۈەن ئوردىسى نامىدىن ئىش بېجىرگەن.

## 6. ئارىق قايانىڭ ئۆمۈر ئاخىرىدىكى ھاياتى

شۇ يىلى ئۇرۇش ئاياقلىشىپ پۈتۈن مەملىكەت بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، قۇبلاي قاغان دۆلەتنى تۈزەشكە كىرىشىپ، مالىيەنى تەرتىپكە سېلىش، خىيانەتچى پارىخورلارغا زەربە بېرىش، مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا بەل باغلىغان، ھەمدە يۈەن سۇلالىسى تەۋەسىدىكى بارلىق ھەربىي، مەمۇرىي ئورۇنلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، بارلىق ئىقتىسات ۋە مالىيە كىرىم-چىقىمىنى تەكشۈرۈشكە باشلىغان. ياۋ شۈمۇ دېگەن ئەمەلدار ئوردىغا «ئارىق قايا دۆلەت ئىقتىسادىنى خوراتقان» دەپ مەلۇم قىلىدۇ. ئوردا ئىچى-سىرتىدا ئارىق قايا توغرىسىدا مۇنازىرە كۆتۈرۈلىدۇ، بۇ چاغدا ئارىق قايا قۇبلاي قاغان بىلەن ئايرىم سۆزلۈشۈپ، بۇنىڭ پۈتۈنلەي كۆرەلمەسلىك، سۈيقەست ئىكەنلىكىنى، شۇڭا خۇگۇاڭغا (خۇنەن، گۇاڭدۇڭ) باشقا ئادەم ئەۋەتىپ مالىيەنى قايتا تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئىش ئارىق قايانىڭ ھايات-ماماتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، قۇبلاي دەرھال تەكشۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتىپ، ئارىق قايانىڭ خاتا قارىلانغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ، ئەمما ۋاقتىدا ئوچۇق ھۆكۈم چىقارمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئارىق قايا ئاچچىق يۇتۇپ، كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، خانبالىقنىڭ غەربىي شەھەر رايونىدىكى ۋېيۋۇسۇڭ (ئۇيغۇرلار مەھەللىسى) دە دەم ئالىدۇ، قۇبلايخان پەقەت 4 نەپەر ئوردا تېۋىپىنى ئەۋەتىپ ئۇنى داۋالاشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئارىق قايا ئوردا ئىچىدە بولىۋاتقان پىتنە-پاسات گەپلەرنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىپ، قۇبلايخان بىلەن قايتا-قايتا سۆھبەتلەشكەن بولسىمۇ، قۇبلاي پەرمان چۈشۈرۈپ ئارىق قايانى دەرھال ئاشكارا ئاقلىمىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىچى ئۆرتىنىپ، ئاچچىق يۇتۇپ، كېسىلى ئېغىرلاپ ناھەقچىلىككە چىدىماي ئاخىرى 1286 -يىلى 5-ئاينىڭ 25-كۈنى كېچىسى 60 يېشىدا دۇرا ئىچىپ ئۆلۈۋالىدۇ.

قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ ناھەقچىلىككە چىدىماي ئۆلۈۋالغانلىقى

ئىسپاتلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قۇبلاي دەرھال پەرمان ئېلان قىلىپ ئارىق قايانىڭ نام شەرىپىنى، بارلىق تۆھپىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇنىڭغا «تۆھپىكار ۋەزىر»، «دۆلەت تۈۋرۈكى»، «چاڭشا ۋاڭى»، «جياڭلىڭ ۋاڭى» ۋە «ئوردا ئۇستازى» دېگەنگە ئوخشاش پەخرىي مەنسەپ ـ ئۇنۋانلارنى بېرىدۇ.

دېمەك، ئارىق قايا ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي جۇڭگودىكى ئەللەرنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇ جايلارنى يۈەن سۇلالىسىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇشتا، ئاجايىپ ئۈستۈن ھەربىي ئىقتىدارى، ئەقىل پاراستى، لەشكەر باشقۇرۇش، ئەل باشقۇرۇش، تەرتىپ ئورنىتىش قاتارلىق تەرەپلەردىكى تالانتىنى نامايەن قىلغان مەشھۇر ئۇيغۇر ھەربىي ئىشلار ئالىمىدۇر.

## ئىزاھاتلار:

① «شىنجاڭ يەرلىك تارىخى» (شىنجاڭ ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن بىر تۇتاش قوللىنىلىدىغان دەرسلىك)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003-يىل 1-ئاي 8-بېسىلىشى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 223-224-بەت.

② ئابې تاكېئو (ياپونىيە): «غەربىي ئۇيغۇرىيە تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985-يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 29-31-بەتلەر.

③ خوجا نىياز: «يۈەن دەۋرىدىكى مەشھۇر ئۇيغۇر ھەربىي ئالىم ـ ئارىق قايا»، «ئاقسۇ گېزىتى»، 1987-يىلى 4-ئاينىڭ 21-كۈنى 4-بەت.

④ «24 تارىخ» تىكى غەربىي يۇرت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار: «بەش دەۋىر ۋە سوڭ، لياۋ، جىن، يۈەن سۇلالىرى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2011-يىلى 12-ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى، 612-بەت.

⑤ ياۋشۈي: «خۇگۇاڭ ۋاقىتلىق ۋازارىتى ۋەزىرىنىڭ ئابىدىسى»، «بۈيۈك سۇلالە يازمىلىرى»، 59-جىلد.

⑥ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 154-جىلد؛ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991-يىلى 11-ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى، 661-بەت.

⑦ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 128-جىلد، «ئارىق قايانىڭ تەرجىمىھالى».

⑧ دوسان: «موڭغۇل تارىخى»، فېڭ چېنجۈن خەنزۇچە تەرجىمىسى، 1-قىسىم، 303-بەت؛ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 -يىل

5-ئاي 1-بېسىلىشى، ئۇيغۇرچە 256-بەت؛ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 128-جىلد.

⑩ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى، ئابدۇرازاق تـوختى: «يـۈەن سۇلالىسـىدە ئـۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991-يىلى 9-ئـاي، ئۇيغـۇرچە نەشرى، 91-بەت.

⑪ ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغـۇر تـارىخى»، بىرىنچى قىسـىم (1)، مىللەتـلەر نەشـرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 518-بەت.

⑫ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تـارىخى»، شـىنجاڭ خەلـق نەشـرىياتى، 1990-يىـلى 5-ئاي 1-بېسىلىشى، ئۇيغۇرچە، 256-بەت.

⑬ «يـۈەن سۇلالىسـى تـارىخى»، 128-جىلـد؛ ليـۇ زىشـياۋ: ‹‹ئۇيغـۇر تـارىخى»، بىرىنچـى قىسـىم (1)، مىللەتـلەر نەشـرىياتى، ئۇيغـۇرچە نەشـرى، 524-بەتتىكـى 27-ئىزاھات.

# ئۈچتۇرپان جايتاغ نورۇزلىغى

**خوجا نىياز يوللۇغ تېكىن**

**(ئاقسۇ مائارىپ ئىنستىتوتى دوتسېنتتى)**

جايتاغ-ئاقسۇ ۋىلايىتى ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ئاچتاغ يېزىسى جايتاغ كەنتىگە جايلاشقان، تاغنىڭ نامى.ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان خەلقىمىز ھەر يىلى نورۇزلۇق بايرىمىنى تەبرىكلەش يوسۇنىدىن، تۈرلۈك تەنتەربىيە، مەدەنىي-سەنئەت،كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ، بۇ جاي «جاي تاغ» نورۇزلىغى دەپ ئاتىلىپ كېلىنگەن.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ، ھىجرىيىنىڭ 30-يىلى سۇلتان قۇرمىش مۇسلىمىن①،دېگەن كىشى ئىسلام دىنى تارقىتىش ئۈچۈن 30مىڭ ساھابى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ئۈچ زېمىنغا كەلگەن. شۇ چاغدىكى ئۈچ خانى زەبۇر ئاتەش پەرەس ②( بەزى رىۋايەتلەردە قەقەر جادى ③دەپمۇ ئاتىلىدۇ( بىلەن قاتتىق جەڭ قىلغان. مۇشۇ قېتىملىق جەڭدە ئىسلام دىنى تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەن 30مىڭ ساھابىلەرنىڭ سەركەردىسى -سۇلتان مۇراد بەلىخ ئاتا ④قاتارلىق 4كىشى جەڭدە شەھىت بولغان. شۇلارنىڭ جەسىدى مۇشۇ تاغ باغرىغا دەپنە قىلىنغان ، بۇ قەبرىستانلىق شۇنىڭ بىلەن «ئالتۇنلۇرۇم » ھەم سۇلتان بەلىخ ئاتا مازىرى دەپمۇ ئاتالغان.

تۇغلۇق تۆمۈرخان دەۋرى (مىلادى 1300-يىللار)دە ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەردە شەھىت بولغانلارنىڭ جەسىتىمۇ مۇشۇ-جايتاغ ئەتراپىغا قويۇلغانلىقى ھەققىدىمۇ نۇرغۇن رىۋايەتلەر بار. يەنە ئۈچ خەلقى ئارىسىدا چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ جەسىدى مۇشۇ جايتاغقا يەرگە قويۇلغان دەيدىغان رىۋايەتمۇ بار.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەر قايسى دەۋرلەردە ئۆتكەن ئەل سۆيەر باتۇر ئوغلانلارنىڭ جەسىتىمۇ مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنغان. 1755-يىلى بورھانىدىن خوجا ۋە ئىنىسى جاھان خوجالار كۇچار ۋە ئاقسۇلاردىن ئىشلەمچى ئەكىلىپ ، جايتاغ ئۇستىگە كاتتا ساراي، شەھەر قورۇپ خانلىق ئوردا قىلماقچى بولۇپ 3مىڭ مەدىكارچىنى ئىككى ئاي تاغ تۆپىسىنى

تۆزلەش ئەمگىگىگە سالغان.

ئۈچ جايتاغ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار ،دىنىي ئۆلىمالار جايتاغدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ مۇقەددەس جاينى تېخىمۇ ئۇلۇغلاش ئۈچۈن،1956 -يىلى جاي تاغ ئۈستىگە بىر مەسچىت سېلىشنى ،تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغلارنى داۋاملىق ئەسلەپ تۇرۇشنى پىلانلىغان.⑤بىراق جاي تاغ ئۈستىگە ئىككى ئادەمنىڭ جەسىتى قويۇلغان،ئۈستىگە گۈمبەز ياسالغان. قەبرىسى هازىرمۇ بار(2010-يىلى ئەتراپىدا قەۋرە ئوغرىلىرى تەرىپىدىن بۇ گۈمبەز قەۋرىلەر ئاستى كولاپ بۇزۇلغان) ئەھەت قارى داموللا ھاجى ( جايتاغ مەسچىتىنىڭ سابىق ئىمامى ،ئىسلام دىنى بىلىمى يۇقۇرى ،ئەرەپ پارىس،ئوردۇ تىللىرىغا ئۇستا ،بىلىملىك زات)نىڭ 1985-يىلى بايان قىلىپ بېرىشىچە :« خەلق رىۋايەتلىرىدە تىلغا ئېلىنىپ كەلگەن چىن تۆمۈر باتۇر نىڭ قەبرىسىمۇمۇشۇ تاغ ئۈستىگە قويۇلغان ئىكەن.

دىنىي قائىدە بۇيىنچە مەسچىت قۇرۇلىدىغان ئورۇندا قەبرە ئورنى بولماسلىقى كېرەك بولغانلىقى ئۈچۈن ،جاي تاغدىكى دىنىي مۆتىۋەرلەر بۇ ئىككى ئادەمنىڭ جەسىتىنى يۆتكىمەكچى بولۇپ ،قەۋرىنى ئاچقان ،قەۋرە ئوقۇر شەكىلدە ياسالغان بولۇپ،ساندۇق ئىچىگە بىر جەسەت،جەسەت ئاستىغا بىردانە قىلىچ قويۇلغان، قىلىچنىڭ سېپى ئالتۇندىن ياسالغان پاقىراپ تۇرىدۇ، لېكىن, قىلىچنىڭ ئۈچى ۋە بىسى داتلاشقان، جەسەت بۇزۇلۇپ كەتمىگەن ،تىرنىڭ ئۆگىلىرى تېخى ئايرىلمىغاچقا خۇددى پۈتىنى ئۈزۈن سوزۇپ ياتقان ئادەمدەك كۆرۈنگەن، جەسەتنى ئاچقان دىنىي مۆتىۋەرلەر بۇ جەسەتنىڭ ئۇلۇغ زاتلاردىن ئىكەنلىكىنى،شۇنداقلا شەھىت بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، دىنىي قائىدە بۇيىنچە ئاۋالقىدەك ئۆز جايىغا قويۇپ قويغان ھەمدە مەسچىتنى جاي تاغ يېنىغا (1956-يىلى) سېلىشنى قارار قىلىشقان.»

1759-يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بورھانىدىن خوجا ۋە ئىنىسى جاھان خوجا لارنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى باستۇرۇپ ،ئۇيغۇر ئېلىنى ئۆزىگە قارىتىپ 6يىل ئۆتكەندە ، ئۇچتۇرپان دېھقانلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۈرلۈك زۇلۇملىرىغا ۋاي دات دەپ تۇرغاندا ،«كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتۋال» دېگەندەك ،چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى چىيەنلۇڭ خاننىڭ ئۇچتۇرپان خان ئامبىلى سۇچېڭغا بېيجىڭغا«جىگدە كۆچىتى يوتكەش» يارلىقى ئەۋەتكەن، ئىپارخاننىڭ ⑦جىگدە تەلىۋى ، ئۇچتۇرپان دېققانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئوت پىلتىسىغا ئايلانغان. 1765-يىلى 2-ئاينىڭ 14-كۈنى ئۈچ دېھقانلىرى زۇلۇمغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن⑧ . قوزغىلاڭ 6 ئاي داۋاملاشقاندىن كېيىن سىرتتىن كېلىدىغان ياردەم بولمىغان ئەھۋالدا 1765-يىلى 8-ئاينىڭ 15-كۈنى چىڭ ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئۈستۈن ھەربىي كۈچ ئارقىلىق قانلىق باستۇرۇلغان. قىز -

ئاياللارمۇ يەتتە-يەتتەدىن بىر گۇرۇپ بولۇپ تەشكىللىنىپ ھەرقايسى جايلاردا جەڭگە قاتناشقان،ئاخىرىدا تاغدىن ئۆزىنى تاشلاپ قۇربان بولغان. ئۈچ قوزغىلىڭنىڭ ئاساسلىق باشچىسى، رەھبىرى، مىللىي قەھرىمان ئەسمەتۇللا بەگ قوزغىلاڭ داۋامىدا مەرتلەرچە قۇربان بولغان. قاچقانلار قېچىپ ،ئۇرۇشتا ئۆلۈپ،ئېشىپ قالغانلاردىن 10مىڭ دىن ئارتۇق ئۈچ ئۇيغۇرلىرى تۈركۈملەرگە بۆلۈپ ،مۇز داۋان يولى ئارقىلىق ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان . ئىلىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

قوزغىلاڭ توغرىسىدا چەنلۇڭ خان:«ئەسلىدە ئۈشتىكى قوزغىلاڭ يۈز بەرمەسلىككە تېگىشلىك قوزغىلاڭ ئىدى،بىزنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرىمىزنىڭ چەكتىن ئاشقان زۇلمى سەۋەبىدىن پارتلىغان»-دېگەن.بىراق قانداقلا بولمىسۇن قوزغىلاڭنى باستۇرۇشنىڭ نەچچە رەت مەغلۇپ بولۇشى،ۋاقىتنىڭ ئۇزراپ كېتىشى،تازا گۈللەنگەن چىڭ سۇلالىسىغا ئېغىر بېسىم ئېلىپ كەلگەن.

شۇڭا ئۈچ خەلقى تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كىشلەرنى،باتۇرلارنى ئەسمەتۇللا بەگنى ، يەتتە قىزنى مەڭگۈ ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن جايتاغنىڭ پاكارراق قىسمىغا (جەنۇپ تەرەپكە ) گۈمبەزلىك خاتىرە ئۆي تىكلىگەن. جايتاغ(جايتاش) نىڭ غەرىپ ئۈچى تاغ ئۈستىگە يەتتە قىزنىڭ قەۋرىسىنى قاتۇرغان .جايتاغ مەنزىرىسى گۈزەل ،قەدىمقى مۇقەددەس جاي ھەمدە تارىختا ئۆتكەن «ئۇلۇغلار» ھەم «خەلق قەھرىمانلىرى» نىڭ جەسىتى قويۇلغان جاي بولغاچقا ،خەلق ئۆز ئەجداتلىرىنى ياد ئېتىپ ،سېغىنىش ئىستىگى بىلەن ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ تەبىئەت بايرىمى ئەنئەنىۋى نورۇز بايرىمىدا بۇ يەرگە توپلىنىپ ، جايتاغ باغرىنى چورىدەپ داغدۇغىلۇق جايتاغ نورۇزلىغى ئۆتكۈزۈپ كەلگەن . شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي جايتاغ نورۇزلىقى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ھەرتۈرلۈك خەلق سەنئەتلىرى: مەشرەپ ،ئەل نەغمە ،قىزىقچىلىق ئويۇنلىرى ،تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى: ئات بەيگىسى ،ئوغلاق تارتىش ، چەۋگەن توپ ، دارۋازلىق ،سىرىك ئويۇنى، چېلىشىش ،گۈلەڭگە ئۇچۇش، ئىشەك تالاشتۇرۇش،توخۇ سوقۇشتۇرۇش، قوشقار سوقۇشتۇرۇش، ۋالىبول ،ۋاسكىتبول،تېكتاك توپ،يۈگرىش قاتارلىق ئەل ئىچى سەنئەت پائالىيەتلەر ....ھەر يىلى 3-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن باشلاپ ئىككى ھەپتە ئەتراپىدا ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىنگەن. ھەرقايسى جايلاردىن توپلانغان نەچچە مىڭلىغان چەۋەندازلار ،تۈرلۈك سەنئەت ماھارىتى ئورۇندىغۇچىلار، ئەل نەغمىچىلەر، كارامەت كۆرسەتكۈچىلەر، دارۋازلار، مەددالار، سودىگەرلەر، كۆرەرمەنلەر بولۇپ تۈمەنمىڭلىغان خەلق قاتناشقان،توپلاشقان ،نەغمە ناۋا سادالىرى ياڭراپ تۇرغان ، تۈرلۈك پائالىيەتلەر چەكلىمىسىز -تۇسالغۇسىز شەكىلدە ئىجرا قىلىنىدىغان، بارلىق خەلق ئۆز شاتلىقىنى،ماھارىتىنى ئىپادىلەيدىغان،ئېچىۋېتىلگەن، ئەلنىڭ

سەنئەت مەكتىۋى ،تەنتەربىيە مەكتىۋى ، شاتلىق سەيناسى جاي تاغ نورۇزلۇق پائالىيىتىدۇر. جايتاغ نورۇزلىغى ئۇچتۇرپان ناھىيە ئاچتاغ يېزىسى جايتاغ كەنتىدە ئەجداتلىرىمىزدىن تارتىپ ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەن. مەدنىيەت ئىنقىلاۋى مەزگىللىرىدە(1966ـ1976ـيىللار) بۇنداق پائالىيەتلەر تاشلىنىپ قالغان، ئىسلاھات ئىچىۋىتىشنىڭ تۈرۈتكىسىدە20ـئەسىرنىڭ 80ـيىللىرىدىن باشلاپ ئۇچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ كۈچۈل بولۇپ تەشكىللىشى بىلەن، ناھىيە بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان بۇ پائالىيەتنىڭ كۆلىمى كېڭىيىپ ئاقسۇ،ئاۋات،كەلپىن ئۇنسۇ قاتارلىق قوشنا ناھىيەلەردىنمۇ كوماندىلار ۋە تاماشىبىنلار تىجارەتچىلەر كېلىپ بۇ پائالىيەتكە قاتناشقان،ئەينى ۋاقىتتا بۇنداق بىر كەڭ كۆلەملىك پائالىيەتنىڭ داغ ـدۇغىسىنى ئاخبارات ۋاستىللىرى كەڭ تەشۋىق قىلىپ پۈتۈن شىنجاڭغا تۇنۇشتۇرغان.مەخسۇس جايتاغ نورۇزلىغىنى ئۆتكۈزدىغان ئورۇن راسلاش ئۈچۈن، ناھىيە ۋە ئاچتاغ يېزىسى ھەر قايسى كەنتلەردىن يەر ئاجىرتىپ بۇ يەرنى كەنتلەردىن كەنتلەرگە سۈرۈپ بىرىش شەكلى ئارقىلىق جايتاغنىڭ شىمالىغا مەخسۇس كەڭرى مەيدان ھازىرلىغان ئومۇمى يەر كۆلىمى 170مۇ كېلىدىغان بۇ ئورۇن 2.8 مېتىر ئېگىزلىكتىكى موقما تام بىلەن قورشالغان بولۇپ شەرق ۋە غەرپ تەرەپتە 5مېتىر كەڭلىكتە دەۋازا قويۇلغان. بىراق 2002ـيىلى بويەر باغ ـئورمان بەرپا قىلغۇچىلارغا ھۆدىگە بىرىلىپ،جايتاغ نورۇزلىغى ئۆتكۈزدىغانغا جاي بولماسلىق ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن.شۇنداق قىلىپ،ئۇزاق زامانلاردىن بىرى خەلقىمىز تەرپىدىن داۋاملاشتۇرۇلۇپ كىلىنگەن جايتاغ نورۇزلىغىدەك بۇنداق تەن ـتەربىيە ۋە خەلق سەنئىتى بىرلەشتۈرۈلگەن كاتتا پائالىيەت، ئورۇن بولماسلىق قوللاش بولماسلىق.... قاتارلىق سەۋەبىدىن توختاپ قالغان.

**ئىزاھاتلار :**

① سۇلتان قىرمىش ئاتا ـھازىرئۇنسۇ ناھىيەسىنىڭ تۇمشۇق بازىرغا تەۋە بولۇپ، 1944ـيىلى توشقان دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى جايلار ئۇچتۇرپاندىن ئۇنسۇ ناھىيەسىگە ئايرىپ بىرىلگەن،كىشلەر بۇ جاينى ئۇلۇغلار ياتقان يەر دەپ ،بىرىپ دۇئا قىلىپ يانىدۇ.

② زەمبۇر ئاتەش- رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ، ئاتەش دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان كىشلەردىن بولۇپ ،سەمەرقەنتتىن لەشكەر تارتىپ،ئۈچ زىمىنغا كېلىپ ئۇرۇش قىلغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

③ قەقەر جادى- ئۈچ پادىشاھى بولۇپ ،بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغانلىقى مەلۇم،

ئۇچتۇرپاننىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان تاغنى كىشىلەر قەقەر جادى تېغى دەپ ئاتايدۇ،ئەتراپى تاغلار بىلەن قورشالغان ،تۈز سايلىق ،بۇ تىلسىملىق شەھەر ھەققىدە خەلىق ئىچىدە نۇرغۇن رىۋايەتلەر ساقلانماقتا.

④ سۇلتان مۇرات بەلخ ئاتا- ئافغانىستانلىق بولۇپ ،ئوسمان خەلىپىلىك تەرەپتارى.

⑤جاي تاغنىڭ تۈت ئەتراپى تۈزلەڭ يەر،بولۇپ ھاۋا ئۇچۇق كۈنلەردە تۆت ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىلەرنى (10-30كىلومېتىر) ناھايىتى ئۇچۇق كۆرگىلى بولاتتى ،باشقا جايلاردىكى باسقۇن ،ئەپەت بەلگىلىرىدىن خەۋەر تاپقىلى ۋە خەۋەر تارقاتقىلى بولاتتى.يەنى ئۈچ تاغ،مۆلچەر تاغ،بەدەل تاغ ،جانباز ئاتا تاغلىرى، قەقەر جادى تاغلىرى ، تۇمۇر چوقا تاغلىرى ۋە بۇ تاغلار ئۈستىدىكى ھەرخىل ئىشلار ،ئۇرۇش ،باسقۇنلاردىن ئۇچۇر بېرىش (بەلگە بېرىش)ئۈچۈن يانغىن (كەچلىگى ئوت-يانغى)، تۈتەك(كۈندۈزى) لەرنى ئۇچۇق كۆرگىلى بولاتتى، بەلگە بەرگىلى بولاتتى. شۇنداقلا تۈزلەڭ يەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بۇ تاغ ئەتراپىتىن قارىغاندا تولىمۇ گۈزەل،سىرلىق شەھەردەك كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىش تۇيغۇسى بېرەتتى.

⑥ئىپارخان ئۇچلۇق ئېلى خوجانىڭ قىزى بولۇپ ئۇ 1734-يىلى ئۇچتا تۇغۇلغان. كېيىن ئېلى خوجا جوڭغارلار تەرىپىدىن ئىلىغا ئاپىرىلىپ نازەربەنت قىلىنغان. تەخمىنەن1750-يىلى ئاپپاق خوجا نىڭ نەۋرىسى جاھان خوجا (خان خوجا دەپمۇ ئاتىلىدۇ)بىلەن ئىپارخان توي‌لاشقان. جاھان خوجا ئەسلىدە ئاپپاق خوجا نىڭ ئوغلى ئەھمەت خوجا نىڭ بالىسى بولۇپ، ئەھمەت خوجا 1700-يىلى قەشقەردە مۇستەقىللىق جاكارلىغاندا ،جوڭغارلار تەرىپىدىن ئىلىغا ئاپىرىنىپ نازەربەنت قىلىنغان.

چوڭ -كىچىك خوجالار -بورھانىددىن خوجا ۋە ئىنىسى جاھان خوجا(خان خوجا)لار 1755-يىلى چىڭ سۇلالىسى جوڭغا ئامۇرسانا توپىلاڭىنى باستۇرۇپ ، ئىلى رايونىنى ئىگەللىگەندىن كېيىن ،ئۇلار جوڭغارلارنىڭ باشقۇرۇشىدىن قۇتۇلغان، ئاما چىڭ-مانجۇ لارنىڭ جەنۇبىي ئۇيغۇر يۇرتىنى ئىگەللەش پىلانىغا تۇتۇلغان. بورھانىددىن خوجا باشچىلىقىدىكى كىشىلەر جەنۇبىي ئۇيغۇر رايونىنى ئىگىلەشكە ماڭدۇرۇلغان. ئىنىسىنى جاھان خوجا (خان خوجا) ئىلىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ دېگەن نام بىلەن تورغاقلىقتا تۇتۇپ قېلىنغان. بورھانىددىن خوجا جەنۇبىي ئۇيغۇر رايونىنى ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن ، ئىنىسى جاھان خوجا ئىلىدىن كۇچارغا قېچىپ كېلىپ ، ھەرقايسى جايلاردىن 100مىڭ لەشكەر توپلاپ ،كۇچاردا «باتۇرخان دۆلىتى» نى قۇرۇپ ، ئۈچ جايتاغ ئۈستىگە ئوردا قەسىر سالماقچى بولۇپ تاغ ئۈستىنى تۈزلىگەن (ئۇچلۇق تارىخچى موللا ئىبراھىم ئاخۇن ئويتۇرى: يازغان «شەجەرەئىل ئىرشات» ناملىق ئەسەرنىڭ قولىيازمىسىغا

قاراڭ ) . ئەمما تۆت يىلدىن كېيىن ناھايىتى كۆپ مانجۇ-چىڭ لەشكەرلىرى باستۇرۇپ كەلگەن ، ئۇلار كۈچپا شەھەرىدە ئېلىشىپ ،كۈچارنى تاشلاپ ،ئاقسۇغا كەلگەن، ئاقسۇ ھاكىمى خۇجا بەگ(بەزى تارىخى ماتىرىيالاردا خۇجەس بەگ دەپ بۇزۇپ ئېلىنغان) ئۇلارنى يېڭىلىپ كەلدى دەپ ئويلاپ،تېز ئۆزگۇرۇپ ، شەھەر دەرۋازىسىنى تاقىۋالغان. ئۇلار توشقان دەريا ۋادىسى ،ئۈچ ،قەشقەر ،يەكەنلەردە چىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ئېلىشىپ ، ئافغانىستان دائىرىسكى بەدەخشانغا بارغاندا ، 1759-يىلى 7-ئاينىڭ 28-كۈنى بەدەخشان ئاقساقلى سۇلتان شاھ تەرپىن ھىلە قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن ، ئىپارخان ئەسىر ئېلىنغان ، ئاقسۇلۇق سەئىد بەگ، ئابدۇۋاھابەگلەر خان ئاللىرىغا بۇندىن ئارتۇق سوغات يوقتۇر دىيىشكەن ، ئىپارخان 1760-يىلى بېيجىڭگە يالاپ ئاپىرىلغان. بۇ چاغدا ئىپارخان 26ياشلىق چوكان ئىدى. چىيەنلۇڭ ئىپارخاننى ئارقا ھويلىغا ئورۇنلاشتۇرغان، پادىشاھ چىيەنلۇڭ بارلىق ئاماللار بىلەن ئىپارخاننى كۆندۇرۇشكە تىرىشقان ، ۋاقىت ئۆتكەنسىرى ئۇمۇ كۆنۈپ قالىدۇ دەپ ،بېيجىڭدە ئۇ تۇرۇشلۇق ئورۇنغا ئۇيغۇر پوسۇندىكى باغچا ،قەسىر،ھويلا سالدۇرغان ،شىنجاڭدىن ئۇيغۇرلارنى بېيجىڭگە كۆچۈرۈپ ئاپارغان، ئۇيغۇر تاماقلىرىنى ئېتىپ بېرىشكە بۇيرىغان ، ئەمما ۋاقىت ئۆتكەنسىرىسى ئىپارخان يۇرتى ئۇچتۇرپاننى سېغىنغان ، «ئۇ مېنىڭ يۇرتۇمدا تىنى تۇمۇردىن ،ياپرىقى كۇمۇشتىن ،مىۋىسى ئالتۇندىن بولغان دەرەخ بار ،شۇ دەرەخنى سېغىندىم ،يۇرت -خەلقىمنى سېغىندىم» دېگەن .تەرجىمان ئارقىلىق بۇنى ئۇققان چىيەنلۇڭ خان بۇ خىل دەرەخ خان باغچىسىغا لايىقكەن دەپ قاراپ « ئۇچتۇرپان خان ئامبىلى سۇچىڭغا بېيجىڭغا جىگدە يوتكەپ ئاپىرىش » بۇيرىغنى چىقارغان.

بۇنىڭ بىلەن «ئۇچتا جىگدە يېغىلىغى» كۆتۈرۈلگەن. 1765-يىلى 2-ئاينىڭ 14-كۈنى قوزغۇلۇپ 6 ئاي داۋاملاشقاندىن كېيىن سىرىتتىن كېلىدىغان ياردەم بولمىغان ئەھۋالدا 1765-يىلى 8-ئاينىڭ 15-كۈنى چىڭ ئارمىيىسى تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلغان. ئۇچ قوزغۇلىڭىنىڭ ئاساسلىق باشچىسى، رەھبىرى، مىللىي قەھرىمان ئەسمەتۇللا بەگ قوزغىلاڭ داۋامىدا مەرتلەرچە قۇربان بولغان. قىز -ئاياللارمۇ يەتتە-يەتتەدىن بىر گورۇپ بولۇپ تەشكىللىنىپ ھەرقايسى جايلاردا جەڭگە قاتناشقان،ئاخىرىدا تەڭ كېلەلمەي ، ئۆزىنى تاغدىن تاشلاپ قۇربان بولغان. قاچقانلار قېچىپ، ئۇرۇشتا ئۆلۈپ، ئېشىپ قالغانلاردىن 10مىڭ دىن ئارتۇق ئۈچ ئۇيغۇرلىرى تۇركۈملەرگە بۆلۈپ، مۇز داۋان يولى ئارقىلىق ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان. ئىلىنىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى ئۇققان ئىپارخان قاتتىق ئازاپلىنىپ ،يىغلاپ ،1765-يىلى

كۆز دە ئېسىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئاكىسى تۇردى گۇڭگىنىڭ قەۋرىسى ھازىر ئۈچ ياكۆۋرۈك يېزا 4-كەنىت، ئۈچ-ئاقسۇ چوڭ قاتناش يولىنىڭ ئىماملىرىمغا قاتنايدىغان يول ئېغىزى بويىدا بار بولۇپ، كىشىلەر تەرىپىدىن تۇردى گۇڭ نىڭ قەۋرە گۇمبىزى دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە .